# 4MZ-5 (9970) تىپلىق ئاپتوماتىك
# پاختا تېرىش ماشىنىسى
# (رەت نومۇرى. 035001-)

## تېخنىك قوللانمىسى
## 4MZ-5 (9970) تىپلىق ئاپتوماتىك
## پاختا تېرىش ماشىنىسى
## (رەت نومۇرى. 035001-)

**OMKK18519 نۇسخىسى K3 (UIGUR)**


**约翰迪尔（哈尔滨）农业机械有限公司**

Printed in U.S.A.

## كىرىش سۆز

بۇ قوللانمىنى تەپسىلىي ئوقۇپ ماشىنىنى توغرا ئىشلىتىش ۋە ئاسراشنى ئۆگىنىڭ. ئۇنداق بولمىغاندا ئادەم يارىلىنىش ياكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ قوللانما ۋە بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنىڭ باشقا تىللاردىكى نۇسخىسى بار (زاكاز قىلىش ئۈچۈن جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ).

بۇ قوللانما ماشىنىڭىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە قارىلىشى ۋە ماشىنا سېتىۋېتىلگەندە بىرگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك.

بۇ قوللانمىدا قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىر تۇتاش مېتىر بىرلىكى ۋە ئامېرىكا ئۆلچەمى بىرلىكتە بېرىلدى. پەقەت توغرا سەپلىمە دېتاللارنى ۋە مىخلارنى ئىشلىتىڭ. مېتىرلىق ۋە ئىنگلىز چىسلىق بېكىتكۈچ مېتىرلىق ياكى ئىنگلىز چىسلىق كۈلۈچ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوڭ قول تەرەپ ياكى سول قول تەرەپ ماشىنا ئالدىغا يۈرۈۋاتقان يۆنىلىشكە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئۆلچەم ۋە پەرقلەندۈرۈش نومۇرلىرى بابىدىن مەھسۇلاتىڭ پەرقلەندۈرۈش نومۇرىنى (P.I.N.) خاتىرىلىۋېلىڭ. بارلىق نومۇرلارنى خاتىرىلىۋالسىڭىز ماشىنىڭىز ئوغرىلانغاندا ئىزدەپ تېپىشقا ياردىمى بار. دېتاللارنى زاكاز قىلغان ۋاقتىڭىزدا ساتقۇچىلار سىزدىن بۇ نومۇرلارنى سورايدۇ. پەرقلەندۈرۈش نومۇرلىرىنى ماشىنىدا ئەمەس، باشقا بىخەتەر جايدا ساقلاڭ.

موتورنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە يېقىلغۇ پۈركۈگۈچ تەڭشىكىنى تۈزەش ياكى ھەرقانداق شەكىلدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ماشىنىنىڭ رېمونت كاپالىتىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ.

بۇ ماشىنا قولىڭىزغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن ئاۋۋال، ساتقۇچىلار تەرىپىدىن بىر نۆۋەت كۆزدىن كەچۈرۈلگەن. دەسلەپكى 50 سائەتلىك مەشغۇلاتتىن كېيىن، ساتقۇچى بىلەن سېتىشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ماشىنىنىڭ ئەڭ ياخشى بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈڭ.

بۇ پاختا تېرىش ماشىنىسى پەقەت ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك ياكى ئوخشاش تۈردىكى مەشغۇلات ئۈچۈن لايىھەلەنگەن (قوللىنىش مەقسىتى). باشقا ھەرقانداق مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىش كۆزلەنگەن قوللىنىش مەقسىتىگە خىلاپ دەپ قارىلىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچى تەرەپ ئىشلەتكۈچى خاتا قوللىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەر قانداق زىيانغا ياكى يارىلىنىشقا مەسئۇل بولمايدۇ، بۇ خېيىم-خەتەرگە پەقەت ئىشلەتكۈچى ئۆزى ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىشلەپچىقارغۇچى بەلگىلىگەن مەشغۇلات،



ئاسراش ۋە رېمونت شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىش ۋە ئۇلارغا بويسۇنۇش قوللىنىش مەقسىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا زۆرۈر ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ پاختا تېرىش ماشىنىسىنى پەقەت ماشىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئالاقىدار بىخەتەرلىك قائىدىلىرىنى (ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش) پىششىق بىلىدىغان ئادەم ئىشلىتىشى، ئاسراش ئېلىپ بېرىشى ۋە رېمونت قىلىشى لازىم. ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەرلىك ھەققىدىكى باشقا بارلىق بەلگىلىمەلەر ۋە كەسپىي دوربىلارنى ئىشلىتىش ۋە يول قاتناش بەلگىلىمىلىرىگە دائىم رىئايە قىلىش لازىم. بۇ پاختا تېرىش ماشىنىسىغا نىسبەتەن ئۆز مەيلىچە ھەرقانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلسا، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان ھەرقانداق بۇزۇلۇش ياكى يارىلىنىشقا ئىشلەپچىقارغۇچى تەرەپ مەسئۇل بولمايدۇ.

ئەگەر سىز بۇ ماشىنىنىڭ تۇنجى ئىشلەتكۈچىسى بولمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن يەرلىك جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنى زاپچاسلارنىڭ تەرتىپ نومۇرىدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇڭ. بۇنداق قىلسىڭىز مەھسۇلاتلاردا مەسىلە بايقالغاندا ياكى ياخشىلىنىش بولغاندا جون دىئىرنىڭ سىزگە خەۋەر قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

DP99999,000064F -UG-19OCT10-1/1

## بەلگىلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى

تۆۋەندىكى رەسىمدە گىرافىكلىق بەلگىلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشلىتىش قوللانمىسىدا، ماشىنا كونتروللىغۇچلىرىدا ياكى ماشىنىدىكى كۆرسەتمىلىك بەلگىلەردە ئۇچرايدۇ. ھەربىر بەلگىنىڭ مەنىسىنىڭ ئېنىقلىمىسى رەسىملىك چۈشەندۈرۈشتە بېرىلگەن.




DP99999,000064D -UG-12OCT10-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

1 - ئىشلىتىش قوللانمىسىنى ئوقۇڭ
2 - تەكشۈرۈڭ
3 - Row-Trak يول باشلاش سىستېمىسى
4 - رادىيو
5 - سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ
6 - ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچ
7 - خىزمەتتىن بۇرۇن ئىشلىتىش قوللانمىسىنى ئوقۇڭ
8 - ۋاقىت ئىنتېرۋالى (سائەت)
9 - زاپاس قوڭغۇراق (سىگنال)
10 - گىدرو دەستىسى
11 - خوت سۈزگۈچ
12 - بۇلۇڭ تۇۋرۇك ئېكرانى
13 - كابىنىكىغا كىرىڭ
14 - رېزىبىلارنى مايلاڭ
15 - چىڭداش بۇرغىسى
16 - توكقا ئۇلاش
17 - ئۆزىتىش زەنجىرىنى تەكشۈرۈڭ
18 - ئىچكى چىراغ
19 - تورمۇزنى قويۇۋېتىڭ
20 - بىخەتەرلىك سىم
21 - سېۋەت ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى
22 - توك مەنبەسى
23 - ئاپتول ئۆلچىگۈچنى تەكشۈرۈڭ
24 - گىدرو مېيى
25 - تورمۇزنى قويۇۋېتىڭ
26 - تورموز سىستېمىسى
27 - گۈدۈك
28 - هاۋا تەڭشىگۈچ
29 - ئاپتولنى ئېقىتىۋېتىڭ
30 - ئاپتول سوۋۇتقۇچنى تازىلاڭ
31 - ئالدىغا مېڭىش
32 - قۇرۇلمىنىڭ خوت ساندۇقىنىڭ مېيىنى تەكشۈرۈڭ
33 - ئارغامچا كونتروللىغۇچ
34 - خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرى
35 - ئاپتول قۇيۇڭ
36 - بىر تىمىم ئېقىتىڭ
37 - سېۋەت چىرىغى
38 - تېرىش قۇرۇلمىسى
39 - مەشغۇلات چىرىغى
40 - ئالدى چوڭ چىراغ
41 - ئوق تازىلىغۇچ
42 - سىلىقلاش مېيى
43 - ئارقا ئىتتىرىش چاقى
44 - ئاككۇمۇلياتور
45 - ئۇرچۇق
46 - پاختا شامالدۇرغۇچنى كونترول قىلىش قۇرۇلمىسى
47 - ئېگىزلىك سېزىش
48 - ئوق (ئۇرچۇق) تازىلاش سۈزگۈچى
49 - تازىلاڭ
50 - ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى
51 - مىقدار ئىندىكاتورى
52 - يېقىلغۇ
53 - پۈركۈش ئېغىزى
54 - هاۋا ئالماشتۇرۇش شامالدۇرغۇچى
55 - سۈزگۈچ
56 - ئاچقۇچ
57 - پاختا شامالدۇرغۇچى
58 - ئۆلچىگۈچ
59 - سېۋەتنى ئۇزارتىش
60 - پاختا شامالدۇغۇچىنى قوزغاتقۇچ
61 - موتور
62 - ئاپتول سۈزگۈچ
63 - ئاپتول
64 - يولدا مېڭىش
65 - پاختا تۆكۈش سېۋىتى
66 - ئاپتول قۇيۇڭ
67 - موتور سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى
68 - موتور هاۋا سۈزگۈچى
69 - موتورنىڭ كونترول بۆلىكى
70 - موتور كاشىلىسى
71 - تۆۋەن قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتى
72 - ئاپتولنى ئېقىتىۋېتىڭ

DP99999,000064D -UG-12OCT10-2/2

# مۇندەرىجە

بەت


**بىخەتەرلىك**

بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ..... 05-1
خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرىنى چۈشىنىۋېلىڭ ..... 05-1
بىخەتەرلىك بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىڭ ..... 05-1
تىراكتورنىڭ ئۆزلىكىدىن مېڭىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ..... 05-2
بىخەتەر مەشغۇلات قىلىڭ ..... 05-2
پىرقىرايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۇزاتقۇچتىن ھوشيار تۇرۇڭ ..... 05-3
ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ ..... 05-3
پەلەمپەي ۋە تۇتقۇچلارنى ئىشلىتىڭ ..... 05-3
ماشىنىغا چىقىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭ ..... 05-4
يېقىلغۇ بىخەتەرلىكى ۋە ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ..... 05-4
جىددىي ئەھۋاللارغا دائىم تەييار ھالەتتە تۇرۇڭ ..... 05-4
ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ..... 05-5
مۇبادا ئوت كېتىپ قالسا ..... 05-6
ئوت ئۆچۈرگۈچ (جۇڭگودىكى ماشىنىلاردىكى) ..... 05-6
ئالدى قىسمىدىكى ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ ئورنى (جۇڭگودىكى ماشىنىلاردىكى) ..... 05-7
ئارقا تەرەپتىكى ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ ئورنى (جۇڭگودىكى ماشىنىلاردىكى) ..... 05-7
ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش گۈرجىكى ..... 05-7
قوزغىتىش يېقىلغۇسىنى بىخەتەر ئىشلىتىڭ ..... 05-8
ئاككۇمۇلياتور بىخەتەرلىكى ..... 05-9
شاۋقۇندىن مۇداپىئەلىنىڭ ..... 05-9
مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىش ..... 05-10
خىمىيىلىك مەھسۇلاتلارنى بىخەتەر ئىشلىتىش ..... 05-10
ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ ..... 05-10
بىخەتەر يۆتكەڭ ..... 05-11
بىخەتەر ئاسراش مەشغۇلاتى ..... 05-12
يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقتىن ساقلىنىڭ ..... 05-13
گىدرو نەيچىلىرىنى تەكشۈرۈڭ ..... 05-13
سېۋەت پورشېنىنىڭ قۇلۇپلاش كىلاپىنىنى ئىشلىتىڭ ..... 05-14

**بىخەتەرلىك بەلگىلىرى**

توختىتىش تورمۇزىنىڭ بەلگىسى ..... 10-1
ئورۇندۇق ئۈزچاتىنىڭ ئەگىپ ئۆتۈش بەلگىسى ..... 10-1
بىخەتەرلىك تاسمىسىنىڭ بەلگىسى ..... 10-2
توك سىملىرىنىڭ بەلگىسىگە تېگىشمەڭ ..... 10-2
ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ئەسكەرتىس بەلگىسى ..... 10-3
چاپلانغان بەلگە ئۈستىدە ئولتۇرماڭ ..... 10-3
ئوت كېتىش خەۋپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-4
بىخەتەر توختىتىشنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-4
توك ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان زاپچاسلارنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-5
ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-5
قۇرلاش قۇرۇلمىسىنىڭ چىرمىشىپ قېلىشىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-6
ئايلىنىۋاتقان كۈچ ئۇزىتىش لىنىيەسىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-7
سېۋەت سىلىندىرىنىڭ قۇلۇپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-7
ئۇزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ خەۋپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-8
دەسسىمەسلىكنى ئەسكەرتىش بەلگىسى ..... 10-8


بەت


توڭلاتقۇچنى ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى ..... 10-9
يان يولدىن قوزغىتىش بەلگىسى ..... 10-9
يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئاگاھ بەلگىسى ..... 10-10

**بىخەتەرلىك قۇرۇلمىلىرى**

بىخەتەرلىك قۇرۇلمىلىرى ..... 15-1

**شوپۇر ئورنى**

كونترول سۇپىسىنىڭ كونتروللىغۇچلىرى-ئورنى ..... 20-1
گىدرو دەستىسىنىڭ كونتروللىغۇچلىرى ..... 20-1
كابىنكا تورۇسىدىكى كونتروللىغۇچلار ..... 20-2
شامالدۇرغۇچنى ئىشلىتىش ..... 20-2
ئىسسىتقۇچنى ئىشلىتىش ..... 20-2
ھاۋا چىقىرىش ئېغىزىنى تەڭشەش ..... 20-3
ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئىشلىتىش ..... 20-3
ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچنى ئىشلىتىش ..... 20-3
لەمپە چىرىغىنى ئىشلىتىش ..... 20-4
رول تەگلىكى ۋە پول ئۈزچاتلىرى ..... 20-4
رول دەستىسىنىڭ يانتۇلۇقنى تەڭشەش ۋە چاقنىڭ ئېگىزلىكى ..... 20-5
ئىندىكاتور ۋە ئۆلچىگۈچ - ئورنى ..... 20-6
تاخومېتىر (سائەت ئۆلچىگۈچ) ..... 20-7
تاخومېتىرنى پىروگراممىلاش ..... 20-7
تاخومېتىرنى ئىشلىتىش ..... 20-8
شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش نۇقتىسىنى تەڭشەش ..... 20-9
50 سائەتلىك ئاسراش كودىنى يۇيۇۋېتىش ..... 20-11
قۇرۇلما كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ تاختىسى ..... 20-12
توختىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى ۋە سىگنال بەرگۈچ ..... 20-13
ئىندىكاتور ئېكران تاختىسى (يورۇغان ۋاقىتتا) ..... 20-14
توختىتىپ قويۇش تورمۇز ئىندىكاتورى ..... 20-15
گىدراۋلىك-گىدروستاتىك ئاپتول تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى ..... 20-16
شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئىندىكاتورى ..... 20-17
ھاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى ..... 20-18
ئاپتول بېسىم ئىندىكاتورى ..... 20-19
موتور سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى ۋە ئۆلچىگۈچ ..... 20-20
سىلىقلاش مېيى ئىندىكاتورى ..... 20-20
سېۋەت ئۇزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىندىكاتورى ..... 20-21
ئارغامچا ئىندىكاتورى ..... 20-22
توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى ..... 20-23
يېقىلغۇ ئۆلچىگۈچ (سائىتى) ..... 20-23
ئاككۇمۇلياتور زەرەتلەش سائىتى (ۋولتمېتىر) ..... 20-24
دېرىزىنى ئېچىش ..... 20-24
ئورۇندۇقنىڭ ئېگىزلىك، ئېغىرلىق ۋە ئالدى-كەينى ھالىتىنى تەڭشەش PERSONAL-POSTURE™ ..... 20-25
جەينەك قويغۇچنىڭ ئېگىزلىكىنى، يۆلەنچۈكنىڭ يانتۇلۇقنى ۋە بەل تىرىكىنى تەڭشەش PERSONAL-POSTURE™ ..... 20-25


**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

*ئەسلى يوليورۇق. بۇ قوللانمىدىكى بارلىق ئۇچۇرلار، قىستۇرما رەسىملەر ۋە كۆرسەتمىلەر نەشر قىلىنغاندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغان. ئەسكەرتىش بەرمەي خالىغان ۋاقىتتا ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بىزدە.*

COPYRIGHT © 2013
DEERE & COMPANY
Moline, Illinois
All rights reserved.
A John Deere ILLUSTRUCTION ® Manual

بەت


بىخەتەرلىك تاسمىسىنى ئىشلىتىش ........ 20-26
ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىنى تەڭشەش ........ 20-27
Deere-Delco تىپلىق رادىيو
هاۋا رايى دولقۇنى ۋە پىلاستىنكا قويغۇچ سەپلەنگەن AM-FM رادىيو . 20-28
هاۋا رايى دولقۇنى (رادىيو ئىستانسىسى) ........ 20-31
رادىيونى يەرلىك چاستوتىغا تەڭشەش ........ 20-32
ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى
ئومۇمىي ئۇچۇر ........ 20-32
قوزغىتىش ........ 20-33
بىكار قىلىش ........ 20-33
قۇلۇپلانغان رادىيونى ئېچىش ........ 20-33
ئاۋاز سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ماھارەتلىرى ........ 20-34
ئانتېننا ........ 20-34
تېرىش قۇرۇلمىسى ۋە تۈلۈقنى پەرقلەندۈرۈش ........ 20-35


**قىتلاندۇرۇش**


شامالدۇرغۇچ كونترول ئۈزچاتى ........ 25-1
موتورنى قىتلاندۇرۇش ........ 25-1
بىر سائەتتىن كېيىن ........ 25-3
بەش سائەتتىن كېيىن ........ 25-4
ئون سائەتتىن كېيىن ........ 25-4
يىگىرمە سائەتتىن كېيىن ........ 25-5
يۈز سائەتتىن كېيىن ........ 25-5


**مەشغۇلاتتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش**


ئايتول مىقدارىنى تەكشۈرۈش ........ 30-1
گىدروستاتىك-گىدراۋلىك ماي مىقدارىنى تەكشۈرۈش ........ 30-1
سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈش ........ 30-2
30 ۋە 60 مىكرونلۇق سۈزگۈچنى چايقاش (سەپلەنگەن بولسا) ........ 30-2
سۇ ئايرىغۇچ سۈزگۈچنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ........ 30-4
ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچتىن سۇ قويۇپ بېرىش ........ 30-4
يېقىلغۇ باكىنى تولدۇرۇش ........ 30-5
دېرىزە، ئەينەك ۋە چىراغلارنى تازىلاش ........ 30-5


**ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىش**


بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش ........ 35-1
موتورنى قوزغىتىش ........ 35-1
سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ........ 35-4
سوغۇق هاۋادا موتورنى قوزغىتىش ........ 35-5
سوۋۇتقۇچ قىزىتقۇچ - سەپلەنگەن بولسا ........ 35-6
سوغۇق هاۋادا مەشغۇلات قىلىش ........ 35-6
موتورنى قىزىتىش ........ 35-6
موتورنى قۇرۇق ماڭغۇزۇش ........ 35-7
موتورنى توختىتىش ........ 35-7
ماشىنىنى ھەيدەشكە تەق قىلىش ........ 35-7
تورمۇز تاقىقىنى ئىشلىتىش ........ 35-8
خوتقا سېلىش ........ 35-9
دەرىجەدە ئۈزچاتىنى ئىشلىتىش ........ 35-9
ماشىنىنى ھەيدەش ........ 35-10
ماشىنىنى توختىتىش ........ 35-10
ماشىنىنى توختىتىپ قويۇش ........ 35-11
ئېتىز ۋە تاشيولدا يۆتكەش چىراغلىرىنى ئىشلىتىش ........ 35-12


بەت


ماشىنىنى ئاممىۋى يولدا ھەيدەش ۋە يۆتكەش ........ 35-13
پاختا تېرىش ماشىنىسىنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىش (سۆرەش) ........ 35-14
ماشىنىنى ئىتتىرىش ........ 35-15
شامالدۇرغۇچ ۋە قۇرۇلمىنى قوزغىتىش ........ 35-16
تېرىش قۇرۇلمىسىنى تۆۋەنلىتىش ........ 35-16
قۇرغا تۆۋەنلىتىشنى باشلاش ........ 35-17
پاختا تېرىش ........ 35-17
توسۇلۇپ قالغان قۇرۇلمىغا ئىنكاس قايتۇرۇش ........ 35-18
تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ توسالغۇسىنى چىقىرىۋېتىش ........ 35-19
سېۋەتنى تۆكۈش ........ 35-20
قۇرۇلمىنى يۆتكەش ئۈچۈن جايىغا قويۇش ........ 35-22
تېلېسكوپىك سېۋەتنى تۆۋەنلىتىش ........ 35-23
تېلېسكوپىك سېۋەتنى يۇقىرىلىتىش ........ 35-28
تېلېسكوپىك پورشېننىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ........ 35-34


**شوپۇر بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى**


شوپۇر بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى ........ 40-1
ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى تەييارلاش ........ 40-1
ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى ئىشلىتىش ........ 40-2
ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى تاقاش ........ 40-3
شوپۇر بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ........ 40-4


**Row-Trak يول باشلاش سىستېمىسى**


Row-Trak™ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇرى ........ 41-1
Row-Trak سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ........ 41-1
ئېتىزدىكى Row-Trak نى خاتىرىلەش ........ 41-3
ستاتىك ROW-TRAK نى خاتىرىلەش ........ 41-4
ROW-TRAK نى توغرىلاش ھالىتىگە كىرىش ........ 41-5
ئىقتىدار قانالىرى - بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ........ 41-6
دىئاگنوز قانالىرى - ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ........ 41-7
ROW-TRAK نىڭ ئاپتوماتىك كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بېرىش - بەشىنچى
قانال ........ 41-8
ھۆكۈم قىلىش قانىلى-ئالتىنچى ........ 41-9
ھۆكۈم قىلىش قانىلى-يەتتىنچى ........ 41-9
ھۆكۈم قىلىش قانىلى-سەككىزىنچى ........ 41-9
ھۆكۈم قىلىش قانىلى-توققۇزىنچى ........ 41-10
ھۆكۈم قىلىش قانىلى-ئونىنچى ........ 41-10
ROW-TRAK توك يولىنىڭ دىئاگنوز كودلىرى ........ 41-10


**ئېگىزلىك سېزىش**


سىرتقى ئېگىزلىك سېزىش تاقىسىنى تەكشى قىلىش ........ 45-1
ئاپتوماتىك ئېگىزلىك كونترول قىلىشنى تەڭشەش ........ 45-2
ئىچكى ئېگىزلىك سېزىش تاقىسىنى تەكشى قىلىش ........ 45-3


**نەمدەش سىستېمىسى**


نەمدەش سىستېمىسىنى تەييارلاش ........ 50-1
سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش ........ 50-1
سۈيۈقلۇق پومپىسىنىڭ تاسمىسىنى تەڭشەش ........ 50-2
نەمدەش تۈۋرۈكى ........ 50-2
نەمدەش تۈۋرۈكىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈش ........ 50-3
نەمدەش تۈۋرۈكىنىڭ ئورنىنى تەڭشەش ........ 50-3


**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

بەت


نەمدەش تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكنى تەكشۈرۈش ........ 50-4
نەمدەش تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكنى تەڭشەش ........ 50-5
نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكنى تولدۇرۇش (باكتا سۇيۇقلۇق ئارىلاشتۇرۇش) . 50-6
نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكىغا يىراقتىن سۇيۇقلۇق قويۇش (ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان سۇيۇقلۇق) ........ 50-7
نەمدەش باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرغۇچىسىنى تازىلاش ........ 50-7
جون دىئېر ماركىلىق ئوق تازىلىغۇچنى ئىشلىتىش ........ 50-8
جون دىئېر ماركىلىق ئوق تازىلىغۇچنى ساقلاش ........ 50-9
جون دىئېر ماركىلىق نەمدەش سۇيۇقلۇقنى ئىشلىتىش ........ 50-9
جون دىئېر ماركىلىق نەملىگۈچ - سۇيۇقلۇق نىسبىتى ........ 50-9
سۇ بېسىمىنى تەڭشەش ........ 50-10
نەمدىگۈچنى چايقاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ........ 50-11
سۈزۈش تورىنى تازىلاش ........ 50-11
پۈركۈش ئېغىزىنى تازىلاش ........ 50-12
نەمدەش تۇۋرۇكنىڭ تاختىسىنى ئالماشتۇرۇش ........ 50-13
ئۆرچۈقا پاختا يىغىلىپ قېلىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش ........ 50-14


## تېرىش قۇرۇلمىسى


تېرىش قۇرۇلمىسىنى يۆتكەش (سۆرۈش) ........ 55-1
تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ يانتۇلۇقنى تەڭشەش ........ 55-2
شاخ كۆتۈرگۈچنى تەڭشەش ........ 55-3
ئاستىنقى يول باشلاش تاختىسى ۋە تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان شاخ كۆتۈرگۈچ دەستىسىنى تەڭشەش ........ 55-3
سىرتقا دەستىسىنى تەڭشەش ........ 55-4
بېسىم تاختىسىنىڭ ئارىلىقىنى تەڭشەش ........ 55-5
بېسىم تاختىسىنىڭ پۈرژىنىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەڭشەش ........ 55-6
ئاقلاش تاختىسى (قوشۇمچە ئۈسكۈنە) ........ 55-7
تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ تەڭشىلىشىنى تەكشۈرۈك ........ 55-9
تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكنى تەكشۈرۈش ........ 55-9
تۇلۇقنىڭ ئېگىزلىكنى تەڭشەش - نورمال ئەھۋال ........ 55-9
تۇلۇقنىڭ ئېگىزلىكنى تەڭشەش - نورمال ئەھۋال ........ 55-10
تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ يانتۇلۇقنى تەڭشەش ........ 55-11
تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى تەڭشەش ........ 55-14
قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچى ........ 55-15
ئۆرچۈقلارنى ئالماشتۇرۇش ........ 55-15
يىغىش (تېرىش) دەستىسىنى ئالماشتۇرۇش ........ 55-16
تۇلۇق تۇۋرۇكنى چېقىرىپ ئېلىك ........ 55-17
تۇلۇق تۇۋرۇكنى ئورنىتىك ........ 55-19
ماشىنىنىڭ تەڭشىكىنى ئۆزگەرتىش ........ 55-21


## كۆپ قۇر سىستېمىسىنىڭ (VRS) قۇر قۇرۇلمىسى


مۇقىم پىچاقنى تەڭشەك ........ 56-1
تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ توسالغۇسىنى چىقىرىۋېتىش ........ 56-3
پىرقىرىما پىچاق بۆلىكىنى چىقىرىپ ئېلىك ۋە ئالماشتۇرۇك ........ 56-5
ئۈستى ئېگىزلىك كونتروللىغۇچنى تەڭشەك ........ 56-5


## قۇرۇلمىنى كۆزىتىش سىستېمىسى


قۇرۇلمىنى كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئىقتىدارلىرى ........ 60-1
قۇرۇلما ۋە تۇلۇق مۇقتىسىنىڭ تېپىلىش نىسبىتى ........ 60-1
سۈمۈرۈش ئېغىزى ياكى تۇرۇبىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى ........ 60-3
ئېكراندا تەكشۈرۈش تەرتىپى ........ 60-4
تۇلۇق ئەتراپىنى كۆزىتىش ئېكرانىنى تەڭشەش ........ 60-10


بەت

## ھاۋا سىستېمىسى


پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى ۋە رېلىسىنى تەڭشەش ........ 65-1
يېڭى شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنى ئورنىتىش ........ 65-2


## سىۋەت


سىۋەت پورشىنىنىڭ قۇلۇپلاش كىلاپىنىنى ئىشلىتىش ........ 70-1
ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ زەنجىرىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەڭشەش ........ 70-1
سىۋەتنىڭ ئوتتۇرھال ئورنى ........ 70-1


## ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسى


سىلىقلاش قاچىسىنى تولدۇرۇش ........ 75-1
ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ........ 75-1
ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ۋە سىلىقلاش سىستېمىسىنى توختىتىك ........ 75-3
قول ئارقىلىق سىلىقلاش تەرتىپى ........ 75-5
سىلىقلاش سىستېمىسىنىڭ سۈزگۈچلىرىنى ئالماشتۇرۇش ........ 75-5


## تەگلىك


مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ........ 80-1
مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ كىلاپانى ۋە ئۆلاش ئورنىنى تەكشۈرۈش ........ 80-2
مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ كىلاپانى ۋە چېتىش ئورنىنى تەڭشەش ........ 80-3
مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ يېلىنى قويۇۋېتىش (ئېككى كىشى لازىم بولىدۇ) 80-5
تورمۇز شايىبىسىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىش ........ 80-6
تورمۇز سۇيۇقلۇقىنىڭ قاچىسىنى تەكشۈرۈش ........ 80-6
سىۋەت پورشىنىنى تەڭشەش ........ 80-7
ھىملانغان چىراغلارنى ئالماشتۇرۇش ........ 80-8
ئالدى ۋە ئارقا ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش ........ 80-8
ئارقا چىراغىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش ........ 80-9
بىخەتەرلىك سىمىنى ئالماشتۇرۇش ........ 80-9
بىخەتەرلىك سىمى ۋە رېلې ........ 80-10
بىخەتەرلىك سىملىرى - رادىياتور بۆلۈمچىسى ........ 80-10


## كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ


ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا بويسۇنۇك ........ 85-1
سىگنال ئىندىكاتور چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ........ 85-1
لەمپە چىرىغى ۋە كونترول سۇپىسىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش ........ 85-1
ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ........ 85-2
ئاساسىي سۈزگۈچ دېتالىنى ئالماشتۇرۇش ........ 85-5
قوشۇمچە ھاۋا (ئايلاندۇرۇش) سۈزگۈچنى چىقىرىپ ئېلىش ........ 85-5
كابىنكا سۈزگۈچنى تازىلاش ........ 85-6


## موتور ۋە ھەرىكەت ئۆزىتىش سىستېمىسى


موتور كونترول قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ (ECU) دىئاگنوز كودلىرى ........ 90-1
يېقىلغۇ سىستېمىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەڭ ........ 90-4
موتورنىڭ قوشۇمچە ئۈسكۈنىسىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى ئالماشتۇرۇش - ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى، شامالدۇرغۇچ ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ پرېسلىغۇچىسى ........ 90-4
ئاساسىي يېقىلغۇ سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇش - سۇ ئايرىغۇچ ........ 90-5
ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ سۇيىنى ئېقىتىۋېتىك ۋە ئالماشتۇرۇك - سۇ ئايرىغۇچ ........ 90-6
30 ۋە 60 مىكرونلۇق سۈزگۈچنى چايقاش (سەپلەنگەن بولسا) ........ 90-6


داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

30 ۋە 60 مىكرونلۇق سۈزگۈچنى تازىلاش ۋە ئالماشتۇرۇش (سەپلەنگەن بولسا) .......... 90-9
يىقىلغۇ سىستېمىسىنىڭ ھاۋاسىنى قويۇۋېتىش .......... 90-11
ئالدىن تازىلىغۇچنى ئاسراش (تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش) .......... 90-11
ھاۋا تازىلىغۇچنى ئاسراش .......... 90-11
ھاۋا تازىلىغۇچنىڭ دېتالىنى چىقىرىپ ئېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش .......... 90-12
موتور ۋە رادىياتورنىڭ يان تەرەپ سېتكىسىنى تازىلاش .......... 90-13
رادىياتورنى تازىلاش .......... 90-14
سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈش .......... 90-15
سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى تولدۇرۇش .......... 90-17
سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى چايقاش .......... 90-19
سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى قىش پەسلىدىن ئۆتكۈزۈش .......... 90-20
موتور كاشىلىسىغا دىئاگنوز قويۇش .......... 90-21

**چاق ۋە بالون**

بالون بىخەتەرلىكى .......... 95-1
بالونلارنى تەكشۈرۈش .......... 95-2
ئوڭ قول تەرەپ يېتەكچى چاقتىكى سۈيۇقلۇق باللاستىنى (4 قۇرلۇق ماشىنىلاردا) ۋە ئارقا يېتەكچى چاقلارنى (پەقەت 5 قۇرلۇق ماشىنىلاردا) تەكشۈرۈش .......... 95-3
دامكرات بىلەن ئالدى ئوقنى كۆتۈرۈش .......... 95-5
لاي قىرغۇچنى تەڭشەش (قوشۇمچە ئۈسكۈنە) .......... 95-6
يېتەكچى چاقنىڭ كالىڭىنى تەكشۈرۈش .......... 95-7
ئىچكى كالاڭنى تۈزەش .......... 95-7

**ئاككۇمۇلياتور**

ئاككۇمۇلياتور بىخەتەرلىكى .......... 100-1
ئاككۇمۇلياتورنى ئاسراش .......... 100-2
ئاككۇمۇلياتور سۈيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈش .......... 100-3
ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلەش .......... 100-4
ستاتور سىمى ۋە يەر سىمنى چېتىش .......... 100-5
ئاككۇمۇلياتورنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش .......... 100-5
بىسىم ئاشۇرۇش ئاككۇمۇلياتورنى ئىشلىتىش .......... 100-6

**سىلىقلاش ۋە ئاسراش**

دىزېل يېقىلغۇ .......... 105-1
دىزېل يېقىلغۇلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش .......... 105-1
دىزېل يېقىلغۇسىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى .......... 105-2
قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدىكى ئاسراش .......... 105-2
دىزېل موتورنىڭ قىتلاندۇرۇش ئاپتولى - گاز قويۇپ بېرىش دەللىلەنمىگەن ۋە دەللىلەنگەن 1 Tier، 2 Tier، 3 Tier، I Stage، II Stage ۋە III Stage .......... 105-3
دىزېل ئاپتولنىڭ ئاسراش ئىنتېرۋالىنى ئۆزارتىش - گاز قويۇپ بېرىش دەللىلەنمىگەن ۋە دەللىلەنگەن 1 Tier ۋە I Stage .......... 105-4
دىزېل ئاپتول - گاز قويۇپ بېرىش دەللىلەنمىگەن ۋە دەللىلەنگەن 1 Tier ۋە I Stage .......... 105-5
Oilscan™ ۋە CoolScan™ .......... 105-6
گىدراۋلىك-گىدروستاتىك ئاپتول .......... 105-7
خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىقلاش مېيى .......... 105-7
دىزېل موتور سوۋۇتۇش سۈيۇقلۇقى .......... 105-8
تولۇقلىما سوۋۇتۇش سۈيۇقلۇقى خۇرۇچى .......... 105-8
ئىسسىق ھاۋا كىلىماتىدا مەشغۇلات قىلىش .......... 105-8

بەت

دىزېل موتور سوۋۇتقۇچ ھەققىدىكى قوشۇمچە ئۇچۇر ۋە جون دىئىر ماركىلىق سۈيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ .......... 105-9
دىزېل ماتور سوۋۇتۇش سۈيۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش .......... 105-10
تېرىش دەستىسى ۋە ئۆرچۆق سىلىقلاش مېيى .......... 105-10
سىلىقلاش مېيى .......... 105-11
قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىنىڭ سىلىقلاش مېيى - ماي تېپى .......... 105-11
باشقا خىلدىكى سۈنئىي سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى .......... 105-11
سىلىقلاش مېيىنى ساقلاش .......... 105-12
كېرەكسىز ماددىلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش .......... 105-12
كېرەكسىز بالونلار .......... 105-12
سىلىقلاش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋالى .......... 105-12
ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى .......... 105-13
سىلىقلاش بەلگىلىرى .......... 105-15
ھەر قېتىملىق سېۋەت تۆكۈش .......... 105-16
ھەر 10 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-17
نەمدەش سىستېمىسى باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى تەكشۈرۈش - يىراقتىن قويۇش سەپلەنمىگەن .......... 105-25
ئاسراش ئىنتېرۋالى ئېكرانىنىڭ ئۇچۇرى .......... 105-25
ھەر 50 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-26
ھەر 100 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-28
ھەر 200 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-35
ھەر 250 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-36
ھەر 400 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-39
ھەر يىل .......... 105-41
بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تەكشۈرۈش - ھەر يىلى .......... 105-45
يېتەكچى تاسمىنىڭ ئۈزۈللىنىشى ۋە كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈش (بارلىق تاسمىلار) - ھەر يىلى .......... 105-45
موتورنىڭ ھاۋا سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش - ھەر يىلى .......... 105-46
ھەر 600 سائەتلىك مەشغۇلات .......... 105-47
ھەر ئىككى يىلدا .......... 105-48
ھەر 2000 سائەتتە .......... 105-49
موتور جەينەكلىك ئوقىنىڭ سىلكىنىشنى ئاجىزلىتىش قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش - 4500 سائەت ياكى بەش يىل .......... 105-49

**كاشىلا بىر تەرەپ قىلىش**

ئاسراش مەشغۇلاتىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار .......... 110-1
تېرىش قۇرۇلمىسى .......... 110-2
كۆپ قۇر سىستېمىسىنىڭ (VRS) قۇر قۇرۇلمىسى .......... 110-7
ئاپتوماتىك ئېگىزلىك كونترول قىلىش .......... 110-8
سېۋەتنى ئۆزارتىش .......... 110-9
سېۋەتنى كونترول قىلىش .......... 110-10
كۆزىتىش ئېكرانى .......... 110-10
گىدروستاتىك ھەرىكەت ئۆزىتىش .......... 110-11
شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى ۋە ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش .......... 110-12
موتور .......... 110-13
توك سىستېمىسى .......... 110-17
تورمۇزلار .......... 110-17
شوپۇر كابىنكىسى .......... 110-18
سىلىقلاش سىستېمىسى .......... 110-21
ROW-TRAK .......... 110-22

داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

### ساقلاش

تەۋسىيە قىلىنغان ساقلاش جەريانىدا لازىم بولىدىغان دېتاللار ۋە چىرىشتىن
ساقلىنىش سۈيۇقلۇقى ........................................................ 115-1
ماشىنىنى ساقلاشقا تەييارلىق قىلىش .......................................... 115-1
موتورنى ساقلاشقا تەييارلىق قىلىش ............................................ 115-3
ماشىنىنى ساقلانغان ئورۇندىن ئېلىپ چىقىش ................................ 115-4

### چىڭىتىلىش دەرىجىسىنىڭ جەدۋىلى

مېترلىق بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسىنىڭ
قىممىتى ...................................................................... 120-1
ئىنگلىز چىسلىق بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى
ئۆلچەملىك قىممىتى ........................................................ 120-2
يۇقىرى بېسىملىق يۈز ھىملىغۇچنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى جەدۋىلى ..... 120-4
تەكشى يۈزلۈك يۇملاق ھالقا ھىملىغۇچ ئېغىزىغا بېرىلىدىغان تەۋسىيەلەر .... 120-5

### تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر

ماشىنىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ............................................ 125-1
چوڭلۇقى ........................................................................ 125-4
ئاۋاز كۈچلۈكلىكى ................................................................ 125-8
تولۇق تەۋرىنىش ................................................................... 125-9
قول ۋە بىلەكنىڭ تەۋرىنىشى ...................................................... 125-9
پەقەت ياۋروپا ئىتتىپاقى (EC) خىتابنامىسى بەلگىسى بار بولغان ماشىنىلارغا ماس
كېلىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ (EC) بىرلىككە كەلگەن خىتابنامىسى .... 125-9
ماشىنىنى بىخەتەر ساقلاش .................................................... 125-10
ئىگىدارچىلىق ئىسپاتىنى ساقلاش ............................................ 125-10

### ماشىنا پەرقلەندۈرۈش نومۇرلىرى ۋە سۈركىلىشكە چىدامىلىق دېتاللار تىزىملىكى

پەرقلەندۈرۈش نومۇرى ........................................................... 130-1
ماشىنىنى پەرقلەندۈرۈش تاختىسى ................................................ 130-1
ئاسان خورايدىغان زاپچاسلار تىزىملىكى ......................................... 130-2

# بىخەتەرلىك

## بىخەتەرلىك ئۆچۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈش



بۇ خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى. ماشىنىڭىزدا ياكى قوللانمىدا بۇ بەلگىنى كۆرسىڭىز جىسمانىي زەخىملىنىش يوشۇرۇن خەۋپىدىن ئاگاھ بولۇڭ.

تەۋسىيە قىلىنغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىلىرىگە بويسۇنۇڭ.

MM95366,00000BE -UG-16SEP10-1/1

## خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرىنى چۈشىنىۋېلىڭ




DANGER (خەتەرلىك)، WARNING (پەخەس بولۇڭ)، ياكىCAUTION (دىققەت)- دىگەندەك خەتەردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان سىگنال سۆزلىرى خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرى بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ. DANGER ئەڭ ئېغىر خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

DANGER ياكى WARNING قاتارلىق خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرى خەتەرلىك ئورۇنلارغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئومۇملاشقان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى CAUTION خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن. CAUTION دېمەك بۇ قوللانمىدىكى خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۆچۈرلىرىغا دىققەت قىلىڭ دېگەنلىك بولىدۇ.

MM95366,00000BF -UG-16SEP10-1/1

## بىخەتەرلىك بەلگىلىرىگە رىئايە قىلىڭ

بۇ قوللانمىغا ۋە ماشىنىڭىزدىكى خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىگە يېزىلغان خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۆچۈرلىرىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىڭ. خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى ياخشى ئاسراڭ. چۈشۈپ قالغان، ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇڭ. يېڭى سەپلەنگەن ياكى رېمونت قىلىنغان دېتاللاردا خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسىنىڭ بار يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنىڭ يېڭىسىنى جون دىئىر سودىگىرىدىن سېتىۋالالايسىز.

باشقا تەمىنلىگۈچىلەردىن كەلگەن زاپچاسلار ياكى ياكى دېتاللاردا بۇ قوللانمىدا كۆرسىتىلمىگەن قوشۇمچە بىخەتەرلىك ئۆچۈرلىرى بولىشى مۇمكىن.

ماشىنىدا قانداق مەشغۇلات قىلىشنى ۋە ئۇنى قانداق كونترول قىلىشنى ياخشى بىلىۋېلىڭ. قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ باشقىلارنى ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىشقا يول قويماڭ.




ماشىنىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ. ماشىنىغا رۇخسەتسىز ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىگە ۋە بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە ماشىنىنىڭ ئىشلىتىش ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

بۇ قوللانمىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىنى چۈشىنەلمىسىڭىز ۋە ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسىڭىز، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

MM95366,00000C0 -UG-16SEP10-1/1

## تىراكتورنىڭ ئۆزلىكىدىن مېڭىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش



تىراكتورنىڭ ئۆزلىكىدىن مېڭىپ كېتىپ يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم كىلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش كىرەك.

موتورنى ستاتور توك سىمىنى قىسقا تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوت ئالدۇرماڭ. ئۇنداق بولمىغاندا نورمال توك يول تاختىسى ئىشلىمەي قىلىپ تراكتور خوتتا تۇرۇپلا قوزغىلىپ كىتىدۇ.

ئۆزى يەردە تۇرۇۋېلىپ موتورنى قوزغىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ. شوپۇر ئورۇندىقىدا مۇقىم ئولتۇرۇپ، سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچنى خوتتىن چىقىرىپ ياكى قول تورمۇزنى تارتىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئاندىن موتورنى قوزغىتىڭ.

MM95366,00000C1 -UG-16SEP10-1/1

## بىخەتەر مەشغۇلات قىلىڭ




بۇ ئىشلىتىش قوللانمىسىنى ئوقۇماي تۇرۇپ، پاختا تېرىش ماشىنىسىنى قەتئىي ئىشلەتمەڭ.

ماشىنا بىلەن پىششىق تونۇشماي تۇرۇپ، پاختا تېرىش ماشىنىسىنى قەتئىي ئىشلەتمەڭ.

ماشىنىدا بىردىن (شوپۇردىن) ئارتۇق ئادەم بار ۋاقىتتا، پاختا تېرىش ماشىنىسىنى قەتئىي ئىشلەتمەڭ. ماشىنىغا چىقىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭ.

ئارقىغا بۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، تولۇق توختىتىڭ.

جىرا ياكى ئېرىققا يېقىن يەردە ماشغۇلات ئېلىپ بارماڭ.

ئايلانغاندا سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ.

ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەردە ئاستا ھەيدەڭ.

يانباغىر ياكى پەلەمپەي بار يەردە تۆكمەڭ.

توك سىملىرى بار يەردە تۆكمەڭ.

سېۋەت، كوزۇپ ياكى مودۇل ھاسىللىغۇچ ئەتراپىدا ئادەم يوقلىقىغا جەزم قىلالمىسىڭىز، تۆكمەڭ .

ماشىنىنى سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ھەيدىمەڭ.

خوت قۇرۇق خوتتا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەرگىز موتورنى قوزغاتماڭ.

ئۈزىتىش قۇرۇلمىسى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندا ھەرگىز سېۋەت ئىچىگە كىرمەڭ.

داۋاملىق بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلاڭ.

MM95366,00000C2 -UG-16SEP10-1/1

## پىرقىرايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۈزاتقۇچتىن ھوشيار تۇرۇڭ



پىرقىرايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۈزاتقۇچقا چىرمىشىپ قىلىنسا ئېغىر يارىلىنىشنى ياكى ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھەرىكەت ئۈزاتقۇچ قانىتىنىڭ ھەر زامان ئۆز ئورنىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
پىرقىرىغۇچ قانىتىنىڭ راۋان پىرقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

بەدەنگە ھىم يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىڭ. تەڭشەش ئېلىپ بېرىش، چېتىش ياكى ئوق ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى تازىلاشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىپ بارلىق ھەرىكەت ئۈزىتىش سىستېمىلىرىنى تولۇق توختىتىڭ.

MM95366,00000C3 -UG-16SEP10-1/1

## ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ



دائىم بىخەتەرلىك تاسمىسى ئىشلىتىڭ.

ماشىنا ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئازگال، ئۆرەك ۋە باشقا توسالغۇلاردىن ھەزەي ئەيلەڭ، بولۇپمۇ يانباغىردا ھەيدىگەن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ.

جىرا ياكى توغان گىرۋىكىگە يېقىن يەردە ھەيدىمەڭ-ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن.

يانباغىر، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەردە ۋە ئايلىنىدىغان يەردە ماشىنىنى ئاستىلىتىڭ.

MM95366,00000C4 -UG-16SEP10-1/1

## پەلەمپەي ۋە تۇتقۇچلارنى ئىشلىتىڭ



يىقىلىپ كېتىش يارىلىنىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى.

ماشىنىغا چىققان ۋە چۈشكەندە، ئالدىڭىزنى ماشىنىغا قىلىپ، پەلەمپەي ۋە رېشاتكىنى چىڭ تۇتۇپ چىقىڭ ياكى چۈشۈڭ. سېۋەت ئۈستىگە چىققان ھەرقانداق ۋاقىتتا، رېشاتكىنى ئېچىپ ۋە ئۇنى تۇتۇپ چىقىڭ.

ماشىنىغا ھەرگىز سەكرەپ چىقماڭ ياكى سەكرەپ چۈشمەڭ. مېڭىۋاتقان ماشىنىغا چىقىش ياكى چۈشۈش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ماشىنىدىن چۈشكەندە، سۇپا، پەشتاق ۋە رېشاتكىلاردىكى سىلىق يەرلەردە ئېھتىيات قىلىڭ.

MM95366,00000C5 -UG-16SEP10-1/1

## ماشىنىغا چىقىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭ



ماشىنىدا پەقەت مەشغۇلات قىلىدىغان كىشىلا تۇرۇشى كېرەك. ماشىنىغا چىقىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭ.

ماشىنىغا مىنگىشىۋالغاندا نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ كېتىپ ياكى ماشىنىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ يارىلىنىش خەتىرى بار. ماشىنىغا مىنگىشىۋالغانلار يەنە مەشغۇلاتچىنىڭ كۆرۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ۋە خاتا مەشغۇلات قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

MM95366,00000C6 -UG-16SEP10-1/1

## يېقىلغۇنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىڭ-ئوت كېتىشتىن ساقلىنىڭ



يېقىلغۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىڭ: ئۇ بەك ئاسان ئوت ئالىدۇ. تاماكا چېكىۋاتقان ۋاقىتتا، ئوت يالقۇنى ياكى ئۇچقۇنى بار يەرلەردە ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلىماڭ.

ھەر ۋاقىت ئاۋۋال موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ ئاندىن ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلاڭ. يېقىلغۇ باكىغا ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ يېقىلغۇ قاچىلاڭ.

ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماشىنىنى يىغىلىپ قالغان ئەخلەت-چاۋا، قالدۇق ياغ ۋە ئەسكى-تۈسكى پارچىلاردىن خالىي تۇتۇڭ. تۆكۈلۈپ كەتكەن يېقىلغۇنى ھەر دائىم ۋاقتىدا تازىلىۋېتىڭ.

MM95366,00000C7 -UG-16SEP10-1/1

## جىددىي ئەھۋاللارغا دائىم تەييار ھالەتتە تۇرۇڭ



ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارغا تەييارلىقتا تۇرۇش كېرەك.

ئوت ئۆچۈرگۈچ ئۈستىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى پىششىق ئىگىلەڭ.

جىددىي قۇتقۇزۇش بوغچىسى ۋە ئوت ئۆچۈرگۈچنى ئاسان قولغا چىقىدىغان جايغا قويۇپ قويۇش كېرەك.

دوختۇرلارنىڭ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېلېفونىڭىزنىڭ يېنىدا تۇتۇڭ.

MM95366,00000C8 -UG-16SEP10-1/1

## ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش



ئوت كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مۇھىم قەدەم-باسقۇچلار بويىچە ئىش قىلىڭ:

**مۇھىم: كۆرۈك مەشغۇلاتچى پايدىلىنىدىغان پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش سىنىئالغۇ لېنتىسىنى كۆرۈڭ. ئەگەر سىزدە بۇ سىنىئالغۇ لېنتىسى يوق بولسا، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

- **تەكشەڭ** قۇرلاش قۇرۇلمىسىنى قەرەللىك تەكشەڭ ۋە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ.
- **ئېھتىيات قىلىڭ** پاختا تېرىش قۇرۇلمىسى ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۈچقۇن پەيدا قىلىدىغان تاش، ياغاچ ياكى باشقا مەينەت نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىڭ.
- **رېمونت قىلىڭ** ئېقىپ قالغان يەرلەرنى رېمونت قىلىڭ، يېقىلغۇ (ئاپتول) ئېقىپ قالغان يەرلەرنى تازىلاپ تۇرۇڭ، چىگىت ياكى ئەخلەتلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىپ ئاسان ئوت ئالىدىغان بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭ.
- **ھەرگىز** توك سىملىرىغا يېقىن يەرگە پاختا تۆكمەڭ.
- **ھەرگىز** شامالغا قارشى يۆنىلىشتە پاختا تۆكمەڭ، پاختا ۋە ئەخلەتلەر موتور بۆلۈمچىسىگە كىرىپ كېتىپ ئوت ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن.
- **ھەرگىز** موتور مېڭىۋاتقاندا، تاماكا چېكىۋاتقاندا ياكى ئوت ئۈچقۇنى بار يەردە يېقىلغۇ قاچىلىماڭ.
- **ھەرگىز** نەمدەش سىستېمىسىغا كۆيۈشچان نېفت سۇيۇقلۇقى ئىشلەتمەڭ.
- **ئۈچقۇندىن ساقلىنىڭ** ئاككۇمۇلياتور زەرەتلىگۈچ ياكى بېسىم ئاشۇرۇش ئاككۇمۇلياتورى ئىشلەتكەندە ئۈچقۇندىن ساقلىنىڭ.
- **تەكشۈرۈڭ** بارلىق ئوق قازانلىرىنى كۆندە تەكشۈرۈپ زىيادە قىزىپ كېتىش ياكى بوشاپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. دەرھال يېگىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.

**ئېلىۋېتىڭ** ماشىنىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن پاختا قالدۇقلىرى، چىگىت ۋە ئەخلەتلەرنى ئەتراپتىكى يەرلەردىن كۆندە ياكى قەرەللىك ھالدا ئېلىپ تاشلىۋېتىڭ، بۇنداق قىلغاندا ئوت كېتىشتىن ساقلانغىلى ياكى ئوت كېتىپ قالسا ئوتنى ئاسان كونترول قىلغىلى بولىدۇ. «سىلىقلاش ۋە ئاسراش» بۆلىكىگە قاراڭ.

**پاختا تېرىش قۇرۇلمىسى**
- تۇلۇق
- نەمدەش تاختىسى
- يىغىش دەستىسى ئارقىسىدا
- سۇمۇرۇش ئېغىزى
- دېتال تۇلۇقى

**موتور رايونى**
- موتور
- تۇربىنا ۋە كېرەكسىز گاز چىقىرىش سىستېمىسى
- ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ سېتكىسى
- موتورنى قوزغىتىش

**تەگلىك**
- موتور قاپقىقى
- سۇپا
- گىدرو ھالىتى
- پاختا شامالدۇرغۇچىنىڭ روتورى
- خوت
- تورمۇز تۇلۇقى

**سېۋەت**
- سېۋەت سېتكىسى
- شالاسۇن

MM95366,00000C9 -UG-16SEP10-1/1

## مۇبادا ئوت كېتىپ قالسا

**دىققەت: ماشىنا ياكى ماتېرىيالغا ئوت كېتىشتىن كېلىپ چىققىدىغان يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلىنىڭ. ئوتنى ئۆچۈرۈشتىن بۇرۇن، ئوتنىڭ دائىرىسى ۋە كۈچلۈكلىكىنى دەڭسەڭ. ھەرگىز ئوتنى دەسسەپ ئۆچۈرىمەن دېمەڭ، دائىم ئوت ئۆچۈرگۈچ ئىشلىتىڭ.**

**دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

1. **ھەرگىز ھودۇقماڭ.** ماشىنىنى دەرھال توختىتىڭ، كاشىلا كۆرۈلگەن ھامان شامالدۇرغۇچ ۋە قۇرلاش دېتالىنى ئۈزۈۋېتىڭ. بۇ بىر نەرسىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى، غەلىتە ئاۋاز، ياكى ئىس ياكى ئوت ئالامىتى بولىشى مۇمكىن.

*ئىزاھات: ئوت ئۆچۈرگۈچنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ قويۇلغان ئورنىنى بىلىۋېلىڭ ھەمدە ئوت ئۆچۈرگۈچ ئۈستىگە چاپلانغان كۆرسەتمە مەزمۇنىنى بىلىۋېلىڭ.*

2. ماشىنىنىڭ قىزىيدىغان يەرلىرىنى تەكشۈرۈڭ، ئاۋۋال يىغىش قۇرۇلمىسىدىن باشلاپ ئاندىن موتور ۋە تەگلىكنى تەكشۈرۈڭ. ئوت ئۆچۈرگۈچ ئىشلىتىپ ئوت ئۆچۈرۈڭ. ئوت ئۆچۈرگۈچ ئېرىتمىسىنى ئوتنىڭ ئاستى قىسمىغا قارىتىپ پۈركۈڭ.

3. قۇرلاش قۇرۇلمىسىنى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاندىن ماشىنىنى ئېتىزدىكى پاكىز ياكى ئورۇلۇپ بولغان يەرگە توختىتىڭ، ماشىنىنى پاختا دۆۋىسى، قۇرۇق ئوت-چۆپ ياكى باشقا ئۇسكۈنىدىن نېرى توختىتىڭ.



4. شامال يۆنىلىشىنى جەزملەشتۈرۈڭ. سېۋەتتىن پاختا چۈشۈرگەندە، ئەھۋالغا قاراپ، پاختا ماشىنىدىن ئۆچۈپ كېتىدىغان بولغىچە ماشىنىنى ھەيدەڭ.

5. سېۋەتتىن پاختىنى تولۇق چۈشۈرۈڭ، ئاندىن ماشىنىنى چۈشۈرۈلگەن پاختىدىن يىراق بولغان بىخەتەر ئورۇنغا ئاپىرىڭ. موتورنى ئۆچۈرۈپ، تورمۇزنى چېتىڭ.

6. باشقىلارنى ئوت خەۋپىدىن ئاگاھلاندۇرۇڭ ھەمدە ماشىنىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئوتنىڭ تولۇق ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى جەزم قىلىڭ.

7. ئېتىزغا تۆكۈلگەن پاختىنى تەكشۈرۈڭ، ئوت ياكى قىزىق يەر بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئېھتىياجغا قاراپ ئۆچۈرۈڭ. ئوتنى دەسسەپ ئۆچۈرمەڭ! ھەرقانداق ئوتنى ئۆچۈرگەندە چوقۇم ئوت ئۆچۈرگۈچ ئىشلىتىڭ.

MM95366,00000CA -UG-16SEP10-1/1

## ئوت ئۆچۈرگۈچ (جۇڭگودىكى ماشىنىلاردىكى)

ماشىنىغا بىر دانە قايتا قاچىلاشقا بولىدىغان 9L ABC تىپلىق قۇرغاق خىمىيەلىك دورا قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ (A) ۋە بىر تۆت كىلوگىراملىق سۇيۇق دورا قاچىلانغان ئوت ئۆچۈرگۈچ (B) ھەمدە ئېسىش جازىسى سەپلەنگەن.

- سۇيۇقلۇق قاچىلانغان ئوت ئۆچۈرگۈچ چىگىت ۋە ئەخلەتلەرگە كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
- ABC تىپلىق خىمىيەلىك دورا قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ ماي، ئاپتول، توك يولى ۋە خىمىيەلىك ماددىلارغا ئوت كەتكەندە ئىشلىتىلىدۇ.
- قايسى خىل ئوت ئۆچۈرگۈچ ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، ئوت ئۆچۈرگۈچنى دائىم ئوتنىڭ ئاستى قىسمىغا قارىتىڭ.

ئوت ئۆچۈرگۈچ ئۈستىگە چاپلانغان بەلگە ئۈستىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇڭ ۋە زۆرۈر بولغان كىشىلەرگە ئۇنىڭ قويۇلغان ئورنى ھەمدە ئۇنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق ئاسراش ھەققىدە تەلىم بېرىڭ. ھەرقېتىم ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئوت ئۆچۈرگۈچنى تولۇقلاپ قويۇڭ.

ھەر ئىككى ئوت ئۆچۈرگۈچنى ھەر 200 سائەتتە ياكى ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم. ئوت ئۆچۈرگۈچكە باغلانغان كارتا ئۈستىگە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ تۇرۇڭ.

ئوت ئۆچۈرگۈچنى جون دىئىر سودىگىرىدىن ئېلىشقا بولىدۇ.







**A - 9L ABC تىپلىق قۇرغاق خىمىيەلىك دورا قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ**

**B - تۆت كىلوگىراملىق سۇيۇق دورا قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ**

CP00596,0000577 -UG-09OCT13-1/1

## ئالدى قىسمىدىكى ئوت ئۆچۈرگۈچىنىڭ ئورنى (جۇڭگودىكى ماشىنىلاردىكى)



بىر دانە تۆت كىلوگىراملىق سۇيۇقلۇق قاچىلانغان ئوت ئۆچۈرگۈچ شوتا يېنىدىكى كابىنكا سۇپىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

CP00596,0000578 -UG-09OCT13-1/1

## ئارقا تەرەپتىكى ئوت ئۆچۈرگۈچىنىڭ ئورنى (جۇڭگودىكى ماشىنىلاردىكى)




بىر دانە  تىپلىق قۇرغاق خىمىيەلىك دورا قاچىلانغان ئوت ئۆچۈرگۈچ ماشىنىنىڭ ئارقا سول بۇلۇڭىغا جايلاشقان.

CP00596,0000579 -UG-09OCT13-1/1

## ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش گۈرجىكى




شوپۇر ئورۇندۇقىنىڭ كەينىگە بىر دانە ئوت ئۆچۈرۈش گۈرجىكى ئورنىتىلغان.

ئوت كەتكەندە، گۈرجەكنى ئىشلىتىپ ئوتقا توپا چېچىڭ، توسالغۇ ۋە كۆيۈشچان نەرسىلەرنى يوقىتىڭ.

CP00596,000057A -UG-18OCT13-1/2






**كۆرسەتمە:**

1. گۈرجەك دەستىسىنى تۈزلەڭ.
2. گايكىنى (B) ئوڭ قول تەرەپكە قارىتىپ چىڭىتىڭ.

**A - ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش گۈرجىكى**
**B - گايكا**

CP00596,000057A -UG-18OCT13-2/2

## قوزغىتىش يېقىلغۇسىنى بىخەتەر ئىشلىتىڭ



قوزغىتىش يېقىلغۇسى بەك ئاسان ئوت ئالىدۇ.

ئۇنى ئىشلىتىكەندە ئوت مەنبەلىرىدىن يىراق تۇتۇڭ. قوزغىتىش يېقىلغۇسىنى باتارىيە ۋە كابېللاردىن نېرى تۇتۇڭ.

يېقىلغۇ باكىنىڭ يۇقىرى بېسىم تۇپەيلىدىن زەرەتلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باكىنىڭ ئاغزىنى داۋاملىق ھەم ئېتىپ ئۇنى سوغۇق ۋە قوغدىلىدىغان بىر جايغا قويۇپ ساقلاڭ.

قوزغىتىش يېقىلغۇسى قاچىلانغان باكنى كۆيدۈرمەڭ ياكى تېشۋەتمەڭ.

MM95366,00000CE -UG-16SEP10-1/1

## ئاككۇمۇلياتور بىخەتەرلىكى



باتارېيە ئېلېكترولىتىدىكى سۇلفات كىسلاتا زەھەرلىك. بۇ كۈچلۈك كىسلاتا بولۇپ، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ، كىيىمنى تېشىۋېتىدۇ، كۆزگە چاچراپ كەتسە قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش ئارقىلىق خەتەردىن ساقلىنىڭ:

1. ئاككۇمۇلياتورغا ھاۋا ياخشى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا توك تولۇقلاڭ.
2. مۇھاپىزەت كۆزەينىكى تاقاڭ ۋە پلاستىك پەلەي كىيىڭ.
3. ئېلېكترولىت قاچىلىغاندا ئۇنىڭدىن چىققان گازدىن نەپەسلەنمەڭ.
4. ئېلېكترولىتنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشى ياكى تېمىپ قىلىشىدىن ساقلىنىڭ.
5. مۇۋاپىق ئاتلىتىپ قوزغىتىش تەرتىپىنى ئىشلىتىڭ.

ئەگەر ئۈستىڭىزگە كىسلاتا تېمىتىۋالغان بولسىڭىز:

1. تېرىڭىزنى سۇ بىلەن چايقاپ يۇيۇۋېتىڭ.
2. ئېچىتقۇ سودا ياكى ھاك بىلەن كىسلاتانىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇڭ.
3. كۆزىڭىزنى سۇ بىلەن 10 ـ 15 مىنۇت يۇيۇڭ. دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

ئەگەر كىسلاتانى ئىچىۋالغان بولسىڭىز:

1. قۇسۇۋېتىمەن دېمەڭ.
2. كۆپ مىقداردا سۇ ياكى سۈت ئىچىڭ، بىراق 2 لىتىردىن ئېشىپ كەتمىسۇن.
3. ئاندىن ماگنىي ئارىلاش سۈت ئىچىڭ، ئىلەشتۈرۈلگەن تۇخۇم ياكى ئۆسۈملۈك مېيى ئىچىڭ.
4. دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

**دىققەت:** ئاككۇمۇلياتور تايىقى، ئۇچى ۋە باشقا ئالاقىدار قوشۇمچە دېتاللار تەركىبىدە قوغۇشۇن ۋە قوغۇشۇن بىرىكمىسى بار، بۇلار كالىفورنىيە ئىشتاتى تەرىپىدىن راك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە كۆپىيىش سىستېمىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. **بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قولىڭىزنى يۇيۇڭ.**

MM95366,00000CF -UG-16SEP10-1/1

## شاۋقۇندىن مۇداپىئەلىنىڭ



ئۇزۇن مۇددەت شاۋقۇن بىلەن ئۇچراشقاندا قۇلاقنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ ياكى ئاڭلاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

مۇۋاپىق قۇلاق ئاسرىغۇچ ياكى قۇلاق ئەتكۈچنى قوللىنىپ قۇلىقىڭىزنى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان شاۋقۇندىن ئاسراڭ.

MM95366,00000D0 -UG-16SEP10-1/1

## مۇداپىئە كىيىمنى كىيىش



خىزمەت قىلىشىڭىزغا قولايلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى سەپلەنگەن كىيىملەرنى كىيىڭ.

مەشغۇلاتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مەشغۇلات ئېلىپ بارغۇچى ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشى لازىم. ماشىنىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا رادىئو ياكى مۇزىكا ئاڭلىماڭ.

MM95366,00000D1 -UG-16SEP10-1/1

## خىمىيىلىك مەھسۇلاتلارنى بىخەتەر ئىشلىتىش




خەتەرلىك خىمىيىلىك ماددىلارنى بىۋاستە ئېچىۋېتىش ئېغىر جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. جون دىئىر ئۈسكۈنىلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن يوشۇرۇن خەتىرى بار خىمىيىلىك ماددىلار سىلىقلاش مايلىرى، سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى، سىرلار ۋە يېپىشتۇرغۇچى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ماتېرىيال بىخەتەرلىكى سانلىق مەلۇمات جەدۋىلى خىمىيىلىك مەھسۇلاتلارنىڭ كونكرېت تەپسىلاتلىرىنى تەمىنلەيدۇ: بەدەن ۋە سالامەتلىككە بولغان زىيانلىرى، بىخەتەرلىك تەرتىپلىرى ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تېخنىكىلىرى دېگەندەك.

خەتەرلىك خىمىيىلىك ماددىلارنى ئىشلىتىپ بىرەر مەشغۇلاتنى باشلاشتىن ئاۋۋال mSDS نى تەكشۈرۈڭ. شۇنداق بولغاندا سىز خەتەرنىڭ نېمىلىكىنى ۋە قانداق بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشنى بىلىۋالىسىز. تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىڭ ۋە تەۋسىيە قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىڭ.

(جون دىئىر ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەلىك مەھسۇلاتلار ھەققىدە، مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك مەلۇماتلىرىنى بىلىش (MSDS) ئۈچۈنجون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.)

MM95366,00000D2 -UG-16SEP10-1/1

## ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ



زاپچاسلارنى چىقىرىپ ئېلىشتىن بۇرۇن، موتورنى ئۆچۈرۈپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

قول، پۇت ۋە كىيىملەرنى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇتۇڭ.

MM95366,00000D3 -UG-16SEP10-1/1

## بىخەتەر يۆتكەڭ

ئاۋۋال تېرىش قۇرۇلمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ قۇلۇپلاش تىرىكىنى پەسلىتىپ بولۇپ ئاندىن يۆتكەش ئېلىپ بېرىڭ.

مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، يولدا ياكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ھەيدىگەندە، زۆرۈر بولغان چىراغلارنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىپ باشقا ماشىنىلارنىڭ شوپۇرىغا يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىڭ. بۇنىڭغا نىسبەتەن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش قىلىڭ. ھەرخىل بىخەتەرلىك چىراغلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى جون دىئىر سودىگىرىدىن سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.

دائىم بىخەتەرلىك تاسمىسى تاقاڭ.

توك سىملىرى، كۆۋرۈك ياكى ئىشىك ئاستىدىن ئۆتكەندە ئارىلىقنى تەكشۈرۈڭ. پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكىنى بىلىۋېلىڭ.

رادىيو ئانتېنناسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈڭ.

تورمۇزلارنى چېتىپ قويۇڭ.

ئالدىغا ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن "ئاستا توختىتىڭ."

ئاستا ماڭىدىغان ئاپتوموبىل (SMV) بەلگىسى ۋە نۇر قايتۇرغۇچنى پاكىز ۋە جايىدا ساقلاڭ.

يولدا يۆتكەپ مېڭىشتىن بۇرۇن، بارلىق قۇرۇلمىلارنى ئۈزۈۋېتىڭ. قۇرۇلمىلار چېتىقلىق ھالەتتە يۆتكىگەندە، شوپۇر ئورۇندىن بەش سېكۇنتتىن ئارتۇق ئايرىلسا، ماشىنا ئۆزلۈكسىز توختايدۇ.



يۆتكەش بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، سېۋەتنى دائىم تولۇق پەسلىتىڭ. ماشىنىنى ئىشلىتىش بۆلىكىدىكى سېۋەتنى تۆۋەنلىتىش قىسمىغا قاراڭ. ئالدى سول تەرەپ بۆلۈڭ سېۋىتىنىڭ چاتقۇچ مىخىنى دائىم چېتىپ قويۇڭ.

ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇڭ.

ماشىنىنىڭ يۆتكەش ئېگىزلىكىنى بىلىۋېلىڭ.

يۆتكەشتىن بۇرۇن، يۆتكەش كەڭلىكىنى ۋە يەرلىك بەلگىلىمىلەرنى بىلىۋېلىڭ.

MM95366,00000D4 -UG-16SEP10-1/1

## بخەتەر ئاسراش مەشغۇلاتى

ماشىنغا رۇخسەتسىز ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىگە ۋە بخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە ماشىنىنىڭ ئىشلىتىش ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

قۇرۇلما ئاستىدا ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنىڭ كۆتۈرۈش پورشىنىنى تولۇق ئۇزارتىڭ ھەمدە ئارقان (A) بىلەن بخەتەر توختاتقۇچنى پورشېن دەستىسى ئۇستىگە تۆۋەنلىتىپ قويۇڭ.

پاختا تېرىش ماشىنىسى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندا، سىلىقلاش ياكى تەڭشەش ئېلىپ بارماڭ.

رادىياتور قىزىق ۋاقتىدا، ئېغىزنى ئېچىپ سۇ مىقدارىنى تەكشۇرمەڭ. تاشقان سۇنى ئېقىتىش باكىنى تەكشۇرۇڭ.

ماشىنا ئۇستىدە ئىش قىلغاندا، موتورنى ماڭدۇرۇپ قويۇش ئالاھىدە تەلەپ قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا، موتورنى ئۆچۈرۈپ ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىڭ.

تەكشۇرۇپ رېمونت قىلىش ئۈچۈن چىقىرىپ ئېلىنغان بارلىق مۇداپىئە قۇرۇلمىسى ۋە قوغداش قالپاقلىرىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال بولمىسا، توسالغۇنى ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنماڭ:

- قۇرۇلمىلار ئۇزۇۋېتىلگەن
- خوت دەستىسى قۇرۇق خوت ئورنىدا
- گىدرو دەستىسى نېيترال ئورۇندا
- توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان
- موتور ئوتى ئۆچۈرۈلگەن
- ئاچقۇچ ئېلىۋېتىلگەن

**A - كابېل**






ئوڭ قول تەرەپ

MM95366,00000D5 -UG-24SEP10-1/1

## يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقتىن ساقلىنىڭ



يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇق چاچراپ چىقسا تېرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇق تورۇبا لىنىيەسى ياكى باشقا لىنىيەلەرنى بوشىتىشتىن ئاۋۋال بېسىمنى تۆۋەنلىتىڭ. بېسىم ماڭدۇرۇشتىن ئاۋۋال بارلىق تۇتاشتۇرۇش ئېغىزلىرىنى مەھكەم چىڭىتىڭ.

كاردون قەغەز ئىشلىتىپ تېشىلگەن يەر بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. بەدىنىڭىزنى ۋە قولىڭىزنى يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقتىن نېرى تۇتۇڭ.

ئەگەر هادىسە يۈز بەرسە، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. ئەگەر سۇيۇقلۇق تېرىنى تېشىپ كىرىپ كەتسە، بىر قانچە سائەت ئىچىدە دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىپ چىقىرىۋېتىش كېرەك، بولمىسا تېرە يارىلىنىش (چىقان) كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىلدىكى يارىلار ھەققىدە ساۋاتى بولمىغان دوختۇرلار چوقۇم ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت سورىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ ئىلىنوي ئىشتاتىنىڭ مولىن دېگەن يېرىگە جايلاشقان جون دىئىر شىركىتىنىڭ سەھىيە مۇلازىمى بۆلۈمىگە 1-800-822-8262 ياكى
+1 309-748-5636 ئارقىلىق تېلېفون قىلىپ بۇ ھەقتە ئىنگلىز تىلىدا ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيسىز.

MM95366,00000D6 -UG-16SEP10-1/1

## گىدرو نەيچىلىرىنى تەكشۈرۈڭ



گىدرو نەيچىلىرى (تۇرۇبىلىرى) بۇزۇلسا، جىجىلىپ كەتسە ۋە ئېچىلىپ قالسا نورمال ئىشلىمەيدۇ. تۇرۇبىلارنى (نەيچىلەرنى) قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. بۇزۇلغان سۇيۇق بىسىم تۇرۇبىلىرىنى ۋاقتىدا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.

MM95366,00000D7 -UG-16SEP10-1/1

## سېۋەت پورشېنىنىڭ قۇلۇپلاش كىلاپىنىنى ئىشلىتىڭ



سېۋەت يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرغاندا، سېۋەت ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، كىلاپان تۇتقۇچىنى قۇلۇپلاش ئورنىغا قويۇڭ. سېۋەتنى تۆۋەنلەتكەندە، يىراق تۇرۇڭ. كىلاپان تۇتقۇچىنى پەسكە قارىتىپ ئايلاندۇرۇپ قۇلۇپنى ئېچىڭ. كىلاپاننىڭ قۇلۇپى ئېچىلمىسا سېۋەت تۆۋەنلىمەيدۇ.

MM95366,00000D8 -UG-24SEP10-1/1

## توختىتىش تورمۇزىنىڭ بەلگىسى



**دىققەت: باشقا ئورۇنغا يۆتكەش ئۈچۈن تورمۇزلارنى ئۆزئارا چېتىپ قويۇڭ.**

كابىنكىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، تورمۇزنى چېتىپ قويۇڭ.

DP99999,0000638 -UG-24SEP10-1/1

## ئورۇندۇق ئۈزچاتىنىڭ ئەگىپ ئۆتۈش بەلگىسى



**دىققەت: قۇرلاش قۇرۇلمىسىغا چىرمىشىپ قېلىپ ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىڭ.**

ئورۇندۇق ئۈزچاتىغا ئېتىبارسىز قارىماڭ. شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى كۈچتىن قالدۇرىلىدۇ.

DP99999,0000639 -UG-24SEP10-1/1



## بىخەتەرلىك تاسمىسىنىڭ بەلگىسى

دىققەت: بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تاقىۋېلىڭ.

تاسمىنى چاتقۇچتىن تولۇق تارتىپ، ئەڭ ياخشى قوغداش ھالىتىگە تەڭشەڭ.

DP99999,000063A -UG-24SEP10-1/1



## توك سىملىرىنىڭ بەلگىسىگە تېگىشمەڭ

خەتەرلىك: يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ ماشىنىنى يۆتكىگەندە ياكى ئىشلەتكەندە توك سىملىرىغا تېگىپ كەتمەڭ.

DP99999,000063B -UG-24SEP10-1/1

## ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**دىققەت: سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئايلانماڭ.**

**سېۋەتنى پەس يەرگە (يانباغىرغا) قارىتىپ تۆكمەڭ.**

DP99999,000063C -UG-24SEP10-1/1

## چاپلانغان بەلگە ئۈستىدە ئولتۇرماڭ



**دىققەت: يىقىلىپ كېتىپ ئېغىر يارىلىنىشتىن ساقلىنىڭ. ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقماڭ.**

DP99999,000063D -UG-06OCT10-1/1

## ئوت كېتىش خەۋپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**دىققەت: كۆيۈشچان نەمدەش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىلگەندە، ئوت كېتىش خەۋپى بار بولىدۇ.**

**جون دىئىر ماركىلىق ئۇرچۇق تازىلىغۇچ، نەمدەش سۇيۇقلۇقى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇقلۇق ئىشلىتىڭ.**

DP99999,000063E -UG-24SEP10-1/1

## بىخەتەر توختىتىشنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**خەتەرلىك: قۇرۇلمىنىڭ ئاستىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن، يۇقىرى كۆتۈرۈش پورشېنى ئۈستىدىكى بىخەتەر توختاتقۇچنى چىڭىتىڭ.**

DP99999,000063F -UG-24SEP10-1/1

## توك ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان زاپچاسلارنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**دىققەت: بارلىق مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرىنى جايىغا قويۇڭ.**

ماشىنىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ياكى توسالغۇلارنى تازىلاشتىن بۇرۇن، موتورنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

ئاچقۇچنى چىقىرىۋېلىڭ.

قول، پۇت ۋە كىيىملەرنى تراكتورنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ ئىشلەپ چىقىرىدىغان جايلىرىدىن نېرى تۇتۇش لازىم.

DP99999,0000640 -UG-06OCT10-1/1

## ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**دىققەت: ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن**

- پاختا تېرىش قۇرۇلمىلىرىنى تازىلاڭ.
- قەرەللىك تەكشۈرۈڭ.
- تۆۋەندىكىلەرنى دائىم تەكشۈرۈڭ:
  - تۇلۇقنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسى
  - يان تەرەپ ۋە سۇمۇرۇش ئېغىزلىرى
  - نەمدەش تۈۋرۈكى
  - ئورالغان ئۇرچۇق
- تورمۇزلارنى تازىلاڭ.
- موتورنى تازىلاڭ.
- پاختا شامالدۇرغۇچنى تازىلاڭ.

DP99999,0000641 -UG-06OCT10-1/1

## قۇرلاش قۇرۇلمىسىنىڭ چىرمىشىپ قېلىشىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى




**خەتەرلىك:** ئەگەر قۇرلاش قۇرۇلمىسىنىڭ دېتاللىرىغا چىرمىشىپ قالسىڭىز ياكى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالسىڭىز، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.

بارلىق ھەرىكەتلىنىۋاتقان دېتاللاردىن (زاپچاسلاردىن) نېرى تۇرۇڭ.

DP99999,0000643 -UG-24SEP10-1/2

**خەتەرلىك:** ماشىنىدىكى توسالغۇلارنى تازىلىۋېتىشتىن بۇرۇن، قۇرلاش قۇرۇلمىسىنىڭ ئوقىنى ئۈزۈۋېتىڭ، موتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە ئاچقۇچنى ئېلىۋېتىڭ.




DP99999,0000643 -UG-24SEP10-2/2

## ئايلىنىۋاتقان كۈچ ئۆزىتىش لىنىيەسىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**خەتەرلىك: ئايلىنىۋاتقان كۈچ ئۆزىتىش لىنىيەسى**

**تېگىپ كەتسە ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ**

**يېقىن كەلمەڭ!**

**تۆۋەندىكى شەرتلەر هازىرلانمىسا مەشغۇلات قىلماڭ:**

- **بارلىق كۈچ ئۆزىتىش تاسمىلىرىنىڭ قوغداش قۇرۇلمىسى، سۇرىگۈچ ۋە ئۇسكۇنىلەرنىڭ قالپاقلىرى ئۆز جايىدا بولسۇن**
- **كۈچ ئۆزىتىش تاسمىلىرىنىڭ ئىككى بېشى بخەتەر چېتىلغان بولسۇن**
- **كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ قوغداش قۇرۇلمىسى ئەركىن ئايلىنىدىغان بولسۇن**

DP99999,0000642 -UG-06OCT10-1/1

## سېۋەت سىلىندىرىنىڭ قۇلۇپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى



**دىققەت: ئىككى سېۋەت سىلىندىرىنى مېخانىكىلىق قۇلۇپ ئارقىلىق قۇلۇپلىماي تۇرۇپ، سېۋەت ئاستىغا چۈشمەڭ.**

DP99999,0000644 -UG-24SEP10-1/1

## ئۆزنىتش قۇرۇلمىسىنىڭ خەۋپىنى ئەسكەرتىش بەلگىسى

**خەتەرلىك: ئۆزنىتش قۇرۇلمىسىدىن نېرى تۇرۇڭ**



DP99999,0000645 -UG-24SEP10-1/1

## دەسسىمەسلىكنى ئەسكەرتىش بەلگىسى

**دىققەت: پۇت ۋە پاچىقىڭىزنىڭ يارىلىنىشىدىن ساقلىنىڭ. شالاسۇن ئۈستىگە دەسسىمەڭ.**



DP99999,0000646 -UG-06OCT10-1/1

## توڭلاتقۇچنى ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى




دىققەت: توڭلاتقۇچنىڭ بېسىمى يۇقىرى بولىدۇ. توغرا ئاسراش ئېلىپ بېرىلمىغان ۋاقىتتا، مۇزلاتقۇچ كۆزگە كىرىپ كېتىشى ياكى تېرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. مۇداپىئە كۆزەينەكى تاقاڭ، تېرىنى قوغداڭ. پەقەت R134a بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

DP99999,0000647 -UG-24SEP10-1/1

## يان يولدىن قوزغىتىش بەلگىسى



خەتەرلىك: ئورۇندا ئولتۇرۇپ، خوتنى توختىتىپ قويۇش ياكى نېيترال ئورۇنغا قويۇپ ئاندىن قوزغىتىڭ.

خوتقا سېلىپ ئوت ئالدۇرسا موتور ئۆچۈپ قالىدۇ.

DP99999,0000648 -UG-24SEP10-1/1

## يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئاگاھ بەلگىسى



**دىققەت: يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسى. چاچراپ چىققان سوۋۇتقۇچنىڭ كۆيدۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋۇتقۇچ قىزىق ۋاقتىدا رادىياتور قاپقىقىنى چىقىرىپ ئالماڭ.**

DP99999,0000649 -UG-24SEP10-1/1

## بىخەتەرلىك قۇرۇلمىلىرى




**A** - ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچ ۋە ئارقىنى كۆرۈش چوڭ ئەينەكلىرى - ئەتراپنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**B** - رېشاتكا - ماشىنىغا چىققاندا، سۇپا ياكى سېۋەت ئۈستىگە چىققاندا لازىم بولىدۇ.

**C** - ئاستا ماڭىدىغان ماشىنا (SMV) بەلگىسى - يولدا كەينىڭىزدىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

**D** - سېۋەت پورشېنىنى قۇلۇپلاش كىلاپانى - سېۋەت ئاستىدا ئىشلەۋاتقاندا، سېۋەت تۆكۈش پورشېنىنىڭ ئىشلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**E** - ستاتورنىڭ ئېلېكتروماگنىتلىق توسۇقى - ئەگەر ئۆتۈپ قوزغىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**F** - تۇز پەشتاق ۋە سۇپا - سۇپا ياكى شوتا ئۈستىدە تۇرغاندا تېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كىر ۋە توپا يىغىلىپ قېلىشىنى ئازايتىدۇ

**G** - قۇرۇلمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پورشېنىنى قۇلۇپلاش - قۇرۇلمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**H** - شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش

**I** - ئالدى ۋە ئارقا نۇر قايتۇرغۇچ - يولدا كېتىۋاتقاندا باشقىلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

**J** - ئالدى ۋە ئارقا خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرى - يولدا كېلىۋاتقان ۋە كېتىۋاتقانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

**K** - توختىتىپ قويۇش تورمۇزى

**L** - گۇدۇك - ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ.

**M** - بىخەتەرلىك تاسمىسى ۋە شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى سەپلەنگەن كابىنكا-شوپۇرنىڭ راھەت ئولتۇرۇشى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلغان بىخەتەرلىك قۇرۇلمىلىرىدىن باشقا، ئىشلىتىش قوللانمىسىدا يەنە باشقا زاپچاس ۋە سىستېما، ماشىنىغا چاپلانغان بىخەتەرلىك بەلگىلىرى، بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرى بار، بۇنىڭدىن باشقا، شوپۇرنىڭ ئېھتىيات قىلىشى ۋە پىشقان بولۇشى شوپۇر ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.

OUO6043,00014F8 -UG-25OCT01-1/1

## كونترول سۇپىسىنىڭ كونتروللىغۇچلىرى-ئورنى




A - گىدرو دەستىسى
B - ROW-TRAK نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۆزچاتى (سەپلەنگەن بولسا)
C - ROW-TRAK نىڭ ھېسابلاش-خاتىرىلەش ئۆزچاتى (سەپلەنگەن بولسا)
D - ROW-TRAK نىڭ تولۇقلاشنى تەڭشەش كۆنۈپكىسى (سەپلەنگەن بولسا)
E - سېۋەتنى ئۆزارتىش ئۆزچاتى
F - سېۋەتنى تۆكۈش ئۆزچاتى
G - سۇ بېسىمىنى تەڭشەش ئۆزچاتى
H - قۇرۇلما يۆتكەش دەستىسى
I - خوت دەستىسى
J - ئاچقۇچ ئۆزچاتى
K - شامالدۇرغۇچ ئۆزچاتى
L - چىراغ ئۆزچاتى
M - دەرپەردە ئۆزچاتى
N - ئارقا چاق ئېتترىش ئۆزچاتى (سەپلەنگەن بولسا)
O - سىلىقلاش مېيىنىڭ ئۆزچاتى

MM95366,00000D9 -UG-16SEP10-1/1

## گىدرو دەستىسىنىڭ كونتروللىغۇچلىرى




A - شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇش تەڭشەش ئۆزچاتى
B - ئۈزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزچاتى
C - قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش ئوڭ قول تەرەپ رامكىسىنىڭ ئۆزچاتى
D - بارلىق قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش-تۆۋەنلىتىش ۋېكلىيۇچاتېلى[1]
E - قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش سول قول تەرەپ رامكىسىنىڭ ئۆزچاتى
F - ROW-TRAK نىڭ چېتىش كۆنۈپكىسى (سەپلەنگەن بولسا)

[1] *ئېگىزلىك سېزىش سىستېمىسى پەقەت ئۆزچات D ئىشلىتىلگەندە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.*

MM95366,00000DA -UG-16SEP10-1/1

## كابىنكا تورۇسىدىكى كونتروللىغۇچلار




A - رادىيو
B - تۇمان يوقىتىش پەنجىرىسى
C - پەنجىرە
D - هاۋا تەڭشىگۈچ كونتروللىغۇچى
E - ئىسسىتقۇچ كونتروللىغۇچى
F - شامالدۇرغۇچ كونتروللىغۇچى
G - سۈرتكۈچ كونتروللىغۇچى
H - دەسلەپكى هاۋا سۈزگۈچ
I - لەمپە چىرىغى
J - چىراغ ئۈزچاتى
K - كاناي

MM95366,00000DB -UG-16SEP10-1/1

## شامالدۇرغۇچنى ئىشلىتىش




**دىققەت: بەزى يېزا ئىگىلىك خىمىيەلىك دورىلىرى مۇبادا نەپەس يولى ئارقىلىق بەدەنگە كىرىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى پەيدا قىلىدۇ. كابىنكىدىكى هاۋا سۈزگۈچ زىيانلىق خىمىيەلىك دورىلارنى سۈزۈپ چىقارمايدۇ. يېزا ئىگىلىك خىمىيەلىك دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ.**

شامالدۇرغۇچنى ئىشىك ۋە دېرىزىنى تاقىۋېتىپ ئىشلىتىڭ.

MM95366,00000DC -UG-16SEP10-1/1

## ئىسسىتقۇچنى ئىشلىتىش




ئىسسىتقۇچ ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ تېمپېراتۇرا كونتروللىغۇچى.

MM95366,00000DD -UG-16SEP10-1/1




## هاۋا چىقىرىش ئېغىزىنى تەڭشەش

هاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنىڭ (A) يۆنىلىشىنى ئېھتىياجغا قاراپ تەڭشەڭ، مەسىلەن دېرىزىدىكى تۇماننى يوقىتىش قاتارلىقلار ئۈچۈن.

**A - هاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزى**

MM95366,00000DE -UG-16SEP10-1/1




## هاۋا تەڭشىگۈچنى ئىشلىتىش

*ئىزاھات: ئەگەر هاۋا تەڭشىگۈچ ئىشلىمىسە، پېرىسلىغۇچ پاسكىنا ياكى سوۋۇتقۇچ مىقدارى ئاز بولۇشى مۇمكىن.*

هاۋا تەڭشىگۈچ ئىشلەشتىن بۇرۇن، شامالدۇرغۇچنىڭ ئۈزچاتى ئېچىلىشى لازىم. ئەملىكنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئىسسىتقۇچنى هاۋا تەڭشىگۈچ بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ كونتروللىغۇچىسى ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتى ئارقىلىق كابىنكىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەڭ.

*ئىزاھات: شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتىنى مۇۋاپىق سۈرئەتتە قىلىپ، هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئوتتۇرھال تەڭشەڭ. شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاستا، سوۋۇتۇش تېمپېراتۇرىسىنى بەك سوغۇق قىلىشتىن ساقلىنىڭ.*

*ئەڭ ياخشى سوۋۇتۇش ئۈچۈن، موتوردىكى قىزىتقۇچ كىلاپىنىنى تاقىۋېتىڭ.*

MM95366,00000DF -UG-16SEP10-1/1




## ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچنى ئىشلىتىش

ئۈزچات تاقالغاندا، سۈرتكۈچ توختىتىپ قويۇش ئورنىغا قايتىدۇ.

MM95366,00000E0 -UG-16SEP10-1/1

## لەمپە چىرىغىنى ئىشلىتىش




پەقەت باش ئاچقۇچ ئۇزچاتى ئېچىلغاندىلا، لەمپە چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى (A) لەمپە چىرىغىنى كونترول قىلىدۇ.

**A - لەمپە چىرىغى ئۇزچاتى**

MM95366,00000E1 -UG-16SEP10-1/1

## رول تەگلىكى ۋە پول ئۇزچاتلىرى







**A** - بۇرۇلۇش ئىندىكاتور چىراغلىرى
**B** - بۇرۇلۇش ئىندىكاتور چىرىغى
**C** - توختىتىپ قويۇش تورمۇزى
**D** - توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى ئۇزگۈچ
**E** - گۇدۇك كۇنۇپكىسى
**F** - تورمۇز پېدالىنى ئۆزئارا قۇلۇپلاش تاقىقى
**G** - تورموز پېداللىرى
**H** - چىڭداش بۇرغىسىنىڭ ئۇزچاتى
**I** - رول تەگلىكىنى قىيسايتىش پېدالى
**J** - سېۋەت چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى
**K** - چايقاش ئۇزچاتى

MM95366,00000E2 -UG-16SEP10-1/1

## رول دەستىسىنىڭ يانتۇلۇقىنى تەڭشەش ۋە چاقنىڭ ئېگىزلىكى




كونترول پېدالىنى (A) پەسكە بېسىپ، رولنىڭ دەستىسىنى مۇۋاپىق يانتۇلۇققا تەڭشەڭ.

چېڭىتىش گايكىسىنى (B) بوشىتىپ، رولنىڭ ئېگىزلىكىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا تەڭشەڭ. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن گايكىنى چېڭىتىڭ.

**A - كونترول پېدالى**
**B - چېڭىتىش گايكىسى**

MM95366,00000E3 -UG-16SEP10-1/1

## ئىندىكاتور ۋە ئۆلچىگۈچ-ئورنى




A - كۆرسىتىش تاختىسى
B - تاخومېتىر-مېگىش تېزلىكى، سۇ بېسىمى، موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى، شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتى، شامالدۇرغۇچنىڭ سائىتى، ئاكتىپ لىنىيە تاللاش
C - نورمال يورۇقلۇق
D - كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ تاختىسى
E - توختىتىش ئىندىكاتورى
F - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى
G - يېقىلغۇ مىقدارى
H - موتور سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرىسى
I - ئاككۇمۇلىياتور زەرەتلەش (ۋولتمېتىر)
J - ئىندىكاتور ئېكران تاختىسى
K - شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈزچاتى

MM95366,00000E4 -UG-16SEP10-1/1

## تاخومېتىر (سائەت ئۆلچىگۈچ)




رەقەملىك تاخومېتىر تۆت دانە «سەزگۈر» ئۆزچاتتىن (D ،C ،B ،A) تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ جەمئىي ئالتە ئوخشىمىغان ئۈچۈرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئۈچۈرلار مېڭىش تېزلىكى، موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى، سۇ بېسىمى، شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ قىممىتى، موتور ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ سائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاكتىپ لىنىيە تاللاش ئۆزچاتى (E) ئېكران تاختىسىنىڭ (F) ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى قىسمى ئارىسىدا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ.

سائەت ئىشكالىسىدىن پايدىلىنىپ، قەرەللىك ئاسراش ۋە سىلىقلاش ۋاقتىنى بېكىتىڭ.

*ئىزاھات: رەقەملىك تاخومېتىر ھەر 50 سائەتلىك موتور مەشغۇلاتىدىن كېيىن، «SEU1» ئۈچۈرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەرەللىك سىلىقلاش ۋە ئاسراش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئاسراش ئىنتېرۋالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ بۆلەكتىكى 50 سائەتلىك ئاسراش ئىنتېرۋالىنىڭ كودىنى يۇيۇۋېتىش قىسمىغا قاراڭ.*

**A - مېڭىش تېزلىكىنىڭ ئۆزچاتى**
**B - موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى (RPM) ئۆزچاتى**
**C - سۇ بېسىمى ئۆزچاتى**
**D - شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئۆزچاتى**
**E - ئاكتىپ لىنىيە تاللاش ئۆزچاتى**
**F - كۆرسىتىش تاختىسى**
**A/B - موتور ۋاقتى**
**C/D - شامالدۇرغۇچ ۋاقتى**

MM95366,00000E5 -UG-16SEP10-1/1

## تاخومېتىرنى پىروگىراممىلاش




*ئىزاھات: تاخومېتىر زاۋۇتتا پىروگىراممىلانغان بولۇپ، پەقەت بالون چوڭلىقىدا ئۆزگىرىش بولغاندا قايتا پىروگىراممىلىنىدۇ (تەڭشىلىدۇ).*

1. ئاچقۇچنى بۇراپ تاقىۋېتىڭ.
2. ئاچقۇچنى ئېچىش (ON) ئورنىغا بۇراۋاتقاندا، مېڭىش تېزلىكىنىڭ ئۆزچاتى (A) بىلەن سۇ بېسىمىنىڭ ئۆزچاتىنى (B) تەڭ بېسىڭ، ئاندىن ئۆزچاتلارنى قويۇۋېتىڭ. قوزغىلىۋاتقاندا، تاخومېتىرنىڭ لايىھەلەش دەرىجىسىنى كورسىتىدىغان بىر كودنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
3. قوزغىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاخومېتىر ئېكران تاختىسىدا ئۈچ خانىلىق سان كۆرسىتىدۇ. ساننىڭ سول تەرىپىدە كرېست شەكىللىك بەلگە كۆرۈنىدۇ. بەلگىنىڭ ئۈستۈنكى سول تەرەپ كاتەكچىسى ئىچىدە كۋادرات شەكىللىك ئىندىكاتور كۆرۈنىدۇ. بەلگىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە بىر ئىسترېلكا ئاكتىپ ئۈچۈر لىنىيەسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۈچۈرنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، يېڭى قىممەت تۆۋەندىكىدەك ساقلىنىدۇ:

- مېڭىش تېزلىكىنىڭ ئۆزچاتىنى (A) بېسىپ كۆرسىتىلگەن قىممەتنى ئاشۇرۇڭ.
- موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ ئۆزچاتىنى (C) بېسىپ كۆرسىتىلگەن قىممەتنى ئازايتىڭ.
- سۇ بېسىم ئۆزچاتى (B) بىلەن شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئۆزچاتىنى (D) بىرلا ۋاقىتتا بېسىپ كۆرسىتىلگەن قىممەتنى ساقلىۋېلىڭ.

**A - مېڭىش تېزلىكى**
**B - سۇ بېسىمى**
**C - موتورنىڭ مىنۇتىغا ئايلىنىش سۈرئىتى (RPM)**
**D - شامالدۇرغۇچ سۈرئىتى**
**E - ئاكتىپ لىنىيە تاللاش**

MM95366,00000E6 -UG-22SEP10-1/2

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




4. ئىندىكاتور ئۈستۈنكى سول تەرەپ سېكتوردا (A) بولغاندا، كۆرسىتىلگەن قىممەتنى مېتىر سىستېمىسى بويىچە 026 غا، ئىنگلىز سىستېمىسى بويىچە 006 غا تەڭشەڭ.

5. تەڭشەلگەن بىرلىك قىممىتىنى تاخومېتىرغا ساقلىۋېلىڭ. ئىندىكاتور كاتەكچىسى ئۈستۈنكى ئوڭ تەرەپ سېكتور (B) قىسمىغا يۆتكىلىدۇ.

6. تاخومېتىردا كۆرسىتىلگەن قىممەتنى 003 گە تەڭشەپ، تەڭشەشنى ساقلىۋېلىڭ. ئىندىكاتور كاتەكچىسى ئاستىنقى ئوڭ تەرەپ سېكتور (C) قىسمىغا يۆتكىلىدۇ.

*ئىزاھات: بېرىلگەن تەڭشەش قىممەتلىرى 520/85D38 R1 ۋە 20.8-38 R2 تىپلىق ئۆلچەملىك بالونلار ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بالونلار ئورنىتىلسا، ئەمەلىي رادىئۇسنى ئۆلچەپ تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.*

7. بالوننىڭ رادىئۇسنى مېتىر سىستېمىسى بويىچە 848 غا ياكى ئىنگلىز سىستېمىسى بويىچە 33.4 غا تەڭشەپ ئاندىن ساقلىۋېلىڭ. ئىندىكاتور كاتەكچىسى ئاستىنقى سول تەرەپ سېكتور (D) قىسمىغا يۆتكىلىدۇ.

8. موتورنىڭ ئىمپۇلس قىممىتىنى 30 تەڭشەپ ئاندىن ساقلىۋېلىڭ.

9. ئاچقۇچنى بۇراپ تاقىۋېتىڭ. تاخومېتىر ھازىر پروگىراممىلاندى.

**A - سول تەرەپ ئۈستۈنكى سېكتور**
**B - ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى سېكتور**
**C - ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى سېكتور**
**D - سول تەرەپ ئاستىنقى سېكتور**

MM95366,00000E6 -UG-22SEP10-2/2

## تاخومېتىرنى ئىشلىتىش




مەلۇم بىر ئۇچۇرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، تاخومېتىرنىڭ ئۇزچاتىنى تۆۋەندىكىدەك بېسىڭ:

- مېڭىش تېزلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇزچاتنى (A) بېسىڭ.
- موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇزچاتنى (B) بېسىڭ.
- سۇ بېسىمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇزچاتنى (C) بېسىڭ.
- شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇزچاتنى (D) بېسىڭ.
- موتورنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇزچات (A) ۋە (B) نى تەڭ بېسىڭ.
- شامالدۇرغۇچنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇزچات (C) ۋە (D) نى تەڭ بېسىڭ.

**A - مېڭىش تېزلىكىنىڭ ئۇزچاتى**
**B - موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى (RPM) ئۇزچاتى**
**C - سۇ بېسىمى ئۇزچاتى**
**D - شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئۇزچاتى**

MM95366,00000E7 -UG-16SEP10-1/1

## شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش نۇقتىسىنى تەڭشەش

*ئىزاھات: موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى مىنۇتىغا 2350 قېتىم بولغاندا، شامالدۇرغۇچنىڭ نورمال مەشغۇلات سۈرئىتى مىنۇتىغا 4000 قېتىم بولغاچقا، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتى مىنۇتىغا 3500 قېتىمدىن (بەلگىلەش نۇقتىسى) تۆۋەن بولغاندا تاقىلدىغان قىلىپ تەڭشەش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.*

1. پاختا تېرىش ماشىنىسىنى قوزغىتىنىڭ ياكى ئاچقۇچ ئۈزچاتىنى ئېچىش (ON) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

**ئۆلچەم**

شامالدۇرغۇچ - شامالدۇرغۇچنىڭ نورمال سۈرئىتى
(موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى مىنۇتىغا 2350 قېتىم) ............................ مىنۇتىغا 4000 قېتىم
ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش سۈرئىتى (تەۋسىيە قىلىنىدۇ)............................. مىنۇتىغا 3500 قېتىم

2. تاخومېتىر ئېكرانىدىكى شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئۈزچاتىنى (A) بېسىڭ.

3. تاخومېتىر يېنىغا جايلاشقان ئوڭ قول تەرەپ كۆزىتىش تاختىسى ئۈستىدىكى شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىجرا قىلىش ئۈزچاتىنى (B) بېسىپ تۇرۇڭ. تاخومېتىردا ئايلىنىش سۈرئىتى 3500 گە يېقىن بولغان سان كۆرسىتىلىدۇ.

4. گىدرو دەستىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈزچاتلارنى ئىشلىتىپ شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى تەڭشەش نۇقتىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ ياكى تۆۋەنلىتىڭ.

5. شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈزچاتىنى بېسىپ تۇرۇپ، تاخومېتىر ئۈستىدىكى شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئۈزچاتىنى (A) شامالدۇرغۇچ سۈرئەت قىممىتىنىڭ ئاخىرىدا «A» كۆرۈنىدۇ.

**A - شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئۈزچاتى**
**B - شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىجرا قىلىش ئۈزچاتى**




*شامالدۇرغۇچنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى 3500 قىلىڭ*




*شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى تەڭشەش*




MM95366,00000E8 -UG-16SEP10-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

6. ئەگەر شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتى بەلگىلەنگەن ئاگاھلاندۇرۇش نۇقتىسىدىن تۆۋەن چۈشۈپ كەتسە، شامالدۇرغۇچ ئىندىكاتورى (A) ۋە "ئاگاھلاندۇرۇش" چىرىغى (B) يانىدۇ ھەمدە ئۈچ سېكۇنت ئاۋازلىق سىگنال بېرىلىدۇ.

شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ تۆۋەن بولىشى تاسمىنىڭ بوشاپ كېتىشى ياكى موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ تۆۋەن بولىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. شامالدۇرغۇچ چېتىلىپ موتور سۈرئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاگاھلاندۇرۇش گۇدۇكى ۋە ئىندىكاتور چىرىغى ئىككى سېكۇنت كېچىكىدۇ.







**A - شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئىندىكاتورى**
**B - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

MM95366,00000E8 -UG-16SEP10-2/2

## 50 سائەتلىك ئاسراش كودىنى يۇيۇۋېتىش




**A** - موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى (RPM) ئۈزچاتى
**B** - ئېرىتمە بېسىم ئۈزچاتى

**مۇھىم: سىلىقلاش مۇۋاپىق بولمىسا ماشىنىدا بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ. 100، 200 سائەتلىك ۋە باشقا كۆپ خىل 50 سائەتلىك ئاسراش ئىنتېرۋالى ئۈچۈن مۇۋاپىق سىلىقلاش ۋە ئاسراش ئېلىپ بېرىش قەدەم-باسقۇچلىرىنى تەكشۈرۈڭ.**

ھەر 50 سائەتلىك موتور مەشغۇلاتىدىن كېيىن، رەقەملىك تاخومېتىر «SEU1» ئۈچۈرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاسراش ئىنتېرۋالى ھەققىدىكى ئۈچۈر قەرەللىك سىلىقلاش ۋە ئاسراش ۋاقتىنى بېكىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ. ئاسراش تاماملانغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچلار بويىچە ئاسراش ئىنتېرۋالى ئېكرانىدىكى ئۈچۈرنى يۇيۇۋېتىپ سانىغۇچنى نۆلگە ئەكىلىڭ.

1. ئاچقۇچنى بۇراپ تاقىۋېتىڭ.

2. موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى (A) ۋە سۇيۇقلۇق بېسىمىنىڭ (B) ئۈزچاتىنى بىرلا ۋاقىتتا بېسىڭ.

3. ئۈزچاتلارنى پەسكە بېسىپ تۇرۇپ ئاچقۇچ ئۈزچاتىنى ئېچىڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر بۇ قېتىم ئاسراش ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىسا، ئىقتىدار تاللاش ئۈزچاتلىرىنىڭ مەلۇم بىرىنى بېسىش ئارقىلىق رەقەملىك تاخومېتىرنى نورمال مەشغۇلات ھالىتىگە قايتۇرۇشقا بولىدۇ. ئاسراش تەرتىپى تاماملانغىچە، موتور ھەرقېتىم قوزغىتىلغاندا ئۈچۈر قايتا كۆرۈنىدۇ.*

MM95366,00000E9 -UG-16SEP10-1/1

## قۇرۇلما كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ تاختىسى




بۇ تاختا قۇرۇلما (دېتال) تۇلۇقى (A) ۋە قۇرۇلما ئېغىزىنىڭ (B) ئىندىكاتور چىراغلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇرچۇق چىرمىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن مەلۇم بىر تۇلۇق توختاپ قالسا ياكى ئاستىلاپ قالسا، ماس ھالدىكى ئىندىكاتور يانىدۇ.

ئەگەر مەلۇم قۇرۇلما ئېغىزى توسۇلۇپ قالسا، ماس ھالدىكى ئېغىزنىڭ ئىندىكاتورى يانىدۇ.

**مۇھىم: ئەگەر مەلۇم بىر ئىندىكاتور (تۇلۇق توختاپ قېلىش ياكى قۇرۇلما ئېغىزى توسۇلۇپ قېلىش) يانسا "توختىتىش" چىرىغى (C) يانىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىمپۇلس سىگنالى بېرىلىدۇ. ماشىنىنى دەرھال توختىتىپ، قۇرۇلمىلارنى ئۈزۈپ، كاشىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بېكىتىڭ.**

*ئىزاھات: خوت ساندۇقى ياكى قۇرۇق ماڭدۇرۇش مۇقتىسىدا تېپىلىش كۆرۈلسە، تۇلۇق توختايدۇ.*

ئەگەر قۇرۇلما ئېغىزلىرى ۋە قۇرۇلما تۇلۇقى نورمال ئىشلەۋاتقان بولسا، نورمال (NORMAL) دېگەن چىراغ يانىدۇ.

### لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

### سىگنال بەرگۈچ

ھەرقانداق ئىندىكاتور چىرىغى قوزغىتىلغاندا، ئۈزلۈكسىز ئىمپۇلس سىگنالى بېرىلىدۇ.




A - دېتال تۇلۇقى
B - ئېشىك
C - توختىتىش ئىندىكاتورى

MM95366,00000EA -UG-16SEP10-1/1

## توختىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى ۋە سىگنال بەرگۈچ




A - توختىتىش ئىندىكاتورى
B - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى

**مۇھىم: ئەگەر توختىتىش ئىندىكاتورى يانسا، موتورنى دەرھال ئۆچۈرۈڭ. موتورنى قايتا قوزغىتىشتىن بۇرۇن، سەۋەبنى ئېنىقلاڭ ۋە كاشىلىنى ھەل قىلىڭ.**

**توختىتىش ئىندىكاتورى (A):**

سىستېمىدا ئېغىر كاشىلا (موتور سوۋۇتۇش ياكى سىلىقلاش) كۆرۈلسە، قىزىل رەڭلىك توختىتىش (STOP) ئىندىكاتورى يانىدۇ. ئىمپۇلس ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بىلەن بىللە ئىندىكاتور تەك يانىدۇ.

**ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (B):**

موتورنى دەرھال توختىتىش تەلەپ قىلىنمايدىغان مەلۇم كاشىلا (مەسىلەن ھاۋا سۈزگۈچ مەينەت بولۇپ قېلىش قاتارلىق) كۆرۈلسە، سۇس سېرىق رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى يانىدۇ. ئىندىكاتور تۆنجى يانغاندىن كېيىن، ئۈچ سېكۇنت مۇقىم بولغان ئاۋازلىق سىگنال بېرىلىدۇ. سائەت ۋە ئىندىكاتورلارغا قاراپ سەۋەبنى بىلىۋېلىڭ. بۇنداق ئەھۋالدا، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋە ماشىنا مەشغۇلاتىنى ئۆزگەرتىش ئىشى مۇمكىنقەدەر تېز ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

**لامپۇچكا تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

**سىگنال بەرگۈچ:**

ماشىنىغا ئىككى سىگنال بەرگۈچ سەپلەنگەن. بىر سىگنال بەرگۈچ مۇقىم ئاۋاز چىقىرىدۇ، يەنە بىر سىگنال بەرگۈچ ئىمپۇلس سىگنال بېرىدۇ. شوپۇرنىڭ ماشىنىغا ياكى قۇرۇلما كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ تاختىسىغا بولغان دىققىتىنى قوزغاش ھەمدە شوپۇرنىڭ مەشغۇلات خاتالىقىمۇ ياكى سىستېمىنىڭ كاشىلىسىمۇ دېگەن مەسىلىنى ئېنىق قىلىش ئۈچۈن، ئىككى ئوخشىمىغان سىگنال بەرگۈچ ئىشلىتىلىدۇ.

- مۇقىم سىگنال بەرگۈچ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئۈچ سېكۇنت سىگنال بېرىدۇ:
  - توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان
  - گىدرو مېيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى
  - پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتى ئاستا
  - ھاۋا سۈزگۈچ چەكلىمىگە ئۇچرىغان

*ئىزاھات: ئەگەر سېرىق رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى ئالللىبۇرۇن يانغان بولسا، يەنە بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىمۇ بار بولسا، ئىندىكاتور چىرىغى يانىدۇ بىراق مۇقىم سىگنال بەرگۈچ سايرىمايدۇ.*

- تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئىمپۇلس سىگنال بېرىلىدۇ:
  - توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغاندا ۋە گىدرو دەستىسى نېيترال ئورۇندىن چىقىرىۋېتىلگەندە
  - ئاپتول بېسىمى تۆۋەن
  - موتور سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى
  - قۇرۇلما كۆزىتىش ئېكرانى قوزغىلىدۇ

MM95366,00000EB -UG-16SEP10-1/1

## ئىندىكاتور ئېكران تاختىسى (يورۇغان ۋاقىتتا)

*ئىزاھات:* *ھەربىر ئىندىكاتورنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭ.*




### لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

A - توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان
B - گىدرو (گىدروستاتىك) تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى
C - شامالدۇرغۇچ سۈرئىتى بەك ئاستا
D - موتور توختاش لامپا ئىندىكاتورى
E - موتور ھاۋا سۈزگۈچى توسۇلۇپ قالغان
F - موتورنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش لامپىسىنىڭ ئىندىكاتورى
G - ئاپتول بېسىمى تۆۋەن
H - سىلىقلاش مېيىنىڭ ئۆزچاتى چېتىلغان
I - ئارغامچا ئىشلىتىلگەن
J - سېۋەتنىڭ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى ئىشلەۋاتىدۇ
K - توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورىنىڭ لامپىسى
L - Row-Trak ئىندىكاتورى-سەپلەنگەن بولسا

MM95366,00000EC -UG-16SEP10-1/1

## توختىتىپ قويۇش تورمۇز ئىندىكاتورى







توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغاندا، ئىندىكاتور چىرىغى (A) ۋە ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى (B) يانىدۇ ھەمدە مۇقىم سىگنال بەرگۈچ ئۈچ سېكۇنت ئاۋاز چىقىرىدۇ. توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغاندا، ئەگەر گىدرو دەستىسى نېيترال ئورۇندىن يۆتكۈپتىلگەندە، ئىمپۇلس سىگنال بەرگۈچ ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

**A - توختىتىپ قويۇش تورمۇز ئىندىكاتورى** **B - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

MM95366,00000ED -UG-16SEP10-1/1

## گىدراۋلىك-گىدروستاتىك ئاپتول تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى




گىدراۋلىك ئاپتول تېمپېراتۇرسى 104.4 سېلسىيە گىرادۇسقا (220 فارېنگېيت) يەتكەندە، گىدراۋلىك ئاپتول تېمپېراتۇرسى (B) ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورلىرى يانىدۇ. ماشىننى دەرھال توختىتىپ، گىدراۋلىك سىستېمىسىنىڭ يۆكنى ئازايتىپ (يول چىڭداش ماشىنىسىنىڭ بۇرغىسنى ئۈزۈۋېتىڭ) ئاپتولنى سوۋۇتۇڭ.

داۋاملىق مەشغۇلات قىلغاندا، ئاپتول تېمپېراتۇرسى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ كېتىدۇ، ماشىنىدا بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ. كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش بۆلىكىگە قاراڭ.

ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئاپتول سوۋۇتقۇچتىكى يىغىلىپ قالغان مەينەت نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىڭ.

### لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

A - گىدراۋلىك ئاپتول تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى
B - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى




MM95366,00000EE -UG-16SEP10-1/1

## شامالدۇرغۇچ سۇرئەت ئىندىكاتورى







شامالدۇرغۇچ سۇرئىتى بەك تۆۋەن بولغاندا (تەڭشەلگەن سىگنال بېرىش نۇقتىسىدىن تۆۋەن)، ئىندىكاتور (A) ۋە ئاگاھلاندۇرۇش (B) چىراغلىرى يانىدۇ. ئىندىكاتور تۇنجى قېتىم كۆرۈنگەندە، مۇقىم سىگنال بەرگۈچ ئۈچ سېكۇنت ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

بۇ بۆلەكتىكى شامالدۇرغۇچ سۇرئىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى تەڭشەش نۇقتىسىنى تەڭشەش قىسمىغا قاراڭ.

**A - شامالدۇرغۇچ سۇرئەت ئىندىكاتورى**
**B - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

MM95366,00000EF -UG-16SEP10-1/1

## هاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى







هاۋا تازىلىغۇچ قۇرۇلمىسى پاسكىنا بولسا ۋە ئاسراش زۆرۈر بولسا، هاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى (A) ۋە ئاگاهلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (B) يورىيدۇ. ئىندىكاتور تۇنجى قېتىم كۆرۈنگەندە، مۇقىم سىگنال بەرگۈچ ئۈچ سېكۇنت ئاۋاز چىقىرىدۇ. هاۋا سۈزگۈچنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. موتور ۋە هەرىكەت ئۆزنىتىش سىستېمىسى بۆلىكىگە قاراڭ.

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

**A - هاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى**
**B - ئاگاهلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

MM95366,00000F0 -UG-16SEP10-1/1

## ئاپتول بېسىم ئىندىكاتورى




**مۇھىم: موتورنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭ. ئەگەر مەشغۇلات جەريانىدا ئاپتول بېسىمىنىڭ ئىندىكاتورى يانسا، موتورنى دەرھال توختىتىڭ.**

موتورنىڭ ئاپتول بېسىمى تۆۋەن بولغاندا، موتورنىڭ ئاپتول بېسىمىنىڭ ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ، توختىتىش ئىندىكاتورى (B) چاقنايدۇ ۋە ئىمپۇلس ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگۈچ ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئەگەر ئىندىكاتور يانسا، موتورنى دەرھال توختىتىڭ. موتورنى قايتا قوزغىتىشتىن بۇرۇن، سەۋەبىنى ئېنىقلاڭ ۋە كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىڭ. كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش بۆلىكىگە قاراڭ.

ئەگەر ئاچقۇچ ئۇزچاتى ئېچىلغاندا موتور قوزغالمىسا، ئىندىكاتور يانىدۇ.

*ئىزاھات: ئاپتول سوغۇق بولسا، مىقدارى ئاز بولسا ياكى ئاپتول مىقدارى بەك ئاز ۋاقتىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلسا ئىندىكاتور يانىدۇ.*

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكلىڭ.

**A - ئاپتول بېسىم ئىندىكاتورى**
**B - توختىتىش ئىندىكاتورى**




MM95366,00000F1 -UG-16SEP10-1/1

## موتور سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى ۋە ئۆلچىگۈچ







**مۇھىم: موتورنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭ. ئەگەر ئىندىكاتور يانسا ۋە سائەت ئىسترېلكىسى قىزىل رايونغا كەلسە ياكى سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرسى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ موتورنى توختاتماڭ، بولمىسا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرسىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، يۈكنى ئازايتىپ موتورنى تۆۋەن سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ.**

موتور سوۋۇتقۇچ زىيادە قىزىپ كەتسە، موتورنى توختىتىش لامپىسىنىڭ ئىندىكاتورى (B) يورىيدۇ ۋە ئىمپۇلس سىگنال بېرىلىدۇ. يۈكنى دەرھال ئازايتىپ، موتورنى تۆۋەن سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ. رادىياتور ئەتراپىدا مەينەت نەرسە بارمۇ-يوق قاراڭ. ئەسلىگە كەلتۈرۈش باكىدىكى سوۋۇتقۇچ ئاز قالدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

موتور سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرسىنى ئۆلچىگۈچنى (A) تەكشۈرۈڭ. ئەگەر سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرسى داۋاملىق يۇقىرىلىسا، سوۋۇتقۇچنىڭ سوۋۇشنى كۆتمەستىن دەرھال موتورنى ئۆچۈرۈڭ. رادىياتوردا توسۇلۇپ قېلىش ياكى سوۋۇتقۇچ ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

A - موتور سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرا كۆرسىتىش ئەسۋابى
B - توختىتىش ئىندىكاتورى

MM95366,00000F2 -UG-16SEP10-1/1

## سىلىقلاش مېيى ئىندىكاتورى




مەشغۇلات سۈپىتىدىكى سىلىقلاش ئۈزچاتى قوزغىتىلغاندا، سىلىقلاش ئىندىكاتور چىرىغى (A) يانىدۇ.

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

A - سىلىقلاش مېيى ئىندىكاتورى

MM95366,00000F3 -UG-16SEP10-1/1

## سېۋەت ئۆزتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىندىكاتورى




سېۋەت ئۆزتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزچاتى قوزغىتىلغاندا، سېۋەت ئۆزتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ.

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

**A** - **سېۋەت ئۆزتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىندىكاتورى**

MM95366,00000F4 -UG-16SEP10-1/1

## ئارغامچا ئىندىكاتورى




خوت نېيترال ئورۇندا تۇرغاندا، توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان ۋە گىدرو دەستىسى ئارغامچا ئورنىدا بولغاندا، ئارغامچا ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى (A) يانىدۇ.

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

A - ئارغامچا ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى

MM95366,00000F5 -UG-16SEP10-1/1

## توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى




شوپۇر ئالدىن قىزىتىش جەريانىدا ياكى ئۈنىڭدىن كېيىن موتورنى قوزغاتسا بولىدۇ. ئەگەر شوپۇر موتورنى ئالدىن قىزىتىش جەريانىدا قوزغاتسا، موتورنىڭ سۈرئىتىنى بايقىغان هامان، توك بىلەن قىزدۇرغۇچ تاقىلىدۇ.

ئاچقۇچ ئېچىش (ON) ئورنىغا بۇرالغاندا توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى يانىدۇ ھەمدە يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە يېنىپ تۇرىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە، يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسىغا ماس ھالدىكى ئالدىن قىزىتىش ۋاقتى كۆرسىتىلگەن.

| يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسى | ئالدىن قىزىتىش ۋاقتى | قايتا قىزىتىش ۋاقتى |
|---|---|---|
| 30°C- (22°F-) | 15 سېكۇنت | 10 سېكۇنت |
| 25°C- (13°F-) | 15 سېكۇنت | 10 سېكۇنت |
| 20°C- (4°F-) | 11 سېكۇنت | 10 سېكۇنت |
| 15°C- (5°F) | 7 سېكۇنت | 10 سېكۇنت |
| 10°C- (14°F) | 4.5 سېكۇنت | 10 سېكۇنت |
| 5°C- (23°F) | 2.2 سېكۇنت | 10 سېكۇنت |
| 0°C (32°F) | 0 سېكۇنت | 0 سېكۇنت |

**لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

**A - توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى**

MM95366,00000F6 -UG-16SEP10-1/1

## يېقىلغۇ ئۆلچىگۈچ (سائىتى)




يېقىلغۇ سائىتى (A) باكتىكى يېقىلغۇ مىقدارىنى تەخمىنەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يېقىلغۇ سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسى قۇرۇق ئورۇنغا يەتكەندە، ماشىنىنى توختىتىپ يېقىلغۇ قاچىلاڭ. دىزېل موتورىنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ كەتمىسۇن. دىزېل يېقىلغۇسىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ئۈچۈن، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.

ئەگەر موتورنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ كەتسە، يېقىلغۇ سىستېمىسىدىكى قېپقالغان يېقىلغۇنى ئېقىتىۋېتىپ قايتىدىن يېقىلغۇ قاچىلاش لازىم. موتور ۋە ھەرىكەت ئۆزىتىش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى يېقىلغۇ سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى قويۇپ بېرىش قىسمىغا قاراڭ.

**A - يېقىلغۇ ئۆلچىگۈچ (سائىتى)**

MM95366,00000F7 -UG-16SEP10-1/1

## ئاككۇمۇلياتور زەرەتلەش سائىتى (ۋولتمېتىر)




**A - زەرەتلەش سائىتى (ۋولتمېتىر)**

زەرەتلەش سائىتى (ۋولتمېتىر) (A) ئاككۇمۇلياتور ۋە زەرەتلەش سىستېمىسىنىڭ توك بېسىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاچقۇچ ئۇزچاتنى ئېچىش (ON) ئورنىغا ئەكىلىپ، موتورنى ئۆچۈرگەندە، ۋولتمېتىرنىڭ ئىسترېلكىسى قىزىل (قارا) يەرنىڭ ئازراق ئۈستىگە قارىغان بولۇشى لازىم (12.0 ۋولت).

سائەت ئىسترېلكىسى بىرىنچى قىزىل بۆلەكتە بولسا، بۇ ئاككۇمۇلياتورنىڭ زەرەتسىزلەنگەنلىكىنى ياكى زەرەتلەش سىستېمىسىنىڭ توك بېسىمىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاككۇمۇلياتورنىڭ ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ تاسمىسىنىڭ چىڭلىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈڭ.

موتور مېڭىۋاتقاندا:

ئىسترېلكا ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرسا، بۇ زەرەتلەش سىستېمىسىنىڭ توك بېسىمىنىڭ نورمال (ئاز دېگەندە 13 ۋولت) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

سائەت ئىسترېلكىسى يىراقتىكى قىزىل بۆلەكتە بولسا، بۇ ئارتۇق زەرەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ (تەڭشىگۈچ) كاشىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە رېمونت قىلىش توغرىسىدا جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

MM95366,00000F8 -UG-16SEP10-1/1

## دېرىزىنى ئېچىش






1. كۇنۇپكىنى (A) سولغا بۇراپ بوشىتىڭ.

2. ئايلانما يەلكىنى (B) چىڭ تۇتۇپ، دېرىزىدىن يىراق قىلىپ بۇراڭ.

3. يەلكىنى سىرتىغا ئىتتىرىپ، دېرىزىنى خالىغان ئورۇنغا كەلتۈرۈڭ.

4. تۇتقۇچنى چىڭىتىڭ.

**A - كۇنۇپكا**
**B - ئايلانما يەلكە**

MM95366,00000F9 -UG-16SEP10-1/1

## ئورۇندۇقنىڭ ئىگىزلىك، ئىغىرلىق ۋە ئالدى-كەينى ھالىتىنى تەڭشەش PERSONAL-POSTURE™



A - قولدا ئايلاندۇرىدىغان تۇتقۇچ
B - دېرىزە
C - كونترول دەستىسى

ئورۇندۇقنىڭ ئۈچ خىل ئىگىزلىك تەڭشەش ئورنى بار. تۆۋەندىكىدەك تەڭشەڭ:

- ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا تەڭشەش ئۈچۈن، ئورۇندۇقنىڭ سىلىنچىسىنىڭ (تەگلىكىنىڭ) ئالدى گىرۋىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئالدىغا تارتىڭ. ئورۇندۇقنى تولۇق پەسەيتىڭ.
- ئەڭ تۆۋەن ھالەتتىن ئوتتۇرھال ئىگىزلىك ھالىتىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، «تىرىك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغىچە ئورۇندۇقنى ئۈستىگە ئاستا كۆتۈرۈڭ، ئاندىن ئورۇندۇقنى قويۇپ بېرىڭ.
- ئوتتۇرھال ھالەتتىن ئەڭ ئېگىز ھالەتكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، «تىرىك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغىچە ئورۇندۇقنى ئۈستىگە ئاستا كۆتۈرۈڭ، ئاندىن ئورۇندۇقنى قويۇپ بېرىڭ.
- ئورۇندۇقنى شوپۇرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىغا مۇۋاپىق كەلتۈرۈپ تەڭشەش ئۈچۈن، قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان تۇتقۇچنى (A) شوپۇرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى (قاداق بويىچە) دېرىزىدە (B) كۆرۈنگىچە ئايلاندۇرۇڭ. ئېغىرلىق تەڭشىگەندە، شوپۇر ئورۇندىن چۈشۈپ تۇرۇپ تەڭشىگۈچنى بۇراش لازىم.
- ئورۇندۇقنى ئالدى-ئارقىغا تەڭشەش ئۈچۈن، دەستىنى (C) ئۈستىگە تارتىپ تۇرۇپ سىلىنچىنى ئالدى ياكى ئارقىغا سۈرۈڭ

*PERSONAL-POSTURE بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

MM95366,00000FA -UG-16SEP10-1/1

## جەينەك قويغۇچنىڭ ئېگىزلىكىنى، يۆلەنچۈكنىڭ يانتۇلۇقنى ۋە بەل تىرىكنى تەڭشەش PERSONAL-POSTURE™



1. كۇنۇپكىنى (A) بېسىپ، جەينەك قويغۇچنى خالىغان ئورۇنغا كەلتۈرۈڭ. جەينەك قويغۇچ ئۈستىدە ئولتۇرماڭ.
2. يۆلەنچۈكنىڭ يانتۇلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن، كونترول دەستىسىنى (B) يۇقىرىلىتىڭ ياكى تۆۋەنلىتىڭ.
3. بەل قىسمىغا بېسىم چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كونترول دەستىسىنى (C) پەسكە بېسىڭ.

A - كۇنۇپكا
B - كونترول دەستىسى
C - كونترول دەستىسى

*PERSONAL-POSTURE بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

MM95366,00000FB -UG-16SEP10-1/1

## بىخەتەرلىك تاسمىسىنى ئىشلىتىش




بىخەتەرلىك تاسمىلار ئۆلچەملىك سەپلىمە سۈپىتىدە تەمىنلىنىدۇ، ماشىنا ئىشلەتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتا تاقاش لازىم.

بىخەتەرلىك تاسمىسىنى (A) كاسا قىسمىدىن تارتىپ ئۆتكۈزۈپ، چاتقۇچقا (B) چېتىڭ. بىخەتەرلىك تاسمىسىنىڭ كۇنۇپكىسىنى (C) ئىتتىرىپ تاسمىنى قويۇپ بېرىڭ.

**A** - **بىخەتەرلىك تاسمىسى**
**B** - **تاقاق**
**C** - **بىخەتەرلىك تاسمىسىنىڭ كۇنۇپكىسى**

MM95366,00000FC -UG-16SEP10-1/1

## ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىنى تەڭشەش

ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكى قۇرۇلمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رامكىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ھەممىدە سۇپا رىشاتكىسى ئۈستىگە جايلاشقان.

ئەينەكلەرنى (A) ئەڭ ياخشى كۆرۈش ھالىتىگە تەڭشەڭ.

**A - ئەينەكلەر**




سول تەرەپتىكى ئەينەك




سۇپىغا ئورنىتىلغان

MM95366,00000FD -UG-16SEP10-1/1

## هاۋا رايى دولقۇنى ۋە پىلاستىنكا قويغۇچ سەپلەنگەن Deere-Delco تىپلىق AM-FM رادىيو




**A** - چاستوتا بەلبېغى
**B** - پىلاستىنكىنى چىقىرىش
**C** - پىروگىراممىلاش، ئاپتوماتىك
**D** - ئىزدەش، ئاجىزلاشتۇرۇش
**E** - **CD** هالىتى
**F** - **CD** ئالماشتۇرۇش هالىتى
**G** - قوڭغۇراق
**H** - **1-6** كۇنۇپكىلارنى بېسىپ رادىيو ئىستانسىسىنى ۋە **CD** ئىقتىدارىنى ئالدىن تەڭشەش
**I** - كۆرسىتىش، ۋاقىت تەڭشەش
**J** - ئىزدەش
**K** - تاللاش
**L** - ئېچىش، ئاۋاز
**M** - توك (مەنبە)

*ئىزاهات: باشقا رادىيولارنىڭ ئىقتىدارىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى هاۋا رايى دولقۇنى سەپلەنگەن DEERE-DELCO تىپلىق ئوتتۇرا دولقۇن ۋە ئىستېرېئولۇق رادىيو قىسمىغا قاراڭ.*

### سىگنال بەرگۈچنى ئىشلىتىش

قوڭغۇرۇق كۇنۇپكىسىنى (G) قىسقا ۋاقىت باسقاندا قوڭغۇراقنى تەڭشەش ۋاقتى كۆرۈنىدۇ.

ئېكراندا "ALARM" بەلگىسى كۆرۈنسە، قوڭغۇراق تەڭشەلگەن بولىدۇ. ئەگەر قوڭغۇراق سايرىغاندا رادىيو ئۆچۈق بولسا، «بىپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر رادىيو تاقاق بولسا، قوڭغۇراق ئېچىلغاندا، رادىيو ئېچىلىدۇ ۋە قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۈخلىتىش ئىقتىدارى قوزغىتىلغىچە ياكى قوڭغۇراق ئۈچۈرۈلگىچە قوڭغۇراق داۋاملىق سايرايدۇ.

### سائەت قوڭغۇرىقىنى تەڭشەش

1. قوڭغۇراق (ALRM) كۇنۇپكىسىنى (G) ئېكراندىكى "ALARM" بەلگىسى يانغىچە ۋە قوڭغۇراق ۋاقتىنىڭ رەقەملىك سانى كۆرۈنگەنچە ئىككى سېكۇنت بېسىپ تۇرۇڭ. بۇ سىگنال بەرگۈچنى تەڭشەش هالىتىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
2. ئېكراندا قوڭغۇراق سائىتىنىڭ ۋاقتى كۆرۈنگەنچە، تاللاش (TUNE) كۇنۇپكىسى (K) ياكى ئىزدەش (SEEK) كۇنۇپكىسىنى (J) بىر بېسىپ بىر قويۇپ بېرىڭ.
3. قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى قايتا بېسىپ، مىنۇتنى كۆرسىتىڭ.
4. ئېكراندا قوڭغۇراقنىڭ مىنۇت سانى كۆرۈنگەنچە، TUNE ياكى SEEK كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.

### سىگنال بەرگۈچنى تاقاش

قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى "بىپ" قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغىچە ۋە ئېكراندا "ALRM" بەلگىسى كۆرۈنگىچە بېسىپ تۇرۇڭ.

### ئۈخلىتىشنى قوزغىتىش

قوڭغۇراق سايراۋاتقاندا، خالىغان كۇنۇپكىنى ياكى ئاۋاز (AUDIO) كۇنۇپكىسىنى (L) بېسىڭ. قوڭغۇراق توققۇز مىنۇتتىن كېيىن قايتا ئاۋاز چىقىرىدۇ.

### قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى (كۈچلۈكلىكىنى) تەڭشەش

1. رادىيونى ئېچىڭ.
2. قوڭغۇراق (ALRM) كۇنۇپكىسىنى "ALRM" بەلگىسى يانغىچە ۋە قوڭغۇراق ۋاقتىنىڭ رەقەملىك سائەت نومۇرى چاقنىغىچە ئىككى سېكۇنت بېسىپ تۇرۇڭ. ئاۋاز (AUDIO) كۇنۇپكىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئاۋاز كۈچلۈكلىكىنى يۇقىرىلىتىڭ ياكى پەسەيتىڭ.

بەش سېكۇنت جىم تۇرغاندىن كېيىن، رادىيو نورمال كۆرسىتىش هالىتىگە قايتىدۇ، رادىيونىڭ ئاۋازى دەسلەپتە قويۇلۇۋاتقان ئاۋاز بويىچە بولىدۇ.

*ئىزاهات: ئەگەر قوڭغۇراق كۇنۇپكىسى قايتا ئىككى سېكۇنت بېسىلمىسا، قوڭغۇراق قوزغىتىلغان هالەتتە تۇرىدۇ.*

### رادىيونىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارى

رادىيوغا ئۈچ چاستوتىسى مودۇلاتسىيەلەنگەن رادىيو دولقۇنى (ئىستېرېئولۇق رادىيو) سەپلەنگەن، يەنى FM1، FM2 ۋە FM3. بۇ ئۈچ دولقۇن ئۆزئارا ئوخشاش، بىراق هەربىر دولقۇنغا ئۈچ رادىيو ئىستانسىسىنى ئالدىن تەڭشەشكە بولىدۇ، يەنى جەمئىي 18 رادىيو ئىستانسىسىنى ساقلىۋېلىشقا بولىدۇ.

MM95366,00000FE -UG-16SEP10-1/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

**توكنى ئېچىش**

ئوت ئالدۇرۇش كۆنۈپكىسى ئېچىلسا، رادىيومۇ ئېچىلىدۇ ياكى توك مەنبە كۆنۈپكىسىنى (M) بېسىش ئارقىلىق تاقىلىدۇ. ئېچىش-ئاۋاز (ON/AUDIO) كۆنۈپكىسىنى (L) باسقاندا رادىيو قوزغىلىدۇ.

بەش سېكۇنت جىم تۇرغاندىن كېيىن، رادىيو نورمال كۆرسىتىش ھالىتىگە قايتىدۇ، "ALARM" بەلگىسى يېنىپ تۇرىدۇ، بۇ قوڭغۇراقنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر سائەتلىك تايمېر**

موتور تاقالغاندا، توك مەنبە كۆنۈپكىسى (PWR) ۋە ئېچىش-ئاۋاز (ON/AUDIO) كۆنۈپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق رادىيونى ئېچىشقا بولىدۇ. بۇ رادىيونىڭ بىر سائەتلىك سائەت تايمېرىنى قوزغىتىدۇ. رادىيو بىر سائەتتىن كېيىن تاقىلىدۇ. توك مەنبە كۆنۈپكىسى (PWR) ياكى ئېچىش-ئاۋاز (ON/AUDIO) كۆنۈپكىسىنى قايتا بېسىش ئارقىلىق تايمېرنى قايتا قوزغىتىشقا بولىدۇ.

**ئېكران**

رادىيو تاقالغاندا، رادىيو نورمال ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

رادىيو ئوچۇق ۋاقىتتا، «DISPL/TM SET» كۆنۈپكىسىنى (I) قىسقا ۋاقىت بېسىپ تۇرغاندا، ھەرخىل كۆرسىتىش ھالىتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

- رادىيو AM، FM1، FM2، FM3 ياكى WX دا تۇرغاندا، ئېكراندا چاستوتا ۋە ۋاقىت ئالمىشىپ كۆرۈنىدۇ.
- پىلاستىنكا قويۇش ياكى پىلاستىنكا ئالماشتۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاندا، ئېكران مۇزىكا رەت نومۇرى، قويۇلۇپ بولغان ۋاقىت ۋە نورمال ۋاقىت ئارىسىدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

**پىروگىراممىلانغان پىلاستىنكا چىقىرىش ئىقتىدارى**

پىلاستىنكا چىقىرىلغان ھامان رادىيو ئالدىن تەڭشەلگەن رادىيو دولقۇنىغا قايتىدۇ. بۇنى "پىلاستىنكا چىقىرىلغاندا ئاۋاز يوق قىلىپ تەڭشەشكە بولىدۇ" بۇ ھالەتتە تۇرغاندا، پىلاستىنكا قويغۇچ مۇستەقىل مەنبە سۈپىتىدە ئىشلەيدۇ. پىلاستىنكا (CD) چىقىرىلغاندا، ئاۋاز يوق بولىدۇ، ھەمدە ئېكراندا مۇنۇ ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ: "NO CD". BAND كۆنۈپكىسى بېسىلغىچە، رادىيو ئاۋاز يوق ھالەتتە تۇرىدۇ.

بۇ ئىقتىدارنى ئىشقا قىلىش ئۈچۈن:

1. DSPL/TM SET كۆنۈپكىسىنى سائەت رەقىمى چاقنىغىچە ئاز دېگەندە ئىككى سېكۇنت بېسىپ تۇرۇڭ.
2. پىلاستىنكا قويۇش ھالىتىنىڭ كۆنۈپكىسىنى (E) بېسىپ، P.PLAY ۋە EJMUTE ئارىسىدا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىڭ.

بەش سېكۇنت ئىچىدە ھېچقانداق مەشغۇلات بولمىسا، رادىيو نورمال مەشغۇلات ھالىتىگە قايتىدۇ.

MM95366,00000FE -UG-16SEP10-2/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە

## CD كۇنۇپكىسىنىڭ ئىقتىدارلىرى




**A** - **تاللاش**
**B** - **ئىزدەش**
**C** - **2/Rpt (تەكرار قويۇش)**
**D** - **3/Rdm (تاللاپ قويۇش)**
**E** - **4/Rev (ئارقىغا ياندۇرۇش)**
**F** - **5/Pause (قىسقا توختاش)**
**G** - **6/FF (ئالدىغا ماڭدۇرۇش)**
**H** - **چىقىرىش**
**I** - **ئىزدەش، ئاجىزلاشتۇرۇش**

TUNE (A) - كېيىنكى مۇزىكىغا تاقلايدۇ. ئېكران مۇزىكا رەت نومۇرىنى ۋە قويۇلۇپ بولغان ۋاقتنى كۆرسىتىدۇ.

ئىزدەش (B) - قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىنىڭ بېشىغا قايتىدۇ. ئەگەر بۇ كۇنۇپكا قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىنىڭ دەسلەپكى سەككىز سېكۇنت ئىچىدە بېسىلسا، ئالدىنقى مۇزىكا قويۇلىدۇ. ئېكران مۇزىكا رەت نومۇرىنى ۋە قويۇلۇپ بولغان ۋاقتنى كۆرسىتىدۇ.

RPT/2 (C) - نۆۋەتتىكى مۇزىكىنى تەكرارلايدۇ. ئېكراندىكى "RPT" بەلگىسى بۇ ئىقتىدارنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىنى تەكرار قويىدۇ، RPT قايتا بېسىلغاندا، تەكرار قويۇش كۈچتىن قالىدۇ.

RDM/3 (D) - خالىغانچە مۇزىكا تاللاشنى قوزغىتىدۇ. ئېكراندا "RDM" بەلگىسى يانىدۇ. كىرگۈزۈلگەن پىلاستىنكىدىكى مۇزىكا خالىغان تەرتىپ بويىچە قويۇلىدۇ. خالىغانچە تاللاپ قويۇش (RDM) كۇنۇپكىسىنى قايتا بېسىپ"خالىغانچە قويۇش" ئىقتىدارىنى تاقاپ، كېيىنكى مۇزىكىنىڭ بېشىدىن باشلاپ قويۇڭ.

REV/4 (E) - بېسىپ تۇرۇپ تېز ئارقىغا ياندۇرۇڭ. قويۇپ بېرىلگەندە، CD نورمال سۈرئەتتە قويۇلىدۇ. ئېكران مۇزىكا رەت نومۇرىنى ۋە قويۇلۇپ بولغان ۋاقتنى كۆرسىتىدۇ.

PAUSE/5 (F) - پىلاستىنكىنى قىسقا توختىتىدۇ. "PAUS" كۆرۈنىدۇ. «PAUSE» نى قايتا بېسىپ پىلاستىنكا قويۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ.

FF/6 (G) - نى بېسىپ تۇرۇپ ئالدىغا تېز ئۆتكۈزۈڭ. قويۇپ بېرىلگەندە، CD نورمال سۈرئەتتە قويۇلىدۇ. ئېكران مۇزىكا رەت نومۇرىنى ۋە قويۇلۇپ بولغان ۋاقتنى كۆرسىتىدۇ.

EJECT (H) - نى بېسىپ پىلاستىنكىنى چىقىرىڭ.

SCAN/DIM (I) - نى بېسىپ CD دىكى بارلىق مۇزىكىلارنى تاللاڭ. قويۇلۇۋاتقان پىلاستىنكا دەرھال كېيىنكى مۇزىكىغا يۆتكىلىدۇ. "SCAN" ئېكراندا مۇزىكا رەت نومۇرى تەڭ كۆرۈنىدۇ ۋە ھەممە تاللانغان مۇزىكا 10 سېكۇنت قويۇلىدۇ. ئاندىن CD كېيىنكى مۇزىكىغا يۆتكىلىپ، 10 سېكۇنت قويۇلۇپ ئاندىن داۋاملىشىدۇ. ئىزدەشنى توختىتىش ئۈچۈن، ئىزدەشنى (SCAN) قايتا بېسىڭ.

### پىلاستىنكا (CD) قويۇش

بىر گەۋدىلەشكەن پىلاستىنكا قويغۇچ پىلاستىنكىدىكى بارلىق مۇزىكىلارنى قويىدۇ.

1. ئاچقۇچ ۋە رادىيونى "ئېچىڭ".
2. دىسكىنى (بەلگە چاپلانغان تەرىپىنى ئۈستىگە قىلىپ) تۆشۈككە قىسمەن كىرگۈزۈڭ. دىسكا قىسمەن كىرگۈزۈلگەندە، پىلاستىنكا قويغۇچ دىسكىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئىچىگە تارتىپ كىرگۈزىدۇ. ئېكراندا "CD" بەلگىسى كۆرۈنىدۇ، مۇزىكىنىڭ رەت نومۇرى، قويۇلۇپ بولغان ۋاقىت كۆرۈنىدۇ، دىسكا قويۇلۇشقا باشلايدۇ.
3. رادىيو ئاڭلاۋاتقان بولسىڭىز، CD كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كىرگۈزۈلگەن CD نى قويۇڭ. ئەگەر پىلاستىنكا يوق بولسا، ئېكراندا "NO CD" بەش سېكۇنت كۆرۈنۈپ، ئېكران نورمال كۆرسىتىش ھالىتىگە قايتىدۇ. ئەگەر بىر CD كىرگۈزۈلسە، ئېكراندا مۇزىكا رەت نومۇرى ۋە قويۇلغان ۋاقىت كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر بىر CD سىرتقا چىقىرىلىپ، 25 سېكۇنت ئىچىدە ئېلىۋېتىلمىسە، CD قايتا ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

رادىيو ئۆچۈرۈلگەن ۋاقىتتا پىلاستىنكا سېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، «Eject» نى بېسىپ 25 سېكۇنت ئىچىدە پىلاستىنكىنى كىرگۈزۈڭ.

خاتالىق ئۇچۇرى

پىلاستىنكا قويۇش ھالىتىدە تۇرغاندا، تۆۋەندىكىدەك خاتالىق ئۇچۇرى كۆرۈنۈشى مۇمكىن:

NO CD - قويغۇچقا پىلاستىنكا سېلىنمىغان.

FOCUS - لېنزا پىلاستىنكىغا فوكۇسلانمىغان. مۇنداق سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن:
- دىسكا تەتۈر سېلىنىپ قالغان - دىسكىنى چىقىرىپ قايتا سېلىڭ.
- دىسكا مەينەت، جىجىلغان ياكى نەم - پىلاستىنكىنى تازىلاڭ.
- لېنزا مەينەت، پىلاستىنكا لېنزىسىنى لېنزا تازىلىغۇچ ئىشلىتىپ تازىلاڭ.
- ھاۋا بەك نەم - بىر سائەت كۈتۈپ ئاندىن قايتا سىناپ بېقىڭ.

MM95366,00000FE -UG-16SEP10-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

TRACKING - مۇزىكا رەت تەرتىپىنى كونترول قىلىش يوق. مۇنداق سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن:

- دىسكا مەينەت ياكى جىجىلىپ كەتكەن، پىلاستىنكىنى تازىلاڭ.
- لېنزا مەينەت، پىلاستىنكا لېنزىسىنى لېنزا تازىلىغۇچ ئىشلىتىپ تازىلاڭ.

پىلاستىنكا موتورىنىڭ كاشىلىسى - پىلاستىنكا قاچىلاش-چىقىرىش كاشىلىسى، ساتقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

MM95366,00000FE -UG-16SEP10-4/4

## هاۋا رايى دولقۇنى (رادىيو ئىستانسىسى)

بارلىق جون دىئېر ماركىلىق رادىيولارغا هاۋا رايى قانىلى سەپلەنگەن.

NOAA-هاۋا رايى رادىيو ئىستانسىسى بولسا "دۆلەتلىك هاۋا رايى مۇلازىمىتى ئاۋازى رادىيو ئىستانسىسىدىن ئىبارەت." ئۇ دۆلەتلىك هاۋا رايى مۇلازىمىتى ئىشخانىسىدىن بىۋاسىتە هالدا ئەڭ يېڭى هاۋا رايى ئۇچۇرىنى ئاڭلىتىدۇ. ئالدىن لېنتىغا ئېلىنغان هاۋا رايى ئۇچۇرلىرى هەر 4-6 مىنۇتقىچە تەكرارلىنىدۇ هەمدە هەر 1-3 سائەتتە بىر قېتىم قەرەللىك يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، زۆرۈر بولغاندا كۆپرەك بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئىستانسىلار پۈتۈن كۈن ئاڭلىتىش بېرىدۇ.

سىز تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ هاۋا رايى ئۇچۇرى يەتتە ئىستانسىنىڭ بىرىدە بولىدۇ. هاۋا رايى هالىتىدە تۇرغاندا، ئېكراندا "WX" بەلگىسى كۆرۈنىدۇ ۋە "#to"CHAN كۆرۈنۈپ، رادىيو قانىلىنى بىلدۈرىدۇ. رادىيو قانىلىنى «TUNE» ياكى «SEEK» كۇنۇپكىسى ئارقىلىق تەڭشەشكە بولىدۇ. بۇ قانالالارنىمۇ جۇددى رادىيونى تەڭشىگەندەك ئالدىن تەڭشەشكە بولىدۇ.

هەربىر قانالنىڭ چاستوتىسى تۆۋەندىكىچە:

- 1 - 162.550 mHz
- 2 - 162.400 mHz
- 3 - 162.475 mHz
- 4 - 162.425 mHz
- 5 - 162.450 mHz
- 6 - 162.500 mHz
- 7 - 162.525 mHz

MM95366,00000FF -UG-16SEP10-1/1

## رادىيونى يەرلىك چاستوتىغا تەڭشەش




**A - DSPL/TM SET كۇنۇپكىسى** **B - دولقۇن تاللاش كۇنۇپكىسى**

رادىيونى شىمالىي ئامېرىكا چاستوتىسىغا تەڭشەش ئۈچۈن:

1. ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى "ئېچىڭ".

2. رادىيونى "تاقاڭ" (رەقەملىك ئېكراندا نۆۋەتتىكى ۋاقىت كۆرۈنىدۇ).

3. DSPL/TM SET كۇنۇپكىسى (A) بېسىپ، سائەت رەقىمى چاقناشقا باشلىغىچە بېسىپ تۇرۇڭ.

*ئىزاھات: رادىيو ئېكرانىدا "USA" دېگەن خەت كۆرۈنسە، رادىيو ئېكرانى نۆۋەتتىكى ۋاقىتقا قايتقىچە ھېچقانداق كۇنۇپكىنى باسماڭ.*

4. BAND كۇنۇپكىسىنى (B) دەرھال بىر قېتىم بېسىڭ.

رادىيونى ئامېرىكىدا ئىشلەيدىغان قىلىپ تەڭشەشكە (پىروگىراممىلاشقا) بولىدۇ. (شىمالىي ئامېرىكا)، جۇڭگو، ياۋروپا، ئارگېنتىنا ياكى ياپونىيە. ئاۋستىرالىيەدە ئىشلىتىش ئۈچۈن، رادىيونى "ياۋروپا" غا تەڭشەڭ.

رادىيونى قايتا پىروگىراممىلاش ئۈچۈن:

1. ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى "ئېچىڭ".

2. رادىيونى "تاقاڭ" (رەقەملىك ئېكراندا نۆۋەتتىكى ۋاقىت كۆرۈنىدۇ).

3. DSPL/TM SET كۇنۇپكىسى (A) بېسىپ، سائەت رەقىمى چاقناشقا باشلىغىچە بېسىپ تۇرۇڭ.

4. دولقۇن كۇنۇپكىسىنى (B) دەرھال بېسىپ رەقەملىك ئېكراندا نۆۋەتتىكى تەڭشەش ھالىتىنى كۆرۈڭ.

بار بولغان رايونلارنىڭ تەڭشىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن، دولقۇن (BAND) كۇنۇپكىسىنى قايتا-قايتا بېسىڭ:

- ئامېرىكا
- ياۋروپا (ئاۋستىرالىيەدە ئىشلىتىلىدۇ)
- ياپونىيە
- ئارگېنتىنا
- جۇڭگو

كۆڭۈلدىكى رايون كۆرۈنگەندە «BAND» كۇنۇپكىسىنى بېسىشنى توختىتىڭ.

ئېكراندا نۆۋەتتىكى ۋاقىت كۆرۈنگەندە يېڭى رايون چاستوتىسى ئىشلىتىلگەن بولىدۇ، بىر نەچچە سېكۇنتقىچە ھېچقانداق كۇنۇپكىنى باسماڭ.

MM95366,0000100 -UG-16SEP10-1/1

## ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى

THEFTLOCK™ رادىيونىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. رادىيو ئىقتىدارلىرىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن، رادىيو ماشىنىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغاندا ياكى ئاككۇمۇلياتور توكى ئۈزۈلۈپ كەتكەندە، سىز تاللىغان مەخپىي كودنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىشلەيدۇ.

رادىيونىڭ ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپىنى ئىشلەتسىمۇ ياكى ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئىشلىتىلمىسە، ئاۋاز سىستېمىسى نورمال ئىشلەيدۇ، رادىيو بۇ ئىقتىدار تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ. ئەگەر ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپى قوزغىتىلسا، مۇبادا رادىيو ئوغرىلانسا، رادىيو ئىشلىمەيدۇ. THEFTLOCK قوزغىتىلغان بولسۇن ياكى قوزغىتىلمىغان بولسۇن، ئاچقۇچ ئۇزچاتى تاقاق ۋاقىتتا، رادىيو ئۈستىدىكى قىزىل چىراغ يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ چىراغ ئوغرىلارنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان.

*THEFTLOCK بولسا Delco ئېلېكتىرون شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش قۇلۇپى (THEFTLOCK) قوزغىتىلغاندا، رادىيو ئېكرانىدا "LOCK" كۆرۈنىدۇ، بۇ ئاككۇمۇلياتورنىڭ توكى قالمىغان ھەرقانداق ۋاقىتتا قۇلۇپلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ھەرقانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاككۇمۇلياتورنىڭ توكى قالمىسا، رادىيونى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن مەخپىي كود ئارقىلىق رادىيونى ئېچىشىڭىز لازىم.

تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەر مەخپىي كودنى قانداق كىرگۈزۈش ۋە ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش قۇلۇپىنى قانداق قوزغىتىشنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدەم-باسقۇچلارنى باشلاشتىن بۇرۇن بارلىق قەدەم باسقۇچلارنى ئوقۇپ چىقىڭ.

MM95366,0000101 -UG-16SEP10-1/1

## ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپىنى قوزغىتىش

*ئىزاھات: ھەرقانداق قەدەم-باسقۇچ ئارىسىدا مەشغۇلات قىلىش جەريانىدا 15 سېكۇنت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، رادىيو ئاپتوماتىك ھالدا ۋاقىت كۆرسىتىش ھالىتىگە قايتىپ كېلىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا 4 - قەدەم-باسقۇچتىن قايتا باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.*

1. 0000 دىن 9999 غىچە بولغان خالىغان تۆت خانىلىق ساننى يېزىۋېلىپ ماشىنىدىن يىراق جايدا ساقلاپ قويۇڭ.
2. ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى "ئېچىڭ".
3. رادىيونى "تاقاڭ".
4. ئېكراندا "---" كۆرۈنگىچە 1 - ۋە 5 - كۇنۇپكىنى تەڭ بېسىپ تۇرۇڭ.
5. تاللاش-ئىزدەش (TUNE/SEEK) كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ، ئېكراندا "0000" كۆرۈنىدۇ.
6. ئىزدەش (SEEK) كۇنۇپكىسىنى ئېھتىياجغا قاراپ كۆپ قېتىم بېسىپ، ئاخىرقى ئىككى خانە رەقەمنى ئۆزىڭىز بۇرۇن يېزىۋالغان مەخپىي كودغا ئوخشاش قىلىڭ.
7. تاللاش (TUNE) كۇنۇپكىسىنى ئېھتىياجغا قاراپ كۆپ قېتىم بېسىپ، ئالدىدىكى ئىككى خانە رەقەمنى ئۆزىڭىز بۇرۇن يېزىۋالغان مەخپىي كودغا ئوخشاش قىلىڭ.
8. ئېكراندىكى كود بىلەن سىز يېزىۋالغان مەخپىي كود چوقۇم ئوخشاش بولسۇن.
9. «BAND» نى بېسىڭ. ئېكراندا "REPEAT" كۆرۈنسە، كودنى جەزملەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
10. 5 - 8 غىچە بولغان قەدەم-باسقۇچلارنى تەكرارلاپ كودنى جەزملەشتۈرۈڭ.
11. «BAND» نى بېسىڭ. ئېكراندا "SECURE" دېگەن ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ، بۇ رادىيونىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپى قوزغىتىلمىغان بولسا، ئېكراندا "---" كۆرۈنىدۇ. قوزغىتىش ئۈچۈن، 4-11 غىچە بولغان قەدەم-باسقۇچلار بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ.

MM95366,0000102 -UG-16SEP10-1/1

## ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپىنى بىكار قىلىش

ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش قۇلۇپىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن، مەخپىي كودنى تۆۋەندىكىدەك كىرگۈزۈڭ، ھەربىر باسقۇچ ئارىسىدىكى ۋاقىتنى 15 سېكۇنتتىن ئاشۇرىۋەتمەڭ:

1. ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى "ئېچىڭ".
2. رادىيونى "تاقاڭ".
3. ئېكراندا "SECURE" كۆرۈنگىچە، 1 - ۋە 5 - كۇنۇپكىنى تەڭ بېسىپ تۇرۇڭ.
4. «TUNE/SEEK» نى بېسىڭ. ئېكراندا بۇ ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ: "0000".
5. ئاخىرقى ئىككى خانىنى مەخپىي كود بىلەن ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن، SEEK كۇنۇپكىسىنى زۆرۈر بولغىچە بېسىڭ.
6. ئالدىنقى ئىككى خانىنى مەخپىي كود بىلەن ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن، TUNE كۇنۇپكىسىنى زۆرۈر بولغىچە بېسىڭ.
7. ئېكراندىكى كود بىلەن سىز يېزىۋالغان كودنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈڭ.
8. «BAND» نى بېسىڭ. ئېكراندا "---" كۆرۈنىدۇ، بۇ رادىيونىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر ئېكراندا "SECURE"كۆرۈنسە، بۇ خاتا كود كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 1 - 8 غىچە بولغان قەدەم-باسقۇچلار بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ.

ئەگەر رادىيو بىخەتەر بولۇپ، ئاككۇمۇلياتور توكى يوق بولسا، رادىيو ئىشلىمەيدۇ. "LOCKED" كۆرۈنىدۇ، بۇ توك مەنبە كۇنۇپكىسىنىڭ بېسىلغانلىقىنى ياكى موتورنىڭ ئوت ئالدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

MM95366,0000103 -UG-16SEP10-1/1

## قۇلۇپلانغان رادىيونى ئېچىش

ئاككۇمۇلياتورنىڭ توكى قالمىغان ۋاقىتتا قۇلۇپلانغان رادىيونى ئېچىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مەشغۇلاتلارنى تاماملاڭ، ھەربىر باسقۇچلار ئارىسىدىكى ۋاقىتنى 15 سېكۇنتتىن ئاشۇرىۋەتمەڭ:

1. «TUNE/SEEK» نى بېسىڭ. ئېكراندا بۇ ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ: "000".
2. ئاخىرقى ئىككى خانىنى مەخپىي كود بىلەن ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن، SEEK كۇنۇپكىسىنى زۆرۈر بولغىچە بېسىڭ.
3. ئالدىنقى ئىككى خانىنى مەخپىي كود بىلەن ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن، TUNE كۇنۇپكىسىنى زۆرۈر بولغىچە بېسىڭ.
4. ئېكراندىكى كود بىلەن سىز يېزىۋالغان كودنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈڭ.
5. «BAND» نى بېسىڭ. ئېكراندا "SECURE" كۆرۈنگەندە رادىيونى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ۋە ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش قۇلۇپىنىڭ ئاكتىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (ئەگەر ئېكراندا "LOCKED" كۆرۈنسە، خاتا كود كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، 1- دىن 5 - غىچە بولغان قەدەم-باسقۇچلارنى تەكرارلاڭ).

ئەگەر خاتا كود سەككىز قېتىم كىرگۈزۈلسە، ئېكراندا "InoP" كۆرۈنىدۇ. رادىيونى قايتا ئېچىشتىن بۇرۇن، ئاچقۇچنى "ON" غا ئەكىلىپ بىر سائەت ساقلىشىڭىز لازىم. قايتا سىنىغاندا، ئېكراندا "InoP" قايتا كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن، سىزنىڭ پەقەت ئۈچ قېتىم پۇرسىتىڭىز بار.

كودنى يوقىتىپ قويسىڭىز ياكى ئۇنتۇپ قالسىڭىز، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

MM95366,0000104 -UG-16SEP10-1/1

## ئاۋاز سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ماھارەتلىرى

يۇقىرى ئاۋازنىڭ ئاڭلاش سېزىمىگە بولغان زىيىنىنى بالدۇر بايقاش قىيىن. ئاڭلاش سېزىمى يۇقىرى ئاۋازغا كۆنۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئاڭلىماققا نورمال ئاڭلانغان ئاۋاز بەلكىم سىزنىڭ ئاڭلاش سېزىمىڭىزگە نىسبەتەن يۇقىرى ۋە زىيانلىق بولىشى مۇمكىن. ئاڭلاش سېزىمىڭىزنىڭ يۇقىرى ئاۋازغا كۆنۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن ئاۋاز كونتروللىغۇچنى بىخەتەر ھالەتكە تەڭشەشكە دىققەت قىلىڭ.

ئاڭلاش سېزىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن:

- ئاۋازنى ئەڭ تۆۋەن تەڭشەڭ.
- ئاۋازنى ئۆزىڭىز راھەت ۋە ئېنىق ئاڭلىغۇدەك يۇقىرىلىتىڭ.

### رادىيو قوبۇللىغۇچنى چۈشىنىش

ستېرېئولۇق ئاڭلىتىش (رادىيو): ستېرېئولۇق ئاڭلىتىشنىڭ ئاۋاز سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ سىگنالى 16 ـ 65 كىلومېتىرغىچە (10 ـ 40 مىلغىچە) يېتىپ بارىدۇ. ئېگىز بىنالار ياكى تاغلار ستېرېئولۇق ئاڭلىتىشنىڭ سىگنالىغا تەسىر قىلىدۇ، ئاۋاز ئاندا-مۇندا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

AM: ئامپلىتۇدىسى تەڭشەلگەن رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ دائىرىسى ستېرېئولۇق (چاستوتىسى تەڭشەلگەن) ئاڭلىتىشتىن يىراق بولىدۇ، بولۇپمۇ كېچىدە شۇنداق بولىدۇ. تارقىلىش دائىرىسى يىراق بولسا رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ ئۆزئارا كاشىلا قىلىشى پەيدا بولىدۇ. ئامپلىتۇدىسى تەڭشەلگەن رادىيو ئاڭلىتىشقا بوران-چاپقۇن ۋە ئېلېكتىر سىملىرىدىن شاۋقۇن ئاۋاز قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقسىڭىز، رادىيونىڭ يۇقىرى ئاۋاز قىسمىنى ئازايتىڭ.

**مۇھىم: ماشىنىڭىزغا پۈقرالار رادىيوسى، يانفون ياكى سۆزلىشىش ئاپپاراتى چېتىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى ئۇلاشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاڭ. ئەگەر چېتىشقا بولسا، ئۇنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش بەك مۇھىم. ئۆزىڭىز سەپلىۋالغان ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرى موتورنىڭ ئىشلىشىگە، رادىيوغا ياكى باشقا سىستېمىلارغا تەسىر قىلىشى ھەتتا بۇزۇپ قويىشى مۇمكىن.**

**ماشىنىڭىزنىڭ سىستېمىسى نامۇۋاپىق ئورنىتىلغان ئاۋاز ئۈسكۈنىسىنىڭ ئىشلىشىگە كاشىلا قىلىشى مۇمكىن. ئاۋاز ئۈسكۈنىسى ئورنىتىشتىن بۇرۇن، سىزگە ماشىنا ساتقان كىشىدىن كۆچمە رادىيو ۋە تېلېفون قۇرۇلمىلىرىغا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى تەكشۈرۈڭ .**

MM95366,0000105 -UG-16SEP10-1/1

## ئانتېننا

ئەگەر رادىيونىڭ سىگنالى ناچار بولۇپ قالسا، ئانتېننا تىك تۇرىۋاتامدۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئەگەر رادىيو ئىشلىتىلمىسە ياكى ماشىنا يۆتكەلگەندە، ئانتېننانى پەسلىتىپ قويۇڭ.

MM95366,0000106 -UG-16SEP10-1/1

## تېرىش قۇرۇلمىسى ۋە تۇلۇقنى پەرقلەندۇرۇش




قۇرۇلمىغا ماشىنىنىڭ مېڭىش يۆنىلىشى بويىچە شوپۇر ئورنىدىن سول تەرىپىدىن باشلاپ 1 دىن 4 كىچە ياكى 1 دىن 5 كىچە رەت نومۇرى قويۇلغان.

تۇلۇقنى پەرقلەندۇرگەندە، «F» ئالدى تۇلۇقنى، «R» ئارقا تۇلۇقنى ئىپادىلەيدۇ.

MM95366,0000107 -UG-16SEP10-1/1

## شامالدۇرغۇچ كونترول ئۈزچاتى







**مۇھىم: شامالدۇرغۇچ كونترول قىلىش ئۈزچاتى زاۋۇتتىن سېلىنغاندا چېتىلغان ھالەتتە سېلىنىدۇ. سېۋەت ئېتىزدا تۈنجى قېتىم تۈكۈلگىچە شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى ئۈزمەي تۇرۇڭ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا تاسمىنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ كېتىدۇ.**

**شامالدۇرغۇچنى تەڭشەش ئۈچۈن ئۈزۈشكە بولىدۇ، بىراق تەڭشەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن شامالدۇرغۇچ كونترول ئۈزچاتىنى قايتىدىن چېتىپ قويۇڭ. بۇ تاسمىنىڭ قىتلىنىشىغا پايدىلىق بولىدۇ.**

**سۈيۈقلۇق پومپىسى ھەرگىز قۇرۇق تۇرمىسۇن. ئەگەر ئۇ قۇرۇق قالسا، سۈيۈقلۇق پومپىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

ئىزاھات: *قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە، شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ يېتەكچى ئوقى (A) ۋە شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. ھاۋا سىستېمىسى بۆلىكىدىكى پاختىنىڭ شامالدۇرغۇچ تاسمىسى ۋە يېتەكچى ئوقىنى تەڭشەش قىسمىغا قاراڭ.*

A - شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ يېتەكچى ئوقى

OUO6043,0001507 -UG-27SEP06-1/1

## موتورنى قىتلاندۇرۇش




A - ئاپتول تەكشۈرۈش تاياقچىسى

ئىزاھات: *قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە، قىتلاندۇرۇش ئاپتولىنى توغرا ئىشلىتىش ئۈچۈن، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.*

*موتور نورمال مەشغۇلات قىلىش ئۈچۈن تەييار بولدى. ھالبۇكى، دەسلەپكى 100 سائەت مەزگىلىدە ئېھتىيات قىلىڭ.*

1. موتورنى بىكاردىن-بىكار قۇرۇق ماڭدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر پاختا تېرىش ماشىنىسى 5 مىنۇتتىن ئارتۇق قۇرۇق ماڭدىغان بولسا، موتورنى ئۆچۈرۈڭ.

**مۇھىم: يېڭى موتورلارغا جون دىئىر ماركىلىق قىتلاندۇرۇش ئاپتولى قۇيۇلغان بولىدۇ. 100 سائەتلىك قىتلاندۇرۇش ۋاقتىدىن كېيىن، قىتلاندۇرۇش ئاپتولى يېتەرلىك قوغداش رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. 100 سائەتتىن كېيىن ئاپتول ئالماشتۇرۇڭ. سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىدىكى قىتلاندۇرۇش ئاسراش مەشغۇلاتى ۋە دىزېل ئاپتول قىسمىغا قاراڭ.**

2. ئاپتول ئۆلچەش تايىقى (A) ئارقىلىق ئاپتول مىقدارىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. ئېقىپ قېلىش ئالامىتى بار-يوقلىقىغا قاراڭ. ئەگەر قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە ئاپتول قۇيۇش لازىم بولسا، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىدە دېيىلگەن ئاپتول قۇيۇڭ.

AG,OUO1011,1059 -UG-03AUG06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

3. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرا سائىتىگە (A) ئوبدان قاراڭ. ئەگەر سائەت ئىسترېلكىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاگاھلاندۇرۇش رايونىغا كېلىپ قالسا ۋە ياكى سوۋۇتقۇچ ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى يانسا، موتور زىيادە قىزىپ كەتكەن بولىدۇ. خوتنى تۆۋەن خوتقا سېلىڭ ياكى مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىپ يۈكنى ئازايتىڭ. ئەگەر تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلىمىسە، موتورنى توختىتىڭ. ئەگەر توختىتىش (STOP) ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى (B) يانسا، موتورنى دەرھال توختىتىپ، زىيادە قىزىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىڭ.

**A - سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ**
**B - توختىتىشنى ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى**







AG,OUO1011,1059 -UG-03AUG06-2/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە



**دىققەت: يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن سىيۇقلۇق چاچراپ چىقسا ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

**رادىياتور قاپقىقىنى ئېلىۋېتىش زۆرۈر بولسىمۇ، موتور قىزىق ۋاقىتتا ئالماڭ. موتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە قاپقاق يالاڭ قول بىلەن تۇتقىدەك سوۋۇغىچە ساقلاڭ. قاپقاقنى ئازراق بوشىتىپ بىر ئاز تۇرغۇزۇپ بېسىمنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق بوشىتىپ چىقىرىڭ.**

**موتور بەك قىزىپ كەتكەندە ھەرگىز سوۋۇتقۇچ قۇيماڭ. ئۇ سوۋۇغىچە ساقلاڭ.**




A - «قىزىق» بەلگىسى
B - «سوغۇق» بەلگىسى

**رادىياتور قاپقىقىنى چىقىرىپ ئېلىپ رادىياتورنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭ. سېۋەت ئېغىر بولغاچقا، مۇبادا چۈشۈپ كەتسە، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. رادىياتورنى پەقەت ئېچىدىكى سېۋەتتىن تەكشۈرۈڭ.**

**بەزى ئەھۋاللاردا، سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تەڭشىگۈچنى ھەرگىز ئېچمەڭ ياكى يۇتۇپ قالماڭ، تېرە ياكى كۆزگە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قۇيغاندا، قاچا ئۈستىدىكى بارلىق خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش نۇقتىلىرىغا رىئايە قىلىڭ.**

4. سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. ئېقىپ قېلىش ئالامىتى بار-يوقلۇقىغا قاراڭ. سوۋۇتقۇچ مىقدارى سوغۇق بەلگىسى (B) (موتور سوغۇق ۋاقىتتا) بىلەن قىزىق بەلگىسى (A) (موتور قىزىق ۋاقىتتا) ئارىسىدا بولۇشى لازىم.

5. پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ۋە تېگىش سېزىمى بىلەن پىششىق تونۇشۇڭ، ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇڭ.

AG,OUO1011,1059 -UG-03AUG06-3/3

## بىر سائەتتىن كېيىن



يېتەكچى چاق، سۆرەش چاقى ياكى ئارقا يېتەكچى چاق ئوقىنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسىنى (يەنى تولغىنىش مومېنتىنى) تەكشۈرۈڭ.

ئۆلچەم

يېتەكچى چاقلار - تولغىنىش مومېنتى........................................................ N•m 610
(lb-ft 450)
تارتىش كۈچى يوق بولغان يېتەكچى ئوق چاقلىرى - تولغىنىش مومېنتى........................ N•m 312
(lb-ft 230)
ئارقا يېتەكچى ئوق چاقى - تولغىنىش مومېنتى............................................. N•m 407
(lb-ft 300)

AG,OUO1011,1060 -UG-07SEP99-1/1

## بەش سائەتتىن كېيىن



قۇرۇلمىنىڭ كۆچ ئۆزتتىش تاسمىسى كۆرستىلدى

بارلىق تاسمىلارنىڭ دەسلەپكى كېرىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. تارتىش كۈچىنى ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەڭ. دەسلەپكى 50 سائەت جەريانىدا، بارلىق تاسمىلارنى بىر نەچچە سائەتتە بىر قېتىم تەكشۈرۈڭ.

- قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزتتىش تاسمىسى-تېرىش قۇرۇلمىسى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ
- موتورنىڭ قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۈچ ئۆزتتىش تاسمىسى (ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ۋە ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنىڭ پرېسلىغۇچىسى)-موتور ۋە ھەرىكەت ئۆزتتىش سىستېمىسىغا قاراڭ

*ئىزاھات: موتورنىڭ قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۈچ ئۆزتتىش تاسمىسى ئاپتوماتىك تەڭشىلىدۇ، قول ئارقىلىق تەڭشەشكە بولمايدۇ. بۇ تاسمىنىڭ ئۆدۈللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ.*

OUO6043,0001508 -UG-25OCT01-1/1

## ئون سائەتتىن كېيىن

1. يېتەكچى چاقلار ياكى ئارقا ئوق چاقلىرىنىڭ بولتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

يېتەكچى چاقلار - تولغىنىش مومېنتى........................................................ N•m 610
(lb-ft 450)

**ئۆلچەم**

تارتىش كۈچى يوق بولغان يېتەكچى ئوق چاقلىرى - تولغىنىش مومېنتى....................... N•m 312
(lb-ft 230)

**ئۆلچەم**

ئارقا يېتەكچى ئوق چاقى - تولغىنىش مومېنتى............................................... N•m 407
(lb-ft 300)

2. ئەگەر دەسلەپكى ئون سائەتتىن كېيىن تولغىنىش مومېنتى مۇقىم بولمىسا، ھەر ئون سائەتتە بىر قېتىم نورمال قىممەتتىن يۇقىرى قىلىپ چىڭىتىڭ. تولغىنىش مومېنتى مۇقىم بولغاندىن كېيىن، ھەر 100 سائەتتە بىر قېتىم چىڭىتىڭ.
3. سېۋەت ئۆزتتىش قۇرۇلمىسىنىڭ زەنجىرىنىڭ چىڭلىقىنى تەكشۈرۈڭ. سېۋەت تۆكۈش ھالىتىدە تۇرغاندا، زەنجىر ئۆزتتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى زەنجىر يېتەكچى ئوقىغا تېگىپ تۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئۆزتتىش قۇرۇلمىسىنىڭ زەنجىرىنى چىڭىتىش زۆرۈر بولسا، بۇ ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ سېۋەت بۆلىكىدىكى ئۆزتتىش قۇرۇلمىسىنىڭ زەنجىرىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەڭشەش دېگەن قىسمىغا قاراڭ.

OUO6043,0001509 -UG-25OCT01-1/1

## يىگىرمە سائەتتىن كېيىن

مۇھىم: پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ يېتەكچى تاسمىسىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەڭشەڭ. تارتىش كۈچى مۇۋاپىق بولمىسا، تاسمىنىڭ ئۆمرى كۆرۈنەرلىك قىسقىراپ كېتىدۇ.

تاسمىنى (A) تەكشۈرۈڭ ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەڭ. ھاۋا سىستېمىسى بۆلىكىدىكى پاختىنىڭ شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنى ۋە يېتەكچى ئوقىنى تەڭشەش قىسمىغا قاراڭ.

A - تاسمىنىڭ يېتەكچى ئوقى







OUO6043,000150A -UG-27SEP06-1/1

## يۈز سائەتتىن كېيىن

جەينەكلىك ئوقتىن ئاپتولنى ئېقتۇۋېتىپ، سۈزگۈچنى (A) ئالماشتۇرۇڭ. جەينەكلىك ئوقتا تەۋسىيە قىلىنغان ئاپتول قۇيۇڭ. ئاپتولنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ئۈچۈن، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.

A - جەينەكلىك ئوقنىڭ سۈزگۈچى




OUO6043,000150B -UG-03AUG06-1/1

## ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈش




ئاپتول ئۆلچەش تايىقى (A) ئۈستىدىكى ئاپتول مىقدارى "قۇيۇش" بەلگىسىدىن تۆۋەن بولغاندا، موتورنى ئىشلەتمەڭ. ئەگەر لازىم بولسا يەنە ئاپتول قۇيۇڭ. ئاپتولنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ئۈچۈن، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.

**A - ئاپتول تەكشۈرۈش تاياقچىسى**

OUO6043,000150C -UG-27JUL06-1/1

## گىدروستاتىك-گىدراۋلىك ماي مىقدارىنى تەكشۈرۈش




قۇرۇلما ۋە سېۋەت تۆكۈش پورشېنى تۆۋەنلىتىلگەندە، ۋە سېۋەت ئۇزارتىش پورشېنى تولۇق ئۇزارتىلغاندا، ئاپتول قاچىسىنىڭ كۆزىتىش ئەينىكى (A) ئارقىلىق ئاپتولنى كۆرۈشكە بولىدۇ. زۆرۈر بولسا، قاپقاقنى (B) چىقىرىپ ئېلىپ ئاپتول قۇيۇڭ. ئاپتولنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ئۈچۈن، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.

**A - ئاپتول قاچىسىنىڭ كۆزىتىش ئەينىكى**
**B - قاپقاق**

OUO6043,000150D -UG-18SEP06-1/1

## سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈش



**يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن سۈيۇقلۇق چاچراپ چىقسا ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

**رادىياتور قاپقىقىنى ئېلىۋېتىش زۆرۈر بولسىمۇ، موتور قىزىق ۋاقتىتا ئالماڭ. موتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە قاپقاق يالاڭ قول بىلەن تۇتقىدەك سوۋۇغىچە ساقلاڭ. قاپقاقنى ئازراق بوشىتىپ بىر ئاز تۇرغۇزۇپ بېسىمنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق بوشىتىپ چىقىرىڭ.**

**موتور بەك قىزىپ كەتكەندە ھەرگىز سوۋۇتقۇچ قۇيماڭ. ئۇ سوۋۇغىچە ساقلاڭ.**

**بەزى ئەھۋاللاردا، سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ ئۈزىڭىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تەڭشىگۈچنى ھەرگىز ئېچمەڭ ياكى يۇتۇپ قالماڭ، تېرە ياكى كۆزگە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قۇيغاندا، قاچا ئۈستىدىكى بارلىق خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش نۇقتىلىرىغا رىئايە قىلىڭ.**




تاشقان سۈنى ئېقتىش باكىدىكى سوۋۇتۇش سۈيۇقلۇقىنىڭ مىقدارى سوغۇق (B) بەلگە (موتور سوغۇق ۋاقتىدا) بىلەن قىزىق (A) بەلگە (موتور قىزىق ۋاقتىدا) ئارىسىدا بولۇشى لازىم.

ئېھتىياجغا قاراپ سوۋۇتقۇچ قۇيۇڭ. سوۋۇتقۇچنى ئادەتتە سوۋۇتقۇچ ئېقىش باكىغا قۇيۇشقا بولىدۇ. ئەگەر ئېقىش باكى قۇرۇق بولسا، سوۋۇتقۇچنى بىۋاستە رادىياتور ۋە ئېقىش باكىغا قۇيۇڭ. سوۋۇتقۇچنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ھەققىدە سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.

**A** - «قىزىق» بەلگىسى
**B** - «سوغۇق» بەلگىسى

OUO6043,000150E -UG-27JUL06-1/1

## 30 ۋە 60 مىكرونلۇق سۈزگۈچنى چايقاش (سەپلەنگەن بولسا)




1. ماتورنى توختىتىڭ.
2. ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخنى (A) ئېچىڭ. بۇ سۈزگۈچ ئىچىدىكى ۋاكۇئۇم مىقدارىنى ئازايتىپ، سۇ ۋە دانىچە ماددىلارنىڭ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىدىن ئېقىپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**A** - ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخى

OUO1078,0000524 -UG-29SEP06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

3. سۇ ۋە دانىچە ماددىلار قاچا ئاستىغا چۆشسۇن.

4. ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى ئىچىگە ئىتتىرىپ تۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ سۇ ۋە دانىچە ماددىلارنى قاچىغا ئېقىتىۋېتىڭ ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىڭ.

5. ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى تاقاڭ.

6. سۇ ۋە دانىچە ماددىلار قاچىدىن ئېقىتىلغاندا، ئېخىمۇ كۆپ سۇ ۋە دانىچە ماددىلار سۈزگۈچتىن ئېقىپ چىقىشى مۇمكىن. زۆرۈر بولسا، كىلاپىنى قايتا ئېچىپ، سۇ ۋە دانىچە ماددىلارنى ئېقىتىۋېتىڭ، ئاندىن كىلاپىنى تاقاڭ.

**A - ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنى (تاقاق ھالەت)**
**B - ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنى (ئوچۇق ھالەت)**






OUO1078,0000524 -UG-29SEP06-2/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

7. سۈزگۈچنى ئورنىتىپ، ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخنى (A) تاقاڭ.

**A - ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخى**




OUO1078,0000524 -UG-29SEP06-3/3

## سۇ ئايرىغۇچ سۈزگۈچنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش




1. ئەينەك قاچىدا (A) سۇ ياكى دۇغ بارمۇ-يوق قاراڭ.

*ئىزاھات: كۆزىتىش ئەينىكىدىن سۇ قويۇپ بېرىش ئۈچۈن، سېنزورنىڭ سىمنى ئۈزۈۋېتىش زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن.*

2. كىلاپاننى (B) ئېچىپ يىغىلىپ قالغان سۇ ۋە دۇغلارنى ئېقىتىۋېتىڭ. ئېقىتىپ بولغاندىن كېيىن كىلاپاننى تاقاڭ.

*ئىزاھات: سۇ ئايرىغۇچ قاچىسىدا دائىم سۇ ۋە دۇغ بار بولسا، يېقىلغۇ باكىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ھەمدە يېڭى يېقىلغۇ قاچىلاش لازىم.*

**A - ئەينەك قاچا**
**B - كىلاپان**

AG,OUO1011,1068 -UG-19SEP06-1/1

## ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچتىن سۇ قويۇپ بېرىش




1. كىلاپاننى (A) ئېچىپ، ئازراق سۇ ياكى دۇغ ئېقىتىۋېتىڭ.

2. ئېقىتىپ بولغاندىن كېيىن كىلاپاننى چىڭىتىڭ.

3. ئەگەر سۇ ياكى دۇغ بەك كۆپ بولسا، يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ قۇرۇلمىسىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. موتور ۋە يېتەكچى ئوق بۆلىكىدىكى يېقىلغۇ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

*ئىزاھات: يېقىلغۇ باكىدا دائىم سۇ ۋە دۇغ بار بولسا، يېقىلغۇ باكىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ھەمدە يېڭى يېقىلغۇ قاچىلاش لازىم.*

**A - كىلاپان**

OUO6043,000150F -UG-28JUL06-1/1

## يېقىلغۇ باكىنى تولدۇرۇش



**دىققەت: يېقىلغۇ ئىنتايىن كۆيۈشچان بولۇپ، ئەگەر يېقىلغۇ باكىدىن تۆكۈلۈپ كېتىپ ئوت ئېلىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. تاماكا چېكىۋاتقاندا ياكى ئوت ياكى ئۇچقۇن بار يەردە ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلىماڭ. يېقىلغۇ قاچىلاشتىن بۇرۇن چوقۇم موتورنى ئۆچۈرۈڭ. يېقىلغۇ باكىغا ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ يېقىلغۇ قاچىلاڭ. يېقىلغۇ قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قاپقاق ۋە ئارقا سېتكىنى جايىغا ئورنىتىڭ. تۆكۈلۈپ كەتكەن يېقىلغۇنى ھەر دائىم ۋاقتىدا تازىلىۋېتىڭ.**

1. ئەگەر موتور ئۇزاق مەزگىل ئىشلىتىلمىگەن بولسا، يېقىلغۇ باكىنىڭ پۇرۇپكىسىنى چىقىرىپ ئېلىپ يىغىلىپ قالغان سۇنى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىڭ. پۇرۇپكىنى جايىغا سېلىڭ.

OUO6043,0001510 -UG-19SEP06-1/2




2. پۇرژىنا بىلەن چېكىتىلگەن ئارقا سېتكىنى (B) تارتىپ چىقىرىپ ئېلىڭ. ئۇنى يېقىلغۇ قۇيۇش قاپقىقىغا (A) يېقىن يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

3. يېقىلغۇ باكىغا سۈپىتى مۇۋاپىق كېلىدىغان دىزېل يېقىلغۇسى قۇيۇڭ. «سىلىقلاش ۋە ئاسراش» بۆلىكىگە قاراڭ.

**A - يېقىلغۇ قۇيۇش قاپقىقى (ئېغىزى)**
**B - ئارقا سېتكا**

OUO6043,0001510 -UG-19SEP06-2/2

## دېرىزە، ئەينەك ۋە چىراغلارنى تازىلاڭ



ھەرقايسى تەرەپلەرنى ياخشى كۆرگىلى بولسۇن. دېرىزە، ئەينەك ۋە چىراغلارنى تازىلاپ ئەتراپنى ئېنىق كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىڭ.

AG,OUO1011,1070 -UG-07SEP99-1/1

## بىخەتەر مەشغۇلات قىلىڭ

پاختا يىغىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ماشىنا مۇۋاپىق ھالدا تەييار بولدىمۇ-يوق بۇنى جەزملەشتۈرۈڭ. مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن، تۆۋەندىكى تۈرلەرنى تەكشۈرۈڭ.

- شوپۇر ماشىنىنىڭ بارلىق كونتروللىغۇچلىرى، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى بىلىدۇ. «بىخەتەرلىك» ۋە «شوپۇر ئورنى» بۆلىكىگە قاراڭ.
- بارلىق ئاسراش خىزمىتى تاماملاندى. «سىلىقلاش ۋە ئاسراش» بۆلىكىگە قاراڭ.
- نەمدەش سىستېمىسى نورمال ئىشلىسۇن، سۈيۇقلۇق باكى لىق بولسۇن. نەمدەش سىستېمىسىغا قاراڭ.
- قۇرلاش قۇرۇلمىسى توغرا بولغان قۇر كەڭلىكىگە تەڭشەلگەن بولسۇن. تېرىش قۇرۇلمىسى دېگەن بۆلەككە قاراڭ.
- بارلىق بىخەتەرلىك سىستېمىسى نورمال بولسۇن. بىخەتەرلىك ۋە شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى دېگەن بۆلەككە قاراڭ.
- ئوت ئۆچۈرگۈچ جايىغا قويۇلغان ۋە مۇۋاپىق تولدۇرۇلغان بولسۇن، شوپۇر ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىشنى پۇختا بىلسۇن. بىخەتەرلىك بۆلىكىدىكى ئوت ئۆچۈرگۈچ (ئامېرىكىدىكى ماشىنىلاردىكى)، ئالدى تەرەپتىكى ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ ئورنى (ئامېرىكىدىكى ماشىنىلاردىكى) ۋە ئارقا تەرەپتىكى ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ ئورنى (ئامېرىكىدىكى ماشىنىلاردىكى) دېگەن مەزمۇنلارغا قاراڭ.
- ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە مۇبادا ئوت كېتىپ قالسا شوپۇر قانداق قىلىش ھەققىدە تەربىيەلەنگەن بولسۇن. بىخەتەرلىك بۆلىكىدىكى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە مۇبادا ئوت ئاپەتى يۈز بەرسە دېگەن قىسىمغا قاراڭ.

OUO6043,00014E6 -UG-03OCT01-1/1

## موتورنى قوزغىتىش




**A** - گىدرو دەستىسى　**B** - دەرپەردە ئۆزچاتى　**C** - يورۇتۇش ئۆزچاتى　**D** - ئاچقۇچ

**دىققەت: ئەگەر ماشىنىنى قوزغاتقان ۋاقىتتا ماشىنا تۇيۇقسىز ئالدىغا مېڭىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ماشىنىنى قوزغاتقاندا، تورمۇز چېتىلغان ھەمدە ئەتراپىدا ئادەم بولمىسۇن.**

*ئىزاھات: كونترول سۇپىسىنىڭ رەسىمى ھەرقايسى قەدەم-باسقۇچلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەستىلەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇنى بۇ ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.*

1. گىدرو دەستىسىنى (A) نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ.
2. ماي كىلاپىنىنىڭ ئۆزچاتىنى (B) بوش ئورۇنغا قويۇڭ.
3. موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، يورۇتۇش (C) ۋە قوشۇمچە ئۈسكۈنە ئۆزچاتلىرىنى تاقىۋېتىڭ.
4. ئاچقۇچنى (D) بۇراپ "ON" ئورۇنغا ئەكىلىڭ.

OUO6043,0001511 -UG-02OCT06-1/4　داۋامى كېيىنكى بەتتە

5. ئاچقۇچ ئېچىلغان، موتور ئۆچۈرۈلگەن ۋاقىتتا:




- يېقىلغۇ سائىتىنىڭ (A) ئىستىرېلكىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ باكتىكى يېقىلغۇ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. ماشىنىدا يېقىلغۇ مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
- ماشىنىنى "سوغۇق" قوزغاتقاندا، سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرا سائىتىنىڭ (B) ئىستىرېلكىسى سائەتنىڭ سول تەرىپىدە (سوغۇق) تۇرىدۇ. ئەگەر قىزىق موتورنى قايتا قوزغاتقاندا، سائەت ئىستىرېلكىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.
- ۋولتمېتىرنىڭ (C) ئىستىرېلكىسى قىزىل ۋە قارا ئورۇندىن (12 ۋولت) ئازراق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ "نورمال" دائىرە ئىچىدە تۇرىدۇ. ئەگەر توك بېسىمى تۆۋەن بولسا، ئاككۇمۇلياتور تولۇق زەرەتلەنمەيدۇ، موتورنى قوزغىتىش تەس بولىدۇ. ئەگەر ئاككۇمۇلياتور نورمال زەرەتلەنمىسە، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.
- موتور ئاپتول بېسىمىنىڭ ئىندىكاتورى (D) ۋە توختىتىش (STOP) ئىندىكاتورىنىڭ (E) ئىشلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. ئاپتول بېسىمىنىڭ ئىندىكاتورى مۇقىم يانىدۇ، توختىتىش (STOP) ئىندىكاتورى چاقنايدۇ. ئەگەر چىراغ يانمىسا، ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى تاقاپ سەۋەبىنى ئېنىقلاڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلسا، توختىتىپ قويۇش ئىندىكاتورى (F) ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (G) مۇقىم يانىدۇ.*

6. **لامپۇچكىنى تەكشۈرۈش:**

1. تورمۇزلاپ قويۇڭ.
2. خوتنى قۇرۇق خوتقا سېلىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.
4. ئاچقۇچنى بۇراپ قوزغىتىش (START) ئورنىغا ئەكىلىڭ.

A - يېقىلغۇ ئۆلچىگۈچ (سائىتى)
B - تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ
C - ۋولتمېتىر
D - ئاپتول بېسىمى ئىندىكاتورى
E - توختىتىش ئىندىكاتورى
F - توختىتىپ قويۇش ئىندىكاتورى
G - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى

ئەگەر ھېچقانداق چىراغ يانمىسا، كابىنكا ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

OUO6043,0001511 -UG-02OCT06-2/4

**مۇھىم: 30 سېكۇنتتىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە، ستاتور بۇزۇلۇپ قالىدۇ. ستاتورنى بىر قېتىمدا 30 سېكۇنتتىن ئارتۇق ئىشلەتمەڭ. ئەگەر موتور قوزغالمىسا، قايتا قوزغىتىشتىن بۇرۇن ئاز دېگەندە ئىككى مىنۇت ساقلاڭ.**




7. موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، گۇدۇك بېرىپ ئەتراپتىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇڭ. ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى (A) ئوڭغا بۇراپ "START" ئورنىغا ئەكىلىڭ. موتور ئوت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاچقۇچنى قويۇۋېتىڭ. ئەگەر ئاچقۇچ موتور ئوت ئېلىشتىن بۇرۇن كەينىگە يېنىپ كەتسە، ئۇ ھالدا موتورنى قايتا ئوت ئالدۇرۇشتىن ئاۋۋال ستاتور ۋە موتور نۆۋەتتىكى ھەرىكىتىدىن توختىغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇڭ.

A - ئاچقۇچ ئۆزچاتى

OUO6043,0001511 -UG-02OCT06-3/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە




**مۇھىم: ئەگەر ئاپتول بېسىمى تۆۋەن بولسا ياكى ئاستا يۇقىرىلىسا، موتور بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. موتورنى قوزغاتقاندىن كېيىن، موتور ئاپتول بېسىمىنىڭ ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى ئۆچكىچە تېزلىكنى ئاشۇرماڭ ياكى موتورغا يۈك چۈشۈرمەڭ.**

8. ئاپتول بېسىم ئىندىكاتورى (A) ۋە توختىتىش (STOP) ئىندىكاتورى (B) چوقۇم ئۆچۈشى لازىم. ۋولتمېتىرنىڭ (C) ئىستىرېلكىسى زەرەتلەش ئورنىغا يۆتكىلىشى كېرەك.

*ئىزاھات: ئەگەر توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلسا، توختىتىپ قويۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورلىرى يېنىپ تۇرىدۇ.*

**مۇھىم: نورمال ئەھۋال ئاستىدا، تۆۋەندىكىدەك ۋاقىتلاردا تۇربىنىلىق بېسىم ئاشۇرغۇچنى ئاسراڭ:**

**قوزغىتىش: موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى مىنۇتىغا 1000 قېتىمدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ، موتورنىڭ نورمال قۇرۇق مېڭىش سۈرئىتى مىنۇتىدا (800-900 قېتىم بولسۇن).**

**تاقاش: موتورنى توختىتىشتىن بۇرۇن، ئاز دېگەندە بىر ئىككى مىنۇت قۇرۇق ماڭدۇرۇش ئارقىلىق.**

*ئىزاھات: ئەگەر موتور يۈك ھالىتىدە مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا ئۆچۈپ قالسا، زىيادە قىزىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن موتورنى دەرھال قايتا قوزغىتىڭ.*

9. ئۆزچاتنى (D) پەسكە بېسىپ موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ ئېكرانىنى كۆرۈڭ.

A - ئاپتول بېسىم ئىندىكاتورى
B - توختىتىش ئىندىكاتورى
C - ۋولتمېتىر
D - ئۆزچات

OUO6043,0001511 -UG-02OCT06-4/4

## سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى




سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى 110 سېلسىيە گرادۇستىن (230 فارېنگېيت) بولغاندا، ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى 110 سېلسىيە گرادۇستىن (230 فارېنگېيت) تۆۋەن بولغىچە ئىندىكاتور يېنىپ تۇرىدۇ ياكى گىدرو سۈيۈقلۇق تۇتقۇچىنى چىراغ ئۆچكىچە كەينىگە سۈرۈش ئارقىلىق ماشىنا يۈكى تۆۋەنلىتىلىدۇ.

**مۇھىم: ئەگەر ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى يانسا، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچىنى (B) تەكشۈرۈڭ. بەك قىزىپ كەتكەن موتورنى ئىشلەتمەڭ، بولمىسا بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ.**

1. تۆۋەن خوتقا سېلىش ئارقىلىق ماشىنىنىڭ يۈكىنى كېمەيتىڭ ياكى چىراغ ئۆچكىچە گىدرو دەستىنى ئارقىغا تارتىڭ. ئەگەر چىراغ يېنىپ تۇرسا، كېيىنكى قەدەمگە ئۆتۈڭ.

2. موتورنى توختىتىڭ.

3. يان سېتكا، رادىياتور ۋە ئاپتول سوۋۇتقۇچنى تازىلاڭ.

4. موتورنى سوۋۇتۇڭ.

A - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى
B - تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ

OUO6043,0001512 -UG-20SEP06-1/1

## سوغۇق ھاۋادا موتورنى قوزغىتىش

**دىققەت: ئەگەر ماشىنىنى قوزغىتىۋاتقاندا ماشىنا تۇيۇقسىز ئالدىغا مېڭىپ كەتسە، يارىلىنىش ياكى ئۆلۈپ خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ماشىنىنى قوزغاتقاندا، تورمۇزنى دەسسەڭ، خوتنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ ھەمدە ماشىنا ئەتراپىدا ھېچقانداق ئادەم تۇرمىسۇن.**

**موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، زىيانلىق گازنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېتەرلىك ساپ ھاۋا بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.**




**A** - توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى

1. گىدرو دەستىسى ۋە خوت دەستىسىنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ.

2. ماي كىلاپان ئۆزچاتىنى بوش ئورۇنغا قويۇڭ.

3. موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، چىراغ ۋە قوشۇمچە ئۈسكۈنە ئۆزچاتلىرىنى تاقىۋېتىڭ.

4. ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى بۇراپ ئېچىش ئورنىغا ئەكىلىڭ.

5. ئەگەر يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسى 5- سېلسىيە گرادۇستىن (23 فارېنگېيت) تۆۋەن بولسا، توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ. (شوپۇر ئورنى بۆلىكىدىكى توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى قىسمىغا قاراڭ.)

**مۇھىم: 30 سېكۇنتتىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە، ستاتور بۇزۇلۇپ قالىدۇ. ستاتورنى بىر قېتىمدا 30 سېكۇنتتىن ئارتۇق ئىشلەتمەڭ. ئەگەر موتور قوزغالمىسا، قايتا قوزغىتىشتىن بۇرۇن ئاز دېگەندە ئىككى مىنۇت ساقلاڭ.**

**دىققەت: موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، گۇدۇك بېرىپ ئەتراپتىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇڭ.**

6. توك بىلەن قىزدۇرغۇچ ئىندىكاتورى ئۆچكەندىن كېيىن، ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى ئوڭغا تولۇق بۇراپ ستاتورنى چېتىڭ. موتور ئوت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاچقۇچنى قويۇۋېتىڭ.

OUO6043,0001513 -UG-29SEP06-1/1

## سوۋۇتقۇچ قىزىتقۇچ - سەپلەنگەن بولسا






**دىققەت: توك سوقۇۋېتىش ياكى خەتەرلىك مەشغۇلاتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىم ئۈچ باشلىق چاتقۇچ بار بولغان توك سىمى (روزېتكا) ئىشلىتىڭ. ئەگەر ئىككىدىن ئۈچكىچە بولغان ئاداپتېر ئىشلىتىلسە، يېشىل سىمنى دائىم يەر سىم ئورنىدا چېتىڭ.**

**قىزىتقۇچنى توك مەنبەسىگە چېتىشتىن بۇرۇن، دېتالنى ئاۋۋال سوۋۇتقۇچ ئىچىگە چىلاڭ. ئىسسىتقۇچ بىلەن ھەرگىزمۇ ھاۋانى قىزىتماڭ. ئۇنداق بولمىغاندا، دېتالنىڭ قوغداش غىلىپى يېرىلىپ كېتىپ، ئادەم يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

1000 ۋاتلىق، 110 ۋولتلىق سوۋۇتقۇچ قىزىتقۇچ (A) موتورنىڭ ئالدى يېنىدىكى توگلاتقۇچ پۇرۇپكىسىنىڭ ئېغىزىغا ئورنىتىلغان. موتور سوۋۇتقۇچنى قىزىتىش ئارقىلىق، ئاپتولنىڭ سۈركىلىش كۈچىنى ئازايتىپ، موتورنى قوزغىتىشنى ئاسانلاشتۇرغىلى ۋە قىزىتىش ۋاقتىنى قىسقارتىشقا بولىدۇ.

ماشىنىغا سوۋۇتقۇچ قىزىتقۇچنى توغرا تاللاش ئۈچۈن، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A** - سوۋۇتقۇچ ئىسسىتقۇچ

OUO6043,0001390 -UG-31JAN01-1/1

## سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش

**مۇھىم: ھاۋا بەك سوغۇق مۇھىتتا، گىدروستاتىك پومپىسىدا بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ھاۋا سوغۇق ۋاقىتتا، گىدروستاتىك خوت ئاپتولى قويۇقلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ھەيدەشتىن بۇرۇن چوقۇم قىزىتىش لازىم. ئاپتول قىزىتىلمىسا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. پاختا تېرىش ماشىنىسىنى ھەيدەشتىن بۇرۇن، تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق ئاپتولنى قىزىتىڭ:**

1. ماشىنىنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، گىدرو دەستە نېيترال ئورۇندا تۇرسۇن، توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلسۇن، خوت نېيترال ئورۇندا تۇرسۇن ھەمدە قۇرۇلما ۋە شامالدۇرغۇچ ئۈزچاتى ئۈزۈۋېتىلسۇن.
2. موتورنى قوزغىتىپ، ئوتتۇرھال ھالەتتە 4 مىنۇت قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ.
3. ماشىنىنى يۆتكەشتىن بۇرۇن، ئاساسىي خوتنى نېيترال ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، گىدرو دەستىنى ئالدىغا يېرىم ئورۇنغىچە سۈرۈڭ ھەمدە موتورنى ئوتتۇرھال سۈرئەتتە يەنە 4 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ.

OUO6043,0001514 -UG-20SEP06-1/1

## موتورنى قىزىتىش




**مۇھىم: سىلىقلاشنىڭ كەم بولىشى سەۋەبلىك موتورنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، موتورنى ئوتتۇرھال سۈرئەتتە، يۈكسىز ھالەتتە 2 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن بولغاندا، بۇ ۋاقىتنى 2 مىنۇتتىن 4 مىنۇتقا ئۇزارتىش لازىم.**

موتور مۇۋاپىق قىزىشتىن بۇرۇن، موتورغا تولۇق يۈك چۈشۈرمەڭ. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرا سائىتىگە قاراپ موتورنىڭ قىزىش ۋاقتىنى بېكىتىڭ.

OUO6043,0001515 -UG-20SEP06-1/1

## موتورنى قۇرۇق ماڭغۇزۇش

**مۇھىم: موتورنى زىيادە قۇرۇق ماڭدۇرماڭ. قۇرۇق ماڭدۇرۇش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، موتور سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال دائىرىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ماس ھالدا يېقىلغۇنىڭ تولۇق كۆيمەسلىكى سەۋەبىدىن جەينەكلىك ئوق ئاپتولىنىڭ سۈيۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە كىلاپان، پورشېن ۋە پورشېن ھالقىسى ئەتراپىدا يېپىشقاق ماددىلارنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە، كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش سىستېمىسىدا تېز سۈرئەتتە ماتور پاتقىقى ۋە چالا كۆيگەن يېقىلغۇ ھاسىل بولىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ.**

**موتور قىزىپ نورمال مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسىغا يەتكەندە، تۆۋەن سۈرئەتتە قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ. بەش مىنۇتتىن ئارتۇق قۇرۇق ماڭدۇرۇشقا توغرا كەلسە، موتورنى توختىتىپ كېيىنچە قايتا قوزغىتىڭ.**

AG,OUO1011,1076 -UG-07SEP99-1/1

## موتورنى توختىتىش




1. ماشىنىنى توختىتىپ، گىدرو دەستىسىنى ۋە خوت دەستىسىنى (A) نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ. تورمۇزنى «توختىتىپ قويۇش» ئورنىغا ئەكىلىڭ.

**مۇھىم: تۈربىنا ۋە بىر قىسىم موتور زاپچاسلىرى ئاپتول ئارقىلىق سوۋۇتىلىدۇ. قىزىق موتورنى تۇيۇقسىز توختاتقاندا بۇ زاپچاسلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

2. ماي كىلاپىنىنىڭ ئۇزچاتىنى (B) بوش ئورۇنغا قويۇڭ. موتورنى ئىككى مىنۇت قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ.

3. قۇرۇلمىنى پەسەيتىڭ.

4. ئوت ئالدۇرۇش ئۇزچاتىنى (C) تاقاپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

5. بارلىق ئۇزچاتلار چوقۇم تاقالغان بولسۇن.

**A** - خوت دەستىسى
**B** - دەرپەردە ئۇزچاتى
**C** - ئوت ئالدۇرۇش ئۇزچاتى

AG,OUO1011,1077 -UG-15AUG06-1/1

## ماشىنىنى ھەيدەشكە تەق قىلىش

**دىققەت: بىخەتەر ھەيدەش تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلمىغاندا ئۇزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. بىخەتەر ھەيدەش تەرتىپلىرىگە چوقۇم رىئايە قىلىڭ.**

**كوزۇپىلارنى چۈشۈرگەندە ياكى سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە، ئەگەر ماشىنا توك سىملىرىغا تېگىپ كەتسە ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئۈستىدىكى توك سىملىرىغا قاراڭ ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭ.**

- دائىم بىخەتەرلىك تاسمىسى تاقاڭ.
- ئايلانغاندا ۋە ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ماڭغاندا ئاستا ھەيدەڭ.
- توك سىملىرى، كۆۋرۈك ياكى ئىشىك ئاستىدىن ئۆتكەندە ئارىلىقنى تەكشۈرۈڭ.
- رادىيونىڭ ئانتېنناسىنى ئېلىۋېتىڭ ياكى پەسلىتىپ قويۇڭ.
- ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدىن پىلانلاپ ماشىنىنى ئاستا توختىتىڭ.
- دېتال ياكى كوزۇپنى ئاستا ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا، ھەرگىز سېۋەتنى يۇقىرى چۈشۈرۈش ھالىتىدە قويۇپ تۇرۇپ ھەيدىمەڭ.



- تېرىش قۇرۇلمىسىنى چېتىپ قويۇپ تۇرۇپ ماشىنىنى ھەرگىز يۆتكىمەڭ.

ماشىنىنى ھەيدەشتىن بۇرۇن، تۆۋەندىكىلەرنى تەڭشەڭ:

- ئورۇندۇق
- رول دەستىسى
- ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكى
- چىراغ

AG,OUO1011,1079 -UG-07SEP99-1/1

## تورمۇز تاقىقىنى ئىشلىتىش

تۈۋەن سۈرئەتتە ئايلىنىشقا ياردىمى بولىشى ۋە تورمۇزلارنى ئايرىم ئىشلىتىش ئۈچۈن، تورمۇز چاتقۇچىنى ئوڭ تەرەپتىكى ئورۇنغا (A) قايرىڭ. بۇرۇلۇش يۆنىلىشىگە ماس كېلىدىغان تورمۇز پېدالىنى پەسكە بېسىڭ.

ماشىنىنى يۇقىرى سۈرئەتتە ھەيدەش زۆرۈر بولغاندا ياكى تۆۋەن سۈرئەتتە بۇرۇلۇشقا ياردەم قىلىش زۆرۈر بولمىغاندا، تورمۇز تاقىقىنى سول تەرەپتىكى ئورۇنغا (B) سۈرۈش ئارقىلىق تورمۇزلارنى ئۆزئارا چېتىشقا بولىدۇ.

**A - تاقاقنى ئېچىش ئورنى**
**B - تاقاق سېلىش ئورنى**




*تاقاقنى ئېچىش ئورنى*




*تاقاق سېلىش ئورنى*

OUO6043,0001517 -UG-25OCT01-1/1

## خوتقا سېلىش




A - خوت دەستىسى
B - گىدرو دەستىسى

1. خوت دەستىسىنى (A) خالىغان خوتقا سېلىڭ (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ). ئەگەر خوت دەرھال خوتقا چۈشمىسە، گىدرو دەستىسىنى (B) ئاستا ھەرىكەتلەندۈرۈپ خوتنى ئۆدۈللاڭ.

2. ئالدىغا مېڭىش ئۈچۈن (تېرىش ۋە يۆتكەش)، گىدرو دەستىنى ئالدىغا سۈرۈڭ، ئارقىغا مېڭىش ئۈچۈن ئارقىغا سۈرۈڭ.

| مەشغۇلات تىپى ئىككى چاق تارتىش | خوت | تېرىش قۇرۇلمىسى | km/h (mph) |
|---|---|---|---|
| تېرىش | 1 | چېتىش | 0-6.1 (0-3.8) |
| تېرىش | 2 | چېتىش | 0-7.2 (0-4.5) |
| يۆتكەش | 3 | ئۆزۈۋېتىش | 0-25.1 (0-15.6) |
| كەينىگە | 1 | ئۆزۈۋېتىش | 0-4.3 (0-2.7) |
| كەينىگە | 2 | ئۆزۈۋېتىش | 0-5.0 (0-3.1) |
| كەينىگە | 3 | ئۆزۈۋېتىش | 0-17.2 (0-10.7) |
| **مەشغۇلات تىپى تۆت چاق تارتىش** | **خوت** | **تېرىش قۇرۇلمىسى** | **km/h (mph)** |
| تېرىش | 1 | چېتىش | 0-4.7 (0-2.9) |
| تېرىش | 2 | چېتىش | 0-5.6 (0-3.5) |
| يۆتكەش | 3 | ئۆزۈۋېتىش | 0-14.5 (0-9.0) |
| كەينىگە | 3 | ئۆزۈۋېتىش | 0-8 (0-5.0) |

OUO6043,0001518 -UG-20SEP06-1/1

## دەرپەردە ئۆزچاتىنى ئىشلىتىش




*ئىزاھات: ھاۋا سىستېمىسىدىن ھاۋانىڭ تولۇق چىقىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پاختا يىغقاندا دەرپەردە دائىم تېز مەشغۇلات قىلىش ھالىتىدە تۇرۇشى لازىم.*

دەرپەردە ئۆزچاتىنى (A) قۇرۇق مېڭىش ئورنىدا قويۇڭ ياكى ئېھتىياجغا قاراپ تېز مەشغۇلات قىلىش ئورنىغا قويۇڭ.

A - دەرپەردە ئۆزچاتى

OUO6043,0001519 -UG-27SEP06-1/1

## ماشىنىنى ھەيدەش




تاقاق سېلىنمىغان ھالەت كۆرسىتىلدى

**A - تورمۇز تاقىقى**

**دىققەت: ماشىنا بەك ئېغىر. ئەگەر ماشىنا تۇيۇقسىز ئالدى-ئارقىغا مېڭىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ماشىنىنى ھەيدەشتىن بۇرۇن، ئەتراپتىكى كىشىلەر ۋە نەرسىلەر ماشىنىدىن يىراق تۇرسۇن.**

1. تورمۇز تاقىقىنى (A) خالىغان ئورۇنغا قويۇڭ.
2. تورمۇزنى قويۇپ بېرىڭ.
3. خوتنى خالىغان خوتقا سېلىڭ.
4. گىدرو دەستىسىنى ئالدىغا ئاستا ئىتتىرىپ مېڭىش تېزلىكىنى ئاشۇرۇڭ.

OUO6043,000151A -UG-25OCT01-1/1

## ماشىنىنى توختىتىش




1. ماشىنىنى ئاستىلىتىش ۋە توختىتىش ئۈچۈن، گىدرو دەستىسىنى (A) ئاستا نېيترال ئورۇنغا قايتۇرۇڭ.
2. تورمۇزنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ ماشىنىنى سىلىق توختىتىڭ ۋە ماشىنىنى مۇقىم تۇرغۇزۇڭ.
3. موتورنىڭ سۈرئىتىنى قۇرۇق ئايلىنىش ھالىتىگە چۈشۈرۈڭ.

**A - گىدرو دەستىسى**

OUO6043,000151B -UG-11AUG06-1/1

## ماشىنىنى توختىتىپ قويۇش







1. ماشىنىنى تەكشى يەردە توختىتىپ، توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.

2. دەرپەردە ئۇزچاتىنى (A) قۇرۇق مېڭىش ھالىتىدە قويۇڭ.

3. خوت دەستىسىنى (B) نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ.

4. گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش ئۇزچاتىنى (F) ئىشلىتىپ، تېرىش قۇرۇلمىسىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ.

5. قۇرۇلمىنى چېتىش دەستىسى (C) ئارقىلىق تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ.

6. شامالدۇرغۇچنى چېتىش ئۇزچاتى (D) ئارقىلىق پاختا شامالدۇرغۇچنى ئۈزۈۋېتىڭ.

7. ئەگەر سېۋەت كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنى تۆۋەنلىتىڭ.

8. بارلىق چىراغ ۋە قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

**مۇھىم: خىزمەت يۈكىدە ئىشلەۋاتقان موتورنى توختىتىشتىن بۇرۇن، موتورنى ئاز دېگەندە ئىككى مىنۇت تۆۋەن تېزلىكتە قۇرۇق ماڭدۇرۇپ تۇرۇپ، ۋە موتورنىڭ قىزىق دېتاللىرىنى سوۋۇتۇڭ. ئەگەر موتور مۇۋاپىق سوۋۇتۇلمىسا، بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ.**

9. ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى (E) تاقاپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A** - دەرپەردە ئۇزچاتى
**B** - خوت دەستىسى
**C** - قۇرۇلمىنى چېتىش دەستىسى
**D** - شامالدۇرغۇچنى چېتىش ئۇزچاتى
**E** - ئاچقۇچ ئۇزچاتى
**F** - قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش ئۇزچاتى

OUO6043,000151C -UG-18SEP06-1/1

## ئېتىز ۋە تاشيولدا يۆتكەش چىراغلىرىنى ئىشلىتىش

**دىققەت: مەيلى كۈندۈز مەيلى كېچە بولسۇن، ماشىنىنى يولدا ياكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا يۆتكىگەندە، چىراغ ۋە ئۇسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ باشقا ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرىغا يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يەرلىكنىڭ چىراغ ئىشلىتىشكە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈڭ. ھەر خىل بىخەتەرلىك ئۇسكۈنىلىرىنى جون دىئىر سودىگىرىدىن سېتىۋالالايسىز. خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى ياخشى ئاسراڭ. چۈشۈپ قالغان، ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇڭ.**

**باشقا شوپۇرلارنىڭ قايمۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاممىۋى يولدا يۆتكىگەندە خىزمەت چىراغلىرىنى ئىشلەتمەڭ.**

چىراغ ئۈزچاتى (A) ئاچقۇچ ئۈزچاتى ئېچىلمىسىمۇ ئىشلەيدۇ.

*ئىزاھات: يورۇتۇش ھەققىدە يەرلىكنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قاراڭ.*




**A - چىراغ ئۈزچاتى**

| چىراغ ئۈزچاتىنىڭ ئورنى | ئىقتىدارى |
|---|---|
| (B) | بارلىق چىراغ تاقالغان |
| (C) | خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى ئىشلىتىش |
| (D) | ئالدى چىراغ، ئارقا چىراغ، ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى، ئۇسكۈنە چىرىغى ۋە كونترول سۇپىسىنىڭ چىرىغى |
| (E) | ئالدى چىراغ، ئارقا چىراغ، ئۇسكۈنە چىرىغى ۋە لەمپە چىرىغى |

*ئىزاھات: ئېتىز مەشغۇلاتى ئۈچۈن سېۋەت چىرىغىنى ئېچىش ئۈچۈن، شوپۇر ئورنى دېگەن بۆلەكتىكى رول تەگلىكى ۋە پول ئۈزچاتلىرى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.*

OUO6043,000151D -UG-11AUG06-1/1

## ماشىنىنى ئاممىۋى يولدا ھەيدەش ۋە يۆتكەش




تورمۇز تاقالغان




**A** - تورمۇز تاقالغان　**B** - بۆرجەكتىكى تاقاقنىڭ مىخى　**C** - پۇرژىنىلىق مىخ

**دىققەت: مەيلى كۈندۈز مەيلى كېچە بولسۇن، ماشىنىنى يولدا ياكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا يۆتكىگەندە، چىراغ ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىپ باشقا ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرىغا يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يەرلىكنىڭ چىراغ ئىشلىتىشكە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈڭ. ھەر خىل بىخەتەرلىك ئۇسكۇنىلىرىنى جون دىئىر سودىگىرىدىن سېتىۋالالايسىز. خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى ياخشى ئاسراڭ. چۈشۈپ قالغان، ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇڭ.**

**باشقا شوپۇرلارنىڭ قايمۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاممىۋى يولدا يۆتكىگەندە خىزمەت چىراغلىرىنى ئىشلەتمەڭ.**

- تورمۇزلارغا ئۆزئارا تاقاق (A) سېلىپ قويۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى تورمۇز تاقىقىنى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ.
- ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ماڭغاندا مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىڭ.
- تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئەڭ يۇقىرى قىلىپ، بىخەتەرلىك توختاتقۇچنى پەسەيتىڭ.
- ئىلاجى بار يولنىڭ چېتىدە مېڭىپ بىخەتەر ھەيدەڭ.
- ئايلانغاندا تېزلىكنى ئاستىلىتىڭ.
- ھەرگىز سېۋەتنى يۈك توشۇش ھالىتىدە قويۇپ ھەيدىمەڭ.

**مۇھىم: سېۋەت ئۆزارتقۇچ تۆۋەنلىتىلگەن ھالەتتە تۇرغاندا، سېۋەت ئۆزارتقۇچنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى سول تەرەپ بۆلۈك تاقىقىنىڭ مىخىنى چېتىڭ.**

- بۆلۈڭدىكى چاتقۇچ مىخنى (B) چېتىڭ ۋە پۇرژىنىلىق مىخنى (C) ئورنىتىڭ.
- توك سىملىرى، كۆۋرۈك ياكى ئىشىك ئاستىدىن ئۆتكەندە ئارىلىقنى تەكشۈرۈڭ. ئۆزارتقۇچنى تۆۋەنلىتىپ يۆتكەش ھالىتىگە ئەكىلىش زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن. بۇ بۆلەكتىكى تېلېسكوپىك (ئۆزىرىش-قىسقىرىش) سېۋەتنى تۆۋەنلىتىش ۋە يۇقىرىلىتىش قىسمىغا قاراڭ. رادىيو ئانتېنناسىنى پەسكە چۈشۈرۈڭ. ماشىنىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ھەققىدە تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بۆلىكىگە قاراڭ.
- پاختا تېرىش ماشىنىسىنى ئاممىۋى يولدا يۆتكەشتىن بۇرۇن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېگىزلىك ۋە كەڭلىككە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى تەكشۈرۈڭ.
- يولدا يۆتكىگەندە تېرىش قۇرۇلمىسىنى دائىم ئۆزۈۋېتىڭ. بۇ شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسىنى كۈچتىن قالدۇرىدۇ. شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى بۆلىكىگە قاراڭ.
- توك سىملىرىدىن نېرى تۇرۇڭ.
- ماشىنىنىڭ يۆتكەش ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكىنى بىلىۋېلىڭ ھەمدە يۆتكەشتىن بۇرۇن يەرلىك مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى تەكشۈرۈڭ.

OUO6043,000151E -UG-25OCT01-1/2

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

- ئايلانغاندا دائىم بۇرۇلۇش سىگنالىنى ئىشلىتىڭ (بۇرۇلۇش سىگنالى ئاچقۇچ ئۈزچاتى ۋە چىراغ ئۈزچاتىدىن ئايرىم ئىشلەيدۇ). ئۈزچات دەستىسىنى پەسكە بېسىپ سولغا بۇرۇلۇش سىگنالى بېرىڭ، ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئوڭغا بۇرۇلۇش سىگنالى بېرىڭ.




**A - بۇرۇلۇش ئىندىكاتور چىراغلىرى**
**B - بۇرۇلۇش ئىندىكاتور چىرىغى**

OUO6043,000151E -UG-25OCT01-2/2

## پاختا تېرىش ماشىنىسىنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىش (سۆرەش)

**دىققەت: دائىم مۇۋاپىق كېلىدىغان زەنجىر ئىشلىتىڭ. زەنجىرنىڭ ئۈزۈلۈشكە بەرداشلىق بېرىش نۇقتىسىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ. زەنجىر بىلەن سۆرەش تاسمىسى ياكى ئارغامچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەڭ. ئەگەر ئۈزۈلۈپ كەتسە، سۆرەش ئۈسكۈنىسىدە ساقلانغان ئېنېرگىيە بەدەنگە نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**







1. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى قويۇۋېتىڭ.

2. خوت دەستىسى (A) ۋە گىدرو دەستىسىنى (B) نېيترال ئورۇنغا يۆتكەڭ.

**مۇھىم: تېرىش قۇرۇلمىسى يەرگە تېگىپ كەتسە بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ. ماشىنىنى تارتىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈڭ.**

3. قۇرۇلمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ بىخەتەرلىك توختاتقۇچنى قۇرۇلمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش پورشېن دەستىسىنىڭ ئۈستىگە چېتىڭ.

4. زەنجىرنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى چېتىش نۇقتىسىغا چىڭ چېتىڭ. پاختا تېرىش ماشىنىسىنى دائىم تۈز تارتىپ چىقىرىڭ. ھەرگىز چېتىش نۇقتىسىدىن يانغا تارتماڭ. زەنجىرنى مۇقىم تارتىڭ. كۈچەپ تارتماڭ.

**A - خوت دەستىسى**
**B - گىدرو دەستىسى**
**C - چېتىش نۇقتىسى**

MM95366,0000108 -UG-17SEP10-1/1







## ماشىنىنى ئىتتىرىش

1. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى قويۇپ بېرىڭ.

2. خوت دەستىسى (A) ۋە گىدرو دەستىسىنى (B) نېيترال ئورۇنغا يۆتكەڭ.

**مۇھىم: تېرىش قۇرۇلمىسى يەرگە تېگىپ كەتسە بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ. ماشىنىنى ئىتتىرىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنى ئەڭ ئۈستىگە يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.**

3. ماشىنىنى ئىتتىرىۋاتقاندا قۇرۇلمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. بىخەتەرلىك توختاتقۇچنى قۇرۇلمىنىڭ كۆتۈرۈش پورشىنىنىڭ دەستىسى ئۈستىگە تۈۋەنلىتىپ قويۇڭ.

**دىققەت: يېقىلغۇ ئىنتايىن كۆيۈشچان بولۇپ، مۇبادا ئوت ئېلىپ كەتسە يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يېقىلغۇ باكىنى ئىتتىرمەڭ، چۈنكى يېقىلغۇ باكى يېرىلىپ كەتسە يېقىلغۇ ئېقىپ كېتىدۇ.**

4. ئاساسىي رامكىنى (C) ئىتتىرىڭ. ئەگەر ماشىنىغا ئېغىرلىق تىرەڭ جازىسى سەپلەنگەن بولسا، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى كرېست دەستىنى ئىتتىرمەڭ.

**A** - **خوت دەستىسى**
**B** - **گىدرو دەستىسى**
**C** - **ئاساسىي رامكا**

OUO6043,000151F -UG-11AUG06-1/1

## شامالدۇرغۇچ ۋە قۇرۇلمىنى قوزغىتىش




A - دەرپەردە ئۇزچاتى
B - شامالدۇرغۇچ ئۇزچاتى
C - تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ دەستىسى
D - خوت دەستىسى
E - گىدرو دەستىسى

**دىققەت: ئەگەر ماشىنا تۈيۈقسىز ئالدى-ئارقىغا مېڭىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا، ماشىنا ئۈستىدە ياكى ئەتراپىدا باشقا ئادەم تۇرمىسۇن.**

**مۇھىم: قۇرۇلمىنىڭ كىرگۈزۈش سىيرىلىش مۇفتىسى سوغۇق تېمپېراتۇردا قوزغاتقاندا سىيرىلىدۇ. مۇفتا ئېغىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، موتورنىڭ سۈرئىتىنى بارا-بارا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قۇرۇلمىلار تېز ھالەتتە ئىشلەيدىغان ۋە مۇفتا سىيرىلىپ كەتمەي ئىشلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈڭ.**

1. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.
2. ماي كىلاپان ئۇزچاتىنى (A) قۇرۇق مېڭىش ئورنىغا قويۇڭ (ئەگەر موتور تۆۋەن سۈرئەتتە بولمىسا شامالدۇرغۇچ چېتىلمايدۇ.
3. شامالدۇرغۇچ ئۇزچاتىنى (B) بېسىپ شامالدۇرغۇچنى ئېچىڭ.
4. تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ دەستىسىنى (C) تولۇق ئالدىغا ئىتتىرىپ تېرىش قۇرۇلمىسىنى چېتىڭ.
5. خوت دەستىسىنى (D) نېيتral ئورنىغا قويۇپ، گىدرو دەستىسىنى (E) ئاستا ئالدىغا ئىتتىرىپ قۇرۇلمىنى قوزغىتىڭ.

OUO6043,0001520 -UG-15AUG06-1/1

## تېرىش قۇرۇلمىسىنى تۆۋەنلىتىش




A - يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش - بارلىق قۇرۇلمىنىڭ ئۇزچاتى
B - يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش سول قول تەرەپ رامكىنىڭ ئۇزچاتى
C - يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش ئوڭ قول تەرەپ رامكىنىڭ ئۇزچاتى

گىدرو دەستە ئۈستىدىكى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش - بارلىق قۇرۇلمىنىڭ ئۇزچاتىنى (A) ئىشلىتىپ قۇرۇلمىلارنى تۆۋەنلىتىڭ. بۇ ئېگىزلىك سېزىش سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. قۇرۇلمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئۇزچاتنىڭ سول تەرىپىنى بېسىڭ. قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن، ئۇزچاتنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بېسىڭ.

قۇرۇلمىنىڭ ئېگىزلىك سېزىش تاقىسى قۇرۇلما بىلەن يەر ئارىسىدىكى مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلايدۇ. تەڭشەش ئۈچۈن، ئېگىزلىك سېزىش بۆلىكىگە قاراڭ.

قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش سول تەرەپ رامكىسىنىڭ ئۇزچاتى (B) ۋە قۇرۇلمىنى يۇقىرىلىتىش-تۆۋەنلىتىش ئوڭ تەرەپ رامكىسىنىڭ ئۇزچاتى (C) يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، قۇرۇلمىنى تۆۋەنلىتىڭ (سول ۋە ئوڭ تەرەپ قۇرۇلما رامكىسىغا ئورنىتىلغان قۇرۇلما)، بىراق ئېگىزلىك سېزىش سىستېمىسى قوزغىتىلمايدۇ. پەقەت بارلىق قۇرۇلمىنىڭ ئۇزچاتى (A) ئېگىزلىك سېزىش سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ. ئېگىزلىك سېزىش بۆلىكىگە قاراڭ.

OUO6043,0001521 -UG-11AUG06-1/1

## قۇرغا تۈۋەنلىتىشنى باشلاش

**مۇھىم: تېرىش قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. تاش، يىلتىز ۋە سىمدىن ھەزەر ئەيلەڭ. تېرىش قۇرۇلمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئېرىق ياكى باشقا توسالغۇلاردىن ساقلىنىڭ.**

- قۇرغا تۈۋەنلىتىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، تۈۋەندىكىلەرنى جەزم قىلىڭ:
- موتور ۋە تېرىش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق قىزىغان بولسۇن.
- موتور تېز سۈرئەتتە ئىشلىسۇن.
- نەمدەش سىستېمىسىنىڭ بېسىمى مۇۋاپىق بولسۇن.
- قۇرۇلمىلار قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلانسۇن.

OUO6043,0001522 -UG-25OCT01-1/1

## پاختا تېرىش




A - چىگداش بۇرغىسىنىڭ ئۈزچاتىنى قوزغىتىڭ

1. غوزا ۋە چىگىتنىڭ يوقاپ كېتىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن مېڭىش تېزلىكىنى تەڭشەڭ. بىرىنچى قېتىملىق تېرىشنى بىرىنچى خوتتا تۆرۈپ ئېلىپ بېرىڭ. ئىككىنچى خوت پەقەت ئىككىنچى قېتىملىق تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
2. قۇر بېشىغا كەلگەندە مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىڭ. ئايلىنىشقا ياردەمى بولۇش ئۈچۈن، ئېھتىياجغا قاراپ قۇر قۇرۇلمىسىنى تولۇق يۇقىرى كۆتۈرۈڭ ۋە ئايرىم تورمۇز پېدالىنى ئىشلىتىڭ.
3. سېۋەتنىڭ سىغىمىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، چىگداش بۇرغىسىنى تۈۋەندىكىدەك ئىشلىتىڭ:

پاختا ئالدى سېتكىنىڭ ئۈستىگە يېقىن كېلەي دېگەندە ۋە پاختا يوللىغۇچقا يىغىلغاندا، (ئاستىدىكى كونترول سۇپىسىنىڭ يېنىدىكى كابىنكا پولىغا جايلاشقان) ئۈزچاتنى (A) ئىشلىتىپ چىگداش بۇرغىسىنى پات-پات قوزغىتىڭ.

پاختا ئالدى سېتكىنىڭ ئۈستىگە ۋە پاختا يوللىغۇچقا لىق يىغىلغاندا، چىگداش بۇرغىسىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىڭ.

*ئىزاھات: سېۋەت ئاساسەن توشاي دېگەندە ياخشى ھۆكۈم قىلىڭ. تۆرۈبىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بالدۇرراق تۆكۈڭ.*

OUO6043,0001523 -UG-25OCT01-1/1

## توسۇلۇپ قالغان قۇرۇلمىغا ئىنكاس قايتۇرۇش




A - قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ دەستىسى
B - شامالدۇرغۇچ ئۇزچاتى
C - دەرپەردە ئۇزچاتى
D - خوت دەستىسى
E - گىدرو دەستىسى
F - ئاچقۇچ

تېرىش قۇرۇلمىسىغا توسالغۇ كىرىپ كەتكەندە، تۇلۇق مۇفتىسى سىيرىلىپ كېتىپ كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئىندىكاتور چىرىغىنى ياندۇرىدۇ، توختىتىش چىرىغى ياندۇ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەندە:

1. ماشىنىنى دەرھال توختىتىڭ.
2. دەستىنى (A) ئارقىغا تارتىپ قۇر قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ.
3. ئۇزچاتنى (B) ئىشلىتىپ شامالدۇرغۇچنى ئۈزۈۋېتىڭ.
4. قۇرۇلمىنى قىسمەن يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.
5. ماشىنىنى ئارقىغا بىر ئىككى مېتىر (ئۈچ فۇتتىن 6 فۇتقىچە) ياندۇرۇڭ.
6. ماي كىلاپىنىنىڭ ئۇزچاتىنى (C) قۇرۇق مېڭىش ئورنىغا ئەكىلىڭ.
7. خوت دەستىسى (D) ۋە گىدرو دەستىسىنى (E) "نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ".
8. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى دەسسەڭ (رەسىمدە كۆرسىتىلمىدى).
9. قۇرۇلمىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ (پەسەيتىڭ) ياكى قۇرۇلمىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچىنى ئورنىتىڭ.
10. ئاچقۇچنى (F) بۇراپ تاقاش (OFF) ئورنىغا ئەكىلىڭ ۋە ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

OUO6043,0001538 -UG-08AUG06-1/1

## تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ توسالغۇسىنى چىقىرىۋېتىش



**دىققەت: ئەگەر قۇرۇلما پەسكە چۈشۈپ كەتسە ياكى سىز ياكى باشقىلار قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلمىنى ئۈزۈۋەتمەي، موتورنى توختاتماي، خوت ۋە گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا قويماي تۇرۇپ ھەمدە تورمۇزنى چېتىپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىۋەتمەي تۇرۇپ،توسالغۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنماڭ. قۇرۇلمىلار تۆۋەن چۈشۈرۈلىشى ياكى قۇرۇلمىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچى ئورنىتىلىشى لازىم.**

ئەگەر مۇمكىن بولسا، قۇرۇلما ۋە توسالغۇنى چىقىرىۋېتىڭ.

ئەگەر توسالغۇنى چىقىرىۋېتىش تەسكە توختىسا، تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات قىلىڭ:



**دىققەت: ئوققا پۇرژىنىنىڭ بېسىمى چۈشىدۇ. قىرلىق بۇرما مىخ چىقىرىپ ئېلىنغاندا، ئوق تېز ئايلىنىدۇ ۋە پۇرژىنىنىڭ تارتىش كۈچى كېمىيىدۇ. زاپچاسلار قاڭقىپ چىقىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. كۇلۇچنى ئوقنىڭ ئۈستىگە بىخەتەر قويۇپ تۇرۇپ، پۇرژىنىنىڭ تارتىش كۈچى ئازايغاندا ئوقنى كونترول قىلىڭ.**




**A** - قالپاقلىق بۇرما مىخ
**B** - تەڭشەش تۆشۈكلىرى

1. قىرلىق بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ، بېسىم تاختىسىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى ئازايتىڭ. تەڭشەش تۆشۈكىنىڭ (B) رېزبىسى يوق بولىدۇ.
2. تۇلۇقنى قول بىلەن تەتۈر يۆنىلىشتە ئايلاندۇرۇڭ. (ئۇچى ئوچۇق كۇلۇچ بىلەن تۇلۇق ئوقنى ئايلاندۇرۇڭ.)
3. ئەگەر توسالغۇ يەنىلا چىقمىسا، تۇلۇقنى كۈچەپ ئارقىغا ئايلاندۇرۇڭ.
4. قۇرۇلمىنى تازىلاڭ ۋە تەكشۈرۈڭ.
5. بۇزۇلغان بولسا رېمونت قىلىڭ.
6. چىقىرىپ ئېلىنغان بارلىق دېتاللارنى ئورنىتىڭ ۋە تەڭشەڭ.

توسالغۇ چىقىرىپ ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن مۇفتا داۋاملىق سىيرىلىپ كەتسە، توسۇلۇپ قېلىش، تېرىش دەستىسى ئېگىلىپ كەتتىمۇ ياكى تۇلۇق توغرا ئۆردۈللاندىمۇ يوق، بۇلارنى تەكشۈرۈڭ.

ئەگەر ماشىنا قۇر ئېچىدە توختىتىلغان بولسا، پاختا تېرىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، بارلىق پاختا ئۇرچۇقتىن چىققىچە ۋە سۈمۈرۈش ئېغىزى پاكىز بولغىچە شامالدۇرغۇچ ۋە قۇرۇلمىنى ماگدۇرۇڭ.

AG,OUO1011,1151 -UG-08SEP99-1/1

## سېۋەتنى تۆكۈش



**دىققەت: ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا سېۋەتنى تۆكمەڭ:**

- **ئەگەر ماشىنا توك سىملىرىغا تېگىپ كەتسە.**
- **ئەگەر ماشىنا يانباغىردا تۇرغان بولسا.**
- **ئەگەر ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىش سېۋەتنى يېنىدا تۇرغان بولسا.**
- **ئەگەر ھەرقانداق ئادەم ماشىنا ئەتراپىدا تۇرغان بولسا.**

1. موتورنىڭ سۈرئىتىنى قۇرۇق ئايلىنىش ھالىتىگە چۈشۈرۈڭ.

2. تېرىش قۇرۇلمىسى ۋە شامالدۇرغۇچنى ئۈزۈۋېتىڭ.

3. ماشىنىنى جايىغا ئەكىلىڭ.

4. موتورنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇڭ.





OUO6043,0001524 -UG-11AUG06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە







5. سېۋەتنى تۆكۈش ئۈزچاتىنى (A) ئىشلىتىپ سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.

6. ئۈزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزچاتى (B) ئارقىلىق ئۈزىتىش قۇرۇلمىسىنى قوزغىتىڭ.

7. تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، سېۋەتنى تۆكۈش ئۈزچاتىنى ئىشلىتىپ سېۋەتنى تۆۋەنلىتىڭ.

8. موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىڭ.

9. قەرەللىك ئاسراش ئېلىپ بېرىڭ. «سىلىقلاش ۋە ئاسراش» بۆلىكىگە قاراڭ.

**A - سېۋەتنى تۆكۈش ئۈزچاتى**
**B - ئۈزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزچاتى**

OUO6043,0001524 -UG-11AUG06-2/2

## قۇرۇلمىنى يۆتكەش ئۈچۈن جايىغا قويۇش




**مۇھىم: ئۇستۇنكى تۇرۇبىغا تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىرتقى تۇرۇبا (A) چىڭىتىش ھالقىسىنى (B) بوشىتىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.**

**قۇرۇلمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە سېۋەتنى تۆۋەنلىتىشتىن بۇرۇن، نەيچىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 76 مىللىمېتىرلىق (3 دىيۇم) نەيچىنى شوتا تۇرۇبىسىدىكى پۇركۈش ئېغىزىدىن چىقىرىپ ئېلىڭ. نەيچىنى گىدرو نەيچىسىگە چېتىپ چىڭىتىڭ.**

تۆت قۇرنىڭ 965 ۋە 1016 مىللىمېتىرلىق ئارىلىقى بولغاندا، ئۇلارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرماي تۇرۇپمۇ يۆتكەش ئۈچۈن قۇرۇلمىلارنى مۇۋاپىق جايغا قويۇشقا بولىدۇ.

قۇر ئاتلاش: بىرىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلمىنى 965 مىللىمېتىرلىق ئاتلاش ئورنىغا قويۇڭ. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلمىنى 762 مىللىمېتىرلىق ئورۇنغا سۈرۈڭ.

باشقا قۇر ئارىلىقى: قۇرۇلمىلارنى 762 مىللىمېتىرلىق ئورۇنغا قويۇڭ.

**A** - سىرتقى تۇرۇبا
**B** - چىڭىتىش ھالقىسى




*تۆتىنچى ۋە ئۈچىنچى نومۇرلۇق تۇرۇبا*

OUO6043,0001525 -UG-25OCT01-1/1

## تېلېسكوپىك سېۋەتنى تۆۋەنلىتىش




مۇھىم: ئەگەر سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن بولسا، بىرىنچىدىن بەشىنچىگىچە بولغان قەدەم-باسقۇچ بويىچە ئىش قىلىڭ. ئەگەر بۇ قەدەم-باسقۇچلار بويىچە مەشغۇلات قىلىنمىسا، تېلېسكوپىك سېۋەت تۆۋەنلىتىلگەندە ماشىنا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

سىرتقى تۇرۇبا ئۈستۈنكى تۇرۇبىغا تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىرتقى تۇرۇبا (A) چىڭىتىش ھالقىسىنى (B) بوشىتىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

1. گىدرو نەيچىسىنىڭ تاسمىسىنى (C) قويۇپ بېرىڭ.




A - سىرتقى تۇرۇبا
B - چىڭىتىش ھالقىسى
C - نەيچە بېغى (تاسمىسى)

OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-1/8

داۋامى كېيىنكى بەتتە

2. (سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن ماشىنا) سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچنىڭ چېتىش ئورنىدىكى (ئالدى ۋە ئارقا) ئۇلىغۇچنى (A) ئېچىڭ.

**A** - ئۇلىغۇچ



ئالدى چېتىش ئورنى

OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-2/8

3. (سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن ماشىنا) پەقەت ئالدى تەرەپتىكى تۆكۈش ئۈزارتقۇچتا، مىخنى (B) چاتقۇچتىن (A) ئۈزۈپ ئېلىڭ.

*ئىزاھات: چېتىش ئورنىنى مۇۋاپىق تىرەڭ. مىخ ئېلىۋېتىلسە چاتقۇچ چۈشۈپ كېتىدۇ.*

4. (سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن ماشىنىلاردا) چاتقۇچنى ئېغىز چاتقۇچنىڭ ئۆستىگە قويۇڭ (C).

5. (سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن ماشىنىلاردا) مىخنى ئەسلى تۆشۈككە سېلىڭ.

**A** - چاتقۇچ
**B** - مىخ
**C** - ئېغىز چاتقۇچ



ئارقا چېتىش ئورنى

OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-3/8

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**







6. يۆرۈشلۈك مىخنى ئالدى سول تەرەپ بۆلۈكىدىكى سېۋەت تاقىقىنىڭ مىخىدىن (C) تارتىپ چىقىرىڭ ھەمدە مىخنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن تۇتقۇچنى ئايلاندۇرۇڭ. ئەگەر مىخنى تارتىپ چىقىرىشقا بولمىسا، يۈكنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇزارتقۇچ ئازراق يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى لازىم.

7. قۇلۇپلاش لىمىدىن (B) تېز قۇلۇپلاش مىخلىرىنى (ئۈچ تال) (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. قۇلۇپلاش لىمى بىر چەتكە سۈرۈلگەندىن كېيىن، تېز قۇلۇپلاش مىخنى ئورنىتىڭ.

**A - تېز قۇلۇپلاش مىخى**
**B - قۇلۇپلاش لىمى**
**C - سېۋەت تاقىقىنىڭ مىخى**

OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-4/8




8. سېۋەت ئۇزارتقۇچنى تۇرۇبا زەنجىرىنى چاتقىلى بولغىچە قىسمەن تۆۋەنلىتىڭ.

9. بولتىنى (B) تۆشۈك (C) ئىچىگە سۈرۈش ئارقىلىق تۇرۇبا زەنجىرىنى جازىغا (A) چېتىڭ. (يۇغۇچ جازىنىڭ ئۈستىدە بولىشى لازىم.)

10. بولتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەڭشەش ئارقىلىق زەنجىرنىڭ بوش يەرلىرىنى تەڭشەڭ.

**A - تىرەك**
**B - بولتا**
**C - سوقىچاق تۆشۈك**

OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-5/8

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

11. تۇربىنى تىرەش مىخنى (A) بوشىتىڭ (ئىككى يەردە بار) ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا چېتىلمىغىچە ئايلاندۇرۇڭ.

**A - تۇرۇبىنى تىرەش مىخى**




OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-6/8

12. تۇرۇبا شوتىسىنىڭ پەشتىقىنىڭ (A) ئاستىنقى قىسمىنى ئۈستىگە قاتلاڭ.

**A - تۇرۇبا شوتىسىنىڭ پەشتىقى**




OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-7/8

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




**مۇھىم: تۆۋەنلىتىش جەريانىدا، سېۋەت ئۈزارتقۇچقا ۋە ھاۋا تۇرۇبىسىغا زەخمە يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈزارتىش تۇرۇبىسىنى ئاستا ۋە تەكشى تۆۋەنلىتىڭ. ئەگەر تۆۋەنلىتىش تەكشى بولمىسا، تۆۋەنلىتىشنى توختىتىپ، باغلىنىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. كاشىلىنى ھەل قىلىپ داۋاملىق تۆۋەنلىتىڭ.**

13. سېۋەت ئۈزارتىش ئۈزچاتىنىڭ (A) ئاستىنقى قىسمىنى بېسىش ئارقىلىق سېۋەر ئۈزارتقۇچنى تۆۋەنلىتىڭ. گىدرو سىلىندىر تولۇق قىسقارغىچە تۆۋەنلىتىڭ.

*ئىزاھات: ئۈزارتقۇچنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، سېۋەت ئۈزارتقۇچنىڭ ئۈزچاتىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى بېسىڭ.*

**مۇھىم: يۆتكەش جەريانىدا ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ۋە ئۈزارتقۇچنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاقاق مىخنى سېۋەتنىڭ سول تەرەپ ئالدى بۇلۇڭىغا چېتىڭ.**




14. تاقاق مىخنى (B) چېتىڭ.

15. ئېغىز چېتىش ئورنىنىڭ رامكىسىدىن زەنجىرنى (C) ئۈزۈپ ئېلىۋېتىڭ. ئۈزۈن مەزگىل ساقلاش ئۈچۈن، تۇرۇبا تىرەش نەيچىسىنى (D) زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇڭ.




**A - سېۋەتنى ئۈزارتىش ئۈزچاتى**
**B - سول قول تەرەپ تاقاق مىخى**
**C - زەنجىر**
**D - تۇرۇبىنى تىرەش نەيچىسى**

OUO6043,0001526 -UG-14SEP06-8/8

## تېلېسكوپىك سېۋەتنى يۆتكىلىدىغان




1. پۈرژىنىلىق مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. ئالدى سول تەرەپ سېۋەت مىخىنى قىسقارتىپ قۇلۇپلاپ قويۇڭ.

**A - پۈرژىنىلىق مىخ**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-1/11




2. بولتىنى (B) تۆشۈككە (C) سۇرۇپ كىرگۈزۈپ، تۇرۇپ كۆتۈرۈش زەنجىرىنى چېتىش ئورنىنىڭ رامكىسىغا (A) چېتىڭ. (يۇغۇچ چېتىش ئورنىنىڭ رامكىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا تۇرىشى لازىم.)

**A - ئېغىزنى چېتىش ئورنىنىڭ رامكىسى**
**B - بولتا**
**C - سوقىچاق تۆشۈك**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-2/11



**دىققەت: ئەگەر سېۋەت ئۈستىدىكى توك سىملىرىغا تېگىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا سېۋەت ئۆزارتقۇچنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن، باش ئۈستىدىكى ئارىلىق يېتەرلىك بولسۇن.**

3. سېۋەت ئۆزارتقۇچ ئۆزچاتىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى بېسىش ئارقىلىق سېۋەت ئۆزارتقۇچنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. ئۆزارتقۇچ يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولغان ئورۇندىن ئازراق پەس ئورۇنغا (ئوتتۇرھال ياكى تولۇق ئورۇن) كەلگەندە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى توختىتىڭ.

**A** - ئۆزچات




OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-3/11

4. تۆرۈبا شوتىسىنىڭ پەشتىقىنى (A) ئېچىڭ.

**A** - تۆرۈبا شوتىسىنىڭ پەشتىقى




OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-4/11

5. تۇرۇبا تىرەش مىخىنىڭ (A) ئىككى تەرىپىنى بوشىتىڭ. سول تەرەپ سېۋەت قۇلۇپلاش مىخىنى ئۈزۈۋېتىلگەن ئورۇنغا قويۇڭ.

6. تۇرۇبا تىرەش مىخى كۆڭۈلدىكى (ئۈستۈنكى ياكى ئاستىنقى) تۆشۈككە چېتىلغىچە سېۋەتنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. مىخلار چوقۇم تۇرۇبا تىرىگۈچنىڭ تۆشۈكلىرى ئىچىگە كىرسۇن.

*ئىزاھات: ئەگەر مىخلار چېتىلمىسا، زەنجىر بولتىسى ئۈستىدىكى قۇلۇپلاش گايكىسىنى (B) تۇرۇبا تىرەش مىخى تۆشۈككە كىرگىچە تەڭشەڭ.*

**A - تۇرۇبىنى تىرەش مىخى**
**B - قۇلۇپلاش گايكىسى**







OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-5/11







7. سېۋەت ئۇزارتقۇچنى ئازراق تۆۋەنلىتىپ تۇرۇبا تىرەش زەنجىرىگە چېتىڭ.

**مۇھىم: تۇرۇبا تىرەش زەنجىرىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ، بولمىسا سېۋەت تۆكۈلگەندە، تۇرۇبا تىرىگۈچ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

8. ئېغىزنى چېتىش ئورنىنىڭ نەيچىسىدىكى (A) تۆشۈكتىن (C) بولتىنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ. تۇرۇبا تىرىگۈچنىڭ نەيچىسىنى (E) زەنجىر (D) بىلەن باغلاڭ.

9. سېۋەتنىڭ مىخى جايىغا چۈشكىچە ئېغىزنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.

10. ئالدى سول تەرەپ سېۋەتنىڭ مىخىنى بوشىتىڭ، پۈرژىن ئارقىلىق يۆكلەنگەن بولسۇن.

11. پۈرژىنلىق مىخ ئارقىلىق مىخنى چىڭىتىڭ.

**A - ئېغىزنى چېتىش ئورنىنىڭ نەيچىسى**
**B - بولتا**
**C - سوقچاق تۆشۈك**
**D - زەنجىر**
**E - تۇرۇبىنى تىرەش نەيچىسى**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-6/11




**مۇھىم: مىخلارنى چاتماي تۇرۇپ، سىپۇەتنى ھەرگىز ئۇزارتىلغان (تېلېسكوپىك) ھالەتتە قويماڭ. ئەگەر مىخلار چېتىلمىسا، سىپۇەت پەسكە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن.**

12. ئوڭ تەرەپ ئالدى ۋە ئارقا سىپۇەت بۆلۈكىدىكى تېز قۇلۇپلاش مىخلىرىنى (A) (ئۈچ يەردە) چىقىرىپ ئېلىڭ. ئاستىنقى قۇلۇپلاش لىمىنى (B) مىخ (ئۈچ يەردە بار) ئۈستىگە ئىتتىرىڭ. تېز قۇلۇپلاش مىخلىرىنى قايتا ئورنىتىڭ.

**A - تېز قۇلۇپلاش مىخى**
**B - ئاستىنقى قۇلۇپلاش لىمى**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-7/11




13. تاسمىنى (A) ئىشلىتىپ سىپۇەتنىڭ گىدراۋلىك نەيچىلىرىنى ئۇزۇتىش قۇرۇلمىسىنىڭ قانىلىغا چېتىڭ.

**A - تاسما (باغ)**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-8/11




ئىزاھات: ئەگەر ماشىنىغا سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن بولسا، تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچ بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ. ئەگەر ماشىنىغا سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنمىگەن بولسا، 17 - قەدەم باسقۇچقا ئۆتۈڭ.

14. (سېۋەت تۆكۈش ئۈزارتقۇچ سەپلەنگەن ماشىنا) مىخنى (B) ئىشلىتىپ ئالدى تەرەپ تۆكۈش ئۈزارتقۇچنى چاتقۇچقا (A) چېتىڭ.

**A - ئالدى تۆكۈش ئۈزارتقۇچنىڭ چاتقۇچى B - مىخ**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-9/11




15. ئۈستۈنكى چاتقۇچنى (A) ئورنىتىپ، ئىلغۇچ بىلەن چىڭىتىڭ.

**A - ئۈستۈنكى ھالقا**

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-10/11




16. قۇرۇلمىنى يۆتكەشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغانغا ئوخشاش قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئۇستۇنكى تۇرۇبىنى قايتا جايلاشتۇرۇڭ، 17 - دىن 20 - غىچە بولغان قەدەم-باسقۇچلار بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.*

17. چىڭىتىش ھالقىسىدىكى (B) تەڭشەش بۇرما مىخلىرىنى بوشىتىڭ.

18. ئۇستۇنكى تۇرۇبىنى (A) سول تەرەپ ياكى ئوڭ تەرەپكە قويۇڭ، شۇنداق بولغاندا، ئۇ پاختىنى سېۋەتكە ئەڭ ياخشى يوللايدۇ، تىرەش نەيچىسى بىلەن تېگىشىپ قالمايدۇ.

*ئىزاھات: ئەگەر زۆرۈر بولسا، قېپقالغان ئۇستۇنكى تۇرۇبىلارنى ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە جايلاشتۇرۇڭ.*

19. تۇرۇبىنى جايىغا قۇلۇپلاش ئۈچۈن، چىڭىتىش ھالقىسىنىڭ تەڭشەش بۇرما مىخىنى چىڭىتىڭ، ئوڭ ياكى سولغا سىيرىلىپ كەتمىسۇن.

20. ئەگەر تېلىسكوپىك سېۋەتنى تۆۋەنلىتىشتىن بۇرۇن چىڭىتىش ھالقىسى بوشىتىلغان بولسا، چىڭىتىش ھالقىسىنى چىڭىتىڭ.

**A** - ئۇستۇنكى تۇرۇبا
**B** - چىڭىتىش ھالقىسى




*تۆتىنچى ۋە ئۈچىنچى نومۇرلۇق تۇرۇبا*

OUO6043,0001527 -UG-22SEP06-11/11

## تېلىسكوپىك پورشىنىنىڭ سۈيىنى ئېقىتۋېتىش




**مۇھىم: تېلىسكوپىك پورشىنىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ئالدى پورشىن پىستون دەستىسىنىڭ ئۆزارتىش ئورنىغا تولۇق يەتكەندە تاماملىنىدۇ. سۈيى ئېقىتۋېتىلمىگەن پورشىن سېۋەتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ھەمدە سېۋەتنى بۇزۇپ قويىدۇ.**

*ئىزاھات: ئەگەر سېۋەت ئۆزارتقۇچ ئۆتتۇرھال ئېتىز ئورنىغا توغرىلانغان بولسا، 1 - ۋە 3 - قەدەم-باسقۇچنى تاماملاڭ. ئەگەر ماشىنىنىڭ ئۆتتۇرھال ئېتىز ئورنى بولمىسا، 4 - قەدەم باسقۇچقا ئۆتۈڭ.*

1. بۇرما مىخنى (C) چىقىرىپ ئېلىپ، ئالدى ۋە ئارقا ئۇستۇنكى يەلكە قۇرۇلمىسىنى (A) ئېغىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رامكىسىدىن (B) ئۈزۈۋېتىڭ.

**A** - ئارقا ئۇستۇنكى يەلكە قۇرۇلمىسى **C** - بولتا
**B** - قاپقاقنى كۆتۈرۈش رامكىسى

OUO6043,0001528 -UG-11AUG06-1/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە




ئارقا قاپقاقنى كۆتۈرۈش رامكىسى

2. ئالدى ۋە ئارقا قاپقاقنى كۆتۈرۈش رامكىسنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A - قاپقاقنى كۆتۈرۈش رامكىسى**

OUO6043,0001528 -UG-11AUG06-2/6




3. ئېچىش مىخى (A) بىلەن يۆملاق باشلىق مىخنى (B) چىقىرىپ ئېلىپ، تېلېسكوپىك پورشېننىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ مىخنى چىقىرىۋېتىڭ.

**A - ئېچىش مىخى**
**B - يۆملاق باشلىق مىخ**

OUO6043,0001528 -UG-11AUG06-3/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**







4. ئارقا پورشىن ئۈستىدىكى ئېقىتقۇچتىش بۇرما مىخنى (A) بىر چارەك ياكى ئىككى چارەك بۇراپ بوشىتىڭ.

5. موتورنى قوزغىتىپ ئاستا سۈرئەتتە قوزۇق ماڭدۇرۇڭ.

**مۇھىم: ئەگەر سېۋەت ئۆزارتقۇچ ئوتتۇرھال ئورۇنغا (مىخ ئارقىلىق) چېتىلسا، سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزارتقۇچنىڭ ئۈستى تەرىپىگە تېگىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پورشىن پىستونىنىڭ دەستىسىنى سېۋەت ئۆزارتقۇچتىن تۇتۇپ تۇرۇپ چىقىرىڭ.**

6. سېۋەت ئۆزارتقۇچنىڭ ئۆزچاتىنى (B) ئىشلىتىپ، تېلېسكوپىك پورشىننى ئاستا ئۆزارتىڭ.

7. ئالدى پورشىن تولۇق ئۆزارتىلغىچە ۋە سۇ ئېقىتقۇچتىش بۇرما مىخدىن قاتتىق ھالەتتىكى ئاپتول ئېقىپ چىققىچە، سېۋەت ئۆزارتقۇچنىڭ ئۆزچاتىنى داۋاملىق بېسىپ تۇرۇڭ.

8. ئېقىتقۇچتىش بۇرما مىخنى چىڭىتىڭ.

**A** - ئېقىتقۇچتىش بۇرما مىخى **B** - سېۋەتنى ئۆزارتىش ئۆزچاتى

OUO6043,0001528 -UG-11AUG06-4/6




9. يۆملاق باشلىق مىخ (B) ۋە ئېچىش مىخنى (A) ئىشلىتىپ پورشىننى (ئالدى ۋە ئارقا) ئۆزارتقۇچقا چېتىڭ.

*ئىزاھات: ئۆزارتقۇچ ئوتتۇرا ئورۇنغا قويۇلغاندا بۇ ئىشنى ئۈچ ئادەم قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بىر ئادەم شوپۇر ئورنىدا ئولتۇرۇپ سېۋەتنىڭ تېلېسكوپىك ئۆزچاتىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر پورشىندا بىر ئادەم تۇرۇپ، دەستىنى پەسكە بېسىپ جايىغا چۈشكىچە تۇتۇپ تۇرىدۇ.*

**A** - ئېچىش مىخى **B** - يۆملاق باشلىق مىخ

OUO6043,0001528 -UG-11AUG06-5/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

*ئىزاھات: سىغۇەت ئۇزارتقۇچى ئوتتۇرا ئورۇندا تۇرغاندا، 10 ۋە 11 - قەدەم-باسقۇچنى تاماملاڭ.*

10. ئالدى ۋە ئارقا كۆتۈرۈش رامكىسىنى ئورنىتىڭ.

11. ئۇستۇنكى يەلكە قۇرۇلمىسىنى (A) ئىچكىرى يۇقىر كۆتۈرۈش رامكىسىغا (B) كىرگۈزۈڭ. بۇرما مىخنى (C) قايتىدىن ئورنىتىپ، گايكىنى چىڭىتىڭ. گايكىنى بۇرما مىختا تۇرغىدەك قىلىپ چىڭىتىڭ، بىراق زاپچاسلار بۇرما مىختا ئايلىنالايدىغان بولسۇن. بەك ئارتۇق چىڭىتماڭ. ئۇستۇنكى يەلكە ئوقتا چوقۇم ئەركىن ئايلىنىشى لازىم.




**A** - ئۇستۇنكى يەلكە قۇرۇلمىسى
**B** - قاپقاقنى كۆتۈرۈش رامكىسى
**C** - بولتا

OUO6043,0001528 -UG-11AUG06-6/6

## شوپۇر بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى




A - گىدرو دەستىسى

پاختا تېرىش ماشىنىسى شوپۇرنىڭ بىخەتەرلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ پاختا تېرىش ماشىنىسىغا پاسسىپ بولغان شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى سەپلەنگەن.

تېرىش قۇرۇلمىسى چېتىلغان ھەرقانداق ۋاقىتتا، بۇ سىستېما شوپۇرنىڭ ئورۇندا بار-يوقلىقىنى سېزەلەيدۇ.

ئەگەر شوپۇر ئورۇندۇقتىن بەش سېكۇنتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئايرىلسا، بۇ سىستېما دەرھال ماشىنىنى ۋە تېرىش قۇرۇلمىسىنى توختىتىدۇ. موتور ھەرىكەتتىن توختىمايدۇ.

مەشغۇلاتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئورۇنغا دەرھال قايتىپ گىدرو دەستىسىنى (A) نېيترال ئورۇنغا ئەكېلىڭ.

**دىققەت: ئەگەر شوپۇر بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى توغرا ئىشلىمىسە، ماشىنا توختاپ قالىدۇ ياكى تۇيۇقسىز مېڭىپ كېتىدۇ، بۇ ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ سىستېما يۇقىرىدا دېيىلگەندەك مەشغۇلات قىلمىسا، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

شوپۇر بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسىنىڭ ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى تەكشۈرۈش جەريانىدا شوپۇرنىڭ تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئالدىغا ئاستا ئايلىنىشنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسى قولغا ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان، پۈرژىن سەپلەنگەن ئارغامچا ئۈزۈچاتىدىن تۈزۈلگەن. بۇ بۆلەكتىكى ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى تەييارلاش قىسمىغا قاراڭ.

NXH,OM997040,1 -UG-08AUG06-1/1

## ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى تەييارلاش




A - گىدرو دەستىسى
B - ئەگىپ ئۆتۈش ئورنى

**دىققەت: ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چوقۇم چېتىلغان بولسۇن. ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كېتىشى ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ.**

1. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.
2. خوتنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ.
3. موتورنى ئاستا سۈرئەتتە قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ.
4. تېرىش قۇرۇلمىسىنى چېتىڭ.
5. گىدرو دەستىنى (A) ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ئورنىغا (B) سۈرۈڭ.

OUO6043,0001529 -UG-08AUG06-1/1

## ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى ئىشلىتىش



**دىققەت: ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار چىرمىشىپ قالسا ياكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا كىرىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇڭ. ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش سىمىنى تېرىش قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇتۇڭ.**

**توختىتىش تورمۇزى چوقۇم چېتىلغان بولسۇن. ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كېتىشى ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك بولمىسا، جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**




*ئۈچىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلما*

1. ئۈچىنچى قۇرۇلمىنىڭ ئالدى قاپقىقىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

2. ئارغامچا ئۆزچاتىنى (A) ساقلاش ئورنىدىن چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. قۇرۇلمىدىن نېرى تۇرۇڭ. قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈستىدە ھەرگىز ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى ئىشلەتمەڭ. باش بارماقنى ئارغامچا ئۆزچاتىدىن نېرى تۇتۇڭ.

3. ئوبدان يەردە مەزمۇت تۇرۇپ، ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇپ، ئارغامچا ئۆزچاتىنى بېسىش ئارقىلىق ئەگىپ ئۆتۈش مەشغۇلاتىنى داۋاملاشتۇرۇڭ. قۇرۇلمىنىڭ ئاستا ئايلىنىشى دەرھال ئىشقا ئاشىدۇ، ھەممە ئارغامچا ئۆزچاتى قويۇپ بېرىلگىچە داۋاملىشىدۇ.

**A - ئارغامچا ئۆزچاتى**

OUO6043,000152A -UG-18SEP06-1/1

## ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسنى تەكشۈرۈشنى تاقاش

1. ئارغامچا ئۆزچاتىنى (A) قويۇپ بېرىپ، ساقلاش ئورنىغا قويۇڭ.
2. قاپقاقنى ئورنىتىڭ.
3. گىدرو دەستىسىنى (B) نېيترال ئورۇنغا يۆتكەڭ.
4. تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ دەستىسىنى ئۆزۈۋېتىڭ.

**A** - **ئارغامچا ئۆزچاتى**
**B** - **گىدرو دەستىسى**







OUO6043,000152B -UG-08AUG06-1/1

## شوپۇر بار-يوقلىقنى سېزىش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش

**دىققەت: چېتىشتىن بۇرۇن، تېرىش قۇرۇلمىسى ئەتراپىدا ئادەم ياكى نەرسە بولمىسۇن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەرقانداق بىر قەدەم-باسقۇچتىن مۇۋاپىق نەتىجە چىقمىسا، ئۇلارنى تەڭشەشكە ئۇرۇنماڭ. بۇ كۆرسەتمىلەرگە رىئايە قىلمىغاندا، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئاسراش (تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش) ئۈچۈن يەرلىك جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

### سەككىز باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش

### بىرىنچى باسقۇچ

1. توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان بولسۇن.
2. خوت ۋە گىدرو دەستە نېيترال ئورۇندا تۇرسۇن.
3. ئورۇندۇقتا تىك ھالەتتە ئولتۇرۇڭ. موتورنى قوزغىتىپ، موتورنى ئاستا سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ.
4. قۇرۇلمىنى ئېگىزلىك سېزىش ئورنىغا تۈۋەنلىتىڭ.
5. تېرىش قۇرۇلمىسىنى چېتىڭ.
6. گىدرو دەستىنى تۆشۈك ئىچىگە تەخمىنەن بىر چارەك سۈرۈڭ.
7. تېرىش قۇرۇلمىسى ئىشلىشى ھەمدە توختاپ قالماسلىقى لازىم. ئەگەر يانمىسا، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. ئۇلارنى ئۆزىڭىز تەڭشەشكە ئۇرۇنماڭ.

### ئىككىنچى باسقۇچ

1. شوپۇر ئورنىدىن تولۇق ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى سېكۇنت ئىچىدە ئولتۇرۇڭ.
2. تېرىش قۇرۇلمىسى توختىتىش ئاگاھلاندۇرۇشى بەرمەستىن داۋاملىق ئىشلىشى لازىم.

### ئۈچىنچى باسقۇچ

1. داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، شوپۇر ئورۇندۇقىدا 10 سېكۇنت ئولتۇرۇڭ.
2. ئاندىن، ئورۇندۇقتىن يەنە بىر قېتىم تولۇق ئۆرە تۇرۇڭ. قايتىدىن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئاز دېگەندە 6 سېكۇنت ساقلاڭ.
3. ئورۇندۇقتىن ئۆرە تۇرۇپ بەش سېكۇنت ئىچىدە تېرىش قۇرۇلمىسى مەشغۇلاتتىن توختىشى لازىم.
4. شوپۇر قايتىدىن ئولتۇرغاندا (4 - قەدەم-باسقۇچ تاماملانغانغىچە)، تېرىش قۇرۇلمىسى مەشغۇلاتنى ئەسلىگە كەلتۈرمەسلىكى لازىم.

### تۆتىنچى باسقۇچ

1. شوپۇر ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغاندا گىدرو دەستىنى نېيترال ئورنىغا قايتۇرۇڭ.
2. گىدرو دەستىسىنى تۆشۈك ئىچىگە تەخمىنەن بىر چارەك سۈرۈڭ.
3. تېرىش قۇرۇلمىسى قايتىدىن ئىشلەشكە باشلايدۇ.

### بەشىنچى باسقۇچ

1. گىدرو دەستىنى كونترول سۇپىسىدىكى ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ئورنىغا كىرگۈزۈڭ.
2. تېرىش قۇرۇلمىسى ئىشلىمەسلىكى لازىم.
3. كۆزىتىش تاختىسىدىكى ئارغامچا ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى يېنىشى لازىم. ئەگەر يانمىسا، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. ئۇلارنى ئۆزىڭىز تەڭشەشكە ئۇرۇنماڭ.
4. خوتقا سېلىڭ، ئارغامچا ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى ئۆچىدۇ.
5. خوتنى نېيترال ئورنىغا ئەكىلىڭ. ئارغامچا ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى يانىدۇ.

### ئالتىنچى باسقۇچ

1. ئارغامچا ئۈزچاتىنى بېسىڭ.
2. تولۇق ئاستا ئايلىنىپ تېرىش قۇرۇلمىسى مەشغۇلات قىلىشقا باشلايدۇ.

### يەتتىنچى باسقۇچ

1. ئارغامچا ئۈزچاتىنى ئۈزۈۋېتىڭ.
2. تېرىش قۇرۇلمىسى ئىشلەشتىن توختايدۇ.

### سەككىزىنچى باسقۇچ

1. گىدرو دەستىنى نېيترال ئورنىغا قايتۇرۇڭ.
2. تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر خوت نېيترال ئورۇندا تۇرسا، ماشىنا ھەرىكەتلەنمەيدۇ.*

3. گىدرو دەستىنى ئالدى ياكى ئارقىغا قويۇڭ، ماشىنا ھەرىكەتلىنىدۇ.

OUO6043,000152C -UG-20SEP06-1/1

## Row-Trak™ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇرى

ئېتىزدا مەشغۇلات قىلغاندا، قۇر قۇرۇلمىسى ئېتىزنىڭ قۇرىغا توغرىلاش ئۈچۈن Row-Trak™يول باشلاش سىستېمىسى ماشىنىنى ئاپتوماتىك باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ سىستېما شوپۇر رولىنى تۇتمىسىمۇ بولىدىغان ئىقتىدار بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق شوپۇرنىڭ ھېرىپ كېتىشىنى ئازايتىپ، پاختا تېرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ماشىنا ئېتىزدا قۇرغا ئۇدۇللانغان ۋە پاختا تېرىش باشلانغاندىن كېيىن، گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى چېتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق يول باشلاش سىستېمىسىنى قوزغىتىشقا بولىدۇ.

رولنى قول ئارقىلىق بۇرىغاندا ئاپتوماتىك سىستېما كۈچتىن قېلىپ، رول شوپۇرنىڭ كونترول قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. سىستېما كۈچتىن قالدۇرۇلغان ھامان، شوپۇر چوقۇم قۇرنى قايتىدىن ئۇدۇللاش لازىم ۋە چېتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ Row-Trak سىستېمىسىنى قايتىدىن قوزغىتىشى لازىم.

(مەشغۇلات تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇ بۆلەكتىكى ROW-TRAK نى ئىشلىتىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ).

ئەگەر Row-Trak سىستېمىسى زاۋۇتتا ياكى سودىگەر تەرىپىدىن ئورنىتىلغان بولسا، ماشىنا سېتىۋالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن، بارلىق تەڭشەش پىروگراممىسى ۋە دىئاگنوز خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قانال ماشىنىنىڭ Row-Trak سىستېمىسىنىڭ ئىنكاسىنى تەڭشەيدۇ. بەشىنچى قانال ئاپتوماتىك كىلاپان تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇ تەمىنلەش توك بېسىمىنى خاتىرىلەيدۇ ھەمدە باشقۇرۇش كىلاپانى يېتەكچى چاقنى ئايلاندۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە ئالتىنچىدىن-ئونىنچىغىچە بولغان قانالالر ماشىنىدىكى كاشىلىلارغا دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (تەپسىلىي ئۇچۇرلار ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى ئىقتىدار قاناللىرى-بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قانال، ROW-TRAK نىڭ ئاپتوماتىك كىلاپانىنىڭ ئېغىشى -بەشىنچى قانال، ۋە دىئاگنوز قاناللىرى-ئۈچىنچى، تۆتىنچى قانال، دىئاگنوز قانىلى ئالتىنچىدىن -ئونىنچىغىچە بولغان مەزمۇنلارغا قاراڭ.)

*ئىزاھات: بىرىنچىدىنئونىنچىغىچە بولغان قانالالار پەقەت دىئاگنوز قويۇش ۋە Row-Trak نىڭ ئىقتىدار كاشىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (تەپسىلاتلار ئۈچۈن ROW-TRAK كاشىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قىسمىغا قاراڭ.)*

بۇ بۆلەكتىكى مەشغۇلات ۋە تەڭشەش تەرتىپلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- Row-Trak سىستېمىسىنى ئىشلىتىش
- ئېتىزدىكى Row-Trak نى خاتىرىلەش
- ستاتىك Row-Trak نى خاتىرىلەش
- Row-Trak نى توغرىلاش ھالىتىگە كىرىش
- ئىقتىدار قاناللىرى-بىرىنچى ۋە ئىككىنچى
- دىئاگنوز قاناللىرى-ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى
- \ئاپتوماتىك Row-Trak كىلاپانىنىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بېرىش-بەشىنچى قانال
- دىئاگنوز قاناللىرى-6_10
- Row-Trak توك يولىنىڭ دىئاگنوز كودلىرى

*Row-Trak بولسا جون دېئر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*

DP99999,0000635 -UG-11OCT10-1/1

## Row-Trak سىستېمىسىنى ئىشلىتىش

*ئىزاھات: ئەگەر خاتالىق كودى پەيدا بولسا، بۇ بۆلەكتىكى Row-Trak توك يولىنىڭ دىئاگنوز كودلىرى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.*

**ئومۇمىي مەشغۇلات:**

1. Row-Trak نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۈزگۈچىنى (A) بۇراپ ئېچىڭ. ئۈستى تەرەپتىكى كونترول سۇپىسىدىكى Row-Trak نىڭ ئىندىكاتور چىرىغى (B) يانىدۇ، بۇ سىستېمىنىڭ ئاكتىپ ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
2. موتور سۈرئىتىنى ئەڭ يۇقىرى ھالەتكە ئەكېلىڭ.
3. ماشىنىنى قۇرغا ئۇدۇللاڭ، قۇر قۇرۇلمىلىرنى چېتىڭ ۋە پاختا تېرىشنى باشلاڭ. گىدرو دەستىسىنىڭ ئورنىنى تەڭشەپ مېڭىش تېزلىكىنى سائەتكە 11 كىلومېتىردىن (7 مىلدىن) تۆۋەن ھالەتتە ساقلاڭ.
4. گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى چېتىش كۇنۇپكىسىنى (C) بېسىش ئارقىلىق Row-Trak نى چېتىڭ. بىر قېتىم گۈدۈك بېرىپ سىستېمىنىڭ چېتىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈڭ. رولنى ئىشلىتىڭ.
5. Row-Trak مەشغۇلاتى جەريانىدا، ماشىنىنى قۇرنىڭ ئوتتۇرىغا ئۇدۇللاپ مېڭىش ئۈچۈن قۇرغا نىسبەتەن ئازراق تەڭشەش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغاندا تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى (D) ئىشلىتىلىدۇ.







A - Row-Trak نى ئېچىش-تاقاش ئۈزگۈچى
B - Row-Trak نىڭ ئىندىكاتور چىرىغى
C - Row-Trak نى چېتىش كۇنۇپكىسى
D - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى

MM95366,0000138 -UG-23SEP10-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

6. Row-Trak نىڭ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ مەشغۇلاتى جەريانىدا، قۇرنى تۈۋەندىكىدەك تەڭشەڭ. پاختا تېرىشنىڭ تۈز، ئەگرى ياكى دولقۇنسىمان بولۇشىغا قاراپ تەڭشەش ئېلىپ بېرىشمۇ پەرقلىنىدۇ.

- **تۈز (A) قۇر:** تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسنى (B) ئېھتىياجغا قاراپ ئوڭغا ياكى سولغا بۇراپ ماشىننى قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلاڭ. ماشىننى قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلاش ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن نىسبەتتە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

*ئىزاھات: ئەگەر تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى مەلۇم بىر تەرەپكە تولۇق تەڭشەلگەندە، ھەمدە ماشىنا يەنىلا قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولمىغاندا، كۇنۇپكىنى ئوتتۇرىغا ئەكىلىپ ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى ئىشلىتىڭ. (ئېتىزدا خاتىرىلەشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى ئېتىزدىكى ROW-TRAK نى خاتىرىلەش قىسمىغا قاراڭ.)*

- **ئەگرى (C) قۇر:** پاختا تېرىۋاتقاندا قۇرنىڭ ئەگرىلىكىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسنى ئايلاندۇرۇڭ. ئەگەر قۇرنىڭ ئەگرىلىكى ئوڭ تەرەپكە سۇرۇلۇپ كەتسە، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسنى ماشىنا قۇرنىڭ ئەگرىلىكىگە ئۇدۇللانغىچە ئوڭغا (D) بۇراڭ. ماشىننى قۇرنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ماشىننى قۇرغا ئۇدۇللاڭ، ئاندىن تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسنى ماشىنا قۇرنىڭ ئەگرىلىكىگە ئۇدۇللانغىچە سولغا (E) ئايلاندۇرۇڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى مەلۇم بىر تەرەپكە تولۇق تەڭشەلگەندە، ھەمدە ماشىنا يەنىلا قۇرنىڭ ئەگرىلىكىگە ئۇدۇل كەلمىسە، ستاتىك (تىنىچ ھالەتتە) خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى ئىشلىتىڭ. (ئېتىزدا خاتىرىلەشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى ئېتىزدىكى ROW-TRAK نى خاتىرىلەش قىسمىغا قاراڭ.)*

*ئەگەر قۇر تۈز بولسا، ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى تۈز قۇردا ئېلىپ بېرىش ياخشىراق بولىدۇ.*

- **دولقۇنسىمان (F) قۇر:** تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسنى ئوڭغا ياكى سولغا ئايلاندۇرۇپ قۇرغا ئۇدۇللاڭ.

7. تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنىڭ بىرىنى ئىشلىتىپ Row-Trak سىستېمىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ:

- رولنى ئازراق بۇراڭ
- چېتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ
- Row-Trak نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۈزچاتىنى بېسىڭ
- قۇر قۇرۇلمىلىرىنى تاقاڭ

ئىككى قېتىم گۇدۇك بېرىپ سىستېمىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ۋە رولنى شوپۇرنىڭ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈڭ.




A - تۈز قۇر
B - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى
C - ئەگرى قۇر
D - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى، ئوڭ تەرەپ (ئوڭغا)
E - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى، سول تەرەپ (سولغا)
F - دولقۇنسىمان قۇر

Row-Trak نى قايتىدىن چېتىش ئۈچۈن، ئۈزچات ئوچۇق بولسۇن ھەمدە گىدرو دەستىسىدىكى چېتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.

8. Row-Trak سىستېمىسى چېتىلغان ۋاقىتتا، ئەگەر شوپۇر ئورۇندىن ئىككى سېكۇنتتىن ئارتۇق ئايرىلسا، شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى ئاۋازلىق سىگنال بېرىلىدۇ. ئەگەر شوپۇر 4 سېكۇنت ئىچىدە ئورۇنغا قايتمىسا، شوپۇرنىڭ بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى Row-Trak سىستېمىسىنى ئۈزۈۋېتىدۇ، ئۈستىدىكى كونترول سۇپىسىدىكى ئىندىكاتور چىرىغى يانىدۇ. سىستېمىنى قايتىدىن چېتىش ئۈچۈن، گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى چېتىش كۇنۇپكىسنى قايتا بېسىڭ.

*ئىزاھات: (Row-Trak ھەققىدە تېخنىكىلىق ياردەم لازىم بولسا، ماشىنىنىڭ تېخنىكىلىق قوللانمىسىنى ئوقۇڭ ياكى جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.)*

MM95366,0000138 -UG-23SEP10-2/2

## ئېتىزدىكى Row-Trak نى خاتىرىلەش

Row-Trak نى ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارى تۆز قۇردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شوپۇرنىڭ ماشىنىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ، بۇ ماشىنىغا قۇر مەركىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ۋە يول باشلاش چاقىنىڭ «ئالدىغا تۆز مېڭىش» ئورنىنى دەپ بېرىدۇ. ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارى ستاتىك خاتىرىلەش ئۆسۇلىغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ.

*ئىزاھات: دەسلەپكى تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا نىسبەتەن، زاۋۇتتا ياكى ساتقۇچى تەرىپىدىن ئورنىتىلغان ئىقتىدار ستاتىك خاتىرىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر پەسىلنىڭ بېشىدا ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى ئېلىپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ كۆندىلىك مەشغۇلات ئەمەس. (خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى قاچان ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى Row-Trak نى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ.)*




A - شامالدۇرغۇچ ئۆزچاتى
B - ROW-TRAK نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۆزچاتى
C - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۆنۈپكىسى
D - توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۆزچاتى
E - ROW-TRAK نى چېتىش كۆنۈپكىسى

1. قۇر قۇرۇلمىسىنى چېتىپ، شامالدۇرغۇچ ئۆزچاتى (A) ۋە ROW-TRAK نىڭ ئۆزچاتىنى (B) ئېچىپ، پاختا تېرىش قۇرىنىڭ بېشىغا بېرىڭ.

2. تولۇقلاشنى تەڭشەش كۆنۈپكىسىنى (C) ئوتتۇرىغا ئەكىلىڭ.

3. ئورۇندۇقتا تىك ھالەتتە ئولتۇرۇڭ.

4. موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى مىنۇتىغا 1800 قېتىمدىن يۇقىرى قىلىڭ.

5. توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۆزچاتىنى (D) ئىتتىرىپ توغرىلاش ئورنىغا ئەكىلىپ (ئۆزچاتنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىنى بېسىڭ)، ROW-TRAK «بىپ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغىچە (تەخمىنەن ئىككى سېكۇنت) ۋە ROW-TRAK نىڭ ئىندىكاتور چىرىغى ئاستا يانغىچە بېسىپ تۇرۇڭ.

6. پاختا تېرىشنى باشلاڭ.

7. ئەگەر سىز 45 سېكۇنتقىچە نىسبەتەن تۆز بولىدىغان قۇردا بولسىڭىز، گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى ROW-TRAK نى چېتىش كۆنۈپكىسىنى بېسىڭ. گۇدۇك تېز (بىپ قىلغان) ئاۋاز چىقىرىدۇ، ROW-TRAK چىرىغى تېز چاقنايدۇ، تاخومېتىر 0 بىلەن 100 ئارىسىدىكى قىممەتنى كۆرسىتىدۇ.

8. ماشىنىنى داۋاملىق باشقۇرۇپ مېڭىڭ، تەكشۈرگۈچنى قۇر ئوتتۇرىغا توغرىلاپ 45 سېكۇنت مېڭىڭ. سىستېما ماشىنىنى قۇرنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاشقا زۆرۈر بولغان تەكشۈرگۈچنىڭ ئورنىنى خاتىرىلەيدۇ.

9. 45 سېكۇنتتىن كېيىن، ROW-TRAK سىستېمىسى ئىككى قېتىم ئۈزۈلۈپ سىگنال بېرىدۇ. سىستېما ھازىر تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ، ROW-TRAK نىڭ ئىندىكاتور چىرىغى چاقناشقا باشلايدۇ.

10. گىدرو دەستىسىدىكى ROW-TRAK نى چېتىش كۆنۈپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق سىستېمىنى چېتىڭ. ئەگەر پاختا تېرىۋاتقاندا ماشىنا قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلمىسە، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۆنۈپكىسىنى ئىشلىتىپ ماشىنىنى ئوتتۇرىغا تەڭشەڭ.

OUO1078,00004F2 -UG-23AUG06-1/1

## ROW-TRAK نى خاتىرىلەش ستاتىك




A - شامالدۇرغۇچ ئۈزچاتى

B - ROW-TRAK نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۈزچاتى

C - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى
D - توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتى

ستاتىك ROW-TRAK نى خاتىرىلەش ئىقتىدارى قۇر تۈز بولمىغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئالدى تەكشۈرگۈچنىڭ ئورنى ۋە بىر يېتەكچى چاقنىڭ ئورنىغا ئاساسەن، ستاتىك خاتىرىلەش ئىقتىدارى ماشىنىغا قۇر مەركىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ.

*ئىزاھات: دەسلەپكى تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا نىسبەتەن، زاۋۇتتا ياكى ساتقۇچى تەرىپىدىن ئورنىتىلغان ئىقتىدار ستاتىك خاتىرىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر پەسلنىڭ بېشىدا ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى ئېلىپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ كۆڭۈلدىكىدەك مەشغۇلات ئەمەس. (خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى قاچان ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى Row-Trak نى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ.)*

ئېتىزدا خاتىرىلەش ئىقتىدارىنى تۈز قۇردا ئېلىپ بېرىشقا بولمىغاندا، ماشىنىنى ئەگرى قۇردا پاختا تېرىشقا تەييارلاش ئۈچۈن، ماشىنا تىنچ ھالەتتە تۇرغاندا، ماشىنىغا نىسبەتەن دىئاگنوز تەكشۈرىشى ئېلىپ بېرىڭ. تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچلارنى ئېلىپ بېرىڭ:

1. ماشىنىنى تۈز لىنىيە بويىچە ھەيدەپ، بالونلارنى تۈز قىلىڭ. ماشىنىنى تەكشى يەردە توختىتىڭ. خوت دەستىسىنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ، توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.

2. قۇرۇلمىنى تۆۋەنلىتىپ پاختا تېرىش ھالىتىگە كەلتۈرۈڭ.

3. يېتەكچى چاقلار چوقۇم ئالدىغا تۈز قارىتىلسۇن.

4. قۇرۇلمىدىكى ئالدى تەكشۈرگۈچنىڭ سېنزورىنى ئوتتۇرىغا ئەكىلىڭ.

5. قۇر قۇرۇلمىسىنى چېتىپ، شامالدۇرغۇچ ئۈزچاتى (A) ۋە ROW-TRAK نىڭ ئۈزچاتىنى (B) ئېچىپ، موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى مىنۇتىغا 1800 قېتىمدىن يۇقىرى قىلىڭ.

6. تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى (C) ئوتتۇرىغا ئەكىلىڭ.

7. ھېسابلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتىنى (D) ئىتتىرىپ توغرىلاش ئورنىغا ئەكىلىپ (ئۈزچاتنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىنى بېسىڭ)، ROW-TRAK «بىپ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغىچە (تەخمىنەن ئىككى سېكۇنت) ۋە ROW-TRAK نىڭ ئىندىكاتور چىرىغى ئاستا يانغىچە بېسىپ تۇرۇڭ.

OUO1078,00004F3 -UG-13SEP06-1/2




A - ROW-TRAK نى چېتىش كۇنۇپكىسى

*ئىزاھات: بۇ دىئاگنوز خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش تەرتىپى جەريانىدا كونترول قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.*

8. گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى Row-Trak نى چېتىش كۇنۇپكىسىنى (A) ئىتتىرىڭ. گۈدۈك تېز (بىپ قىلغان) ئاۋاز چىقىرىدۇ، ROW-TRAK نىڭ ئىندىكاتور چىرىغى تېز چاقنايدۇ. ROW-TRAK زىرائەت سېنزورىنىڭ ئورنىنى خاتىرىلەيدۇ ھەمدە بۇ جەرياندا سېنزورغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇ خاتىرىلەنگەن سېنزورنىڭ ئورنى يېتەكچى چاقنىڭ ئالدىغا تۈز مېڭىشنى ۋە ROW-TRAK كونتروللىغۇچنىڭ قۇر مەركىزىنى بەلگىلەيدۇ.

9. خاتىرىلەش تاماملانغاندا، ROW-TRAK تېز ئاۋاز چىقىرىشتىن توختايدۇ، گۈدۈك بېرىلىدۇ.

10. ئەگەر مەشغۇلات جەريانىدا ماشىنا قۇر ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇللانمىسا، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى سولغا ياكى ئوڭغا بۇراپ خاتىرىلەش ئوتتۇرا قىممىتىنى تەڭشەشكە بولىدۇ ھەمدە ماشىنىنى قۇرغا مۇۋاپىق ئۇدۇللاشقا بولىدۇ.

OUO1078,00004F3 -UG-13SEP06-2/2

## ROW-TRAK نى توغرىلاش هالىتىگە كىرىش

**دىققەت: ئارقا يېتەكچى چاقلارنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كېتىپ يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ خىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن نېرى تۇرۇڭ.**

ھەرقانداق ئىقتىدارغا ئېرىشىش، كىلاپان ئېغىش ياكى دىئاگنوز قاناللىرى زۆرۈر بولغاندا، توغرىلاس ھالىتىگە كىرىش لازىم. (1-10).

1. موتورنى قوزغىتىۋاتقاندا ئۈزچاتنىڭ (B) ئاستى قىسمىنى تۇتۇپ تۇرۇڭ.

2. ئۈزچاتنى (A) ئېچىش (ON) ئورنىغا قويۇڭ.

3. ئۈزچاتنىڭ (B) ئۈستى قىسمىنى ئىتتىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تولۇقلاش كۇنۇپكىسىنى (C) بۇراڭ.

4. تاخومېتىر ئېكرانى بىرىنچىدىن ئونىنچىغىچە بولغان دىئاگنوز قاناللىرىنى10 تولۇقلاش كۇنۇپكىسى ئايلاندۇرۇلغان ھالەتتە كۆرسىتىدۇ.

*ئىزاھات: ROW-TRAK نى توغرىلاش ھالىتىگە كىرگەندە، ئادەتتە تاخومېتىر ئېكرانىدا خاتالىق كودى 120 كۆرۈنىدۇ.*

5. توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتنى قويۇپ بېرىڭ.

6. تاخومېتىر ئېكرانىدىكى قاناللارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتنى بېسىپ توغرىلاش (ئۈزچاتنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىنى پەسكە




**A - ROW-TRAK نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۈزچاتى**
**B - توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتى**
**C - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى**

بېسىڭ) ئورنىغا كەلتۈرۈڭ ۋە تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى (C) ئايلاندۇرۇپ ئاندىن توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتنى قويۇپ بېرىڭ.

*ئىزاھات: بىرىنچى قاناللىدىن ئونىنچى قانالغىچە ۋە ئالتىنچى قانالدىن ئونىنچى قانالغىچە بولغانلار ئىقتىدار قاناللىرى ياكى دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ROW-TRAK سىستېمىسىنى تۈنجى قېتىم توغرىلىغاندا كىرىش زۆرۈر بولمايدۇ. (قانال نومۇرلىرىنىڭ ئىقتىدارلىرىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە، بۇ بۆلەكتىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىقتىدار قاناللىرىۋە ROW-TRAK نىڭ ئاپتوماتىك كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بېرىش،بەشىنچى قانال ۋە ئالتىنچى دىئاگنوز قاناللىرى قاتارلىق مەزمۇنلارغا قاراڭ.)*

OUO1078,00004F4 -UG-02OCT06-1/1

## ئىقتىدار قاناللىرى-بىرىنچى ۋە ئىككىنچى

### بىرىنچى قانال - ئېرىشىش پارامېتىرى



بىرىنچى قانال ROW-TRAK سىستېمىسىنىڭ «ئېرىشىش» پارامېتىرىنى تەڭشەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ پارامېتىر تەكشۈرگۈچنىڭ ھەرىكىتىگە قانداق سۈرئەتتە ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھەمدە ماشىنىنى قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ۋاقىتتا ئەكىلىشكە تەسىر قىلىدۇ. «ئېرىشىش»كە نىسبەتەن تەۋسىيە قىلىنىدىغان قىممەت «55» بولۇپ، بۇ زاۋۇتتا ئالدىن تەڭشەلگەن بولىدۇ.

**دىققەت: قۇر قۇرۇلمىسى يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. قۇرۇلمىغا چىرمىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول، پۇت ۋە كىيىملىرىڭىزنى قۇرۇلمىدىن نېرى تۇتۇڭ.**




**A** - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى

**مۇھىم: بۇ «ئېرىشىش» پارامېتىرىدىن ئازراقلا ئېغىپ كەتكەندە، ROW-TRAK سىستېمىسى مۇقىم بولماي قالىدۇ. ئەگەر «ئېرىشىش» بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، سىستېما زىيادە سەزگۈر بولۇپ كېتىدۇ. ماشىنا قۇردىن ئېگىز بولۇپ كېتىدۇ ياكى «ھاماقەت» بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر «ئېرىشىش» بەك تۆۋەن تەڭشەلسە، سىستېمىنىڭ ئىنكاسى ئاستا بولۇپ قېلىپ، ماشىنا قۇردىن چەتنەپ كېتىدۇ.**

**تىپىك بولغان مەشغۇلاتنىڭ «ئېرىشىش» دائىرىسى 50 دىن 70 غىچە بولىدۇ.**

«ئېرىشىش» پارامېتىرىنى تەڭشەش ئۈچۈن:

- توغرىلاش ھالىتىگە كىرىڭ.
- بىرىنچى قانالغا كىرىڭ.
- تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى (A) ئايلاندۇرۇپ، 50 بىلەن 70 ئارىسىدىكى يېڭى بىر قىممەتنى تاللاڭ. «ئېرىشىش» نىڭ پارامېتىر قىممىتىنى ھەر قېتىمدا 2 دىن ئاشۇرۇپ تەڭشەڭ. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، باشقا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ماشىنىنى ھەيدەڭ.
- كۆڭۈلدىكىدەك تەڭشەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۆزچاتنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى بېسىپ تەڭشەلگەن قىممەتنى ساقلىۋېلىڭ.

*قاراڭ ۋە ئاڭلاڭ: سىگنال بەرگۈچنىڭ گۇدۇكى ئىككى قېتىم «بىپ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىدۇ، تاخومېتىر ئېكرانىدا «00» كۆرۈنىدۇ. بۇ يېڭى ئېرىشىش قىممىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق ساقلانغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.*

- ئاچقۇچ ئۆزچاتنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

MM95366,0000139 -UG-17SEP10-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

### ئىككىنچى قانال - نىسبەت پارامېترى

ئىككىنچى قانال ROW-TRAK سىستېمىسىنىڭ «نىسبەت» پارامېترىنى تەڭشەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ پارامېتر يېتەكچى چاقلارنىڭ مەلۇم بىر خاتالىق سەۋەبىدىن بۇرالغان يانتۇلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «نىسبەت» نىڭ تەۋسىيەلىك قىممىتى «12». بۇ زاۋۇتتا ئالدىن تەڭشەلگەن بولىدۇ.



**دىققەت: قۇر قۇرۇلمىسى يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئىبلىپ كېلىشى مۇمكىن. قۇرۇلمىغا چىرمىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول، پۇت ۋە كىيىملىرىڭىزنى قۇرۇلمىدىن نېرى تۇتۇڭ.**

**مۇھىم: بۇ «نىسبەت» پارامېترىنىڭ ساندا ئازراقلا ئېغىش يۈز بەرسە، ROW-TRAK سىستېمىسى مۇقىم بولماي قالىدۇ. ئەگەر «نىسبەت» بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ماشىنىنىڭ ئارقا قىسمى «ئالدى-ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ» كېتىدۇ، ئارقا چاق «زىيادە ھەرىكەتلىنىپ» كېتىدۇ. ئەگەر «نىسبەت» بەك تۆۋەن تەڭشەلسە، چاقلار يېتەرلىك ئايلانمايدۇ، ماشىنا قۇردىن «چەتنەپ» كېتىدۇ.**

**تىپىك بولغان مەشغۇلاتنىڭ «نىسبەت»نىڭ دائىرىسى «8» دىن «18» غىچە بولىدۇ.**




A - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى

«نىسبەت»نىڭ پارامېترىنى تەڭشەش ئۈچۈن:

- توغرىلاش ھالىتىگە كىرىڭ.
- ئىككىنچى قانالغا كىرىڭ.
- تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى (A) ئايلاندۇرۇپ، 8 بىلەن 18 ئارىسىدىكى يېڭى بىر قىممەتنى تاللاڭ. «نىسبەت» پارامېترىنىڭ قىممىتىنى بىر قېتىمدا «1» دىن ئاشۇرۇپ تەڭشىمەك. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، باشقا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ماشىنىنى ھەيدەڭ.
- كۆڭۈلدىكىدەك تەڭشەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۇزچاتىنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى بېسىپ تەڭشەلگەن قىممەتنى ساقلۇۋېلىڭ.

*قارالڭ ۋە ئاڭلاڭ: سىگنال بەرگۈچىنىڭ گۇدۇكى ئىككى قېتىم «بىپ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىدۇ، تاخومېتىر ئېكرانىدا «00» كۆرۈنىدۇ. بۇ يېڭى ئېرىشىش قىممىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق ساقلانغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.*

- ئاچقۇچ ئۇزچاتنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

MM95366,0000139 -UG-17SEP10-2/2

## دىئاگنوز قاناللىرى - ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى

### ئۈچىنچى قانال - زىرائەت سېنزورىنىڭ «خاتىرىلەنگەن» قىممىتى

*ئىزاھات: بۇ قانال پەقەت دىئاگنوز قويۇش مەقسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق.*

بۇ قانال زىرائەت سېنزورىنىڭ «خاتىرىلەنگەن» قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىممەت كۆرسىتىلىشتىن بۇرۇن، سىستېما ئاۋۋال «خاتىرىلەش ھالىتى»گە كىرىشى لازىم.

بۇ قانالنى زىرائەت سېنزورىدىن كەلگەن كىرگۈزۈش سىگنالىنى كۆچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ قانالنى ماشىنىنى ئېتىزدا ھەيدەۋېتىپ كۆزىتىشكە بولىدۇ.

ROW-TRAK نىڭ ئېچىش-تاقاش ئۇزچاتىنى بۇراپ تاقاش ئورنىغا ئەكىلىپ، توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ. قانالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۇزچاتىنى توغرىلاش ئورنىغا ئىتتىرىڭ (ئۇزچاتنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمىنى بېسىڭ)، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى ئايلاندۇرۇپ خالىغان قانالغا ئۆزگەرتىڭ، ئاندىن توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۇزچاتىنى قويۇپ بېرىڭ.

### تۆتىنچى قانال - ئارقا چاق سېنزورىنىڭ خاتىرىلەنگەن قىممىتى

*ئىزاھات: بۇ قانال پەقەت دىئاگنوز قويۇش مەقسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق.*

بۇ قانال ئارقا چاق سېنزورىنىڭ «خاتىرىلەنگەن» قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىممەت كۆرسىتىلىشتىن بۇرۇن، سىستېما ئاۋۋال «خاتىرىلەش ھالىتى»گە كىرىشى لازىم.

بۇ قانالنى ئارقا چاق سېنزورىدىن كەلگەن كىرگۈزۈش سىگنالىنى كۆچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ قانالنى ماشىنىنى ئېتىزدا ھەيدەۋېتىپ كۆزىتىشكە بولىدۇ.

ئاچقۇچ ئۇزچاتنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

OUO1078,00004F6 -UG-02OCT06-1/1

# ROW-TRAK نىڭ ئاپتوماتىك كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بېرىش - بەشىنچى قانال



**مۇھىم: كىلاپاننىڭ ئېغىشى زاۋۇتتا ياكى ماشىنا سېتىۋالغۇچىغا يەتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن سودىگەر تەرىپىدىن تەڭشىلىدۇ. كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان رېمونت ئېلىپ بېرىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاپتوماتىك كىلاپان ئېغىشىنى ئېلىپ بارماڭ.**

*ئىزاھات: (ئەگەر خاتالىق كودى پەيدا بولسا، بۇ بۆلەكتىكى ROW-TRAK توك يولىنىڭ دىئاگنوز كودلىرى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.)*

بەشىنچى قانال ئاپتوماتىك كىلاپان تەڭشەش خىزمىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قەدەم-باسقۇچ كونتروللىغۇچنىڭ ساقلىغۇچىسىدا بىر قىممەت پەيدا قىلىدۇ، بۇ قىممەت تەمىنلەش توك بېسىمىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ توك بېسىمى ئارقىلىق كونترول كىلاپانى گىدراۋلىك ئاپتول ئېقىمىنى قوزغىتىدۇ. تاخومېتىردا كۆرسىتىلگەن قىممەت (0 دىن 255 غىچە) يېتەكچى چاقلارنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان توك بېسىمىنىڭ قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كىلاپاننىڭ ئاغما بېسىمىنى تەڭشەش ئۈچۈن:

1. ماشىنىنى قاتتىق ۋە تەكشى يەردە توختىتىڭ، ئاندىن يېتەكچى چاقلارنى بۇراپ ئالدىغا تۈز قىلىپ قارىتىڭ.
2. بەشىنچى قانالغا كىرىڭ.
3. قۇرۇلمىنى ۋە چىڭداش بۇرغىسىنى ماڭدۇرۇش ئارقىلىق گىدراۋلىك ماينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسىغا ئەكىلىڭ.
4. موتورنى ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ. تەكشۈرۈۋاتقاندا رولغا تەگمەڭ.

**دىققەت: ئارقا يېتەكچى چاقنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن نېرى تۇرۇڭ.**

**قۇر قۇرۇلمىسى يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. قۇرۇلمىغا چىرمىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول، پۇت ۋە كىيىملىرىڭىزنى قۇرۇلمىدىن نېرى تۇتۇڭ.**

5. ROW-TRAK نى چېتىش كۇنۇپكىسىنى (A) بېسىپ سىستېمىنىڭ ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى قوزغىتىڭ.




A - ROW-TRAK نى چېتىش كۇنۇپكىسى

6. ئازراق قىسقا توختاش بولىدۇ، ئاندىن يېتەكچى چاقلار ئاپتوماتىك ھالدا ئايلىنىدۇ، ئاۋۋال بىر تەرەپكە، ئاندىن يەنە بىر تەرەپكە ئايلىنىدۇ.

*قاراڭ: تاخومېتىر كىلاپاننىڭ سول تەرىپى ئۈچۈن 0 دىن 255 غىچە بولغان بىر قىممەت كۆرسىتىدۇ، ئاندىن سىستېما ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا كىلاپاننىڭ ئوڭ تەرىپىنى تەكرارلايدۇ.*

*قاراڭ ۋە ئاڭلاڭ: ئاگاھلاندۇرۇش گۈدۈكى ئىككى قېتىم «بىپ» قىلىدۇ، ئاندىن ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن، تاخومېتىر «00» نى كۆرسىتىدۇ.*

ئاچقۇچ ئۈزچاتنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

*ئىزاھات: بىرىنچى قانالدىن تۆتىنچى قانالغىچە ۋە ئالتىنچى قانالدىن ئونىنچى قانالغىچە بولغان قاناللار پەقەت ئىقتىدار ياكى دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ROW-TRAK نى تۈنجى قېتىملىق مەشغۇلات ئۈچۈن توغرىلىغاندا كىرگۈزۈش زۆرۈر بولمايدۇ. (قانالالارنىڭ قوشۇمچە ئىقتىدارلىرى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى ئىقتىدار قانالالىرى ۋە دىئاگنوز قانالالىرى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.)*

OUO1078,00004F7 -UG-02OCT06-1/1

## ھۆكۈم قىلىش قانىلى-ئالتىنچى

### ئالتىنچى قانال-مەھسۇلات مىقدارىغا ھۆكۈم چىقىرىش

بۇ قانال كونترول سىستېمىسىنىڭ يېرىم مەھسۇلات مىقدارىغا نىسبەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. تاخومېتىر 0 دىن 255 غىچە بولغان رەقەمنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھەربىر سولېنوئىدقا يوللانغان توك بېسىمىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قانالدا تۇرغۇاتقاندا، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى بۇرىغاندا سول ياكى ئوڭ كونترول سولېنوئىدىغا بارىدىغان توك بېسىمىنى يۆتكىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئارقا چاق سول ياكى ئوڭغا بۇرىلىدۇ.

**دىققەت: ئارقا يېتەكچى چاقنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن نېرى تۇرۇڭ.**

ھەربىر سولېنوئىدقا يوللانغان توك بېسىمىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن:

1. ئاۋۋال ئالتىنچى قانالغا كىرىپ، ئاندىن ROW-TRAK نى چېتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.
2. تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى (A) ئايلاندۇرۇڭ.




A - تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسى

*قاراڭ: ئالتىنچى قانال ھالىتىدە تۇرغاندا، تولۇقلاشنى تەڭشەش كۇنۇپكىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ماشىنىنى كونترول قىلىشقا بولىدۇ. كۇنۇپكىنى ئوڭغا بۇرىغاندا يېتەكچى ئوق ئوڭغا ئايلىنىدىغان يۆنىلىشكە ئۆزگىرىدۇ. كۇنۇپكىنى سولغا بۇرىغاندا يېتەكچى ئوق سولغا ئايلىنىدىغان يۆنىلىشكە ئۆزگىرىدۇ.*

ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

OUO1078,00004F8 -UG-02OCT06-1/1

## ھۆكۈم قىلىش قانىلى-يەتتىنچى

### يەتتىنچى قانال-زىرائەت سېزىشنىڭ دەسلەپكى سانلىق قىممىتى

*ئىزاھات: بۇ قانالدا شوپۇرنىڭ تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى يوق.*

بۇ قانال زىرائەت سېزىشنىڭ دەسلەپكى سانلىق قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**دىققەت: قۇر قۇرۇلمىسى يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. قۇرۇلمىغا چىرمىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قول، پۇت ۋە كىيىملىرىڭىزنى قۇرۇلمىدىن نېرى تۇتۇڭ.**

تەكشۈرگۈچنى ئوتتۇرىغا ئەكەلگەندە، سىستېمىنىڭ توغرا ئىشلىشى ئۈچۈن تاخومېتىردا 58 بىلەن 153 ئوتتۇرىسىدىكى سانلىق قىممەت كۆرسىتىلىدۇ.



(ئەگەر بۇ قىممەت بۇ پارامېتىر دائىرىسى ئىچىدە بولمىسا، جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ).

ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

OUO1078,00004F9 -UG-02OCT06-1/1

## ھۆكۈم قىلىش قانىلى-سەككىزىنچى

### سەككىزىنچى قانال-ئىنكاس سېزىشنىڭ دەسلەپكى سانلىق قىممىتى

*ئىزاھات: بۇ قانالدا شوپۇرنىڭ تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى يوق.*

بۇ قانال ئىنكاس سېزىشنىڭ دەسلەپكى سانلىق قىممىتىنى (ئارقا چاق) كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يېتەكچى چاقنى ئوتتۇرىغا ئەكەلگەندە، تاخومېتىردا 100 بىلەن 115 ئارىسىدىكى سانلىق قىممەت كۆرسىتىلىشى لازىم.

(ئەگەر بۇ قىممەت بۇ پارامېتىر دائىرىسى ئىچىدە بولمىسا، جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ).

*ئىزاھات: ئوتتۇرا قىسمىنى بېكىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەربىر رول سىلىندىرىدىكى دەستىنى ئۆلچەشتىن ئىبارەت.*

ئاچقۇچ ئۆزچاتىنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

OUO1078,00004FA -UG-02OCT06-1/1

## هۆكۈم قىلىش قانىلى-توققۇزىنچى

**توققۇزىنچى قانال-يۇمشاق ماتېريال**

*ئىزاھات: بۇ قانالدا شوپۇرنىڭ تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى يوق.*

بۇ قانال نۆۋەتتە ROW-TRAK كونتروللىغۇچقا قاچىلانغان يۇمشاق ماتېريال نۇسخىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاچقۇچ ئۈزچاتنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

OUO1078,00004FB -UG-02OCT06-1/1

## هۆكۈم قىلىش قانىلى-ئونىنچى

**ئونىنچى قانال-ئېرىشىش ۋە نىسبەتنى قايتا تەڭشەش**

بۇ قانال سىستېمىنىڭ «ئېرىشىش» ۋە «نىسبەت» پارامېتىرىنىڭ تەڭشىكىنى قايتىدىن نورمال تەڭشەش ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**مۇھىم: ئەگەر ئونىنچى قانالنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كىلاپان قىممىتىنى قايتا بەلگىلەش ئۈچۈن، بەشىنچى قانالدىكى (ROW-TRAK نىڭ ئاپتوماتىك كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بېرىك) تەرتىپلەر ۋە قۇر تەڭشەشنى (ROW-TRAK) خاتىرىلەشمۇ قايتىدىن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.**

كۆڭۈلدىكى تەڭشەش ھالىتىگە قايتا تەڭشەش ئۈچۈن:

- ئونىنچى قانالغا كىرىڭ.
- ئۈزچاتنىڭ خاتىرىلەش قىسمىنى (توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۈزچاتنىڭ ئاستىنقى يېرىمىنى) بېسىپ 6 سېكۇنت تۇرۇڭ.

*قاراڭ ۋە ئاڭلاڭ:* سىگنال بەرگۈچ ئىككى قېتىم «بىپ» قىلىدۇ، تاخومېتىر «00» نى كۆرسىتىدۇ، بۇ كۆڭۈلدىكى قىممەتنىڭ ئۈتۈقلۇق ساقلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاچقۇچ ئۈزچاتنى بۇراپ توغرىلاش ھالىتىدىن چىقىپ كېتىڭ.

OUO1078,00004FC -UG-02OCT06-1/1

## ROW-TRAK توك يولىنىڭ دىئاگنوز كودلىرى

*ئىزاھات: (ROW-TRAK ھەققىدىكى تېخنىكىلىق ياردەم ئۈچۈن، تېخنىكا قوللانمىسىنى ئوقۇڭ ياكى جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ).*

| كود | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|
| 236 | شوپۇرنى بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قانالدىكى گىدرو دەستىسىنىڭ ئۈستىدىكى ROW-TRAK كۇنۇپكىسىنى بېسىشقا ئەسكەرتىدۇ؛ ياكى كۇنۇپكا بېسىلغاندا موتورنىڭ سۈرئىتىنىڭ مىنۇتىغا 2310 قېتىمدىن يۇقىرى ئەمەسلىكىنى، شوپۇرنىڭ ئورۇندا يوق ئىكەنلىكىنى ھەمدە بېسىم ئۈزچاتنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئەسكەرتىدۇ. |
| 237 | زىرائەت سېنزورى ياكى ئارقا چاقنىڭ سېنزورى خاتىرىلەش ياكى كىلاپان ئېغىش ھالىتىدە تۇرغاندا دائىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر ياكى ئىككى سېنزور ياكى سىم كاردىن چىققان. يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى قانال دائىرىسىنى تەكشۈرۈڭ. |
| 241 | ROW-TRAK نى توغرىلاش ئۈتۈقلۇق بولمىدى. بۇ خىل خاتالىق ھالىتى پەقەت ئېتىز دىئاگنوز ئۆسۈلىنىڭ بەشىنچى قانىلدا يۈز بېرىدۇ. بۇ كىلاپان ئېغىشنى توغرىلاشنىڭ ئۈتۈقلۇق بولمىغانلىقىنى ۋە كىلاپان ياكى ئارقا چاق سېنزور قۇرۇلمىسىدا خاتالىق بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە گىدرو نەيچىلەر چىرمىشىپ قالغان ياكى توغرا ئورنىتىلمىغان. |
| 242 | سول تەرەپ رول سولېنوئىد قوزغاتقۇچ قىسقا تۇتىشىپ قالغان. بۇ كود شۇنى بىلدۈرىدۇكى، كونتروللىغۇچ ۋە كونترول كىلاپانى ئارىسىدا تۇتىشىش ياخشى بولمىغان، ياكى كونترول كىلاپاننىڭ سىم ئورامى قىسقا تۇتىشىپ قالغان. |
| 243 | ئوڭ تەرەپ رول سولېنوئىد قوزغاتقۇچ قىسقا تۇتىشىپ قالغان. بۇ كود شۇنى بىلدۈرىدۇكى، كونتروللىغۇچ ۋە كونترول كىلاپانى ئارىسىدا تۇتىشىش ياخشى بولمىغان، ياكى كونترول كىلاپاننىڭ سىم ئورامى قىسقا تۇتىشىپ قالغان. |
| 246 | ئاككۇمۇلياتورنىڭ توك بېسىمى تۆۋەن. توك بېسىمى 8.55VDC دىن تۆۋەن. سىملارنىڭ ئۇلىنىشى ۋە ماشىنا سىستېمىسىنىڭ توك بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ. |
| 248 | زىرائەت سېنزورىنىڭ سىگنالى يوق. زىرائەت سېنزورىنىڭ سىملىرىنىڭ ئۇلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. |
| 250 | ئارقا چاق سېنزورىنىڭ سىگنالى يوق. سىمنىڭ ئارقا چاق سېنزورىغا ئۇلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. |
| 253 | ROW-TRAK ئىندىكاتورىنىڭ چىرىغى ئىشلىمەيدۇ. لامپۇچكىنى تەكشۈرۈڭ. |

OUO1078,00004FD -UG-23AUG06-1/1

## سىرتقى ئېگىزلىك سېزىش تاقىسىنى تەكشى قىلىش

**مۇھىم: قۇرۇلمىدىكى ئېگىزلىك سېزىشنى تەڭشەشتىن بۇرۇن، تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ يانتۇلۇقىنى تەڭشەڭ. تېرىش قۇرۇلمىسى دېگەن بۆلەككە قاراڭ. تېرىش قۇرۇلمىسى تەڭشەلمىسە قۇرۇلما ياكى ماشىنىدا بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ.**




*بىرىنچى قۇرۇلما كۆرسىتىلدى*




1. قۇلۇپلاش گايكىسىنى (A) بوشىتىڭ.

*ئىزاھات: ئەچكى قۇرۇلمىنىڭ ئېگىزلىك سېزىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، بارلىق تاقىلارنىڭ تەكشى بولىشىنى تەكشۈرۈڭ.*

2. قالپاقلىق بۇرما مىخ (B) نى بوشىتىڭ.

3. ئەچكى ۋە سىرتقى تاقا (C) ئۆزئارا تەكشى بولغىچە چېتىش ئورنىنى تەڭشەڭ.

*ئىزاھات: قالپاقلىق بۇرما مىخنى ئورنىتىشتىن بۇرۇن، چېتىش ئورنىنىڭ بېشىدا ئۈچ دانە رېزبا بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.*

4. قالپاقلىق بۇرما مىخنى ئورنىتىپ، قۇلۇپلاش گايكىسىنى چىڭىتىڭ.

5. تاقىلار تەكشى بولدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئەگەر يەنە تەڭشەش زۆرۈر بولسا، چېتىش ئورنىنىڭ يەنە بىر بېشىدىمۇ ئوخشاش تەڭشەش ئېلىپ بېرىڭ.

**A - قۇلۇپلاش گايكىسى**
**B - قالپاقلىق بۇرما مىخ**
**C - سىرتقى تاقا**

OUO6043,000152D -UG-18SEP06-1/1




سىرتقى تاقا كۆرسىتىلدى




زىرائەتنىڭ يول باشلاش ۋە ئۆپراش تاختىسى

## ئاپتوماتىك ئېگىزلىك كونترول قىلىشنى تەڭشەش

1. بارلىق ئۆزۈش (تېرىش) قۇرۇلمىسىنى قۇرغا توغرىلاڭ. ھەيدەش چاقى ۋە يېتەكچى چاقلار ئېتىزدا، قۇردا ۋە ئوخشاش تەكشىلىكتە بولۇشى لازىم.

2. موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئوتتۇرھال ئورۇنغا قويۇپ ۋە گىدراۋلىك سىستېمىنى ئىسسىتىپ، گىدرو دەستىسى ئۈستىدىكى ئۆزچاتنى ئىشلىتىپ قۇرۇلمىلارنى تۆۋەنلىتىڭ.

**دىققەت: ئەگەر قۇرۇلمىغا چىرمىشىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. بارلىق قۇرۇلمىلار چوقۇم ئۆزۈۋېتىلسۇن. قۇرۇلما يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنىۋاتقاندا قىسىۋېلىش ياكى سوقۇۋېتىش كېلىپ چىقىدىغان يەردىن يىراق تۇرۇڭ.**

3. قۇرۇلما ئېگىزلىكىنى سېزىش تاقىسىنى (A) قۇرۇلما تولۇق يۇقىرى كۆتۈرۈلگىچە ئۈستىگە كۆتۈرۈڭ، ئاندىن تاقىنى قويۇپ بېرىڭ. ئېگىزلىك سېزىش سىستېمىسىنى تەڭشەڭ، قۇرۇلمىلار پاختا تېرىشكە زۆرۈر بولغان ئورۇندىن تۆۋەن بولۇپ قالمىسۇن.

4. تەڭشەش ئۈچۈن: قالپاقلىق بۇرما مىخنىڭ (D) تەڭشەش تاقىقىنى (E) بوشىتىپ قۇرۇلمىنى ئېگىز ياكى تۆۋەن ئىشلەيدىغان قىلىڭ. قالپاقلىق بۇرما مىخ ۋە گايكىنى قايتا چىڭىتىڭ.

**مۇھىم: ھەربىر قۇرۇلمىدىكى تاقاقنى ئوخشاش تەكشىلىككە تەڭشەڭ. تاقاقلار بىرلا ۋاقىتتا تەڭشەلمىسە، قۇرۇلما ياكى ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.**

5. قۇرۇلمىنىڭ يانتۇلۇق تەڭشىلىشىنى قايتا تەكشۈرۈڭ.

6. پەسرەك غوزىلار ياكى يېتىپ قالغان ۋە چىرمىشىپ قالغان شاخلار ئۈچۈن، يول باشلىغۇچىنى (B) ياكى ئۆپراش تاختىسىنى (C) قۇرۇلمىنىڭ ئاستى قىسمىغا قويۇڭ، يەنى ئۇلار ئاستى قىسمىنىڭ ئۈستىگە تېگىشسۇن (تەكشى يۈزگە تېگىشكە ئاز قالسۇن، بىراق ساپانغا تەگمىسۇن).

7. ئاپتوماتىك ئېگىزلىك كونترول قىلىشنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك بولسا، ئېگىزلىك سېزىش سىستېمىسى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن بولىدۇ؛ ئارتۇق تەڭشەش ئېلىپ بارماڭ.

**A** - ئېگىزلىك سېزىش تاقىسى
**B** - زىرائەتنىڭ يول باشلاش تاختىسى
**C** - ئۆپراش تاختىسى
**D** - قالپاقلىق بۇرما مىخ
**E** - تاقاق

AG,OUO1011,1119 -UG-08SEP99-1/1

## ئىچكى ئېگىزلىك سېزىش تاقىسىنى تەكشى قىلىش

**دىققەت: ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كېتىشى ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. توختىتىش تورمۇزى چوقۇم چېتىلغان بولسۇن.**

**ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار چىرمىشىپ قالسا ياكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا كىرىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بارلىق ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇڭ.**




A - ئېگىزلىك سېزىش تاقىسى
B - تاقاق بۇرما مىخى
C - دەستە

1. ماشىنىنى تەكشى يەردە توختىتىپ، قۇرۇلمىلارنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قۇلۇپلاش جازىسىنى سىلىندىردىن بوشىتىڭ.

2. ئېگىزلىك سېزىش تاقىسى (A) يۇزىگە تەگكىچە تېرىش قۇرۇلمىسىنى يۇقىرىلىتىڭ ياكى تۆۋەنلىتىڭ.

3. ئېگىزلىك سېزىش قۇرۇلمىسىدىكى تاقاق بۇرما مىخنى (B) بوشىتىڭ.

4. تاقا سىرتقى تاقىغا ئوخشاش سىرتقى يۈزگە تەگكىچە دەستىنى (C) ئۈستىگە ياكى ئاستىغا يۆتكەڭ.

5. تاقاق بۇرما مىخنى چىڭىتىڭ.

AG,OUO1011,1120 -UG-18SEP06-1/1

## نەمدەش سىستېمىسىنى تەييارلاش




A - ئۆرچۈق
B - نەمدەش تۈۋرۈكى

**مۇھىم: تۇلۇقنى ئىشلىتىپ ئۆرچۈقنى تازىلىغاندا زىيادە ئۈپراش ۋە تولۇق ۋە ئۆرچۈق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۆرچۈق تازىلاش نەمدەش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تاماملىنىدۇ، تۇلۇق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلمايدۇ.**

ئوق تازىلاش مەشغۇلاتى تۆۋەندىكىدەك ئېلىپ بېرىلىدۇ:

- سۇ بىلەن ئوق تازىلىغۇچ ياكى نەمدەش سۈيۈقلۇقىنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇش.
- ئېرىتمە خۇرۇچنىڭ تېپىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پۈركۈش ئېغىزىنىڭ چوڭلۇقى توغرا بولۇشى لازىم.
- سۇ بېسىمى مۇۋاپىق بولۇش.
- نەمدىگۈچنى چايقاش سىستېمىسىنى قەرەللىك ئىشلىتىش.
- نەمدەش تۈۋرۈكىنى (B) مۇۋاپىق تەڭشەش.

AG,OUO1011,1121 -UG-08SEP99-1/1

## سوغۇق هاۋادا مەشغۇلات قىلىش







**مۇھىم: ئەگەر ماشىنا بەك سوغۇق هاۋادا سىرتتا قويۇپ قويۇلسا، نەمدەش سىستېمىسىدا بۇزۇلۇش كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەگەر ماشىنىنى بەك سوغۇق هاۋادا سىرتتا قويۇشقا توغرا كەلسە، تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.**

**ئەگەر پومپا ئىچىدە سۇ يوق ۋاقىتتا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلسا، ئېرىتمە پومپىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

1. ماشىنىنىڭ سول تەرەپ ئاستى قىسمىدىكى سۈزۈش تورىنى (A) چىقىرىۋېتىپ، كىلاپانى (B) ئېچىپ ۋە ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى (C) ئېچىپ، نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ.

2. ماشىنىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، سۈزۈش تورىنى ئالماشتۇرۇڭ، ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى تاقاڭ ۋە نەمدەش سىستېمىسىغا سۈيۇقلۇق قاچىلاڭ.

A - سۈزۈش تورى
B - كىلاپان
C - ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنى (ئۈچ دانە ئىشلىتىلىدۇ)

OUO6043,0001B40 -UG-01DEC06-1/1




## سۇيۇقلۇق پومپىسىنىڭ تاسمىسىنى تەڭشەش

1. قۇلۇپلاش گايكىسىنى (A) بوشىتىڭ.

**مۇھىم: پومپىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سىستېمىدا سۇيۇقلۇق يوق ئەھۋالدا پومپىنى ئىشلەتمەڭ. قۇرغاق ھالەتتە پاختا تېرىش ئۈچۈن تاسمىنى دائىم چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.**

2. پومپا ئورنىتىش بولتىلىرىنى (C) بوشىتىپ ۋە پومپىنى سۈرۈپ ياكى پومپىنىڭ تەڭشەش بۇرما مىخىنى (D) بوشىتىپ ۋە غالتەك چاقنى سۈرۈش ئارقىلىق تاسمىنى (B) غالتەك چاقىغا ئۇدۇللاڭ.

**مۇھىم: ئوق قازنىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۇيۇقلۇق يېتەكچى تاسمىسىنى بەك ئارتۇق چىڭىتماڭ. تاسما مۇۋاپىق چىڭىتىلغاندا، تاسمىنى باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ ئايلاندۇرۇشقا بولىشى لازىم.**

3. گايكىنى (C) ئىشلىتىپ تاسمىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

| ئۆلچەم | |
|---|---|
| سۇيۇقلۇق پومپىسىنىڭ تاسمىسى - ستاتىك تارتىش كۈچى | 67-85 N (16-19 lb) |

4. بارلىق بوش دېتاللارنى چىڭىتىڭ.

A - قۇلۇپلاش گايكىسى
B - تاسما
C - ئورنىتىش بولتىسى
D - تەڭشەش بۇرما مىخى

MM95366,0000301 -UG-15JAN13-1/1



## نەمدەش تۈۋرۈكى

**مۇھىم: نەمدەش تاختىسى ۋە ئوقتا ئۆپراش ياكى بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەمدەش تۈۋرۈكى توغرا ئۇدۇللىنىشى لازىم.**

يۈتكەش جەريانىدا بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەمدەش تۈۋرۈكى زاۋۇتتا تەڭشەلمەيدۇ.

نەمدەش تۈۋرۈكدە ئىككى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ:

- تۈۋرۈك ئورنى
- تۈۋرۈك ئېگىزلىكى

NXH,OM997055,4 -UG-23SEP97-1/1

## نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈش




ئۈرچۈق نەمدەش تاختىسىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان بولغاچقا، نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئورنى شۇنداق تەڭشىلىشى كېرەككى، نەمدەش تاختىسىنىڭ (A) بىرىنچى ياپراقچىسى ئۈرچۈقنىڭ چاك-توزان توسۇش ھالقىسىنىڭ (B) ئالدى گىرۋىكىگە تېگىدىغان قىلىپ تەڭشىلىشى لازىم. ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى نەمدەش تاختىسى ئوخشاش تەڭشىلىشى لازىم.

**مۇھىم: رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، نەمدەش تاختىسى ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى ئوقىغا تىك ھالەتتە زاۋۇتتا ئورنىتىلغان. ئەگەر نەمدەش تاختىسى شالاسۇن ئۈرچۈققا پاراللېل قىلىپ ئورنىتىلسا، ئۈرچۈق ۋە ئۈرچۈقنىڭ كېيدۇرمە نەيچىسىدە زىيادە ئۇپراش كېلىپ چىقىدۇ.**

*ئىزاھات: نەمدەش تاختىسىنىڭ گىرۋىكى ئۈرچۈق كىرىدىغان ئەڭ يىراق نۇقتىدىن چاك-توزان توسۇش ھالقىسىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇق سۈرۈلمەسلىكى لازىم.*

A - نەمدەش تاختىسى
B - ئۈرچۈقنىڭ چاك-توزان توسۇش ھالقىسى

AG,OUO1011,1123 -UG-08SEP99-1/1

## نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئورنىنى تەڭشەش




**مۇھىم: مۇۋاپىق تەڭشەش ئۈچۈن، نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئېغىزى تاقىلىشى ۋە تۇتقۇچ تاقىلىشى لازىم. نەمدەش تاختىسى بىلەن ئۈرچۈقنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تەڭشەلمەكچى بولغان نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئالدىدىكى تەكشۈرۈش ئېغىزىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.**

1. تۇلۇقنى ئايلاندۇرۇپ ئۈرچۈقلار نەمدەش تاختىسىدىن ئايرىلىدىغان بولسۇن.

2. ئۈستۈنكى (A) ۋە ئاستىنقى (B) ئىشىك تاقىقىنى توختىتىش قالپاقلىق بۇرما مىخنى بوشىتىڭ.

A - ئىشىك تاقىقىنى توختىتىش قالپاقلىق بۇرما مىخى-ئۈستۈنكى
B - ئىشىك تاقىقىنى توختىتىش قالپاقلىق بۇرما مىخى-ئاستىنقى

AG,OUO1011,1124 -UG-08SEP99-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

3. ھەربىر تاختىنىڭ بىرىنچى ياپراقچىسى (A) ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان چاك-توزان ھالقىسىنىڭ (B) ئۇستىگە ئۇدۇللانغىچە ئېغىزنى ئىچى ياكى تېشىغا سۈرۈڭ.

4. ئىشىك تاقىقىنى توختىتىش قالپاقلىق بۇرما مىخىنى چىڭىتىڭ.

5. نەمدەش تۇۋۇرۇكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەڭ. بۇ بۆلەكتىكى نەمدەش تۇۋۇرۇكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەش قىسمىغا قاراڭ.




**A - ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى**
**B - چاك توسۇش چەمبىرى (ھالقىسى)**

AG,OUO1011,1124 -UG-08SEP99-2/2

## نەمدەش تۇۋۇرۇكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەكشۈرۈش




**A** - نەمدەش تاختىسى
**B** - ئۇرچۇق

1. نەمدەش تاختىسىنىڭ ئۇپراش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈڭ. ئەگەر نەمدەش تاختىسى بەك ئۇپراپ كەتكەن بولسا، نەمدەش تۇۋۇرۇكىنى تىك ھالەتتە تەڭشەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**مۇھىم: نەمدەش تاختىسى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە، بالدۇر ئۇپراپ كېتىدۇ.**

**ئۇرچۇقتا يېتەرلىك سۇيۇقلۇق بولماسلىق ۋە نەمدەش تاختىسىنىڭ سۈركۈلۈشى سەۋەبىدىن، ئەگەر نەمدەش تاختىسى بەك ئېگىز بولۇپ كەتسە، تازىلاش ياخشى بولمايدۇ. ئۇرچۇقنى نەمدەش تاخسىسى ئارقىلىق تازىلاش لازىم، تولۇق ئارقىلىق تازىلاشقا بولمايدۇ.**

2. نەمدەش تۇۋۇرۇكىنىڭ ئېگىزلىكىنى ھەربىر نەمدەش تاختىسىنىڭ (A) بارلىق ياپراقچىسى ئۇرچۇققا (B) تېگىدىغان قىلىپ تەڭشەڭ.

*ئىزاھات: ئۇرچۇق نەمدەش تاختىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە، بارلىق ياپراقچىلار ئازراق ئېگىلىدۇ. يېڭى نەمدەش تاختىسى ئورنىتىلغاندا، چاك-توزان توسۇش ھالقىسى ئۇرچۇق ئۇچىنىڭ يېنىدىكى ياپراقچىدىن ئارتۇق ئېگىلىپ كېتىشى مۇمكىن.*

AG,OUO1011,1125 -UG-08SEP99-1/1

## نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەش




1. قۇلۇپلاش گايكىسىنى (A) بوشىتىڭ.
2. تەڭشەش بۇرما مىخىنى (B) ئوڭ يۆنىلىشتە ئايلاندۇرۇپ تۇۋرۇكنى يۇقىرىلىتىڭ، سول تەرەپكە بۇراپ تۆۋەنلىتىڭ. (تۇۋرۇك ئېگىزلىكىنى تەڭشىگەندە قۇلۇپلاش گايكىسىنىڭ ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭ.)
3. قۇلۇپلاش گايكىسىنى چىڭىتىڭ.

**A** - **قۇلۇپلاش گايكىسى**
**B** - **تەڭشەش بۇرما مىخى**

AG,OUO1011,1126 -UG-08SEP99-1/2




**مۇھىم: ئېگىزلىك تەڭشەش تۈگىگەندىن كېيىن، ئېغىزنى تاقاپ قۇلۇپلاڭ، ئاندىن قوغداش تاختىسى (A) بىلەن قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى چىڭىتىش ئارىلىقىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر مەلۇم ئارىلىق بار بولسا، دېتالنى چىڭىتىڭ، قوغداش تاختىسىنى پەسكە بېسىپ ئارىلىقنى يوقىتىڭ ۋە دېتالنى چىڭىتىڭ.**

**قوغداش تاختىسى نەمدەش تۇۋرۇكىگە ئەخلەت يىغىلىپ قېلىش ۋە ھاۋا ئېغىزىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.**

**A** - **قوغداش تاختىسى**

AG,OUO1011,1126 -UG-08SEP99-2/2

## نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكىنى تولدۇرۇش (باكتا سۇيۇقلۇق ئاربلاشتۇرۇش)



**دىققەت: كۆيۈشچان نېفت سۇيۇقلۇقى تاسادىپىي ئوت ئېلىپ كېتىشى ھەمدە ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. كۆيۈشچان نېفت سۇيۇقلۇقى ئىشلەتمەڭ.**

**ئوق تازىلىغۇچنى باللاردىن يىراق يەردە ساقلاڭ. ئەگەر يۇتۇپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر يۇتۇپ قالسا، قۇسۇۋېتىڭ. ئوق تازىلىغۇچ (تازىلاش سۇيۇقلۇقى) كۆزنى بىئارام قىلىدۇ. ئەگەر تازىلاش سۇيۇقلۇقى كۆزگە كىرىپ كەتسە، كۆزنى سۇ بىلەن چايقاڭ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالدا دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.**

**مۇھىم: سۇ پاكىز بولىشى لازىم. بۇلغانغان سۇ نەمدەش سىستېمىسىدا كاشىلا پەيدا قىلىدۇ.**

**ئەگەر تازىلاش سۇيۇقلۇقى باكقا ئاۋۋال قويۇلۇپ، ئاندىن سۇ قويۇلسا سۇ بىلەن تازىلاش سۇيۇقلۇقى ئارىلاشمايدۇ.**

**بەزى نەمدەش سۇيۇقلۇقنى ئىشلەتكەندە، پاختىنىڭ دەرىجىسى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاۋۋال سۇ قويۇش لازىم.**







A - يىراقتىن تولدۇرۇشنى چېتىش
B - تولدۇرۇش (قۇيۇش) ئېغىزى

يىراقتىن قۇيۇش قوشۇمچە ئۈسكۈنىسى (A) ياكى قۇيۇش ئېغىزى (B) ئارقىلىق نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكىنى تولدۇرۇشقا بولىدۇ. باكتا سۇيۇقلۇق ئارىلاشتۇرغاندا، مەيلى قوشۇمچە ئۈسكۈنە ياكى قۇيۇش ئېغىزى ئارقىلىق بولسۇن، تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات قىلىڭ:

- باكنىڭ يېرىمىغىچە سۇ قۇيۇڭ.
- شامالدۇرغۇچنى ئېچىپ سۇنى ئارىلاشتۇرۇڭ.
- سۇ ئارىلىشىۋاتقاندا، جون دىئىر ماركىلىق ئوق تازىلاش سۇيۇقلۇقى ياكى نەمدەش سۇيۇقلۇقنى ئاستا قۇيۇڭ.
- باكقا سۇ قۇيۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇڭ.
- تەخمىنەن بەش مىنۇت ئارىلاشتۇرۇڭ.

*ئىزاھات: ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان سۇيۇقلۇقنى 24 سائەت ئىچىدە ئىشلىتىڭ. ئەگەر بىر كۈن ئىچىدە ئىشلىتىلمىسە، تېرىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، بىر نەچچە مىنۇت ئارىلاشتۇرۇڭ.*

*ئىزاھات: ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان سۇيۇقلۇق بار بولغان قوشۇمچە تازىلىغۇچنى باكقا قوشۇشقا بولىدۇ. باكنى تولدۇرۇشقا قانچىلىك مىقداردا (گاللون) سۇيۇقلۇق كېتىدىغانلىقىنى بېكىتىڭ. ئاندىن مۇشۇ مىقداردىكى پاكىز سۇ ۋە بېتەرلىك تازىلاش سۇيۇقلۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قويۇقلۇقنى توغرا تەڭشەپ باكنى تولدۇرۇڭ.*

OUO6043,000152F -UG-25OCT01-1/1

## نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكىغا يىراقتىن سۇيۇقلۇق قۇيۇش (ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان سۇيۇقلۇق)







ئەگەر سۇيۇقلۇق چوڭ باكتا ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا، پاختا تېرىش باكىغا قۇيۇشتىن بىر نەچچە مىنۇت بۇرۇن سۇيۇقلۇقنى ئىلەشتۇرۇڭ.

1. نەيچىنى چوڭ باكتىن يىراقتىن تولدۇرۇشنى چېتىش ئورنىغا (A) ياكى سۈزگۈچنىڭ قۇيۇش ئېغىزىغا (B) چېتىڭ.

2. تاقاش كىلاپاننى ئېچىڭ. (پەقەت يىراقتىن قۇيغاندا).

3. باك تولغاندا، تاقاش كىلاپاننى تاقاڭ.

4. نەيچىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

A - يىراقتىن تولدۇرۇشنى چېتىش
B - سۈزگۈچنىڭ قۇيۇش ئېغىزى

OUO6043,0001530 -UG-25OCT01-1/1

## نەمدەش باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرغۇچىسىنى تازىلاش






*ئىزاھات: يىراقتىن قۇيۇش مەشغۇلاتىدا، نەمدەش سۇيۇقلۇقىنىڭ باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرغۇچىسىنى تازىلاش تەلەپ قىلىنمايدۇ. يىراقتىن قۇيۇش مەشغۇلاتىدا، چوڭ تاشقان سۇنى ئېقىتىش نەيچىسى ھاۋا ئالماشتۇرغۇچ رولىنى ئۆتەيدۇ.*

1. باكنى تولدۇرۇش ئېغىزىنى (A) كۆندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىغا لاي ياكى ئەخلەت كىرىپ قالدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

2. بۇلۇت سۈزگۈچنى ئېھتىياجغا قاراپ تازىلاڭ. چېتىش تاسمىسىنى كېسىپ بۇلۇتنى چىقىرىپ ئېلىڭ. يېڭى تاسمىغا ئالماشتۇرۇڭ. قاپقاق ئاستىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

A - باكنى تولدۇرۇش ئېغىزى

OUO6043,0001531 -UG-25OCT01-1/1

## جون دئىر ماركىلىق ئوق تازىلىغۇچنى ئىشلىتىش




**دىققەت: ئوق تازىلىغۇچنى باللاردىن يىراق يەردە ساقلاڭ. ئەگەر يۇتۇپ قالسا، ئېغىر كېسەل ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر يۇتۇپ قالسا، قۇسىۋېتىڭ. ئوق تازىلىغۇچ (تازىلاش سۇيۇقلۇقى) كۆزنى بىئارام قىلىدۇ. ئەگەر تازىلاش سۇيۇقلۇقى كۆزگە كىرىپ كەتسە، كۆزنى سۇ بىلەن چايقاڭ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالدا دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.**

| تۈرلەر | ئۆلچەم بىرلىكى | ئۆلچەم |
|---|---|---|
| AN30975 تىپلىق جون دئىر ماركىلىق نەمدەش سۇيۇقلۇقى | بوتۇلكا سىغىمى | (gal 1) L 3.8 |
| AL1112N تىپلىق جون دئىر ماركىلىق نەمدەش سۇيۇقلۇقى | تۇڭ سىغىمى | (gal 5) L 19 |
| AN114022 تىپلىق جون دئىر ماركىلىق ئوق تازىلىغۇچ | تۇڭ سىغىمى | (gal 5) L 19 |
| AN114023 تىپلىق جون دئىر ماركىلىق ئوق تازىلىغۇچ | تۇڭقىنىڭ سىغىمى | (gal 55) L 208 |

*ئىزاھات: سۇيىتى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، بولۇپمۇ ناچار شارائىتتا ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان بولغاچقا، باشقا نەمدەش سۇيۇقلۇقىغا قارىغاندا جون دئىر ماركىلىق ئۇرچۇق تازىلىغۇچ سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. جون دئىر ماركىلىق ئۇرچۇق تازىلىغۇچنى ئىشلەتكەندە:*

- *نەمدەش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىش ئازىيىدۇ*
- *ئېغىز ۋە مۇناسىۋەتلىك تېرىش زاپچاسلىرى قۇرغاق تۇرىدۇ*
- *لاي ئاز يىغىلىدۇ*
- *تېرىش قۇرۇلمىسىنى تازىلاش كۆپ بولمايدۇ*
- *باكنى تولدۇرۇشقا ئاز ۋاقىت كېتىدۇ، مەھسۇلات ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى بولىدۇ*
- *ئۇرچۇققا چاپلىشىپ قالغان يىپىشقاق داغلارنى چىقىرىۋېتىش*
- *نەمدەش سىستېمىسىنى ئاسراش قېتىم سانى ئاز بولۇش (تاختىنى تەكشەش ۋە ئالماشتۇرۇش)*
- *ئايرىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش*

بۇ پاختا تېرىش ماشىنىسىغا ئۇرچۇق تازىلىغۇچ بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ دانە پۇركۇش ئېغىزى سەپلەنگەن. ئۇرچۇق تازىلىغۇچ باكقا سۇيۇقلۇق قۇيۇش ئىنتېرۋالىنى ئۇزۇنىراق قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نورمال ئەھۋالدا لىق 1041 لىتىر سۇ باكىغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سۇيۇقلۇقنىڭ تەۋسىيەلىك نىسبىتى 15.6 لىتىر بولىدۇ.

**ئۆلچەم**

ئوق تازىلىغۇچ - سىغىمى ...................................................... ھەربىر باك 15.6 لىتىر
ھەربىر باك (4-1/8 گاللون)

### جون دئىر ماركىلىق ئۇرچۇق تازىلىغۇچ ۋە سۇيۇقلۇق نىسبىتى

تۆۋەندىكى مىسالدا مۇۋاپىق سۇنى قانداق ئىشلىتىش ۋە ئۇرچۇق تازىلاش سۇيۇقلۇقىنىڭ نىسبىتىنى قانداق تەكشەش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلگەن.

مىسال: ئەگەر باكتىكى سۇيۇقلۇقنىڭ مىقدارى 946.3 لىتىر (250 قاداق) بولسا، 94.6 لىتىر سۇ ۋە 1.4 لىتىر ئۇرچۇق تازىلاش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ (25 گاللون سۇ ۋە 3/8 گاللون ئۇرچۇق تازىلاش سۇيۇقلۇقى).

| ئۇرچۇق تازىلىغۇچ، سۇ ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى-تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر | |
|---|---|
| ئىنگلىز بىرلىك سىستېمىسى | gal 100/gal 1.5 |
| مېتىر سىستېمىسى | L 100/L 1.5 |
| **ئەگەر باكتىكى يىغىلغۇ مىقدارى مۇنداق بولسا:** | **سۇ (لىتىر ياكى گاللون) ۋە ئوق تازىلىغۇچ (لىتىر ياكى گاللون) قۇيۇڭ** |
| (gal 250) L 946 | (gal 25) L 94.6 سۇ/(gal 3/8) L 1.4 ئوق تازىلىغۇچ |
| (gal 200) L 757 | (gal 75) L 283 سۇ/(gal 1-1/8) L 4.3 ئوق تازىلىغۇچ |
| (gal 150) L 568 | (gal 125) L 473 سۇ/(gal 1-7/8) L 7.1 ئوق تازىلىغۇچ |
| (gal 100) L 378 | (gal 175) L 662 سۇ/(gal 2-5/8) L 10.9 ئوق تازىلىغۇچ |
| (gal 50) L 189 | (gal 225) L 852 سۇ/(gal 3-3/8) L 12.8 ئوق تازىلىغۇچ |
| قۇرۇق | (gal 275) 1041L سۇ/(gal 4-1/8) L 15.6 ئوق تازىلىغۇچ |

OUO6043,000146B -UG-14JUL06-1/1

## جون دىئىر ماركىلىق ئوق تازىلىغۇچنى ساقلاش




**دىققەت: ئوق تازىلىغۇچنى قۇلۇپلانغان، بىخەتەر جايدا ساقلاڭ. ئەگەر ئادەم ئوق تازىلىغۇچنى ئىچىپ قالسا، ئېغىر كېسەللىك ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆزگە كىرىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش كېلىپ چىقىدۇ.**

قاچىلارغا سۇ سىڭىپ كەتمەيدىغان جايدا ساقلاڭ. سۇ قېتىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

AG,OUO1011,1131 -UG-08SEP99-1/1

## جون دىئىر ماركىلىق نەمدەش سۇيۇقلۇقنى ئىشلىتىش



**دىققەت: كۆيۈشچان نېفىت سۇيۇقلۇقى تاسادىپىي ئوت ئېلىپ كېتىشى ھەمدە ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. كۆيۈشچان نېفىت سۇيۇقلۇقى ئىشلەتمەڭ.**

*ئىزاھات: كۆيۈشچان نېفىت سۇيۇقلۇقى ئىشلەتكەندە پاختىنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ.*




بۇ پاختا تېرىش ماشىنىسىغا ئوق تازىلىغۇچ بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك پۈركۈش ئېغىزى سەپلەنگەن. ئەگەر نەملەش سۇيۇقلۇقى (نەملىگۈچ) ئىشلىتىلسە، چوڭراق پۈركۈش ئېغىزى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. جون دىئىر سودىگىرىدىن سېتىۋېلىشقا بولىدىغان ئالتىنچى نومۇرلۇق پۈركۈش ئېغىزى ئىشلىتىڭ.

نەملىگۈچ بولسا ئوق تازىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇق خۇرۇچتىن ئىبارەت.

تەۋسىيە قىلىنغان ئېرىتمە نىسبىتى ھەربىر لىق باكقا 2 لىتىر قۇيۇلىدۇ.

**ئۆلچەم**

نەملىگۈچ - سىغىمى ............................................................ 2 لىتىر ھەربىر لىق باكقا
(4-1/4 pt) ھەربىر لىق باكقا

AG,OUO1011,1132 -UG-08SEP99-1/1

## جون دىئىر ماركىلىق نەملىگۈچ - سۇيۇقلۇق نىسبىتى

تۆۋەندىكى مىسالدا باكقا مۇۋاپىق نىسبەتتە سۇ ۋە نەملىگۈچ قوشۇش تەپسىلاتى بېرىلگەن.

مەسىلەن: ئەگەر باكتىكى يېقىلغۇنىڭ مىقدارى 946.4 لىتىر (250 گاللون) بولسا، 96.4 لىتىر سۇ ۋە 0.18 لىتىر نەملىگۈچ (نەمدەش سۇيۇقلۇقى) قۇيۇڭ (25 گاللون سۇ ۋە 3/8 پىنت نەملىگۈچ.)

| ئەگەر باكنىڭ مىقدارى مۇنداق بولسا: | سۇ (لىتىر ياكى گاللون) ۋە نەملىگۈچ (لىتىر ياكى گاللون) قۇيۇڭ |
|---|---|
| 946 L (250 gal) | 94.6 L (25 gal) سۇ/0.18 L (3/8 pt) نەملىگۈچ |
| 757 L (200 gal) | 283 L (75 gal) سۇ/0.53 L (1-1/8 pt) نەملىگۈچ |
| 568 L (150 gal) | 473 L (125 gal) سۇ/0.89 L (1-7/8 pt) نەملىگۈچ |
| 378 L (100 gal) | 662 L (175 gal) سۇ/1.24 L (2-5/8 pt) نەملىگۈچ |
| 189 L (50 gal) | 852 L (225 gal) سۇ/1.6 L (3-3/8 pt) نەملىگۈچ |
| قۇرۇق | 1041 L (275 gal) سۇ/2.0 L (4-1/4 pt) نەملىگۈچ |

AG,OUO1011,1133 -UG-14JUL06-1/1

## سۇ بېسىمىنى تەڭشەش




موتور سۈرئىتى يۇقىرى سۈرئەتتە




**مۇھىم: پاختا شامالدۇرغۇچ ھەرقانداق ۋاقىتتا چېتىلغاندا، سۇ پومپىسى چېتىلىدۇ. سۇ پومپىسىنى ھەرگىز قۇرۇق قالدۇرماڭ بولمىسا قازان بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. قۇرغاق ھالەتتە پاختا تەرگەندە، سۇ پومپىسىنىڭ يېتەكچى تاسمىسىنى دائىم چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.**

1. شامالدۇرغۇچنى چېتىڭ، موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئەڭ يۇقىرى قىلىڭ.

*ئىزاھات: ئاكتىپ لىنىيە تاللاش ئۆزچاتىنى (D) ئىشلىتىپ، رەقەملىك ئېكراندىن مۇۋاپىق لىنىيەنى تاللاڭ.*

2. ئۆزچاتنى (C) بېسىش ئارقىلىق رەقەملىك ئېكراننى (B) ئۆزگەرتىپ سۇ بېسىمىنى كۆرسىتىڭ.

3. ئۆزچاتنى (A) ئىشلىتىپ، سۇ بېسىمىنى ئېكراندىكى قىممەت 103 دىن 172 كىلوپاسكال ئارىسىدا بولغىچە تەڭشەڭ (1.0-1.7 bar) (15-25 psi). بېسىمنى يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن، ئۆزچاتنىڭ + (يۇقىرىلىتىش) تەرىپىنى بېسىڭ، بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن - (تۆۋەنلىتىش) تەرىپىنى بېسىڭ. ئوتتۇرىچە ئەھۋالغا نىسبەتەن تەۋسىيە قىلىنغان بېسىم 138 كىلوپاسكال (1.4 bar) (20 psi) بولىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى ئۆرچۈققا پاختا يىغىلىپ قېلىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

**ئۆلچەم**

سۇ بېسىمى - بېسىم........................................................................ 138 kPa
(1.4 bar) (20 psi)

ئۆزگىرىۋاتقان شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، بېسىمنى كۈندە قەرەللىك تەكشۈرۈڭ ۋە تەڭشەڭ.

**A** - سۇ بېسىمى ئۆزچاتى
**B** - رەقەملىك ئېكران
**C** - سۇ بېسىمى ئۆزچاتى
**D** - ئاكتىپ لىنىيە تاللاش ئۆزچاتى

MM95366,00002FC -UG-15JAN13-1/1

## نەمدىگۈچنى چايقاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش




**A - نەمدىگۈچنى چايقاش ئۈزچاتى**

ئۈرچۈقتا نەرسە يىغىلىپ قالغانلىقى بايقالغاندا، سۈيۈقلۇق ئىشلىتىشنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە نەمدەش سىستېمىسىنىڭ چايقاش ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ ئۈرچۈقنى تازىلاڭ.

*ئىزاھات: بەزى ئەھۋاللاردا (يېشىل نەرسە كۆپ بولسا) كۆپرەك چايقاش زۆرۈر بولىدۇ.*

قۇرۇلما ۋە شامالدۇرغۇچ مېڭىۋاتقاندا، كابىنكا پولىدىكى نەمدەش سۈيۈقلۇقنى ئېقىتىش ئۈزچاتىنى (A) بېسىڭ:

- ھەربىر سېۋەتنى ئوندىن ئون بەش15 سېكۇنتقىچە تۆكۈڭ (نورمال ئەھۋال).
- ئېتىزنىڭ بىر بېشىدا تۆت سېكۇنتتىن بەش سېكۇنتقىچە (نەرسە چاپلىشىپ قېلىش ئېغىر بولغان ئەھۋالدا).
- ئېتىزنىڭ ئىككى بېشىدا تۆت سېكۇنتتىن بەش سېكۇنتقىچە (نەرسە چاپلىشىپ قېلىش بەك ئېغىر بولغان ئەھۋالدا).

ئايلىنىدىغان قۇرغا كەلگەندە چايقىغاندا، قۇر قۇرۇلمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا پۇت پېدالىنى دەسسەڭ. ئايلانغاندا پېدالنى يېرىم قويۇۋېتىڭ (تەخمىنەن تۆتبەش سېكۇنت). قۇرغا قايتا كىرىشتىن بۇرۇن، بۇ ئارتۇق سۈيۈقلۇقنى چىقىرىۋېتىدۇ.

پاختا تېرىۋاتقاندا چايقاش سىستېمىسىنى ئىشلەتمەڭ بولمىسا توسۇلۇپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

AG,OUO1011,1135 -UG-08SEP99-1/1

## سۇزۇش تورىنى تازىلاش




سىستېمىنىڭ ئاساسيي سۇزۇش تورى-يۇز تۆشۈكلۈك سۇزۇش تورىنى (A) كۈندە بىر قېتىم تازىلاڭ، ياكى كىلاپاننى تاقاپ ۋە تورنى چىقىرىپ ئېلىپ قاچان توسۇلۇپ قالسا شۇ چاغدا تازىلاڭ.

**A - سۇزۇش تورى**

AG,OUO1011,1136 -UG-08SEP99-1/1

## پۈركۈش ئېغىزىنى تازىلاش




**A** - پۈركۈش ئېغىزى
**B** - سۈزگۈچ سېتكىسى
**C** - گايكا
**D** - پۈركۈگۈچنىڭ ئۆلاش ئېغىزى
**E** - قاپقاق

قۇرۇلمىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سۈزۈش تورى-ھەربىر پۈركۈش ئېغىزىنىڭ بىردىن سۈزۈش تورى بار بولۇپ، ئۇنى كۈندە تەكشۈرۈش لازىم، زۆرۈر بولسا تازىلاش لازىم.

پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئۈچىنى ئالماشتۇرغاندا ياكى قايتا ئورناتقاندا، پۈركۈش ئېغىزىنى بەك قاتتىق چىڭىتماڭ بولمىسا سۈيۈقلۇق ئېقىمى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

ماشىنىغا ئۈچىنچى نومۇرلۇق پۈركۈش ئېغىزى ئۆلچەملىك ئۈسكۈنە ئورنىدا سەپلىنىپ ئىشلەتكۈچىگە ئەۋەتىلىدۇ. پۈركۈش مىقدارىنى 100% ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالتىنچى نومۇرلۇق پۈركۈش ئېغىزىنى ئىشلىتىڭ.

1. پۈركۈگۈچنىڭ ئۆلاش ئۈچىنى (D) قاپقاقتىن (E) چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.
2. پۈركۈش ئېغىزى (A) ۋە سۈزگۈچ سېتكىسىنى (B) چىقىرىپ ئېلىش ئۈچۈن، پۈركۈگۈچنىڭ ئۆلاش ئۈچىدىن گايكىنى (C) چىقىرىپ ئېلىڭ. پۈركۈش ئېغىزى ياكى سېتكا توسۇلۇپ قالسا، سۇ بىلەن تازىلاڭ.
3. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى دەسلەپتە چىقىرىپ ئالغان تەرتىپنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە قايتا قوراشتۇرۇڭ.

AG,OUO1011,1137 -UG-08SEP99-1/1

## نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ تاختىسىنى ئالماشتۇرۇش

**مۇھىم: نەمدەش تۇۋرۇكىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاسراش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ يان تەرىپىدىن زىيادە پاختا ۋە يوپۇرماق قاتارلىق ئەخلەتلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.**

1. قاتتىق سىمدىن تاختىنى چىقىرىپ ئالىدىغان بىر سايمان (A) ياساڭ.

2. چىقىرىپ ئېلىش سايمىنىنى ئىشلىتىپ نەمدەش تاختىسىنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. نەمدەش تاختىسىدا زىيادە ئۇپراش ياكى بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئەگەر زىيادە ئۇپراش ياكى بۇزۇلۇش بار بولسا، تاختىنى ئالماشتۇرۇڭ. نەمدەش تاختىسىنى قايتا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئورنىتىشتىن بۇرۇن تۆشۈكلەرنى (C) تازىلاڭ.

**مۇھىم: ئەگەر تاختا مۇۋاپىق ئورنىتىلمىسا، ئوق ياكى كىيدۈرمە نەيچە زىيادە ئۇپراپ كېتىدۇ. تاختىنى ئورناتقاندا، ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسىنى تاختىنىڭ پۇتىغا تىك قىلىپ ئورنىتىڭ.**

4. تاختىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، تاختا تىرىگۈچنىڭ ئارقا تەرىپىدىن باشلاڭ، ئاندىن تىرىگۈچنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئۈستىدىن تارتىڭ. ئۇرچۇق ۋە كىيدۈرمە نەيچىنىڭ بالدۇر ئۇپراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاختىنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى (D) تاختىنىڭ پۇتىغا (E) تىك بولۇشى لازىم.













**A** - تاختىنى چىقىرىپ ئېلىش سايمىنى
**B** - نەمدەش تاختىسى
**C** - تۆشۈك
**D** - نەمدەش تاختىسىنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى
**E** - نەمدەش تاختىسىنىڭ پۇتى

DP99999,00003DF -UG-01JUN09-1/1

## ئۈرچۈققا پاختا يىغىلىپ قېلىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش




موتور سۈرئىتى يۇقىرى سۈرئەتتە

A - رەقەملىك ئېكران
B - ئۈزچات

### تەڭشەش

1. باك لىق ۋاقتىدا، جون دىئر ماركىلىق ئۈرچۈق تازىلىغۇچنىڭ نىسبىتىنى 15.6 لىتىردىن 18 لىتىرغا ئاشۇرۇڭ.
2. ھەربىر سېۋەت پاختىنى تۆككەندە ئون-ئون بەش سېكۇنت چايقاش ئېلىپ بېرىڭ.
3. ھەربىر ئېتىزنىڭ بېشىدا بۇرالغاندا تۆت-بەش سېكۇنت چايقاش ئېلىپ بېرىڭ.
4. ئېتىزنىڭ ئىككى بېشىغا كەلگەندە تۆت-بەش سېكۇنت چايقاش ئېلىپ بېرىڭ.
5. سۈيۇقلۇقنىڭ بېسىمىنى ھەرقېتىم 34 كىلوپاسكال (0.34 bar) (5 psi) ئاشۇرۇڭ.

**مۇھىم: نەمدەش سىستېمىسى ئوقنى پاكىز ۋە پارقىراق ساقلىشى لازىم. ئەگەر ئۈرچۈققا پاختا يىغىلىپ قېلىشقا يول قويۇلسا ھەممە پاختا ئۈرچۈقنى ئورىۋالسا، نەمدەش تۈۋرۈكى ۋە تولۇق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

*ئىزاھات: ئۈرچۈقنى پاكىز ۋە پارقىراق ساقلاش ئۈچۈن سۈيۇقلۇق قانچە ئاز ئىشلىتىلسە، تويا يىغىلىپ قېلىش شۇنچە ئاز بولىدۇ. بۇ ئارتۇقچە ئاسراش مەشغۇلاتىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.*

*بۇ بۆلەكتە ھەربىر تۈرنىڭ دەسلەپكى تەڭشىلىشى بېرىلگەن. ئۈرچۈقتا پاختا يىغىلىپ قېلىش كۆرۈلسە، ئارتۇق تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، تۆۋەندىكىدەك تەڭشەش ئېلىپ بېرىڭ.*

### دەسلەپكى تەڭشەش تىزىملىكى

باكنىڭ نىسبىتىنى تەكشۈرۈڭ. (ھەربىر باكنى لىق تولدۇرۇش ئۈچۈن 15.6 لىتىر جون دىئىر ماركىلىق ئۈرچۈق تازىلاش سۈيۇقلۇقى لازىم بولىدۇ.)

پۈركۈگۈچنىڭ ئۇچى: جون دىئر ماركىلىق ئۈرچۈق تازىلىغۇچقا ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۇچ ئىشلىتىڭ. (ئۇچ ۋە ئۇچنىڭ سۈزۈش تورى ھەرگىز توسۇلۇپ قالمىسۇن.)

*ئىزاھات: ئەگەر ئۈرچۈققا بىر نەرسە يىغىلىپ قالغان ئەھۋال بايقالسا، مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن، چوقۇم جون دىئىر ماركىلىق ئۈرچۈق تازىلاش سۈيۇقلۇقى ۋە مۇۋاپىق پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئۇچىنى ئىشلىتىڭ.*

سۈرئەت ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، رەقەملىك ئېكراندىكى (A) بېسىم شكالىسى 138 كىلوپاسكال بولىشى لازىم (1.4 bar) (20 psi). (سۇ بېسىمىنى كۆرستىش ئۈچۈن، ئۈزچاتنى (B) بېسىڭ).

نەمدەش تۈۋرۈكى ئېگىزلىك ۋە ئورۇنغا نىسبەتەن چوقۇم مۇۋاپىق تەڭشەلسۇن.

نەمدەش تاختىسىنىڭ توسۇلۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

DP99999,000064E -UG-11OCT10-1/1

## تېرىش قۇرۇلمىسىنى يۆتكەش (سۇرۇش)

تازىلاش، تەكشۈرۈش ۋە ئاسراش مەشغۇلاتى قىلىش ئۈچۈن تېرىش قۇرۇلمىسىنى چۆۋۈپ پارچىلاشقا بولىدۇ.

1. قۇرۇلمىنى يۆتكەش سايمىنىنى (A) ئالتە بۇرجەكلىك روللېرنىڭ ئۈستىگە قويۇڭ.

2. پۇرژىنا ئورنىتىلغان مىخنى (B) تۆشۈكتىن تارتىپ چىقىرىڭ.

3. سايماننى بۇراپ مىخ كۆڭۈلدىكى تۆشۈك ئورنىغا كەلگىچە قۇرۇلمىنى يۆتكەڭ. ئارقىغا دومىلاپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىخنى يېڭى تۆشۈككە تولۇق چېتىڭ.

4. تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى قەدەم-باسقۇچلارنى تەكرارلاڭ ۋە قۇرۇلمىنى ئەسلىدىكى ئورۇنغا كەلتۈرۈڭ. مىخنىڭ تۆشۈككە تولۇق چېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

5. سايماننى ساقلاش ئورنىغا قايتۇرۇڭ.

**A - سايماننى يۆتكەش**
**B - پۇرژىنا ئورنىتىلغان مىخ**




*قۇرۇلمىنى يۆتكەش سايمىنى*







*سايماننى ساقلاش ئورنى*

AG,OUO1011,1765 -UG-12NOV99-1/1

## تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ يانتۇلۇقىنى تەڭشەش



**دىققەت: قۇرۇلما ئېغىر. ئەگەر قۇرۇلما تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كەتسە، ياكى ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلمىغا يېقىن كېلىشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.**

ئەمەلىي ئېتىز شارائىتىدا، ئايلىنىش تەگلىكىنى (A) تەڭشەپ ئالدى تۇلۇق ئارقا تۇلۇقتىن 19 مىللىمېتىر تۆۋەن ئورۇندا مەشغۇلات قىلىدىغان قىلىڭ. بۇ ئۇرچۇقنى پاختىغا تېگىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، قۇرۇلما ئاستىدىن ئەخلەتنىڭ چىقىشىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ.

دەسلەپكى مىخ بىلەن مىخ ئارىسىدىكى ئارىلىق (B) چوقۇم 583 مىللىمېتىر (23 دىيۇم) بولۇشى لازىم.




**ئۆلچەم**

دەسلەپكى مىخ بىلەن مىخ ئارىسىدىكى - ئارىلىق............................................mm 584
(.in 23)

*ئىزاھات: ئىككى كۆتۈرۈش رامكىسى چوقۇم ئوخشاش تەڭشەلسۇن.*

ئاخىرقى يانتۇلۇق تەڭشەش قۇردا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، چۈنكى مىخلار ئارىسىدىكى ئارىلىق ئېگىزلىككە قاراپ پەرقلىنىدۇ.

**A - ئايلىنىش تەگلىكى**
**B - مىخلار ئارىسىدىكى ئارىلىق**

OUO6043,0001534 -UG-25OCT01-1/1

## شاخ كۆتۈرگۈچنى تەڭشەش







**مۇھىم: شاخ كۆتۈرگۈچ زىيادە ئۆپراپ كېتىشى مۇمكىن. پاكار شاخ ۋە غوللارنى يىغىۋاتقاندا، تەڭشەش نۇقتىسىنى زۆرۈر بولغان ئورۇندىن تۆۋەن قىلماڭ.**

**شاخ كۆتۈرگۈچ بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. زەنجىرنىڭ بوشاپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ يەرگە تېگىشى ئۈچۈن، زەنجىرنى چوقۇم تۆشۈكنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇرۇش لازىم.**

شاخ كۆتۈرگۈچنى تەڭشەشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنىڭ يانتۇلۇقى ۋە ئېگىزلىك سىزىش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق تەڭشىلىشى لازىم.

دەسلەپتە، نۇقتىنى (A) شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ ئۈزارتقۇچىسىنىڭ (B) ئاستىدىن 25 ملىلمېتىر ئۈستۈن قىلىڭ. زەنجىرنى (C) تەڭشەڭ.

پاكار ياكى يېتىپ قالغان غوزا ياكى چىرمىشىپ قالغان شاخلار سەۋەبىدىن، ئەگەر پاختا ئېتىزدا قېپقالسا شاخ كۆتۈرگۈچنى ئۈزارتقۇچنىڭ ئاستىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇڭ. بۇ خىل ئەھۋالدا، شاخ كۆتۈرگۈچنى ئازراق تېگىشىدىغان قىلىپ تەڭشەڭ. بۇ خىل تەڭشىگەندە، شاخ كۆتۈرگۈچ نۇقتىسىغا جايلاشقان مېتال ئۇپراش تاختىسىنىڭ ئۇپراش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈڭ.

A - تەڭشەش نۇقتىسى
B - شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ ئۈزارتقۇچىسى
C - زەنجىر

AG,OUO1011,1141 -UG-08SEP99-1/1

## ئاستىنقى يول باشلاش تاختىسى ۋە تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان شاخ كۆتۈرگۈچ دەستىسىنى تەڭشەش




*ئىزاھات: يول باشلاش تاختىسى پاختىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پاختىنى ئاستىنقى ئۇرچۇققا توغرىلاپ بېرىدۇ. يول باشلاش تاختىسى زاۋۇتتا ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئورنىغا توغرىلىنىپ ئورنىتىلىدۇ. ئېتىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، يول باشلاش تاختىسىنى ئاستىنقى ئۇرچۇققا تەڭشەپ پاختا يوللاش ئۈنۈمىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈڭ.*

1. قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى (B) بوشىتىپ، يول باشلاش تاختىسىنى (A) تۆۋەنلىتىڭ ياكى يۇقىرىلىتىڭ.

2. قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى چىڭىتىڭ.

3. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، قالپاقلىق بۇرما مىخ (C) ۋە تاختىنى (D) ئىشلىتىپ شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ دەستىسىنى (قوشۇمچە ئۈسكۈنە) ئورنىتىشقا بولىدۇ.

A - زىرائەتنىڭ يول باشلاش تاختىسى
B - يول باشلاش تاختىسىنىڭ تەڭشەش بولتىلىرى
C - شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرى
D - شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرى

AG,OUO1011,1142 -UG-08SEP99-1/1

## سېتكا دەستىسىنى تەڭشەش




سېتكا دەستىسىنى تەڭشەپ، قۇرغا كىرگەندە ئۇرچۇق دەستىگە تېگىپ قالمايدىغان ھەممە ئۇرچۇق قۇردىن ئايرىلغاندا پاختا ئاجرىلىپ چىقىپ كەتمەيدىغان قىلىڭ. ئالدى ۋە ئارقا تۆلۈق سېتكىسى دەستىسىنىڭ ئالدى بېشىنى تەڭشەپ دەستىنى ئۇرچۇق قۇردىن ئايرىلىدىغان يەرگە تەڭشەڭ.

سېتكا دەستىسىنىڭ ئالدى بېشىنى تەڭشەش ئۈچۈن، تۆت دانە چېتىش بۇرما مىخنى (A) بوشىتىڭ ۋە تاقاش تاياقچىسىنى سېتكا دەستىسىنى ئۈستىگە ياكى پەسكە قارىتىپ سۈرۈڭ. چېتىش قالپاقلىق مىخلىرىنى قايتا چىڭىتىڭ.

**A** - قالپاقلىق بۇرما مىخ

AG,OUO1011,1143 -UG-08SEP99-1/1

## بىسىم تاختىسىنىڭ ئارىلىقىنى تەڭشەش



**دىققەت: ئۇرچۇقنى يۆتكىگەندە، ئەگەر ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار چىرمىشىپ قالسا، ئۆلۈم خەۋپى ياكى يارىلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇڭ ۋە ھەزەر ئەيلەڭ.**

تەڭشەشتىن بۇرۇن، ئۇپراپ كەتكەن ياكى ئېگىلىپ كەتكەن بىسىم تاختىسى ۋە شارنىرلارنى رېمونت قىلىڭ.

بىسىم تاختىسىنىڭ ئارىلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئارغامچىنى ئىشلىتىپ قۇرۇلمىنى ئاستا ئايلاندۇرۇڭ. شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ. ئەگەر ئۇرچۇق يانداپ ئۆتكەن ۋاقىتتا بىسىم تاختىسى ھەرىكەتلەنسە، بىسىم تاختىسىنى ئۇرچۇق بىلەن بىسىم تاختىسى ئۆزئارا تېگىشمىگىچە سىرتىغا قارىتىپ تەڭشەڭ، يەنى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك:

بىسىم تاختىسىنى (A) تەڭشەپ ئۇرچۇقلارنى ئۇرچۇق ئۇچىدىن تەخمىنەن 3 تىن 6 مىللىمېتىرغىچە ئارىلىق قويۇڭ. گايكىلارنى (B) ئىشلىتىپ تاختىنى تەڭشەڭ.

بىسىم تاختىسىنى ئۇرچۇقتىن 6 مىللىمېتىردىن ئارتۇق ئارقىغا تارتماڭ بولمىسا قۇرنىڭ سول تەرىپىدە ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن پاختا پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

ئۈستى ۋە ئاستىنى تەكشى تەڭشەڭ.

**A** - **بىسىم تاختىسى**
**B** - **گايكا**







AG,OUO1011,1144 -UG-08SEP99-1/1

## بېسىم تاختىسىنىڭ پۈرژىنىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەڭشەش

**دىققەت: ئوقىا پۈرژىنىنىڭ بېسىمى چۈشىدۇ. قىرلىق بۇرما مىخ چىقىرىۋېتىلگەن ھامان، ئوق تېز ئايلىنىدۇ ۋە پۈرژىنىنىڭ كېرىلىش كۈچى قويۇپ بېرىلىدۇ. زاپچاسلار قاڭقىپ چىقىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. كۆلۈچنى ئوقنىڭ ئۈستىگە بىخەتەر قويۇپ تۇرۇپ، پۈرژىنىنىڭ تارتىش كۈچى ئازايغاندا ئوقنى كونترول قىلىڭ.**

*ئىزاھات: پۈرژىنىنىڭ تەۋسىيە قىلىنغان كېرىلىش كۈچى كۆپ خىل شارائىتقا ماس كېلىدۇ، بىراق زىرائەت ۋە ئېتىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. كېرىلىش كۈچى بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتسە غوزا چۈشۈپ كېتىپ سىپۇەتكە ئەخلەت كۆپ يىغىلىپ قالىدۇ، كېرىلىش كۈچى بەك ئاجىز بولۇپ قالسا ئېچىلغان پاختا كېۋەز ئۈستىدە قالىدۇ.*

### تۈنجى قېتىملىق تېرىش ئۈچۈن

1. كۆلۈچ بىلەن ئوقنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، قىرلىق بۇرما مىخلارنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. تەڭشەش تۆشۈكىنىڭ (B) رېزبىسى يوق بولىدۇ.

2. تەڭشەش تاختىسىنى (C) پۈرژىن بېسىم تاختىسىغا تەگكىچە ئايلاندۇرۇڭ. تىرەكتىكى (D) ئىككى تۆشۈكنىڭ بىرسى تەڭشەش تاختىسىنىڭ بىر تۆشۈكىگە ئۇدۇل كېلىدۇ.

3. ئالدى تەڭشەش تاختىسىنى ئىككى تۆشۈك سۈرۈپ چىڭىتىڭ (تاشلىق ئېتىز ئۈچۈن ئۈچ تۆشۈك سۈرۈڭ). قىرلىق بۇرما مىخنى ئورنىتىڭ.

4. ئارقا تەڭشەش تاختىسىنى ئۈچ تۆشۈك سۈرۈپ چىڭىتىڭ. قىرلىق بۇرما مىخنى ئورنىتىڭ.

ئېگىز ياكى قويۇق ئۆسكەن ئۆسۈملۈك ئۈچۈن (تۈنجى قېتىملىق پاختا تېرىش):

- دەسلەپتە ئالدى بېسىم تاختىسىنى تۆشۈكنىڭ يېرىمىغا تەڭشەڭ.
- ئارقا بېسىم تاختىسىنى دەسلەپتە 3 تۆشۈككە تەڭشەڭ.







**A - قىرلىق بۇرما مىخ**
**B - تەڭشەش تۆشۈكلىرى**
**C - تەڭشەش تاختىسى**
**D - تىرەك**

ئەگەر كېۋەزدە بەك كۆپ پاختا قېپقالسا، ئاۋۋال ئارقا بېسىم تاختىسىنى چىڭىتىڭ. ئالدى بېسىم تاختىسىنى پەقەت زۆرۈر بولغاندا ئاندىن چىڭىتىڭ.

ئېگىز ياكى باراقسان ئۆسكەن كېۋەزلەرگە نىسبەتەن ئاقلاش تاختىسىنى ئىشلەتمەڭ بولمىسا قۇرۇلما توسۇلۇپ قېلىش ۋە كېۋەز زەخمىگە ئۇچراش كېلىپ چىقىدۇ.

### ئىككىنچى قېتىملىق پاختا تېرىش ئۈچۈن

ئەگەر خالىسىڭىز، ئالدى ۋە ئارقا بېسىم تاختىسىنى بىر ياكى ئىككى تۆشۈك ئارتۇق چىڭىتىڭ.

AG,OUO1011,1145 -UG-08SEP99-1/1

## ئاقلاش تاختىسى (قوشۇمچە ئۈسكۈنە)




*ئىزاھات: قىسقا، چىگىچ پاختىنى تېرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياكى ئاخىرقى قېتىملىق پاختا تېرىش جەريانىدا ئاقلاش تاختىسىنى ئورنىتىڭ.*

*تۇنجى قېتىملىق پاختا تېرىش جەريانىدا ئاقلاش تاختىسىنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ.*

1. بەش دانە M10 x 20 تىپلىق قالپاقلىق بۇرما مىخ (B)، گايكا ۋە ئۇزارتقۇچنى (A) چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

**A - ئۇزارتقۇچ**
**B - قالپاقلىق بۇرما مىخ، M10 x 20**

OUO6043,0001535 -UG-25OCT01-1/3




2. بەش دانە M10 x 25 تىپلىق قالپاقلىق بۇرما مىخ (B)، گايكا ۋە ئۇزارتقۇچنى (A) چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

**A - بېسىم تاختىسىنىڭ ئۇزارتقۇچىسى**
**B - قالپاقلىق بۇرما مىخ، M10 x 25**

OUO6043,0001535 -UG-25OCT01-2/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

3. M10 x 30 تىپلىق ساپان بولتىسى (E) ۋە گايكا ئىشلىتىپ، ئۇزارتقۇچ (A) ۋە ئاقلاش تاختىسىنى (B ۋە C) بېسىم تاختىسىنىڭ (D) ئىچىگە چېتىڭ. تۆت ئۇرچۇقلۇق ئاقلاش تاختىسىنى (B) ئۈستىگە ۋە ئاستىغا، ئون ئۇرچۇقلۇق تاختىنى (C) ئوتتۇرىغا جايلاشتۇرۇڭ. تۆت دانە ساپان بولتىسىنى ئىشلىتىپ ئۈستى ۋە ئاستىدىكى ئاقلاش تاختىسىنى چېتىڭ، بەش دانە بولتىنى ئىشلىتىپ ئوتتۇرىدىكى تاختىنى چېتىڭ.

4. بارلىق قاتتىق دېتاللارنى چىڭىتىڭ.

**A** - بېسىم تاختىسىنىڭ ئۇزارتقۇچىسى
**B** - تۆت دانە ئۇرچۇق تاختىسى (ئىككى دانە ئىشلىتىلىدۇ)
**C** - 10 ئۇرچۇق تاختىسى (بىر دانە ئىشلىتىلىدۇ)
**D** - بېسىم تاختىسى
**E** - ساپان بولتىلىرى، M10 x 30 (ئون ئۈچ دانە ئىشلىتىلىدۇ)







OUO6043,0001535 -UG-25OCT01-3/3

## تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ تەڭشىلىشىنى تەكشۈرۈڭ

مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇلۇقنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار:

- ئۈرچۈقلار تاختىنىڭ ئاستىغا تولۇق چۈشكەندە، تۇلۇق تاختىسى ئۈرچۈقنىڭ ئۈستى قىسمىغا پاراللېل بولىدۇ.
- ئۈستۈنكى ئوقۇرنى تۇلۇق تاختىسى ئۈستىدىكى ئۈرچۈق گايكىسى ۋە تاقاقلارغا تېگىپ ئۇلارنى تېشىۋەتمەيدىغان قىلىپ جايلاشتۇرۇڭ.
- ئۈرچۈقلار كىرگەن ۋاقىتتا تۇلۇق تاختىسىغا"يېنىك تېگىدۇ" ، قايتقاندا ئەركىن قايتىدۇ.

تۇلۇقنىڭ ئېگىزلىكىنى قايتا تەكشۈرۈپ، تۇلۇق تاختىلىرى تاختىنىڭ باش گىرۋىكىگە "يېنىك تېگىدىغان" بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

AG,OUO1011,1238 -UG-14SEP99-1/1

## تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكىنى تەكشۈرۈش

**مۇھىم: بەك تۆۋەن تەڭشەلگەن تۇلۇق تۇۋرۇكدە مەشغۇلات قىلغاندا، تۇلۇق تاختىسى، ئۈرچۈق كىيدۈرمە نەيچىسى ۋە ئىلمەك زىيادە ئۇپراپ (كونىراپ) كېتىدۇ. ئەگەر ئۈرچۈق تۇۋرۇكى بەك ئېگىز تەڭشەلسە، ئۈرچۈق مۇۋاپىق ئاجرالمايدۇ. تۇلۇق تۇۋرۇكى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ماشىنىنى ئىشلەتمەڭ.**

تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ مۇۋاپىق تەڭشەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ:

1. ھەرقېتىم سېۋەتنى تۆككەندە ئۈرچۈققا بىر نەرسە يۆگىلىپ قالدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.
2. ئۈرچۈق بىلەن تۇلۇق ئارىسىدا ئازراق توسالغۇ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.



*ئىزاھات: تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەشتىن بۇرۇن، ھاۋا سىستېمىسى ۋە نەمدەش سىستېمىسىنىڭ نورمال ئىشلىشى ۋە نەمدەش سۇيۇقلۇقنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.*

AG,OUO1011,1147 -UG-08SEP99-1/1

## تۇلۇقنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەش-نورمال ئەھۋال

1. تۇلۇقنى شۇ تۇلۇقنىڭ ئۈستىدىكى بىر قۇر ئۈرچۈق ئاستىنقى رامكىدىكى تۆشۈككە (A) ئۇدۇل كېلىدىغان قىلىپ جايلاشتۇرۇڭ. بۇ تۇلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن تۇلۇق بىلەن ئۈرچۈق ئارىسىدىكى مۇۋاپىق مۇناسىۋەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. (ئۈرچۈق تۇلۇقنىڭ بېشىدىكى گىرۋەكنىڭ ئاستىدا بولغاندا مۇۋاپىق بولىدۇ.)

**A** - سوقچاق تۆشۈك




OUO6043,0001536 -UG-25OCT01-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

2. قۇلۇپلاش گايكىسنى (A) بوشىتىڭ.

3. تەڭشەش بۇرما مىخنى (B) تۇلۇق تۇۋرۇكى ئەركىن ئايلانغىچە سولغا ئايلاندۇرۇڭ (ئۆرچۈق تۇلۇقتىن يىراق بولغىچە.)

4. (ئوتتۇرىچە شارائىتتا) تۇلۇقنى ئالدى ئارقىغا ئايلاندۇرغاندا، تەڭشەش بۇرما مىخنى ئۆرچۈق بىلەن تۇلۇق ئارىسىدا ئازراق توسالغۇ بار بولغىچە ئوڭغا ئايلاندۇرۇڭ.

5. تەڭشەش بۇرما مىخنى جايىدا تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ، قۇلۇپلاش گايكىسنى چىڭىتىڭ.

6. تۇلۇق ئېگىزلىكىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئاز دېگەندە ئىككى كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا تەڭشەڭ.

*ئىزاھات:* *ئەگەر تۇلۇق تاختىسىنىڭ ئارىلىقى تەڭ بولسا، تۇلۇقنىڭ تەڭشىكى ئۇنۇملۇك بولىدۇ. ئەگەر ئارىلىق ئۆلچەش سەۋەبىدىن تەڭ بولمىسا، تۇلۇق تۇۋرۇكىنى چىقىرىپ ئېلىپ سىلىقلاڭ.*

*ئەگەر تۇلۇق تاختىسى ئۆرچۈق گايكىسىغا تېگىپ قالسا، تۇلۇق تۇۋرۇكىنى توغرىلاڭ (مۇۋاپىق ئۇدۇللاڭ).*

*ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئېلىپ بېرىشقا زۆرۈر بولغان تەڭشەش ئۈچۈن كېيىنكى بەتكە قاراڭ.*




A - قۇلۇپلاش گايكىسى
B - تەڭشەش بۇرما مىخى

OUO6043,0001536 -UG-25OCT01-2/2

## تۇلۇقنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەش-ئالاھىدە ئەھۋال

**مۇھىم: ئالاھىدە ئەھۋاللاردا مەشغۇلات قىلغاندا، مەسىلەن، ئېگىز ئۆسكەن كېۋەزدىن پاختا يىغقاندا پاختىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈستۈنكى بىر نەچچە تۇلۇقتا چىقىدۇ ياكى ئاستىنقى بىر نەچچە تۇلۇقتىن چىقىدۇ، بۇ تۇلۇقنىڭ قالايمىقان ئۇپرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

*ئىزاھات:* *زىرائەتنىڭ ئەھۋالى غەيرىي بولغاندا ئۆرچۈققا يۆگىلىپ قالسا، تۇلۇقنى ئادەتتە نورمال دەپ قارالغاندىن كۆپرەك تەڭشەڭ.*

1. ئالاھىدە ئەھۋاللاردا (ئېگىز ياكى پاكار ئۆسۈملۈك)، ئۆرچۈقنى ئۇدۇللاڭ ۋە تۈۋرۈك ئېگىزلىكىنى «تۇلۇق ئېگىزلىكىنى تەڭشەش - نورمال ئەھۋال» دېگەن بۆلەكتە كۆرسىتىلگەندەك ئازراق توسالغۇ پەيدا بولىدىغان قىلىپ تەڭشەڭ.

**مۇھىم: يەنە 1/8 ئايلاندۇرغاندا ئۆرچۈقتىكى توسالغۇ ئىنتايىن ئاز ئاشىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، تۇلۇق ئۆرچۈققا چىرمىشىپ قالسا بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۆرچۈق ۋە كىيدۇرمە نەيچىنىڭ بالدۇر ئۇپراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

**ئەگەر زۆرۈر بولمىسا تۇلۇقنى يەنە 1/8 ئايلاندۇرۇپ تەڭشىمەسلىك كېرەك.**

2. تۇلۇقنىڭ يۈزى تەكشى ئۇپرىمىغان بولسا يەنە 1/8 قېتىم ئايلاندۇرۇپ تولۇقلاش ئارقىلىق چىڭىتىشقا بولىدۇ.

3. ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، تۇلۇقنى كەم دېگەندە كۈندە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈڭ ۋە تەڭشەڭ. تۇلۇقنى ئوقتىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قايتا تەڭشەڭ.

*ئىزاھات:* *زىرائەت نورمال بولغان ئەھۋالدا، يەنى تۇلۇقنىڭ ئۇپرىشى بىردەك بولغاندا، پەقەت تۇلۇقنىڭ تەڭشىلىشىنى تەكشۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا، تەلەپ قىلىنىدىغى پەقەت دەستىنى سوقىچاق تۆشۈك ئۈستىگە توغرىلاش ۋە ئۆرچۈقتىكى توسۇلغۇ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. ئېگىز ئۆسكەن كېۋەز ياكى باشقا ئالاھىدە ئەھۋاللاردا تۇلۇقتا قالايمىقان ئۇپراش كۆرۈلسە، شوپۇر ئازراق توسۇلۇش ئەھۋالىنى سېزىدۇ، تۇلۇق بەك ئۇپراپ كەتمىگەن بولسا ئازراق سۈرۈلۈش (سۈركىلىش) ئالامىتىنى سېزىدۇ.*

NXH,OM997060,9 -UG-23SEP97-1/1

## تۇلۇق تۇۋرۇكنىڭ يانتۇلۇقنى تەڭشەش




*ئىزاھات: PRO-12 تېپلىق قۇرۇلمىغا ئىشلىتىلىدىغان رادىئۇس شىركۇلى ۋە سائەتنى جون دىئىر سودىگەردىن سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.*

1. تۆت دانە ئۈستۈنكى ئوقۇرنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخنى (A) بوشىتىڭ.

**A - قالپاقلىق بۇرما مىخ**

OUO1078,000056A -UG-26FEB07-1/6




2. ئىككى دانە تېرىش دەستىسىنى ئوقۇقا چاتىدىغان بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. رادىئۇس سىركۇلنى (B) (N274391) تولۇقلاش بۆلىكىنى پەسكە قارىتىپ، رەت نومۇرىنى ئۈستىگە قارىتىپ ئورنىتىڭ.

**A - ئوقىنىڭ بۇرما مىخلىرى**
**B - رادىئۇس سىركۇلى (N274391)**

OUO1078,000056A -UG-26FEB07-2/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**










3. N117835 تىپلىق ئۆلچىگۈچنى (A) ئۈستۈنكى ئۆرچۈقنىڭ ئۈستىدىن 1.52 مىللىمېتىرلىق ئورۇنغا ئېسىڭ.

4. N273460 تىپلىق ئۆلچىگۈچنى (B) ئاستىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى ئۆرچۈقنىڭ ئۈستىدىن 2.29 مىللىمېتىرلىق ئورۇنغا ئېسىڭ.

5. ئۈچ دانە تەڭشەش تاختىسىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرىنى (E) بوشىتىڭ.

*ئىزاھات: ئوقىغازانىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرىنى (D) بوشاتماڭ.*

6. تۆلۈق تۆۋرۈكىنى سىركۈل تولۇقىغا تەگكىچە ئايلاندۇرۇڭ. تۆلۈقنى رادىئۇس سىركۈلى (N274391) (C) بىلەن بىللە ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى سائەتكا قارىتىپ ئورنىتىڭ.

7. تەڭشەش تاختىسىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تەڭشەش تاختىسىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرى - تولغىنىش مومېنتى ......................... N•m 50 (lb-ft 37)

A - **ئۆلچىگۈچ (N117835)**
B - **ئۆلچىگۈچ (N273460)**
C - **رادىئۇس سىركۈلى (N274391)**
D - **ئوقىغازانىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرى**
E - **تەڭشەش تاختىسىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرى**

OUO1078,000056A -UG-26FEB07-3/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە




8. ئوققازاننىڭ ئۈستۈنكى قالپاقلىق بۆرما مىخلىرىنى (A) تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

ئۈستۈنكى قاپقاقنىڭ قالپاقلىق مىخلىرى - تولغىنىش مومېنتى.................................N•m 50
(lb-ft 37)

OUO1078,000056A -UG-26FEB07-4/6




ئۈستۈنكى




ئاستىنقى

9. دەسلەپتە تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئەگەر تۆلۈقنىڭ ئوققازىنى باغلىنىپ قالسا، ئۈستۈنكى ۋەياكى ئاستىنقى ئوققازاننىڭ قىرلىق بۆرما مىخلىرىنى (A) بوشىتىڭ ۋە ئارىلىق بولسا شايبا سېلىڭ. ئېھتىياجغا ئاساسەن، N34164 تىپلىق شايبىنى (B) ھەرقايسى ئورۇنلاردا (C) ئىشلىتىڭ.

10. بارلىق قىرلىق بۆرما مىخلارنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

قىرلىق بۆرما مىخلار - تولغىنىش مومېنتى....................................................N•m 50
(lb-ft 37)

11. تۆلۈقنى تەكشۈرۈپ، تۆۋرۈكنىڭ باش گىرۋىكىدىكى ئۆرچۈقىقا تاختا "ئازراق تەگدىمۇ-يوق" قاراپ بېقىڭ. بۆلەكتىكى تولۇق ئېگىزلىكنى تەڭشەش-نورمال ئەھۋال دېگەن قىسىمغا قاراڭ.

**A** - قىرلىق بۆرما مىخلار
**B** - شايبا (N34164)
**C** - شايبىنىڭ ئورنى

OUO1078,000056A -UG-26FEB07-5/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**



12. سائەت ئىندىكاتورىدىن پايدىلىنىپ، تۆلۈق ئوقنىڭ ماكسىمۇم خوراش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. يول قويۇلىدىغان ماكسىمۇم خوراش 0.25 مىللىمېتىر بولىدۇ.

**ئۆلچەم**

تۆلۈقنىڭ ئۆزىرىشچان ئوقى - يول قويۇلىدىغان ماكسىمۇم خوراش............................mm 0.25
(.in 0.010)

OUO1078,000056A -UG-26FEB07-6/6

## تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى تەڭشەش




1. ياپىلاق گايكىنى (A) بوشىتىڭ.

2. تەڭشەش گايكىسىنى (B) ئوڭغا بۇراپ تاسمىنى چىڭىتىڭ. تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

3. ياپىلاق گايكىنى چىڭىتىڭ.

**A** - گايكا
**B** - تەڭشەش گايكىسى

OUO6043,0001537 -UG-25OCT01-1/1

## قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچى

SERVICE-GARD™ تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى ئۆلچەش سائىتىنى ئىشلىتىپ (JDST28) ياكى ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان ئەسۋاب ئىشلىتىپ، بولتلارنى تۆۋەندىكى قىممەت بويىچە چىڭىتىڭ.تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى ئۆلچىگۈچ JDST28 تاسمىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

*SERVICE-GARD بولسا جون دىئر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچى-7 mm (0.30 in.) چەتنەش 7.7 دىن kg 11.0 (17.0 دىن 24.0 lb) ھەربىر تاسمىنىڭ كۈچى (ماسلاشتۇرۇلغان تەڭشەش - 2)

NXH,OM997060,11 -UG-30SEP97-1/1

## ئۇرچۇقلارنى ئالماشتۇرۇش



**دىققەت: ئەگەر قۇرۇلما پەسكە چۈشۈپ كەتسە ياكى سىز ياكى باشقىلار قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلما ئۈستىدە ياكى قۇرۇلما ئەتراپىدا ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنى تولۇق تۆۋەنلىتىڭ ياكى يۆقىرىلىتىپ قۇرۇلمىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچىسىنى تۆۋەنلىتىپ قويۇڭ. قۇرۇلمىغا يېقىن كېلىشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىپ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.**




كونۇس شەكىللىك چىشلىق چاق بەك چىڭ بولۇپ كېتىپ زىيادە ئۇپراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇرچۇقتا ئازراق ئارىلىق بولۇشى لازىم. ئەگەر زۆرۈر بولسا، L2889N تىپلىق شايىبىنى ئۇرچۇق گايكىسىنىڭ ئاستىدىن 0.13 مىللىمېتىرلىق ئورۇنغا قويۇڭ. ئىككىدىن ئارتۇق شايبا ئىشلەتمەڭ. تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

ئۇرچۇق - تولغىنىش مومېنتى.................................................................. 68 N•m (50 lb-ft)

ماشىنىغا سەپلەپ بېرىلگەن (ئۇرچۇق) كۇلۇچى (A) ئىشلىتىڭ.

**A** - كۇلۇچ

AG,OUO1011,1152 -UG-08SEP99-1/1

## يىغىش (تېرىش) دەستىسىنى ئالماشتۇرۇش




1. M10 تىپلىق دېتال (A) ۋە تېرىش دەستىسىنىڭ قاپقىقىنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. تۈلۈكنى قول ئارقىلىق (تۈلۈكنىڭ ئۈستۈنكى ئالتە بۇرجەكلىك ئوقىنى كۆلۈچ بىلەن بۇراپ) تېرىش دەستىسى ئېغىزغا ئۇدۇل كەلگىچە ئايلاندۇرۇڭ.

**مۇھىم: يىغىش دەستىسى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئالدى ۋە ئارقا چاسا پۇرژىنا شايبا دەسلەپتە چىقىرىپ ئېلىنغان ئوخشاش تۈلۈكقا قايتا ئورنىتىلىشى لازىم.**

3. تۈلۈك بېشىنىڭ بولتىسى ۋە چاسا پۇرژىنا شايبىنى (C) تېرىش دەستىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

**A** - دېتال، **M10**
**B** - **چىقىرىپ ئېلىش قاپقىقى**
**C** - **چاسا پۇرژىنا شايبا**

DP99999,0000636 -UG-23SEP10-1/3




4. ئاساسىي ئوقىنىڭ ئىككى بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

*ئىزاھات: تېرىش دەستىسىنى چىقىرىپ ئالغاندا، پىلاستىك سىلىقلاش مېيىنىڭ پىچەتى (B) خاتا قويۇلۇپ قالماسلىقى لازىم، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش لازىم.*

5. تېرىش دەستىسىنى قۇرۇلمىدىن ئۈستىگە كۆتۈرۈپ چىقىرىڭ، ئاستى بېشىنى ئاۋۋال كۆتۈرۈڭ.

**مۇھىم: ئۆرچۈقنىڭ ھەرىكەتلەندۇرۇش خوتى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. يېڭى تېرىش دەستىسى چوقۇم جون دېئىر سودىگىرى تەرىپىدىن ئورنىتىلىشى ۋە سىناپ ئىشلىتىش لازىم.**




6. تېرىش دەستىسىنىڭ قۇرۇلمىسنى ئورناتقاندا تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ:

a پىلاستىك سىلىقلاش مېيىنىڭ پىچەتى تېرىش دەستىسىگە ياكى تۈلۈك بېشىغا بىخەتەر ئورنىتىڭ.

b دوقا چاق ئوقىنىڭ ئوقۇرى ئۈستىگە قارىسۇن.

**مۇھىم: ئەگەر بارلىق دەستىلەر تۈلۈكتىن چىقىرىپ ئېلىۋېتىلگەن بولسا، بارلىق دەستىلەرنى بوشراق ئورنىتىپ، ئاندىن دېتاللارنى چىڭىتىڭ.**

c ئاساسىي ئوقىنىڭ بۇرما مىخلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

ئاساسىي ئوقىنىڭ بۇرما مىخلىرى - تولغىنىش مومېنتى........................................N•m 30
(.lb.-ft 22)

**A** - **ئاساسىي ئوقىنىڭ بۇرما مىخلىرى**
**B** - **پىلاستىك سىلىقلاش مېيىنىڭ پىچەتى**

DP99999,0000636 -UG-23SEP10-2/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




d چاسا پۇرژىنا شايىبىنى (B) تۆلۈق بېشىنىڭ بولتىسى (A) بىلەن ئورنىتىڭ. تۆلۈق بېشىنىڭ بولتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تۆلۈق بېشىنىڭ بولتىسى - تولغىنىش مومېنتى ................................................ N•m 54
(lb.-ft 40.)

e ئەگەر يىغىش دەستىسىنى ئازراق يۆتكىسىڭىز تۆۋەن قىلىشقا بولمىسا، يىغىش دەستىسىنى يونۇش زورۇر بولىشى مۇمكىن. (جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.)

f تېرىش دەستىسىنى سىلىقلاڭ. (سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىدىكى تېرىش دەستىسى ۋە ئوق سىلىقلاش مېيى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.)

**A - تۆلۈق بېشىنىڭ بولتىسى**
**B - چاسا پۇرژىنا شايبا**

DP99999,0000636 -UG-23SEP10-3/3

## تۆلۈق تۆۋرۈكىنى چىقىرىپ ئېلىڭ



**دىققەت: قۇرۇلما ئېغىر. ئەگەر قۇرۇلما ئۆرۈلۈپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلمىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ خىزمەت قىلىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچىنى پورشېن دەستىسى ئۈستىگە تۆۋەنلىتىپ قويۇڭ.**

1. قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A - قالپاقلىق بۇرما مىخ**




OUO6043,000153A -UG-25OCT01-1/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە




2. گايكىنى بوشىتىڭ.

3. تەڭشەش بۇرما مىخنى (A) تەڭشەش بۇرما مىخى ئۆزىرىشچان ئوقتىن تولۇق كۆتۈرۈلگىچە سولغا ئايلاندۇرۇڭ.

**A - تەڭشەش بۇرما مىخى**
**B - گايكا**

OUO6043,000153A -UG-25OCT01-2/4




4. مايلاش ئېغىزىنى (A) ئاستىنقى ئوقىقازاندىن چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A - مايلاش ئېغىزى**

OUO6043,000153A -UG-25OCT01-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




**مۇھىم: تەڭشەش تاختىسىنىڭ بۇرما مىخىنى (B) بوشاتماڭ، بولمىسا قايتىدىن تولۇق توغرىلاشقا توغرا كېلىدۇ.**

5. ئۈچ دانە گايكا ۋە قىرلىق بۇرما مىخلارنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

6. ئاستىنقى ئوققازاننى چىقىرىپ ئېلىڭ.

7. تولۇق تۇۋرۇكنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A - قىرلىق بۇرما مىخلار**
**B - تەڭشەش تاختىسىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرى**




*ئاستى تەرەپتىن كۆرۈنۈشى*

OUO6043,000153A -UG-25OCT01-4/4

## تولۇق تۇۋرۇكنى ئورنىتىڭ




1. تولۇق تۇۋرۇكنىڭ ئۈستى تەرىپى ۋە ئورنىتىش قىرىنى تازىلاپ، تېگىشىش يۈزىدىكى مەينەت نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

2. تولۇق تۇۋرۇكنى تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈڭ.

3. ئەگەر زۆرۈر بولسا، تەڭشەش بۇرما مىخىنى (B) گەردىش تولۇق تۇۋرۇكقا تېگىشكىچە ئوڭغا ئايلاندۇرۇڭ. گايكىنى (A) بوش ھالەتتە قويۇڭ.

**A - گايكا**
**B - تەڭشەش بۇرما مىخى**

OUO6043,000153B -UG-25OCT01-1/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە




4. قىرلىق قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى (A) ئورنىتىپ، تەرتىپ بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

قىرلىق بۇرما مىخلار - تولغىنىش مومېنتى....................................................50 N•m
(37 lb-ft)

**A - قىرلىق بۇرما مىخلار**

OUO6043,000153B -UG-25OCT01-2/4




5. ئىچكى ئاپپارات ئىشكاپىنىڭ پېچىتى (A) چوقۇم پىلاستىك قىسقۇچ بىلەن چىڭىتىلسۇن.

**A - ئىچكى ئاپپارات ئىشكاپىنىڭ پېچىتى**

OUO6043,000153B -UG-25OCT01-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

6. تۆلۈكنىڭ ئوققازىنىغا جون دىئىر ماركىلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرالىق ماي ياكى تەڭداش تىپتىكى ماينى يېرىم قۇيۇڭ. سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىدىكى سىلىقلاش مېيى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

7. ئوققازاننى مايلاش ئېغىزى قۇرۇلمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۇدۇل كېلىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

8. ئوققازاننى ئىشكاپنىڭ ئاستىدىن تۆلۈق تۇۋرۇكىگە سۇرۇڭ ۋە قىرلىق بۇرما مىخ ۋە گايكىنى (A) چېتىڭ. تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

ئاستىنقى ئوققازان دېتالى - تولغىنىش مومېنتى ..............................................50 N•m
(37 lb-ft)

9. تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، تۆلۈق تۇۋرۇكىنى تەكشۈرۈڭ. بۇ بۆلەكتىكى تۆلۈق تۇۋرۇكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەكشۈرۈش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

تۆلۈق تۇۋرۇكى تۇۋەندىكىدەك بولغاندا توغرا بولغان بولىدۇ:

- ئۇرچۇق تاختىنىڭ ئاستىغا تولۇق كەلگەندە، تۆلۈق تاختىسى ئۇرچۇقنىڭ ئۈستىگە پاراللېل كېلىدۇ.
- ئۇرچۇقلار تۆلۈق قۇرۇلمىسىغا كىرگەندە ۋە ئايرىلغاندا ئۇرچۇق تۆلۈق تاختىسىغا ئازراق تېگىدۇ (نۆل ئارىلىق).

ئەگەر تۆلۈق تۇۋرۇكى توغرا تەڭشەلمىسە، تۇۋەندىكىدەك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ:




A - ئوققازان دېتالى

- ئەگەر تۆلۈق بەك ئېگىز تەڭشەلسە، ئۇرچۇق مۇۋاپىق تازىلانمايدۇ.
- ئەگەر تۆلۈق بەك تۆۋەن تەڭشەلسە، تۆلۈق تاختىسى بەك ئۇپراپ كېتىدۇ، ئۇرچۇقنىڭ كىيدۇرمە نەيچىسى ۋە ئىلغۇچ بالدۇر ئۇپراپ كېتىدۇ، ئەگەشمە مېخانىزم ۋە تېرىش دەستىسى ئېگىلىپ كېتىدۇ.

10. مايلاش ئېغىزىنى قايتا ئورنىتىڭ ۋەياكى چىڭىتىڭ. جون دىئىر ماركىلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماي ياكى ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان ماي ئىشلىتىپ، ئوققازاننى مايلاڭ.

OUO6043,000153B -UG-25OCT01-4/4

## ماشىنىنىڭ تەڭشىكىنى ئۆزگەرتىش

ئوخشىمىغان قۇر ئارىلىقىنى تەڭشەش ياكى قۇر قۇرۇلمىسىنى قوشۇش ياكى چىقىرىپ ئېلىۋېتىش ئۈچۈن، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

NXN,9976,ZZZ -UG-08OCT96-1/1

## مۇقىم پىچاقنى تەڭشەك



**دىققەت: پىچاقنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئېغىر يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىم پەلەي كىيىڭ.**

1. پاتما بولتا (A) ۋە رېلىسنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A** - پاتما بولتا
**B** - رېلىس




OUO1078,0000510 -UG-22SEP06-1/4

2. گايكىلارنى (A) بوشىتىڭ.

**A** - گايكا




OUO1078,0000510 -UG-22SEP06-2/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە






*مۇقىم پىچاقنىڭ پۈتۈن شايىبىسى، 0.25 مىللىمېتىر (0.010 دىيۇم)*



*مۇقىم پىچاقنىڭ يېرىم شايىبىسى، 0.25 مىللىمېتىر (0.010 دىيۇم)*

*ئىزاھات: مۇقىم پىچاق بىلەن پىرقىرىما پىچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئارىسىدىكى ئارىلىق (D) ئوخشاش بولۇشى لازىم. ئەگەر مۇقىم پىچاقنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغىچە بولغان ئارىلىق ئوخشاش بولمىسا يېرىم شايىبا ئىشلىتىڭ.*

3. مۇقىم پىچاق (B) بىلەن پىرقىرىما پىچاقنىڭ (C) ئارىسىدا ئارىلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن شايىبا (A) ئىشلىتىڭ. ئارىلىق (D) تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

**ئۆلچەم**

مۇقىم پىچاق بىلەن پىرقىرىما پىچاقنىڭ - ئارىلىق ............................... mm 0.762ـ0.127 (.in 0.030ـ0.005)

4. گايكىلارنى (A) چىڭىتىڭ. ئارىلىقنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئارىلىق تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمىسە، ئالدىنقى قەدەم-باسقۇچنى قايتىلاڭ.

*ئىزاھات: باشقا ئۇسۇل بولسا پىچاق ئاستى ۋە ئاستى تەرەپتىكى بولتىلارنى بوشىتىشتىن ئىبارەت.*

**A - شايىبا**
**B - مۇقىم پىچاق**
**C - پىرقىرىما پىچاق**
**D - ئارىلىق**

OUO1078,0000510 -UG-22SEP06-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




5. پاتما بولتىنى (A) ئىشلىتىپ رېلىسنى (B) ئورنىتىڭ.

A - پاتما بولتا
B - رېلىس

OUO1078,0000510 -UG-22SEP06-4/4

## تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تۇسالغۇسىنى چىقىرىۋېتىش




**دىققەت: ئەگەر قۇرۇلما پەسكە چۈشۈپ كەتسە ياكى سىز ياكى باشقىلار قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلمىنى ئۆزۈۋەتمەي، موتورنى توختاتماي، خوت ۋە گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا قويماي تۇرۇپ ھەمدە تورمۇزنى چېتىپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىۋەتمەي تۇرۇپ، تۇسالغۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنماڭ. قۇرۇلمىنى تۆۋەنلىتىش ياكى قۇرۇلمىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچىنى ئورنىتىش لازىم.**

**چىرمىشىپ قېلىش ياكى ئېغىر يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماشىنا مېڭىۋاتقاندا ماشىنىغا قول ئارقىلىق زىرائەت سالماڭ ياكى قول ئارقىلىق تارتىپ چىقىرماڭ دېمەك. قۇرۇلما زارائەتنى سىز كونترول قىلىشنى قويۇپ بەرگەندىن بەكرەك تېز تەمىنلەيدۇ.**

OUO1078,0000511 -UG-22SEP06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

ئەگەر مۇمكىن بولسا، قۇرۇلما ۋە توسالغۇنى چىقىرۋېتىڭ.

ئەگەر توسالغۇنى چىقىرۋېتىش تەسكە توختىسا، تۆۋەندىكىدەك قىلىڭ:

**دىققەت: ئوقتا پۇرژىنىنىڭ بېسىمى چۈشىدۇ. قىرلىق قالپاقلىق بۇرما مىخ چىقىرىپ ئېلىنغاندا، ئوق تېز ئايلىنىپ پۇرژىنىنىڭ تارتىش كۈچىنى قويۇپ بېرىدۇ. زاپچاسلار قاڭقىپ چىقىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. كۆلۈچنى ئوقنىڭ ئۈستىگە بىخەتەر قويۇپ تۇرۇپ، پۇرژىنىنىڭ تارتىش كۈچى ئازايغاندا ئوقنى كونترول قىلىڭ.**

1. قىرلىق قالپاقلىق بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىش ئارقىلىق بېسىم تاختىسى ئۈستىدىكى تارتىش كۈچىنى قويۇپ بېرىڭ. تەڭشەش تۆشۈكىنىڭ (B) رېزبىسى يوق بولىدۇ.
2. تۆلۈقنى قول بىلەن تەتۈر يۆنىلىشتە ئايلاندۇرۇڭ. (قول كۆلۈچى ئىشلىتىپ تۆلۈق ئوقنى ئايلاندۇرۇڭ.)
3. ئەگەر توسالغۇ يەنىلا چىقمىسا، تۆلۈقنى كۈچەپ ئارقىغا ئايلاندۇرۇڭ.
4. قۇرۇلمىنى تازىلاڭ ۋە تەكشۈرۈڭ.
5. بۇزۇلغان بولسا رېمونت قىلىڭ.




**A** - **قىرلىق قالپاقلىق بۇرما مىخ**
**B** - **تەڭشەش تۆشۈكى**

6. چىقىرىپ ئېلىنغان بارلىق دېتاللارنى ئورنىتىڭ ۋە تەڭشەڭ.

توسالغۇ چىقىرىپ ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن مۇفتا داۋاملىق سىيرىلىپ كەتسە، توسۇلۇپ قېلىش، تېرىش دەستىسى ئېگىلىپ كەتتىمۇ ياكى تۆلۈق توغرا ئۇدۇللاندىمۇ يوق، بۇلارنى تەكشۈرۈڭ.

ئەگەر ماشىنا قۇردا توختىتىلغان بولسا، قايتىدىن پاختا تېرىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، شامالدۇرغۇچ ۋە قۇرۇلمىنى بارلىق پاختا ئۇرچۇقتىن ئاجراپ بولغىچە ماڭدۇرۇڭ.

OUO1078,0000511 -UG-22SEP06-2/2

## پىرقىرىما پىچاق بۆلىكىنى چىقىرىپ ئېلىڭ ۋە ئالماشتۇرۇڭ



**دىققەت: پىچاقنى بىر تەرەپ قىلغاندا، يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىم پەلەي كىيىڭ.**

1. قىرلىق قالپاقلىق بۇرما مىخ (A) ۋە قوغداش قۇرۇلمىسىنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. قۇلۇپلاش گايكىلىرى، قالپاقلىق بۇرما مىخ (C) ۋە پىچاق بۆلىكىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. يېڭى پىچاق بۆلىكىنى دەسلەپتە چىقىرىپ ئالغان چاغدىكى تەرتىپنىڭ تەتۈر تەرتىپى بويىچە ئورنىتىڭ.

4. قۇلۇپلاش گايكىسىنى (C) تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

قۇلۇپلاش گايكىسى - تولغىنىش مومېنتى......................................................N•m 12
(.lb-in 102)

**A - قىرلىق قالپاقلىق بۇرما مىخ**
**B - قوغداش قۇرۇلمىسى**
**C - قۇلۇپلاش گايكىسى ۋە قالپاقلىق بۇرما مىخ (ئۈچ تال ئىشلىتىلىدۇ)**







OUO1078,0000512 -UG-22SEP06-1/1

## ئۈستى ئېگىزلىك كونتروللىغۇچنى تەڭشەڭ

1. قاپقاقنى (A) ئېچىڭ.

**A - قاپقاق**




OUO1078,0000528 -UG-02OCT06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

2. قۇلۇپلاش گايكىسىنى (A) چىڭىتىپ ياكى بوشىتىپ تەڭشەشنى توغرا ئېلىپ بېرىڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر پىچاق توسۇلۇپ قالسا، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە مەشغۇلات قىلىپ، قۇرۇلمىنىڭ ئېگىزلىك سىزىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلاردا توغرا توغرىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.*

**دىققەت: ئەگەر قۇرۇلمىغا چىرمىشىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلمىنىڭ چوقۇم چېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. قۇرۇلما يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنىۋاتقاندا قىسىۋېلىش ياكى سوقۇۋېتىش كېلىپ چىقىدىغان يەردىن يىراق تۇرۇڭ.**

a ماشىنىنى تەكشى سېمونت يەردە توختىتىڭ ۋە تورمۇزنى چېتىڭ. قۇرۇلمىلارنى ئۈزۈڭ ۋە بارلىق قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەرنى تاقاڭ.

b يۇقىرى كۆتۈرۈش رامكىسىنى ئېگىزلىك سىزىش تاقىسى يەردىن ئازراق ئۈستۈن تۇرغىچە تۆۋەنلىتىڭ.

c كۆتۈرۈش رامكىسى ئىنكاس قايتۇرۇشتىن بۇرۇن، ھەربىر قۇرۇلمىدىكى ئېگىزلىك سىزىش تاقىسىنى (B) ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈپ تاقىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا قاراڭ. توغرىلاش توغرا بولغاندا، كۆتۈرۈش تاقىسى ئوخشاش يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە كۆتۈرۈش رامكىسى ئىنكاس قايتۇرىدۇ.
قۇرۇلمىلارنى توغرىلاش توغرا بولغىچە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قەدەم-باسقۇچتا ئېيتىلغاندەك تەڭشەڭ.

*ئىزاھات: ئېتىزدا تەڭشىگەندە، قۇلۇپلاش گايكىسىنى (A) ھەر قېتىم يېرىم ئايلاندۇرۇڭ. مەلۇم بىر كۆتۈرۈش رامكىسىغان ئېگىزلىك سىزىش تەڭشىكى ئېلىپ بارغاندا، گايكىنى (A) ئايلاندۇرۇش قېتىم سانىنى تەڭ قىلىڭ، يەنى شۇ كۆتۈرۈش رامكىسىدىكى ھەربىر قۇر قۇرۇلمىسىنى ئوخشاش قىلىڭ.*







A - قۇلۇپلاش گايكىسى
B - ئېگىزلىك سىزىش تاقىسى

OUO1078,0000528 -UG-02OCT06-2/2

## قۇرۇلمىنى كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئىقتىدارلىرى




بۇلۇڭ تۇۋرۇكى

قۇرۇلمىنى كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئىندىكاتورى شوپۇرنى تۆۋەندىكىدەك ئۆچۈرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ:

- قۇرۇلما يېتەكچى چاق مۇقتىسىنىڭ سىيرىلىش ئەھۋالى
- ئاساسىي قۇرۇلما مۇقتىسىنىڭ سىيرىلىش ئەھۋالى
- سۇمۇرۇش ئېغىزى ياكى تۇرۇبا چەكلىمىگە ئۇچراش
- قۇرۇلما سۈرئىتىنىڭ بىنورماللىقى
- نورمال مەشغۇلات ئەھۋالى

**مۇھىم: ئەگەر مەلۇم بىر ئىندىكاتور چىرىغى (تۇلۇق توختاپ قالسا ياكى قۇرۇلما ئېغىزى توسۇلۇپ قالسا) يانسا، "توختىتىش" چىرىغى (B) چاقنايدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىمپۇلس سىگنالى بېرىلىدۇ. ماشىنىنى دەرھال توختىتىپ، قۇرۇلمىلارنى ئۈزۈپ، كاشىلىنى ئېنىقلاڭ.**

بارلىق سىستېمىلار نورمال مەشغۇلات قىلغاندا، «نورمال» ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ.

**A** - «نورمال» ئىندىكاتورى
**B** - توختىتىش چىرىغى

OUO6043,000153C -UG-10AUG06-1/1

## قۇرۇلما ۋە تۇلۇق مۇقتىسىنىڭ تېيىلىش نىسبىتى



**دىققەت: ئەگەر ھەرقانداق كىشى قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال بولمىغان شارائىتتا، قۇرۇلمىدىن توسالغۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنماڭ:**

- **قۇرۇلمىلار چېتىلغان ۋاقىتتا.**
- **خوت نېيترال ئورۇندا تۇرغاندا.**
- **ئوت ئالدۇرۇش تاقاق بولغاندا. ئاچقۇچ چىقىرىپ ئېلىۋېتىلگەندە.**
- **توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان ۋاقىتتا.**

AG,OUO1011,1160 -UG-10AUG06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە




تېرىش قۇرۇلمىسىغا توسالغۇ كىرىپ قالغاندا، تولۇق مۇقتىسى تېپىلىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا
كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئىندىكاتور چىرىغى (A) ۋە توختىتىش چىرىغى (B) يانىدۇ
(چاقنايدۇ)، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى قوزغىتىلىدۇ.

**مۇھىم: تېرىش قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. توسالغۇنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىش ئۈچۈن قۇرۇلمىنى ھەرگىز تەتۈر يۆنىلىشتە ئىشلەتمەڭ. تېرىش قۇرۇلمىسى بۆلىكىدىكى تېرىش قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈپ ئېلىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.**

توسالغۇ چىقىرىپ ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن مۇقتا يەنىلا تېپىلسا، توسۇلۇش، تېرىش دەستىسى ئىگىلىپ كېتىش ۋە تولۇق ئۈدۈللانمىغان ئەھۋال بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

ئەگەر ماشىنا قۇر ئىچىدە توختىتىلغان بولسا، پاختا تېرىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، بارلىق پاختا ئۇرچۇقتىن چىققىچە ۋە سۈمۈرۈش ئېغىزى پاكىز بولغىچە شامالدۇرغۇچ ۋە قۇرۇلمىنى ماڭدۇرۇڭ.

ئەگەر چاتقان ۋاقىتتا قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىغى يانمىسا، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

A - كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئىندىكاتور چىراغلىرى
B - توختىتىش چىرىغى

AG,OUO1011,1160 -UG-10AUG06-2/2

## سۇمۇرۇش ئېغىزى ياكى تۇرۇبىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى




مەلۇم بىر سۇمۇرۇش ئېغىزى چېتىلسا، ماس ھالدىكى قۇرۇلما چىرىغى (A) ۋە توختىتىش چىرىغى (B) يانىدۇ. بۇ چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ ۋە سىگنال بەرگۈچ قوزغىتىلىدۇ.

ئەگەر بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ چىراغ يانسا، گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا يۆتكەڭ ۋە موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىڭ.

**دىققەت: ئەگەر ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يارىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈڭ، تورمۇزنى چېتىڭ ۋە ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىۋېلىڭ.**

سۇمۇرۇش ئېغىزى ياكى تۇرۇبىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ.

1. قۇر قۇرۇلمىسى ۋە شامالدۇرغۇچنى ئۈزۈۋېتىڭ.
2. خوت ۋە گىدرو دەستىسىنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ.
3. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.
4. ماشىنىنى توختىتىپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.
5. سۇمۇرۇش ئېغىزى ياكى تۇرۇبىدىكى چەكلىمىنى يوقىتىڭ.
6. تولۇق كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ تېگىشىش نۇقتىسىنى ۋە تۇۋرۇككە چېتىلغان ئورۇنلارنى تەلتۆكۈس تازىلاڭ.




**A - قۇرۇلما چىرىغى**
**B - توختىتىش چىرىغى**

OUO6043,000153D -UG-10AUG06-1/1

## ئېكراندا تەكشۈرۈش تەرتىپى




*ئىزاھات: ئەگەر تۆۋەندىكى خالىغان قەدەم-باسقۇچ يۇقىرىدا دېيىلگەندەك بولمىسا، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.*

1. توك مەنبەسى، لامپۇچكا ۋە سىگنال بەرگۈچنى تەكشۈرۈش:

a قۇر قۇرۇلمىلىرى چېتىلسۇن.

b خوتنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ. گىدراۋلىك تۇتقۇچنى ئالدى ئورۇنغا سۈرۈڭ. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.

c ئاچقۇچ ئۈزچاتىنى "START" ئورنىغا ئەكىلىڭ.

d قاراڭ: كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ چىرىغى (A)، ئىندىكاتور ئېكرانىنىڭ چىرىغى (B)، ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (C) ۋە توختىتىش ئىندىكاتورىنىڭ ھەممىسى يانىدۇ.

**A - كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ چىراغلىرى**
**B - ئىندىكاتور ئېكرانىنىڭ چىراغلىرى**
**C - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**
**D - توختىتىش ئىندىكاتورى**

OUO6043,000153E -UG-02OCT06-1/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**



**دىققەت: ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ قەدەم-باسقۇچنى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماشىنىنىڭ ئوتىنى "ئۆچۈرۈڭ" ھەمدە تورمۇزنى چېتىڭ.**

*ئىزاھات: تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر ياردەمچى لازىم بولىدۇ.*

2. تۆلۈقنىڭ ئايلىنىشنى كۆزىتىش ئېكرانىنى تەكشۈرۈش:




a موتورنى توختىتىپ، خوت ۋە گىدرو دەستىنى "نېيترال"ئورۇنغا قويۇڭ، تورمۇزنى چېتىڭ، قۇر قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ، ئاچقۇچنى بۇراپ ئېچىش ئورنىغا ئەكىلىڭ.

b قاراڭ: چىراغلار (A ۋە B) يانغان بولسۇن.

c ئاڭلاڭ: سىگنال بەرگۈچ ئوچۇق بولسۇن.

**A - قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىغى**
**B - توختىتىش ئىندىكاتورى**

OUO6043,000153E -UG-02OCT06-2/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە

d يارده‌مچى بارلىق تۇلۇقلارنى ئارقىغا ئايلاندۇرۇپ، قۇرۇق ماڭدۇرۇش مۇقتىسىنى تېپىلدۇرسۇن.

e قاراڭ: ھەربىر قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىغى (A) ۋە "توختىتىش" ئىندىكاتورى (B) يانىدۇ.

f ئاڭلاڭ: سىگنال بەرگۈچ ئوچۇق.




**A** - قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ چىرىغى
**B** - توختىتىش ئىندىكاتورى

OUO6043,000153E -UG-02OCT06-3/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**



ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارنىڭ بىخەتەرلىكى




**دىققەت: ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. كېبىنكى قەدەم-باسقۇچقا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، يارىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، موتورنى تاقاڭ، تورمۇزنى چېتىڭ.**

*ئىزاھات:* *تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر ياردەمچى لازىم بولىدۇ.*




3. سۇمۇرۇش ئېغىزىنىڭ ئىندىكاتورلىرىنىڭ توغرا ئىشلىشىنى دەلىللەڭ:

a خوت ۋە گىدراۋلىك تۇتقۇچنى (دەستىنى) نېيترال ئورۇنغا قويۇپ، تورمۇزنى چېتىپ ۋە قۇر قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئاچقۇچنى ئېچىش ئورنىغا ئەكىلىڭ. موتورنى قوزغاتماڭ.

b قاراڭ: ئېغىز چىراغلىرى (A) ۋە توختىتىش ئىندىكاتورى (B) تاقالغان بولسۇن.

c ئاڭلاڭ: سىگنال بەرگۈچ تاقالغان بولسۇن.

**A - ئېغىز چىراغلىرى**
**B - توختىتىش ئىندىكاتورى**

OUO6043,000153E -UG-02OCT06-4/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

d يارده‌مچى ياپىلاق تېگىشىش قانىتىنى يه‌رگه ئۆلاش قىسقۇچىغا (A) ئىتتىرسۇن.

e قاراڭ: هه‌ربىر ئېغىز چىرىغى ۋه توختىتىش ئىندىكاتورى ئۇچۇق بولسۇن.

f ئاڭلاڭ: سىگنال به‌رگۈچ تاقالغان بولسۇن.

g قېپقالغان سۇمۇرۇش ئېغىزلىرىدىمۇ قه‌ده‌م-باسقۇچلارنى ته‌كرارلاڭ.

h ئه‌گه‌ر سىستېما سۇمۇرۇش ئېغىزلىرىغا نىسبه‌ته‌ن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانده‌ك ئىنكاس قايتۇرمىسا، تېگىشىش ياپراقچىسى ۋه‌ياكى يه‌رگه تېگىشىش قىسقۇچى مه‌ينه‌ت ياكى توغرا ته‌ڭشه‌لمىگه‌ن. بۇ بۆله‌كتىكى تۇلۇق ئه‌تراپىنى كۆزىتىش ئېكرانىنى ته‌ڭشه‌ش دېگه‌ن مه‌زمۇنغا قاراڭ. ئه‌گه‌ر تازىلاش ياكى ته‌ڭشه‌ش بىله‌ن كاشىلا هه‌ل بولمىسا، جون دىئىر سودىگىرى بىله‌ن ئالاقىلىشىڭ.




A - يه‌رگه ئۆلاش قىسقۇچى

OUO6043,000153E -UG-02OCT06-5/6

داۋامى كېيىنكى به‌تته










1. شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتىنى تەكشۈرۈڭ:

*ئىزاھات: شامالدۇرغۇچنى چېتىش ئۈزچاتى ئېچىش ئورنىدا بولسۇن.*

a ئۈزچاتنى (A) بېسىش ۋە ماي كىلاپىنىنىڭ ئۈزچاتىنى يۇقىرى قۇرۇق مېڭىش ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتىنى تەكشۈرۈڭ.

*ئىزاھات: شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش نۇقتىسىنى تەڭشەش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.*

b ماي كىلاپان ئۈزچاتىنى ئوتتۇرھال قۇرۇق ماڭدۇرۇش ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى بەلگىلەنگەن نۇقتىدىن تۆۋەنلىتىڭ. قاراڭ: شامالدۇرغۇچ چىرىغى (B) ۋە "ئاگاھلاندۇرۇش" چىرىغى (C) يانىدۇ. ئاڭلاڭ: سىگنال بەرگۈچ ئۈچ سېكۇنت ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىدۇ.

c ماي كىلاپان ئۈزچاتىنى يۇقىرى قۇرۇق ماڭدۇرۇش ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق شامالدۇرغۇچنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى بەلگىلەنگەن نۇقتىدىن يۇقىرىلىتىڭ. قاراڭ: شامالدۇرغۇچ چىرىغى (B) ۋە "ئاگاھلاندۇرۇش" چىرىغى (C) ئۆچىدۇ.

2. ئەگەر سىستېما يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئىنكاس قايتۇرمىسا، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A - شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئۈزچاتى**
**B - شامالدۇرغۇچ چىرىغى**
**C - ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

OUO6043,000153E -UG-02OCT06-6/6

## تۆلۈق ئەتراپىنى كۆزىتىش ئېكرانىنى تەڭشەش

ئەگەر ئۈستىدىكى ئېكراندا ئېغىز توسۇلۇپ قېلىشتىن باشقا قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بار بولسا، ياپىلاق تېگىشىش قانىتىدا بىر نەرسە يېغىلىپ قالغان بولىدۇ ياكى تەڭشەش بەك سەزگۈر بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. يېغىلىپ قالغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىڭ. ئەگەر كاشىلا داۋاملىق كۆرۈلسە، تەڭشەش سەزگۈرلىكىنى تۆۋەنلىتىڭ.

ئەگەر توسۇلۇپ قېلىش، بىر نەرسە يېغىلىپ قېلىش ياكى چىرىش ئەھۋالى بار ۋاقىتتا ئاگاھلاندۇرۇش يوق بولسا، بۇ خىل ئەھۋال قىسقۇچنىڭ ياپىلاق تېگىشىش قانىتىغا تەگمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى تەڭشەش سەزگۈر بولمىغان بولىدۇ. پولات سىم چوتكا ئارقىلىق چىرىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قىسقۇچتىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈڭ.

1. ئورنىتىش دېتالىنى چىڭىتىشتىن بۇرۇن، ياپىراقچىنى ئاخىرغىچە ئىتتىرىپ قاناتتىن (ياپىراقچىدىن) تۆلۈقچە بولغان ئارىلىقنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە تەڭشەڭ.

**ئۆلچەم**

ياپىراقچىدىن تۆلۈقچە بولغان - ئارىلىق............................................ mm 7.90-2.80 (.in 0.31-0.11)




**A - يەرگە ئۇلاش نۇقتىسى**

2. بىر نەرسە يېغىلىپ قېلىش مەسىلىسى ياكى كۆزىتىش سەزگۈرلۈكى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ياپىراقچىنى تۆلۈقتىن يىراق سۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ.

3. كۆزىتىش قىسقۇچىنىڭ (A) يەرگە ئۇلاش نۇقتىسىنى ياپىراقچىدىن يىراق قىلىپ ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق سەزگۈرلۈكنى تەڭشەشكە بولىدۇ.

OUO6043,000153F -UG-18SEP06-1/1

## پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى ۋە رېلىسىنى تەڭشەش



**دىققەت: ئەگەر موتور مېڭىۋاتقان ۋە شامالدۇرغۇچ تاسمىسى چېتىلغان ۋاقىتتا، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. تاسمىغا نىسبەتەن تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، موتورنى ئۆچۈرۈڭ، تورمۇزنى چېتىڭ ۋە ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.**

**مۇھىم: تاسما بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈپراپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تاسمىنىڭ تارتىش كۈچى توغرا بولۇشى لازىم.**

1. شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى چېتىڭ.

2. ئاچقۇچنى بۇراپ "Off" ئورنىغا ئەكىلىپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىۋېلىڭ.

3. پۇرژىنىنىڭ (A) بېشى سائەتنىڭ يۈزى (B) بىلەن تەكشى بولۇشى لازىم. تۆۋەندىكىدەك تەڭشەڭ:

- ياپىلاق گايكا (C) ۋە تەڭشەش گايكىسىنى (D) بوشىتىڭ.
- گايكىنى (D) ئۆلچىگۈچ يۈزىگە (B) توغرىلاپ تەڭشەڭ.
- تاسما قوزۇلمىسىدىكى (G) قالپاقلىق بۇرما مىخ (E) ۋە ياپىلاق گايكىنى (F) بوشىتىڭ ۋە قوزغىتىش دەستىسىنى (H) تاسما قوزۇلمىسى بىلەن ئايرىغۇچ (J) ئارىسىدا 25.4 مىللىمېتىر ئارىلىق (I) قالغىچە سۈرۈڭ.
- ئۆلچىگۈچنىڭ يۈزىنى تەكشۈرۈپ پۇرژىنىنىڭ ئۆلچىگۈچكە تەكشى توغرىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
- قالپاقلىق بۇرما مىخ (E) ۋە گايكىنى (F) چىڭىتىڭ. قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى بەلگىلەنگەن دەرىجىدە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

قالپاقلىق بۇرما مىخ - تولغىنىش مومېنتى.................................................. 47 N•m
(35 lb-ft)

- گايكىنى (C) چىڭىتىڭ

*ئىزاھات: چېتىش ئورنى ئۆزارتىلغاندا ياكى قىسقارتىلغاندا گايكىلارنىڭ ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوزغىتىش دەستىسىنى جايىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان تاسمىنى چىڭىتىش گايكىلىرى چوقۇم چىڭ بولسۇن.*

4. شامالدۇرغۇچنى ئەڭ يۇقىرى تېزلىكتە ماڭدۇرۇڭ، موتورنى ئاستىلىتىپ قوزۇق ماڭدۇرۇڭ، شامالدۇرغۇچنى ئۈزۈۋېتىڭ ۋە يېتەكچى ئوق ۋە تاسمىنى تەكشۈرۈڭ.

5. ئەگەر ئۈزچات ئۈزۈۋېتىلگەندە شامالدۇرغۇچ يەنىلا ئىشلىسە، موتورنى توختىتىپ قوزۇق ماڭدۇرۇشنىڭ چېتىش نۇقتىسىنى تەڭشەڭ.




A - پۇرژىنا
B - ئۆلچىگۈچ يۈزى
C - گايكا
D - تەڭشەش گايكىسى
E - قالپاقلىق بۇرما مىخ
F - گايكا
G - تاسما قوزۇلمىسى
H - تېزلەتكۈچ دەستىسى
I - 25.4 مىللىمېتىر (1 دېيۇم) ئارىلىق
J - ئايرىغۇچ

AG,OUO1011,1164 -UG-27SEP06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە




6. رېلس مىخى (A) بىلەن شامالدۇرغۇچ تاسمىسى ئارىسىدىكى ئارىلىقنى تەكشۈرۈڭ. تاسمىنىڭ ئارىلىقى 3 مىللىمېتىر بولۇشى لازىم. ئەگەر زۆرۈر بولسا، قالپاقلىق بۇرما مىخنى (B) بوشىتىپ، رېلسنى ئايلاندۇرۇپ تەڭشەڭ.

**ئۆلچەم**

يېتەكچى ئوق مىخىدىن شامالدۇرغۇچ تاسمىسىغىچە بولغان - ئارىلىق............................3 mm (1/8 in.)

7. ئەگەر رېلس مىخى شامالدۇرغۇچ تاسمىسىغا تىك بولمىسا، رېلسنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. رېلسنى ئېھتىياجغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 13/32 x 13/16 x 0.060 شايبىنى قوشۇڭ ياكى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

**A** - رېلس مىخى
**B** - قالپاقلىق بۇرما مىخ

AG,OUO1011,1164 -UG-27SEP06-2/3




8. ھەربىر يېتەكچى (A) تاسمىدىكى گايكىلارنى (C) بوشىتىڭ.

9. يېتەكچى تاسمىلار (A) ئارىسىدىكى ئارىلىقنى تەڭشەڭ ۋە تاسمىنى (B) تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە تەڭشەڭ.

**پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسى - ئۆلچەم**

يېتەكچى تاسمىنى تۈزەنلىتىڭ - تاسما ئارىلىقى.........................................3-4.5 mm (0.080-0.180 in.)

10. گايكىنى (C) چىڭىتىڭ.

**A** - يېتەكچى تاسما
**B** - تاسما
**C** - گايكا

AG,OUO1011,1164 -UG-27SEP06-3/3

## يېڭى شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنى ئورنىتىش

1. موتورنى قوزغىتىڭ.

2. موتورنى ئەڭ تۆۋەن ئايلىنىش سۈرئىتىگە قويۇپ، شامالدۇرغۇچنى ئېچىڭ.

3. ماي كىلاپىنى تېز ئورۇنغا كەلتۈرۈپ 3 مىنۇت تۇرۇڭ.

4. موتورنىڭ سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىپ شامالدۇرغۇچنى تاقاڭ.

5. 2 ، 3 ۋە 4 - قەدەم-باسقۇچلارنى يەنە ئۈچ قېتىم تەكرارلاڭ.

6. موتورنى توختىتىڭ.

OUO6043,0001540 -UG-25OCT01-1/1

## سېۋەت پورشىنىنىڭ قۇلۇپلاش كىلاپىنىنى ئىشلىتىش






**دىققەت: سېۋەت ئېغىر بولۇپ، مۇبادا ئۆرۈلۈپ چۈشسە، سىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. سېۋەت يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئورۇندا تۇرغاندا، سېۋەت ئاستىدا ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىلاپىنى قۇلۇپلاش ئورنىغا چېتىڭ.**

دەستىلىك سېۋەت يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئورۇندا تۇرغان ۋاقىتتا، كىلاپىنى چېتىپ قۇلۇپلاش ئورنىغا ئەكىلىڭ. سېۋەتنى تۆۋەنلەتكەندە، نېرى تۇرۇڭ، ئاندىن كىلاپان دەستىسىنى بۇراپ قۇلۇپنى ئېچىش ئورنىغا ئەكىلىڭ. كىلاپاننىڭ قۇلۇپى ئېچىلمىسا سېۋەت تۆۋەنلىمەيدۇ.

AG,OUO1011,1166 -UG-08SEP99-1/1

## ئۈزۈتىش قۇرۇلمىسىنىڭ زەنجىرىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەڭشەش




*ئىزاھات: سېۋەت پاختا تۆكۈش ئورنىدا تۇرغان ۋاقىتتا، زەنجىر قازنىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، زەنجىر چوقۇم زەنجىرنىڭ يېتەكچى ئوقىغا ئازراق تېگىپ تۇرىشى لازىم.*

ئەگەر زەنجىر تەڭشەلمىگەن بولسا، زەنجىرنىڭ تارتىش كۈچىنى تۆۋەندىكىدەك تەڭشەڭ:

1. گايكىنى (B) بوشىتىڭ.
2. ئۈزۈتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئوقىنىڭ (C) ھەربىر بېشىدىكى تەڭشەش گايكىسىنى (A) زەنجىرنىڭ تارتىش كۈچى مۇۋاپىق بولغىچە تەكشى چىڭىتىڭ ياكى بوشىتىڭ.
3. ياپىلاق گايكىنى قانالغا قارىتىپ چىڭىتىڭ.
4. باشقا ئۈزۈتىش ئوقىدىكى قېپقالغان زەنجىرلەرنى تەرتىپ بويىچە تەكرارلاڭ (تەڭشەڭ).

**A - تەڭشەش گايكىسى**
**B - گايكا**
**C - ئۈزۈتىش ئوقى**

MM95366,000013A -UG-20SEP10-1/1

## سېۋەتنىڭ ئوتتۇرھال ئورنى

*ئىزاھات: 9970 تىپلىق ماشىنىغا سېۋەتنىڭ ئوتتۇرھال ئورنى سەپلەنگەن. سېۋەتنىڭ ئوتتۇرھال ئورنىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، جون دىئر سودىگىرىدىن يۇرۇشلەشكەن دېتال سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.*

*بۇ دېتاللار ئۈچ دانە قۇلۇپلاش دەستىسىنىڭ زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ 9970 تىپلىق سېۋەتنى ئوتتۇرھال ئورۇنغا قۇلۇپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.*

AG,OUO1011,1168 -UG-08SEP99-1/1

## سىلىقلاش قاچىسىنى تولدۇرۇش



1. موتورنى توختىتىڭ.

2. يوللاش پومپىسىنىڭ كىرگۈزۈش ئېغىزىنىڭ نەيچىسىنى جون دىئىر ماركىلىق ئۈزچۈق سىلىقلاش مېيىنىڭ تۆلۈقى ئىچىگە ئورنىتىڭ. چىقىرىش ئېغىزىنىڭ نەيچىسىنى چېتىپ ئېغىزغا قويۇڭ.

3. ئەگەر ماشىنىغا كۈچ ئۆزىتىش قوشۇمچە ئېغىز ئۇسكۇنىسى سەپلەنگەن بولسا، ئۇنى تەرەپتىكى تەكشۈرۈش كىلاپانىنىڭ نەيچىسى بىلەن بىللە گىدراۋلىك نەيچىلىرىنى ISO ئۇلىغۇچلىرىغا چېتىڭ.

4. موتورنى قوزغىتىپ تۆۋەن سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ.

5. ئەگەر قاچا قۇرۇق بولسا، دەسلەپكى تولدۇرۇش مەشغۇلاتى ئۈچۈن سىستېمىنىڭ گېزىنى قويۇۋېتىڭ.

6. يېقىلغۇ قويۇۋاتقاندا، كىلاپاندىن ماي ئېقىپ سىستېمىدىن ھاۋا قويۇپ بېرىلگىچە ھاۋا قويۇپ بېرىش كىلاپانىنى ئېچىپ تۇرۇڭ. ھاۋا (گاز) قويۇپ بېرىش كىلاپانىنى تاقاڭ.

7. قاچا توشقىچە پومپىنى ماڭدۇرۇڭ.

8. موتورنى توختىتىڭ.

9. گىدراۋلىك ئۇلىغۇچ ۋە قويۇش نەيچىسىنى ئۈزۈڭ.

OUO6043,0001541 -UG-18SEP06-1/1

## ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش




A - گىدرو دەستىسى
B - سىلىقلاش مېيىنىڭ ئۈزچاتى
C - قۇر قۇرۇلمىسى
D - ئەگىپ ئۆتۈش ئورنىنى تەكشۈرۈش

1. توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنى چېتىڭ.

2. خوتنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ.

3. موتورنى تۆۋەن سۈرئەتتە ماڭدۇرۇپ، گىدرو دەستىنى (A) سۈرۈپ ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ئورنىغا (D) ئەكىلىڭ.

4. قۇر قۇرۇلمىسىنى (C) چېتىڭ.

5. سىلىقلاش ئۈزچاتىنى (B) ئېچىڭ.

OUO6043,0001542 -UG-20SEP06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە






**دىققەت: توختىتىش تورمۇزى چوقۇم چېتىلغان بولسۇن. ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كېتىشى ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك بولمىسا، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

**ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار چىرمىشىپ قالسا ياكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلارغا كىرىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بارلىق ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇڭ. ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش سىمىنى تېرىش قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇتۇڭ.**

6. ئۈچىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلمىنىڭ ساقلاش ئورنىدىكى ئارغامچا ئۆزچاتىنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. قۇرۇلمىدىن نېرى تۇرۇڭ. قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا ھەرگىز ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ئىشىنى قىلماڭ. باش بارماقنى ئارغامچا ئۆزچاتىدىن نېرى تۇتۇڭ.

**A** - ئارغامچا ئۆزچاتى

OUO6043,0001542 -UG-20SEP06-2/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە



**دىققەت: ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار يېقىلىپ چۈشۈشى ياكى ئىشلەۋاتقان قۇر قۇرۇلمىسىغا چىرمىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق بولغاندا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ئىشلەۋاتقان قۇر قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇپ بىخەتەر ئارىلىق ساقلاڭ. ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش سىمىنى قۇر قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن ھەمىشە نېرى تۇتۇڭ.**




7. مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇپ، ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن يىراق تۇرۇڭ، ئاندىن ئارغامچا ئۈزچاتىنىڭ كۇنۇپكىسىنى (A) بېسىڭ. قۇرۇلما ئاستا ئايلىنىشقا باشلايدۇ ھەمدە ئۈزچات قويۇپ بېرىلگىچە داۋاملىشىدۇ، سىگنال ئاۋازى بېرىلىپ مايىنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

8. چاڭ-توزان توسۇش ھالقىسىدىكى ئۈستۈنكى ئالتە ئۆرچۈقنىڭ ئىككىسىدە يېڭى ماي بار بولىدۇ. ھەربىر قۇرۇلمىنىڭ ھەربىر دەستىسى مۇۋاپىق مايلانسۇن.

9. ئارغامچا ئۈزچاتىنىڭ كۇنۇپكىسىنى قويۇپ بېرىڭ. ئاۋاز ئۆچۈپ، قۇرۇلمىلار توختايدۇ.

10. ئۈستۈنكى يېتەكچى چىشلىق چاق ئەتراپىدا ۋە بارلىق تۈلۈقنىڭ دوقا چاقلىرىدا يېڭى ماي بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

A - ئارغامچا ئۈزچاتىنىڭ كۇنۇپكىسى

OUO6043,0001542 -UG-20SEP06-3/3

## ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ۋە سىلىقلاش سىستېمىسىنى توختىتىش



**دىققەت: ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن نېرى تۇرۇڭ. باش بارماقنى ئارغامچا ئۈزچاتىدىن نېرى تۇتۇڭ. قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەرگىز ئەگىپ ئۆتۈشنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئېلىپ بارماڭ بولمىسا ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار يېقىلىپ چۈشۈپ، قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قېلىپ ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.**

MM95366,000013B -UG-20SEP10-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

1. ئارغامچا ئۈزچاتىنى ساقلاش ئورنىغا (A) قويۇڭ. قۇرۇلما تاختىسىنى تاقاڭ.

2. گىدرو دەستىسىنى (B) نېيترال ئورۇنغا يۆتكەڭ.

3. تېرىش قۇرۇلمىسىنى دەستە (C) ئارقىلىق ئۆزۈۋېتىڭ.

4. سىلىقلاش ئۈزچاتىنى (D) تاقاڭ.







**A** - **ئارغامچا ئۈزچاتى ساقلاش ئورنىدا**
**B** - **گىدرو دەستىسى**
**C** - **كونترول دەستىسى**
**D** - **سىلىقلاش مېيىنىڭ ئۈزچاتى**

MM95366,000013B -UG-20SEP10-2/2

## قول ئارقىلىق سىلىقلاش تەرتىپى



ئەگەر ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسى ئىشلىمىسە، بۇ قوللانمىدىكى قەدەم-باسقۇچ بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.

**دىققەت: ئەگەر ئۆزىڭىز ياكى باشقىلار قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلمىدىن بىخەتەر ئارىلىق تاشلاپ تۇرۇڭ ۋە ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ.**




1. قۇرۇلمىنى ئاستا ئايلاندۇرۇپ، تېرىش دەستىسى، چىشلىق چاقىنىڭ ئوققازىنى، ۋە ماي تۇرۇبىسىنىڭ (A) مايلاش ئېغىزىنىڭ ئۈستۈنكى يېتەكچى چىشلىق چاقنى مايلاڭ.

2. چاڭ-توزان توسۇش ھالقىسىدىكى ئۈستۈنكى ئالتە ئۆرچۈقنىڭ ئىككىسىدە يېڭى ماي بار بولىدۇ. ھەربىر قۇرۇلمىنىڭ ھەربىر دەستىسى مۇۋاپىق مايلانسۇن.

3. ئۈستۈنكى يېتەكچى چىشلىق چاق ئەتراپىدا ۋە بارلىق تۈلۈقنىڭ دوقا چاقلىرىدا يېڭى ماي بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

4. ھەربىر قۇرۇلمىنى قايتا مايلاڭ.

سىستېمىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A - ئاچىماق تۇرۇبىنى مايلاڭ**

OUO6043,0001544 -UG-25OCT01-1/1

## سىلىقلاش سىستېمىسىنىڭ سۈزگۈچلىرىنى ئالماشتۇرۇش




**مۇھىم: ماشىنىنىڭ ئىچكى قىسمى بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىستېمىنىڭ بۇلغىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش باكىغا سۈيۈقلۇق قۇيىمىغاندا قاپقاقنى پاكىز تۇتۇڭ ۋە ئۇلاش ئېغىزىنى ئوچۇق قويۇڭ.**

1. ئۇلىغۇچ دېتالىنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A - ئۇلىغۇچ دېتالى**

AG,OUO1011,1174 -UG-08SEP99-1/4




2. 40 تۆشۈكلۈك سۈزگۈچنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. سۈزگۈچنى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق تازىلاڭ ياكى زۆرۈر بولسا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.

4. سۈزگۈچ ۋە ئۇلىغۇچ دېتالىنى قايتىدىن ئورنىتىڭ.

**A - تۆشۈكلۈك سۈزگۈچ**

AG,OUO1011,1174 -UG-08SEP99-2/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




5. شامالدۇرغۇچنىڭ ئاچىماق تۇرۇبىسى ئاستىدىكى 3/4 دېئۇملۇق نەيچە تۇگۈنىنى ئۈزۈۋېتىڭ.

**A - نەيچە تۇگۈنى، 3/4 دېئۇم.**

AG,OUO1011,1174 -UG-08SEP99-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




6. 40 تۆشۈكلۈك سۈزگۈچنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

7. سۈزگۈچنى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق تازىلاڭ ياكى زۆرۈر بولسا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.

8. سۈزگۈچنى ئورنىتىپ، نەيچە تۇگۇننى چېتىڭ.

**A - تۆشۈكلۈك سۈزگۈچ**

AG,OUO1011,1174 -UG-08SEP99-4/4

## مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش




**A** - ئېچىلغان مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ دەستىسى

مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ دەستىسىنى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك تەكشۈرۈڭ.

*ئىزاھات: داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، بالونلارغا يەل بېرىلگەن ھەمدە يەل بېسىمىنىڭ توغرا بولىشى ۋە ئوڭ تەرەپ يېتەكچى چاقتا مۇۋاپىق باللاست بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. چاق ۋە بالون بۆلىكىگە قاراڭ.*

1. ماشىنىنى قاتتىق ۋە تەكشى يەرگە يۆتكەڭ.
2. سول تەرەپ يېتەكچى چاقنىڭ ئالدىغا 102x102 مىللىمېتىرلىق (4x4 دېيۇم) ياغاچ پارچىسى قويۇڭ.
3. سېۋەتنى تەخمىنەن 102 مىللىمېتىر يۇقىرى كۆتۈرۈڭ (كىلاپاننىڭ چېتىش ئورنىنى يېتەرلىك ھەرىكەتلەندۈرگەچە).
4. ماشىنىنى ياغاچ پارچىسى ئۈستىگە ئاستا ھەيدەپ چىقىرىڭ.
5. ئېچىلغان مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى (A) ئۆلچەڭ.
6. ماشىنىنى ياغاچتىن ھەيدەپ چۈشۈرۈپ، سېۋەتنى تولۇق پەسەيتىڭ.
7. ئېچىلغان مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قايتا ئۆلچەڭ.
8. ئەگەر پورشېن دەستىسى 6 مىللىمېتىردىن كۆپ قىسقىراپ كەتسە، سىستېما توغرا ئىشلىمىگەن بولىدۇ. بۇ كىلاپان ۋە ئۇلاش ئورنىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ۋەياكى مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىدا ھاۋا بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇقىملاشتۇرۇش كىلاپانى ۋە ئۇلاش ئورنىنى تەكشۈرۈش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.
9. ئەگەر پورشېن دەستىسىنىڭ قىسقىرىشى 6 مىللىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن قىسقا بولسا، سىستېما توغرا ئىشلىگەن بولىدۇ.

OUO6043,0001546 -UG-29AUG06-1/1

## مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ كىلاپانى ۋە ئۈلاش ئورنىنى تەكشۈرۈش

*ئىزاھات: تۆۋەندىكى باسقۇچقا ئۆتۈشتىن بۇرۇن، مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈڭ. بۇ بۆلەكتىكى مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش قىسمىغا قاراڭ.*

*رەسىمگە تارتىش ئۈچۈن تاختىلار چىقىرىۋېتىلدى.*

ئەگەر پورشىنىنىڭ قىسقىرىشى 6 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولسا، تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچلار بويىچە كىلاپاننى ئەڭ مۇۋاپىق قىلىڭ ۋە چېتىش ئورنىنى تەڭشەڭ.

1. ئوڭ قول تەرەپ رادىياتورنىڭ سېتكىسىنى چىقىرىپ ئېلىپ مۇقىملاشتۇرۇش كىلاپاننى ئېچىڭ.
2. تېزلەتكۈچ دەستىسىنىڭ (A) ئېگىلىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىڭ.
3. ئايلانما يەلكە (B) كىلاپان مىخىنىڭ (C) ئۈستى تەرىپىگە دەل كېلىشى لازىم.
4. موتورنى قوزغىتىڭ، سېۋەتنى كىلاپاننىڭ ئۈلىنىش ئورنىنى يېتەرلىك (تەخمىنەن 102 مىللىمېتىر) ھەرىكەتلەندۈرگىچە يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.
5. موتورنى توختىتىڭ.
6. كىلاپاننىڭ مىخىنى تولۇق تۆۋەنلىتىش لازىم (تەخمىنەن 5 مىللىمېتىر)، كىلاپان مىخى كۆرۈنۈپ تۇرىشى لازىم.

ئەگەر مۇقىملاشتۇرۇش كىلاپانى ۋە چېتىش ئورنى بىرىنچىدىن ئالتىنچىغىچە بولغان قەدەم-باسقۇچتا ئېيتىلغاندەك ئىنكاس قايتۇرمىسا، بۇ بۆلەكتىكى مۇقىملاشتۇرۇش كىلاپانى ۋە چېتىش ئورنىنى تەڭشەش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

ئەگەر مۇقىملاشتۇرۇش كىلاپانى ۋە چېتىش ئورنى بىرىنچىدىن ئالتىنچىغىچە بولغان قەدەم-باسقۇچتا ئېيتىلغاندەك ئىنكاس قايتۇرسا، بۇ بۆلەكتىكى مۇقىملاشتۇرۇش پورشىنىنىڭ گېزىنى قويۇپ بېرىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.




A - تېگىشىش دەستىسى
B - سېۋەت گىرۋىكى
C - ئايلانما يەلكە

OUO6043,0001547 -UG-28SEP06-1/1

## مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىنىڭ كىلاپانى ۋە چېتىش ئورنىنى تەڭشەش










1. سىۋەتنى تولۇق تۆۋەنلىتىڭ.

*ئىزاھات: تېزلەتكۈچ دەستىسى نىلون رېلىسنىڭ ئۈستىگە ھەرگىز چىقىپ قالماسلىقى لازىم.*

2. گايكا (B) نىلون رېلىسنى (A) چىڭ تۇتۇپ تۇرسۇن.

3. گايكىنى (D) بوشىتىڭ.

*ئىزاھات: ئۆلىنىش نۇقتىسىدىكى رېزىنىنىڭ مىنىمۇم چىشلىشىش دەرىجىسى ئۈچ قېتىم تولۇق ئايلاندۇرغاندا توغرا بولىدۇ. ئايلانما ئوقنىڭ يەلكىسى كىلاپان مىخىغا تەگكەندە، ئەگەر رېزىنىنىڭ تولۇق چىشلىشىش دەرىجىسى ئۈچ قېتىمدىن كەم بولسا، كىلاپانى پەسكە سۈرۈپ ئۆلىنىش نۇقتىسىدىكى دەستىنىڭ رېزىبىسىنىڭ چىشلىشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىڭ.*

*رېزىنىنىڭ ماكسىمۇم چىشلىشىش دەرىجىسى تەخمىنەن ئون ئالتە قېتىم بولۇپ، دەستىنىڭ ئاستى قىسمى ئۆلىنىش نۇقتىسىدىن سىرتقا چىققىچە بولىدۇ. ئەگەر دەستىنىڭ ئاستى قىسمى ئۆلىنىش نۇقتىسىدىن سىرتقا چىقىپ، ئايلانما ئوقنىڭ يەلكىسى يەنىلا كىلاپان مىخىغا تەگمىسە، كىلاپانى ئۈستىگە سۈرۈپ رېزىنىنىڭ بېشىغا ئاپارماي تۇرۇپ ئايلانما يەلكىنى كىلاپان مىخىغا تېگىدىغان قىلىڭ.*

4. قوزغىتىش دەستىسىنى (C) ئۆلىنىش نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ ياكى چىقىرىپ ئايلانما ئوق يەلكىسى (E) كىلاپان مىخىنىڭ ئۈستى قىسمىدىن يىراق تۇرىدىغان قىلىڭ.

5. قىستۇرما گايكىنى (D) چىڭىتىڭ.

6. قىستۇرما گايكىلارنى (G) پۇرژىنا سىملىرىنىڭ ئارىلىقى تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

پۇرژىنا سىملىرى - ئارىلىق ............................................................... mm 0.51 (.in 0.020)

| | |
|---|---|
| **A** - نىلون رېلىس (ئوقۇر) | **E** - ئايلانما يەلكە |
| **B** - گايكا | **F** - كىلاپان مىخى |
| **C** - تېزلەتكۈچ دەستە | **G** - گايكا |
| **D** - گايكا | |

OUO6043,0001548 -UG-28SEP06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە







7. سىۋەتنى تەخمىنەن 102 مىللىمېتىر يۇقىرى كۆتۈرۈڭ (كىلاپاننىڭ چېتىش ئورنىنى يېتەرلىك ھەرىكەتلەندۈرگىچە). كىلاپان مىخى (A) تولۇق "پەسكە چۈشۈرۈلىشى لازىم" (كىلاپان مىخى تەخمىنەن 5 مىللىمېتىر كۆرۈنگىچە).

8. مۇقىملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى سىناشنى قايتا ئېلىپ بېرىڭ. ئەگەر پورشېن دەستىسىنىڭ قىسقىرىشى (B) ئالتە مىللىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولسا، ماشىنا نورمال ئىشلىگەن بولىدۇ. ئەگەر پورشېن دەستىسىنىڭ قىسقىرىشى ئالتە مىللىمېتىردىن چوڭ بولسا، بۇ بۆلەكتىكى مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىنىڭ يېلىنى قويۇۋېتىش قىسمىغا قاراڭ.

**A - كىلاپان مىخى**
**B - پورشېن دەستىسىنىڭ قىسقىرىشى، 6 مىللىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك**

OUO6043,0001548 -UG-28SEP06-2/2










## مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىنىڭ يېلىنى قويۇۋېتىش (ئېككى كىشى لازىم بولىدۇ)

**دىققەت: گاز قويۇپ بېرىش جەريانىدا، بىر ئادەم كابىنكىدا تۇرۇپ يەنە بىر كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن تەييار تۇرسۇن. ماشىنا ئېغىر بولۇپ، مۇبادا تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىنىپ كەتسە، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. خوت چوقۇم نېيترال ئورۇندا تۇرسۇن. سېۋەتنىڭ قۇلۇپلاش كىلاپانىنى قۇلۇپلاش ئورنىغا قويۇڭ.**

*ئىزاھات: داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، بۇ بۆلەكتىكى مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش قىسمىغا قاراڭ.*

1. مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنى ۋە ئوق دەستىسىنىڭ بېشىدىن مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

2. پورشېن قاپقىقىدىن كۆنۈپكا پۈرۈپكىسىنى (B) چىقىرىپ ئېلىۋېتىپ، گاز قويۇپ بېرىش پۈرۈپكىسىنى (C) بوشىتىڭ.

3. پورشېن دەستىسىنىڭ بېشىنى ئۈستىگە ئىتتىرىش ئارقىلىق ئاپتول ئېقىپ چىققىچە پورشېندىن گاز قويۇپ بېرىڭ. دەستە بېشىنىڭ ئاستىدىكى تاختىنى ئىشلىتىپ ئۇنى ئۈستىگە قارىغان ھالەتتە ساقلاڭ.

**مۇھىم: پۈرۈپكىنى چىڭىتىۋاتقاندا، پورشېننى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا كەلتۈرۈڭ. پۈرۈپكىنى چىڭىتىۋاتقاندا، (پورشېن) ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا كەلتۈرۈلمىسە، پورشېنغا ھاۋا قايتىپ كىرىدۇ-دە، قايتىدىن گاز قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.**

4. يەل قويۇپ بېرىش پۈرۈپكىسىنى چىڭىتىڭ.

5. موتورنى قوزغىتىپ تۆۋەن سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ.

6. گىدراۋلىك سىستېما پورشېننى پەسكە ئىتتىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مىخلاشقا بولىدۇ. پورشېنىنىڭ مىخنى ئورنىتىڭ.

7. يەل قويۇپ بېرىش پۈرۈپكىسى چوقۇم چىڭ بولسۇن. پورشېن قاپقىقىدىكى ئاستى پۈرۈپكىنى جايىغا ئورنىتىڭ.

*ئىزاھات: پورشېندا ئازراق ھەرىكەت بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ، چۈنكى بارلىق گاز تولۇق چىقىپ بولالمايدۇ.*

8. پورشېننى تەكشۈرۈڭ. سېۋەتنى تەخمىنەن 152 مىللىمېتىر يۇقىرى كۆتۈرۈڭ، مۇقىملاشتۇرۇش سىستېمىسى قوزغالسۇن. ماشىننى ھەيدەپ سول تەرەپ يېتەكچى چاقنى 102x102 mm لىق ياغاچ تاختىنىڭ ئۈستىگە توختىتىڭ. ئەگەر مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنى ئالتە مىللىمېتىردىن ئارتۇق قىسقىراپ كەتسە، يەل قويۇپ بېرىش قەدەم-باسقۇچىنى تەكرارلاڭ.

**A** - مىخ
**B** - ئاستى پۈرۈپكا
**C** - يەل قويۇپ بېرىش پۈرۈپكىسى

AG,OUO1011,1178 -UG-27SEP06-1/1

## تورمۇز شايىبىسىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىش

تورمۇزنىڭ كۈچى ئاجىزلاش بايقالسا، ياكى توختىتىش تورمۇزى تازا تۇتمىسا، تورمۇز شايىبىسىنى تۈۋەندىكىدەك تەڭشەڭ:

1. پېداللارنى تاقاق (A) بىلەن قۇلۇپلاڭ، موتورنى قوزغىتىڭ ۋە خوتنى بىرىنچى خوتقا سېلىڭ.

2. ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئالدىغا ھەيدەڭ.

3. ئاتمىش مېتىردىن يەتمىش مېتىرغىچە تورمۇزنى چىڭ دەسسەڭ (ئىككى يۈزدىن ئىككى يۈز ئەللىك فۇتقىچە). موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تەخمىنەن 200 قېتىم ئەتراپىدا تۆۋەنلەيدۇ.

4. ماشىنىنى توختىتىپ، موتورنى ئۆچۈرۈپ، تورمۇزنى 15 مىنۇت سوۋۇتۇڭ.

5. تورمۇز سوۋۇغاندىن كېيىن، موتورنى قوزغىتىپ، بىرىنچى خوتقا سېلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ ئالدىغا ئاستا مېڭىڭ. ئاپتوماتىك تەڭشىگۈچنى قوزغىتىش ئۈچۈن، تورمۇزنى تەكرار ئىشلىتىڭ.




تورمۇز پېدالى قۇلۇپلانغان

A - تاقاق

توختىغاندىن كېيىن، پۇت تورمۇز ماشىنىنى بىرىنچى خوتتا تۇتۇپ تۇرىدۇ، توختىتىپ قويۇش تورمۇزى ماشىنىنى ئىككىنچى خوتتا تۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئەگەر تورمۇز يەنىلا ياخشى ئىشلىمىسە، جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

AG,OUO1011,1179 -UG-08SEP99-1/1

## تورمۇز سۇيۇقلۇقىنىڭ قاچىسىنى تەكشۈرۈش

**مۇھىم: تورمۇز سۇيۇقلۇقىنى سىرلانغان يەردىن نېرى قويۇڭ، بولمىسا سىر بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

1. قاپقاقنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. سۇيۇقلۇق مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. سۇيۇقلۇق مىقدارى قاچىنىڭ ئۈستىدىن ئالتە ماللىمېتىر تۆۋەن بولۇشى لازىم.

   قاچىغا J1703d ياكى DOT-3 تىپلىق گىدراۋلىك تورمۇز سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ.

3. قاپقاقنى جايىغا ئورنىتىڭ.




A - قاپقاق

AG,OUO1011,1181 -UG-08SEP99-1/1

## سىۋەت پورشېنىنى تەڭشەش

*ئىزاھات: سىستېمىدىن بارلىق گاز قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، سىۋەتنىڭ بىر بېشى ئالدى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، شۇ باشتىكى پورشېنىنى ئاۋۋال تەڭشەڭ. بۇ ئۈستىگە قارىغان كۈچنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.*

*پورشېن ئارقىلىق لەيلەتكەنگە قارىغاندا پەسلەتكەندە، پورشېنىنى تەڭشەپ سىۋەتنى سىۋەت تىرىكىنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈڭ. پورشېن سىۋەت تىرىكى ئۈستىدە تۇرغاندا، ئۇنىڭ پەسكە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، پورشېنىنى قىسقارتماڭ.*




پورشېنىنى تەڭشەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچلار بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ:

1. كۆلۈچنى تۆشۈككە (A) كىرگۈزۈپ، قىستۇرما گايكىنى (B) بوشىتىڭ.

2. پورشېن پىستونىنى (C) بۇراپ خالىغان ئۇزۇنلۇققا ئەكىلىڭ، ئاندىن قىستۇرما گايكىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

گايكا - تولغىنىش مومېنتى ....................................................................N•m 136
(lb-ft 100)

**A** - ئېلىش تۆشۈكى
**B** - گايكا
**C** - پورشېن پىستونى

OUO6043,0001549 -UG-25OCT01-1/1

## ھىملانغان چىراغلارنى ئالماشتۇرۇش

رېمونت قىلىشقا بولمايدىغان (بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان) پېچەتلەنگەن چىراغلار مۇنۇلار: ئالدى چىراغ (A)، ئېتىز چىرىغى (B)، سېۋەت-جەينەكلىك ئوق (C) سۇپىسى (D) ۋە سېۋەت ئىچىدىكى چىراغ. ئەگەر بۇ چىراغلارنىڭ بىرسى كۆيۈپ كەتسە، بارلىق پېچەتلەنگەن قۇرۇلمىنى يىغىسىغا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**A** - **ئالدى چىراغ**
**B** - **ئېتىز چىرىغى**
**C** - **سېۋەت (پىشاك) چىرىغى**
**D** - **سۇپا چىرىغى**




*چىراغ دەستىسىدىكى چىراغلار*




*سۇپا چىرىغى*

AG,OUO1011,1183 -UG-20SEP06-1/1

## ئالدى ۋە ئارقا ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش




1. بۇرما مىخلارنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. لېنزا (B) ۋە شايىبىنى (C) چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. لامپۇچكىنى (D) جايىغا سېلىپ، لېنزا ۋە شايىبىنى قايتىدىن ئورنىتىڭ. (مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ بۆلەكتىكى لامپۇچكا زاپچاس نومۇرلىرى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.)

**A** - **بۇرما مىخلار**
**B** - **لېنزا**
**C** - **شايىبا**
**D** - **لامپۇچكا**

AG,OUO1011,1184 -UG-30JUL12-1/1

## ئارقا چىراغنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش

1. ئىككى دانە بۇرما مىخ (B) ۋە ئارقا چىراغ لېنزىسىنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. ئارقا چىراغنىڭ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇڭ، چىراغ تىپى 3057 (C) (H133384).

3. لېنزىنى ئورنىتىڭ.

**A** - ئارقا چىراغنىڭ لېنزىسى
**B** - بۇرما مىخلار
**C** - لامپۇچكا







AG,OUO1011,1185 -UG-08SEP99-1/1

## بىخەتەرلىك سىمىنى ئالماشتۇرۇش

بارلىق ئېلېكتىر توك يولى تاختىلارغا بىخەتەرلىك سىمى ئورنىتىلغان. توغرا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، نورمىلىق توك قىممىتى ھەربىر بىخەتەرلىك سىمى ئۈستىدە بېسىلغان، بىخەتەرلىك سىملىرىغا رەڭ ئارقىلىق كود سېلىنغان.

| بىخەتەرلىك سىمىنىڭ توك ئېقىمى نورمىلىق قىممىتى | رەڭگى |
|---|---|
| 3 ئامپېر | ھالرەڭ |
| 5 ئامپېر | قوڭۇر رەڭ |
| 7.5 ئامپېر | قوڭۇر رەڭ |
| 10 ئامپېر | قىزىل |
| 20 ئامپېر | سېرىق |
| 25 ئامپېر | تەبئىي (ئاق) |
| 30 ئامپېر | يېشىل |

**مۇھىم: ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك سىمىنىڭ ئورنىغا، توك ئېقىمى نورمىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغان بىخەتەرلىك سىمىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتمەڭ. بولمىسا، ماشىنا بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك سىمى، توك ئېقىمىنى پەقەت ئۆتكۈزەلمىسە ۋە توختىماي كۆيۈپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئېلېكتىر سىستېمىنى جون دىئر سودىگىرىگە ئاپىرىپ تەكشۈرتكۈزۈڭ.**

OUO6043,000154A -UG-08SEP06-1/1

## بىخەتەرلىك سىمى ۋە رېلې




**A** - سائەت (ئۆلچىگۈچ)-3A
**B** - كابىنكىدىكى رېلې ۋە ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى-3A
**C** - كۆزىتىش ئېكرانى-5A
**D** - WPR/رادىيو/لەمپە چىرىغى-10A
**E** - نەمدەش سىستېمىسى-10A
**F** - تاخومېتىر-5A
**G** - ECU نى ماڭدۇرۇش-3A
**H** - سىلىقلاش، ئارغامچا-7.5A
**I** - ئاككۇمۇلياتور توك ئېغىزى-10A
**J** - گىدرو تۇتقۇچ-3A
**K** - رادىيونىڭ ساقلىغۇچىسى-3A
**L** - گىدراۋلىك كىلاپاننىڭ رېلېسى-10A
**M** - قوشۇمچە روزېتكىنىڭ 12 ۋولتلىق ئېغىزى-5A
**N** - سېۋەت، پرېسلىغۇچ، ئۇزىتىش قۇرۇلمىسى-10A
**O** - Row-Trak-10A
**P** - ئارقا يېتەكچى چاق-10A
**Q** - ئارقىغا ياندۇرغاندا سىگنال بەرگۈچ-5A
**R** - قوشۇمچە ئۇسكۇنە 12 ۋولت، ھاۋا تەڭشىگۈچ-5A
**S** - شامالدۇرغۇچ قوزغاتقۇچ-3A
**T** - موتورغا دىئاگنوز قويۇش (بىخەتەرلىك سىمى يوق)
**U** - گىدراۋلىك كىلاپان كونتروللىغۇچ-3A

**1** - سول قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش
**2** - ئوڭ قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش
**3** - كابىنكىنىڭ شامالدۇرغۇچىسى
**4** - نورمال لامپا
**5** - سول قۇرۇلما تاقىقى
**6** - ئوڭ قۇرۇلما تاقىقى
**7** - توك چاتقۇچ
**8** - كونترول چاتقۇچ
**9** - سول ئاستىنقى قۇرۇلما ۋە توپ
**10** - ئوڭ ئاستىنقى قۇرۇلما ۋە توپ
**11** - گىدرو كىلاپاننىڭ توكى
**12** - سېۋەت چىرىغى
**13** - ئارغامچا
**14** - سول ئېتىز چىرىغى
**15** - ئوڭ ئېتىز چىرىغى
**16** - ئۇزىتىش قۇرۇلمىسى
**17** - سول ئاستىنقى قۇرۇلما
**18** - ئوڭ ئاستىنقى قۇرۇلما
**19** - گىدراۋلىك كىلاپان كونتروللىغۇچ
**20** - ئارقا يېتەكچى چاق
**21** - توختىتىپ قويۇش تورمۇزىنىڭ سىگنال بەرگۈچىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈش
**22** - شامالدۇرغۇچ قوزغاتقۇچ
**23** - تۆۋەن سۈرئەتتە قۇرۇق مېڭىشنى ئىجرا قىلىش

*ئىزاھات: بۇ بىخەتەرلىك سىمى ۋە رېلې شوپۇر ئورۇندۇقىنىڭ يېنىدىكى سۇپىغا جايلاشقان.*

AG,OUO1011,1187 -UG-10AUG06-1/1

## بىخەتەرلىك سىملىرى-رادىياتور بۆلۈمچىسى




*ئىزاھات: بۇ بىخەتەرلىك سىملىرى رادىياتور بۆلۈمچىسى ئىچىگە جايلاشقان.*

**A** - گىدراۋلىك كىلاپان-30A
**B** - شامالدۇرغۇچ-25A
**C** - 12V ئاككۇمۇلياتور-20A
**D** - ئاككۇمۇلياتور A-30A
**E** - يېقىلغۇ پومپىسى-5A
**F** - ئاچقۇچ ئۇزچاتى-30A
**G** - ئاككۇمۇلياتور B-30A
**H** - كابىنكىنىڭ شامالدۇرغۇچىسى-30A
**I** - ئېتىز چىرىغى-30A
**J** - ECU(ئاككۇمۇلياتور)-10A

AG,OUO1011,1188 -UG-10AUG06-1/1




## ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا بويسۇنۇڭ

**دىققەت: يۇقىرى بېسىملىق توڭلاتقۇچ (R134A) توغرا ئاسراش ئېلىپ بېرىلمىغان ۋاقىتتا، مۇزلاتقۇچ كۆزگە كىرىپ كېتىشى ياكى تېرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.**

ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش (ئاسراش) ئۈچۈن، ئالاھىدە ئۈسكۈنە ۋە قەدەم-باسقۇچ زۆرۈر بولىدۇ. (جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ).

OUO1078,00004EE -UG-09AUG06-1/1




## سىگنال ئىندىكاتور چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش

1. تۆت تال (ھەربىر تەرەپتە ئىككى تال) بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ، ئاندىن ئۈستۈنكى قاپقاقنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.
2. R56409 ياكى 1895G تىپلىق لامپۇچكىنى ئالماشتۇرۇپ، قاپقاقنى ئورنىتىڭ.

**A** - بۇرما مىخلار (4 تال ئىشلىتىلىدۇ)

AG,OUO1011,1190 -UG-02OCT06-1/1







## لەمپە چىرىغى ۋە كونترول سۇپىسىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش

1. AR86969 ياكى 105 تىپلىق لەمپە چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، پىلاستىك لىنزىنىڭ (A) ئىككى تەرىپىنى قىسىپ تۇرۇپ چىقىرىپ ئېلىڭ.
2. AR48015 ياكى 168 تىپلىق كونترول سۇپىسىنىڭ چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسىنى (B) ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، چىراغ قۇرۇلمىسىنى (C) كابىنكا تورۇسىدىن چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A** - پىلاستىك لىنزا
**B** - كونترول سۇپىسىنىڭ چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسى
**C** - چىراغ قۇرۇلمىسى

AG,OUO1011,1191 -UG-09SEP99-1/1

## ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش




1. تۆت تال ئۆزى پاتىدىغان بۇرما مىخلارنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. بۇلۇڭ تۈۋرۈكىنى (B) پەسكە چۈشۈرۈڭ.




**A** - **ئۆزى پاتىدىغان بۇرما مىخ**
**B** - **بۇلۇڭ تۈۋرۈكى**

AG,OUO1011,1192 -UG-09SEP99-1/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

3. ئىندىكاتور ۋە كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ چىراغلىرىنى (A) بىر چارەك بۇراپ چىقىرىپ ئېلىڭ. AL65575 تىپلىق يېڭى لامپۇچكىغا ئالماشتۇرۇڭ.




**A** - **چىراغلار**

AG,OUO1011,1192 -UG-09SEP99-2/4

4. چىڭىتىش قىسقۇچىنى بېسىپ، تاختىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن توختىتىش (A) ۋە "!" ئاگاھلاندۇرۇش (B) چىرىغىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.




**A** - **توختىتىش چىرىغى**
**B** - **ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى**

AG,OUO1011,1192 -UG-09SEP99-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**







5. سائەت لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆت دانە بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ، توك يول تاختىسىنى ئوقۇردىن يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.

*ئىزاھات: باشقا ئۈچ دانە چىراغ لامپۇچكىسىمۇ ئوخشاش تەرتىپ بويىچە چىقىرىلىدۇ.*

6. سائەتنى (B) تارتىپ چىقىرىڭ.

7. سائەت چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسىنى (C) توك يول تاختىسىدىن تارتىپ چىقىرىڭ.

8. 161 (AA27536) تىپلىق يېڭى لامپۇچكىنى ئورنىتىڭ ھەمدە دېتاللارنى ئەسلىدىكى جايىغا سېلىڭ.

**A - بۇرما مىخ (4 دانە ئىشلىتىلىدۇ)**
**B - كۆرسەتكۈچ**
**C - سائەت چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسى**

AG,OUO1011,1192 -UG-09SEP99-4/4




## ئاساسىي سۈزگۈچ دېتالىنى ئالماشتۇرۇش

1. ئىككى تۇتۇپ تۇرۇش بۇرما مىخلىرىنى (سەپلەنگەن بولسا) چىقىرىپ ئېلىڭ، تورۇسنىڭ ھەربىر تەرىپىدە بىردىن بار. قاناتسىمان بۇرما مىخنى (A) بۇراپ چىقىرىڭ.

2. تورۇسنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. دەستىنى (B) ساقلاش قىسقۇچىدىن چىقىرىپ ئېلىڭ. بىر گەۋدىلەشكەن تىرەك دەستىسىنىڭ ئاستى قىسمىنى ئىچكى تورۇسنىڭ تىرەش تۆشۈكىگە (C) كىرگۈزۈڭ. پۈرژىنلىق مىخنى (D) ئورنىتىڭ.

3. ئىككى تەرەپتىكى قىسقۇچنى (E) ئېچىڭ. سۈزگۈچ دېتالىنى (F) چىقىرىپ ئېلىڭ.

4. تەتۈر تەرتىپ بويىچە سۈزگۈچ دېتالىنى ئورنىتىڭ.

A - قاناتسىمان بۇرما مىخ
B - دەستە
C - تىرەك تۆشۈكى
D - پۈرژىنلىق مىخ
E - سۈزگۈچ قىسقۇچ
F - سۈزگۈچ دېتالى

AG,OUO1011,1193 -UG-09SEP99-1/1




## قوشۇمچە ھاۋا (ئايلاندۇرۇش) سۈزگۈچىنى چىقىرىپ ئېلىش

1. ئىككى دانە بۇرما مىخنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. دېتالنى ئوقۇردىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ چىقىرىپ تازىلاڭ.

3. قۇرۇلمىنى ئورنىتىڭ ۋە دېتالنى جايىغا سېلىڭ.

A - بۇرما مىخلار

OUO6043,000154B -UG-25OCT01-1/1

## كابىنكا سۈزگۈچىنى تازىلاش

تۆۋەندىكى بىر خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، كابىنكا سۈزگۈچلىرىنى تازىلاڭ:





1. پاسكىنا تەرىپىنى پەسكە قارىتىپ، تەكشى يۈزنى يېنىك ئۇرۇڭ. بالوننى ئۇرماڭ.

**دىققەت: پرېسلانغان ھاۋا چاڭ-توزان ۋە مەينەت نەرسىلەرنى ھاۋاغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ كۆزگە ياكى مۇداپىئەلەنمىگەن ئورۇنغا كىرىپ كەتسە ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا ئېغىر يارىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تازىلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەندە، پرېسلانغان ھاۋانىڭ بېسىمىنى 210 كىلوپاسكالغا چۈشۈرۈڭ. ئەتراپتا ئادەم تۇرمىسۇن. قاڭقىپ چىقىدىغان نەرسىلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ، كۆزنى قوغدايدىغان ئۈسكۈنە ئىشلىتىڭ.**

2. پرېسلانغان ھاۋانى (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 210 كىلوپاسكال) سۈزگۈچ ئارقىلىق سۈزگۈچ ئۈستىدىكى ئىسترېلكىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە يوللاڭ.

AG,OUO1011,1195 -UG-09SEP99-1/2



H18474N

3. سۈزگۈچنى جون دىئىر ماركىلىق R36757 تىپلىق دېتال تازىلاش سۇيۇقلۇقى ياكى ئۆنىڭغا تەڭداش سۇيۇقلۇق ئارىلاشتۇرۇلغان ئىلمان (38 سېلسىيە گرادۇستىن (100 فارېنگېيت) يۇقىرى بولمىسۇن) سۇغا 15 مىنۇت چىلاڭ.

4. نەيچىدىن سۇ ئېقىتىپ سۈزگۈچنى پاكىز بولغىچە چايقاڭ. نەيچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بېسىمى 272 كىلوپاسكال بولىشى لازىم.

**مۇھىم: ھۆل سۈزگۈچنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭ. ھۆل سۈزگۈچ يېرىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى پرېسلانغان ھاۋا بىلەن قۇرۇتماڭ.**

5. سۈزگۈچتىكى ئارتۇق سۇنى سىلكىپ ئېقىتىۋېتىپ، قۇرۇلمىنى تەبىئىي قۇرۇتۇڭ. پرېسلانغان ھاۋا بىلەن سۈزگۈچنى قۇرۇتماڭ، بولمىسا ئۇ يېرىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

AG,OUO1011,1195 -UG-09SEP99-2/2

## موتور كونترول قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ (ECU) دىئاگنوز كودلىرى

*ئىزاھات: موتور كودلىرى ھەققىدىكى تېخنىكىلىق ياردەم ئۈچۈن، تېخنىكىلىق قوللانمىغا قاراڭ ياكى جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.*

خاتالىق بايقالغاندا، كۆزىتىش ئېكرانىدا قىزىل رەڭلىك ئۈچۈر چىرىغى يانىدۇ. كاشىلا دىئاگنوز كودىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن (ئەندىشە دەرىجىسى)، ئىككى ئوخشىمايدىغان چىراغ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چىراغلار موتور قوزغىتىلغاندا سىناق تەرىقىسىدە ئۈچ سېكۇنت يانىدۇ. مەلۇم بىر كاشىلا ئاكتىپ ھالەتتە تۇرغاندا، ماس ھالدىكى بۇ چىراغلار يانىدۇ.

*ئىزاھات: چاقناش كودىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بىخەتەرلىك سىم قۇرۇلمىسىغا بىخەتەرلىك سىمى ئورنىتىلىشى لازىم.*

چاقناش كودىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، موتورنىڭ دىئاگنوز قويۇش ئورنىغا (T) بىخەتەرلىك سىمى ئورنىتىڭ. بىخەتەرلىك سىمىنىڭ ئورنىنى بىلىش ئۈچۈن، تەگلىك بۆلىكىدىكى بىخەتەرلىك سىمى ۋە رېلې دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

| | |
|---|---|
| ئاگاھلاندۇرۇش لامپىسى | ماشىنىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدۇ، بىراق ئەڭ ياخشى ئۇنۇمنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش (ئاسراش) لازىم. |
| توختىتىش چىرىغى | موتورنى دەرھال توختىتىش زۆرۈر بولغان ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ. |

| چاقناش كودى | ئاگاھلاندۇرۇش لامپىسى | توختىتىش چىرىغى | كاشىلا پەيدا قىلىش ئەھۋالى | تېپى |
|---|---|---|---|---|
| 11 | ئوچۇق | | كىلاپان سىگنالىنىڭ توك بېسىمى بەك يۇقىرى | كىلاپان سېنزورى ئوچۇق ياكى يەرگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. |
| 12 | ئوچۇق | | كىلاپان سىگنالىنىڭ توك بېسىمى بەك يۇقىرى | ماي كىلاپان سېنزورى يۇقىرى مەنبەگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. |
| 17 | ئوچۇق | | ئۈچىنچى نومۇرلۇق پورشېنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا بارىدىغان توك ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سىملىرىنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى ئېچىڭ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. X2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرۋاتقان G2 تەگشىكى. |
| 18 | ئوچۇق | | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسىنىڭ توك بېسىمى بەك يۇقىرى | توك يولىنىڭ سىگنال سىمى ياكى يەر سىمىنى ئېچىڭ. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى سېنزورىنىڭ كاشىلىسى. |
| 19 | ئوچۇق | | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسىنىڭ توك بېسىمى بەك تۆۋەن | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى سېنزورىنىڭ سىگنالى يەرگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېنزور ئىشلىمەيدۇ. |
| 23 | ئوچۇق | | يېقىلغۇ توك بېسىمىدىكى سۇ يۇقىرى | توك يولىنىڭ سىگنال سىمى ياكى يەر سىمىنى ئېچىڭ. يېقىلغۇ سېنزورى ئىشلىمەيدۇ. |
| 24 | ئوچۇق | | يېقىلغۇ توك بېسىمىدىكى سۇ يۇقىرى | يېقىلغۇدىكى سۇ سېنزورىنىڭ سىگنالى يەرگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. يېقىلغۇدىكى سۇ سېنزورى ئىشلىمەيدۇ. |
| 25 | ئوچۇق | | كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ توك بېسىمى يۇقىرى | توك يولىنىڭ سىگنال سىمى ياكى يەر سىمىنى ئېچىڭ. كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېنزورى ئىشلىمەيدۇ. |
| 26 | ئوچۇق | | كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ توك بېسىمى تۆۋەن | كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنالى يەرگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېنزورى ئىشلىمەيدۇ. |
| 27 | | ئوچۇق | يېقىلغۇ رېلىسى بېسىمىنىڭ توك بېسىمى بەك يۇقىرى | رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورىنىڭ يەر سىمىدا ئۈزۈلۈش بار. يۇقىرى توك بېسىملىق رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورىغا چېتىلىدىغان توك سىمىدا قىسقا تۇتۇشۇش بار. كېمەيتىش ئۈچۈرى ھەققىدە موتورنى قوغداش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| 28 | | ئوچۇق | يېقىلغۇ رېلىسى بېسىمىنىڭ توك بېسىمى بەك تۆۋەن | رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورى چېتىلمىغان ياكى سىگنال لىنىيەسىدە ئۈزۈلۈش بار. رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورىنىڭ چېتىش ئورنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. سىم ئورىمى يەرگە قىسقا تۇتۇشۇپ قالغان. رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورى ئىشلىمەيدۇ. كېمەيتىش ئۈچۈرى ھەققىدە موتورنى قوغداش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. ECU بۇزۇلغان. ECU نى قايتا پروگراممىلاڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| 29 | ئوچۇق | | ئىككىنچى نومۇرلۇق پورشېنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا بارىدىغان توك ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ توك سىمىدا ئوچۇق توك يولى بار، ئىككى ئۇلىنىش نۇقتىسىدا. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. X2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرۋاتقان G2 تەگشىكى. |
| 31 | ئوچۇق | | بىرىنچى نومۇرلۇق پورشېنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا بارىدىغان توك ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سىملىرىنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى ئېچىڭ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. X2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرۋاتقان G2 تەگشىكى. |
| 32 | | | ئاكتىپ كودنىڭ باشلىنىشى | D3 ئۈچنى يەرگە قىسقا تۇتاشتۇرۇڭ. |
| 33 | | | ئەسلىدە ئاكتىپ بولغان كودنىڭ باشلىنىشى | D3 ئۈچنى يەرگە قىسقا تۇتاشتۇرۇڭ. |
| 34 | ئوچۇق | | تۆتىنچى نومۇرلۇق پورشېنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا بارىدىغان توك ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ توك سىمىدا ئوچۇق توك يولى بار، ئىككى ئۇلىنىش نۇقتىسىدا. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. X2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرۋاتقان G2 تەگشىكى. |
| 35 | ئوچۇق | | بەشىنچى نومۇرلۇق پورشېنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا بارىدىغان توك ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ توك سىمىدا ئوچۇق توك يولى بار، ئىككى ئۇلىنىش نۇقتىسىدا. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. X2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرۋاتقان G2 تەگشىكى. |
| 36 | ئوچۇق | | ئالتىنچى نومۇرلۇق پورشېنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا بارىدىغان توك ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ توك سىمىدا ئوچۇق توك يولى بار، ئىككى ئۇلىنىش نۇقتىسىدا. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. X2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرۋاتقان G2 تەگشىكى. |
| 37 | ئوچۇق | | يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ توك بېسىمى يۇقىرى | توك يولىنىڭ سىگنال سىمى ياكى يەر سىمىنى ئېچىڭ. يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسى سېنزورىنىڭ كاشىلىسى. |
| 38 | ئوچۇق | | يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ توك بېسىمى تۆۋەن | يېقىلغۇ تېمپېراتۇرا سېنزورىنىڭ سىگنالى يەرگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. يېقىلغۇ تېمپېراتۇرا سېنزورى كاردىن چىققان. |

OUO1078,0000509 -UG-03OCT06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| چاقناش كودى | ئاگاھلاندۇرۇش لامپىسى | توختىتىش چىرىغى | كاشىلا پەيدا قىلىش ئەھۋالى | تېپى |
|---|---|---|---|---|
| 39 | ئوچۇق | | سېنزورنىڭ ۋاقىتنى بەلگىلەش شەكلىدە خاتالىق بايقالدى. | جەينەكلىك ئوقتىكى موتور ئورنىنىڭ سېنزورىدا شاۋقۇن ئاۋاز بايقالدى. سېنزورنىڭ چېتىش ئورنىدا ياكى سېنزورىدا ئۈزۈلۈش كاشىلىسى بار. سېزىش ئوبيېكتى بۇزۇلغان.جەينەكلىك ئوقتىكى موتور ئورنىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنالىنىڭ مۇۋاپىق ئىمپۇلس شەكلى يوق. سېزىش ئوبيېكتى بۇزۇلغان. سېنزور توغرا ئورنىتىلمىغان. |
| 41 | ئوچۇق | | سېنزورنىڭ ۋاقىتنى بەلگىلەش سىگنالى يوق | جەينەكلىك ئوقتىكى موتور ئورنىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنالى يوق. سېنزورغا چېتىش ئورنىنىڭ توك يولىدا ئۈزۈلۈش بار. سېنزور ئىشلىمەيدۇ. |
| 43 | ئوچۇق | | موتور ئورنىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنالى يوق | يۇقىرى بېسىملىق پومپىدىكى موتور ئورنىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنالى يوق سېنزورغا چېتىش ئورنىنىڭ توك يولىدا ئۈزۈلۈش بار. سېنزور ئىشلىمەيدۇ. |
| 44 | ئوچۇق | | موتور ئورنىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنال شەكلىدە خاتالىق بايقالدى | يۇقىرى بېسىملىق پومپىدىكى موتور ئورنىنىڭ سېنزورىدا شاۋقۇن ئاۋاز بايقالدى. سېنزورنىڭ چېتىش ئورنىدا ياكى سېنزورىدا ئۈزۈلۈپ قېلىش كاشىلىسى بار. سېنزورنىڭ ئوبيېكتى بۇزۇلغان.يۇقىرى بېسىملىق پومپىدىكى موتور ئورنىنىڭ سېنزورىنىڭ سىگنالىدا مۇۋاپىق ئىمپۇلس شەكلى يوق. سېزىش ئوبيېكتى بۇزۇلغان. سېنزور توغرا ئورنىتىلمىغان. |
| 45 | ئوچۇق | | سېنزورنىڭ ۋاقىتنى بەلگىلەش بىلەن موتور ئورنىنىڭ سېنزورى ماس كەلمىگەن | ئىككى موتور ئورنىنىڭ سىگنالى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرا ئەمەس. سىم خاتا ئۇلانغانلىق سەۋەبىدىن، سىگنالنىڭ قۇتۇپى توغرا ئەمەس. يۇقىرى بېسىملىق پومپا خاتا ئورنىتىلغان. |
| 48 | | ئوچۇق | رېلىس بېسىمغا تەمىنلىنىدىغان سېنزورنىڭ توك بېسىمى بەك يۇقىرى | رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورىغا چېتىش ئورنى يۇقىرى توك بېسىمغا قىسقا تۇتىشىپ قالغان. ECU بۇزۇلغان. ECU، R3 مىخ ۋە P3 (قايتىش). |
| 49 | | ئوچۇق | رېلىس بېسىمغا تەمىنلىنىدىغان سېنزورنىڭ توك بېسىمى بەك تۆۋەن | رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورىغا چېتىش ئورنى يەر سىمغا قىسقا تۇتىشىپ قالغان. رېلىس بېسىمىنىڭ سېنزورى بۇزۇلغان. ECU، R3 مىخ ۋە P3 (قايتىش). |
| 56 | ئوچۇق | | بەشىنچى نومۇرلۇق پورشېنىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى يېقىلغۇ ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ ئىشلىمەيدۇ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئېقىم چەكلىگۈچىسى تاقىلىپ قالغان. |
| 59 | ئوچۇق | | ئۈچىنچى نومۇرلۇق پورشېنىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى يېقىلغۇ ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ ئىشلىمەيدۇ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئېقىم چەكلىگۈچىسى تاقىلىپ قالغان. |
| 62 | ئوچۇق | | سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى - ئوتتۇرھال ئېغىر | سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن ياكى بۇزۇلغان. كېمەيتىش ئۈچۈرى ھەققىدە موتورنى قوغداش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| 63 | | ئوچۇق | سوۋۇتقۇچنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى - ئەڭ ئېغىر | سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن ياكى بۇزۇلغان. كېمەيتىش ئۈچۈرى ھەققىدە موتورنى قوغداش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| 65 | ئوچۇق | | بىرىنچى نومۇرلۇق پورشېنىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى يېقىلغۇ ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ ئىشلىمەيدۇ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئېقىم چەكلىگۈچىسى تاقىلىپ قالغان. |
| 66 | ئوچۇق | | ئاچماق تۇرۇبىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى - ئوتتۇرھال ئېغىر | سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن ياكى بۇزۇلغان. كېمەيتىش ئۈچۈرى ھەققىدە موتورنى قوغداش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| 67 | ئوچۇق | | تۆتىنچى نومۇرلۇق پورشېنىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى يېقىلغۇ ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ ئىشلىمەيدۇ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئېقىم چەكلىگۈچىسى تاقىلىپ قالغان. |
| 68 | ئوچۇق | | موتورنىڭ قۇۋۋىتىنى كېمەيتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت | موتوردا قۇۋۋەت كېمەيتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. |
| 69 | ئوچۇق | | ئالتىنچى نومۇرلۇق پورشېنىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى يېقىلغۇ ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ ئىشلىمەيدۇ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئېقىم چەكلىگۈچىسى تاقىلىپ قالغان. |
| 71 | ئوچۇق | | ئىككىنچى نومۇرلۇق پورشېنىنىڭ پۈركۈش ئېغىزىدىكى يېقىلغۇ ئېقىمى تۆۋەن | پۈركۈگۈچ ئىشلىمەيدۇ. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ئېقىم چەكلىگۈچىسى تاقىلىپ قالغان. |
| 75 | | ئوچۇق | يېقىلغۇ تەركىبىدە سۇ بار | ئايرىغۇچ قاچىسىدا سۇ بايقالدى. |
| 77 | | ئوچۇق | پومپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق سولېنوئىدىنىڭ توك يولىدا ئۈزۈلۈش، يەر سىمغا قىسقا تۇتىشىش ياكى يۈك ئېشىپ كېتىش بار | پومپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق سولېنوئىدىنىڭ سىمىنىڭ چېتىش ئورنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. پومپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق سولېنوئىدىنىڭ سىمى يەرگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. پومپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق سولېنوئىدى بۇزۇلغان. |
| 78 | ئوچۇق | | رېلىس بېسىمىنىڭ كونترول قىلىنىشى زۆرۈر بولغان رېلىس بېسىمغا ماس كەلمىگەن. بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن | يېقىلغۇ سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان ياكى باشقا يېقىلغۇ چەكلىمىگە ئۇچراش ئەھۋالى مەۋجۇت. يۇقىرى بېسىملىق پومپا بۇزۇلغان. |
| 79 | | ئوچۇق | توك بېسىمى نورمال بېسىمدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى يۇقىرى توك مەنبەسىگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان | پومپىنىڭ قايتقان بېسىمى يۇقىرى مەنبەگە قىسقا تۇتىشىپ قالغان. |
| 81 | ئوچۇق | | يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى - ئوتتۇرھال ئېغىر | سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى ئاجىزلاپ ياكى بۇزۇلغان. كېمەيتىش ئۈچۈرى ھەققىدە موتورنى قوغداش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |

OUO1078,0000509 -UG-03OCT06-2/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| چاقناش كودى | ئاگاھلاندۇرۇش لامپىسى | توختىتىش چىرىغى | كاشىلا پەيدا قىلىش ئەھۋالى | تېپى |
|---|---|---|---|---|
| 82 | ئوچۇق | | رېلې ئاكتىپ ھالەتتە تۇرغاندا، توك بىلەن قىزدۇرغۇچ رېلېسىنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى تۆۋەن | ECU رېلېنى توك بىلەن تەمىنلىمىگەندە، توك بىلەن قىزدۇرغۇچنىڭ رېلېسىنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى يۇقىرى. ئاككۇمۇلياتورغا قىسقا تۇتىشىپ قالغان ياكى رېلې توسۇلۇپ قالغان.ECU رېلېنى توك بىلەن تەمىنلىمىگەندە، توك بىلەن قىزدۇرغۇچنىڭ رېلېسىنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى تۆۋەن. توك يولىدا ئۈزۈلۈش بار ياكى رېلې بۇزۇلغان. |
| 83 | ئوچۇق | | ئاكتىپ ئەمەس ھالەتتە رېلېنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى يۇقىرى، ئاكتىپ ھالەتتە تۆۋەن | ECU رېلېنى توك بىلەن تەمىنلىمىگەندە، رېلېنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى يۇقىرى. ئاككۇمۇلياتورغا قىسقا تۇتىشىپ قالغان ياكى رېلې توسۇلۇپ قالغان. ياكى ECU رېلېنى توك بىلەن تەمىنلىمىگەندە، چىقىرىش قۇۋۋىتى تۆۋەن. توك يولىدا ئۈزۈلۈش بار ياكى رېلې بۇزۇلغان. |
| 84 | ئوچۇق | | ECU نىڭ توكى ئۈزۈلمەيدۇ | ئېچىلغان توك بېسىمى نۆلگە چۈشمەيدۇ. |
| 85 | ئوچۇق | | موتورنى قوزغىتىش جەريانىدا يېقىلغۇ رېلىسىنىڭ بېسىمى پەيدا بولمايدۇ | قوزغىتىش جەريانىدا، موتور 10 مېگاپاسكاللىق رېلىس بېسىمىغا يەتمەيدۇ. يېقىلغۇ سىستېمىسى تەييار بولمىغان (يەنى يېقىلغۇ قاچىلانمىغان). موتورغا يېقىلغۇ تەمىنلەنمىگەن. |
| 86 | ئوچۇق | | يېقىلغۇ بېسىمى بەك تېز چۈشۈپ كېتىدۇ | موتور مېڭىۋاتقاندا ۋە يۇقىرى بېسىملىق پومپا تاقالغاندا، رېلىس بېسىمى بەك تېز كېمىيىپ كېتىدۇ. يېقىلغۇ سىستېمىسىدا يۇقىرى بېسىملىق ئېقىپ قېلىش ئەھۋالى بار. |
| 87 | ئوچۇق | | پومپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلمىسى يېقىلغۇنى مۇۋاپىق تەمىنلىمەيدۇ. | پومپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلمىسى ئىشلىمەيدۇ. |
| 88 | | | ھېچقانداق كود بايقالمىدى | ئېنىق ئەمەس |
| 91 | ئوچۇق | | بىرىنچى نومۇرلۇق پورشىنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا باردىغان توك ئېقىمى بەك تېز ئېشىپ كېتىدۇ | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىملىرىدا قىسقا تۇتىشىش بار. X2 نىڭ تەڭشىلىشى G2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرىدۇ. موتور قوزغالمايدۇ. |
| 92 | ئوچۇق | | ئىككىنچى نومۇرلۇق پورشىنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا باردىغان توك ئېقىمى بەك تېز ئېشىپ كېتىدۇ | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىملىرىدا قىسقا تۇتىشىش بار. X2 نىڭ تەڭشىلىشى G2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرىدۇ، موتور قوزغالمايدۇ. |
| 93 | ئوچۇق | | ئۈچىنچى نومۇرلۇق پورشىنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا باردىغان توك ئېقىمى بەك تېز ئېشىپ كېتىدۇ | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىملىرىدا قىسقا تۇتىشىش بار. X2 نىڭ تەڭشىلىشى G2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرىدۇ، موتور قوزغالمايدۇ. |
| 94 | ئوچۇق | | تۆتىنچى نومۇرلۇق پورشىنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا باردىغان توك ئېقىمى بەك تېز ئېشىپ كېتىدۇ | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىملىرىدا قىسقا تۇتىشىش بار. X2 نىڭ تەڭشىلىشى G2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرىدۇ، موتور قوزغالمايدۇ. |
| 95 | ئوچۇق | | بەشىنچى نومۇرلۇق پورشىنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا باردىغان توك ئېقىمى بەك تېز ئېشىپ كېتىدۇ | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىملىرىدا قىسقا تۇتىشىش بار. X2 نىڭ تەڭشىلىشى G2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرىدۇ، موتور قوزغالمايدۇ. |
| 96 | ئوچۇق | | ئالتىنچى نومۇرلۇق پورشىنىدىكى پۈركۈش ئېغىزىغا باردىغان توك ئېقىمى بەك تېز ئېشىپ كېتىدۇ | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سولېنوئىدى بۇزۇلغان. پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىملىرىدا قىسقا تۇتىشىش بار. X2 نىڭ تەڭشىلىشى G2 پۈركۈش ئېغىزىنى ماگدۇرىدۇ، موتور قوزغالمايدۇ. |
| 97 | ئوچۇق | | پۈركۈش ئېغىزىغا كېلىدىغان توك ئېقىمى بەك تۆۋەن ياكى توك ئېقىمىدا كاشىلا بار | نورغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بارلىق پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك ئېقىمى ئۆلچەمدىن ھالقىپ كەتكەن. دەسلەپكى توك ئېقىمى بەك تۆۋەن ياكى توك ئېقىمىدا كاشىلا بار. ECU غا تەمىنلىنىدىغان ئاككۇمۇلياتور توكى ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن. ECU بۇزۇلغان. ئەگەر G2 نىڭ تەڭشىلىشى X2 پۈركۈش ئېغىزىدا مېڭىۋاتقان بولسا، بۇ تەڭشىلىدۇ. |
| 98 | | ئوچۇق | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ سىمى ئاككۇمۇلياتورغا قىسقا تۇتىشىپ قالغان | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ كۆچ ئۆزىتىش توك يولى پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىمىدا يەر سىمغا قىسقا تۇتىشىش بارلىقىنى بايقىدى. |
| 99 | | ئوچۇق | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىمىدا يەر سىمغا قىسقا تۇتىشىش بار | پۈركۈش ئېغىزىنىڭ كۆچ ئۆزىتىش توك يولى پۈركۈش ئېغىزىنىڭ توك سىمىدا يەر سىمغا قىسقا تۇتىشىش بارلىقىنى بايقىدى. |

OUO1078,0000509 -UG-03OCT06-3/3

## يېقىلغۇ سىستېمىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەڭ

**مۇھىم:** پۈركۈش پومپىسى، پۈركۈش پومپىسىنىڭ ۋاقتى، ئېلېكترونلۇق كونترول قۇرۇلمىسى ياكى يېقىلغۇ پۈركۈش ئېغىزى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئىشلەپچىقارغۇچى تەۋسىيە قىلمىغان شەكىلدە ھەرقانداق تەڭشەش ياكى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندا سېتىۋالغۇچىغا نىسبەتەن بېرىلگەن سۈپەت كاپالەت مەسئۇلىيىتى بىكار قىلىنىدۇ.

ماي پۈركۈش پومپىسى ياكى ماي پۈركۈگۈچنىڭ ئاسراش مەشغۇلاتىنى ئۆزىڭىز قىلىشقا ئۇرۇنماڭ. بۇ مەشغۇلاتلار ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيىلىنىش ۋە ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر كېرەك. ھوقۇق بېرىلگەن سودىگەر ياكى موتور ساتقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

NX,OM9976,90B -UG-20SEP06-1/1

## موتورنىڭ قوشۇمچە ئۈسكۈنىسىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى ئالماشتۇرۇش-ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى، شامالدۇرغۇچ ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ پرېسلىغۇچىسى




| تەۋسىيە قىلىنغان ئاسراش ئىنتېرۋالى | |
|---|---|
| تاسمىنىڭ كېرىلىش (تارتىش) كۈچىنى تەكشۈرۈڭ | ھەر يىلى |

*ئىزاھات: شامالدۇرغۇچ، ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ پرېسلىغۇچىسى ۋە ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ئوخشاش بىر تاسمىنى ئىشلىتىدۇ. تاسمىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.*

*قوشۇمچە كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىغا ئاپتوماتىك چىڭىتىش چاقى (قۇرۇلمىسى) سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇنى تەڭشەش ھاجەتسىز.*

1. قوشۇمچە كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى (A) ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، چىڭىتىش قۇرۇلمىسىغا پاترون قويۇپ، چىڭىتىش چاقىنى سولغا بۇراڭ.
2. تاسمىنى تاسما چاقىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىڭ.
3. پاتروننى بوشىتىپ، تاسمىنى ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىدىن ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ پرېسلىغۇچىنىڭ تاسما غالتىكىدىن چىقىرىپ ئېلىڭ.
4. تاسما چىقىرىشنىڭ ئەكس تەرتىپى بويىچە، يېڭى تاسمىنى ئورنىتىڭ.

**A - كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسى**

OUO1078,00004E1 -UG-15JUN06-1/1

## ئاساسىي يېقىلغۇ سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇش - سۇ ئايرىغۇچ






1. سۈزگۈچ دېتالىنىڭ (A) سىرتقى قىسمىنى ۋە ئورنىتىش تەگلىكىنى (B) تەلتۆكۈس تازىلاڭ. سۈزگۈچ ئورنىتىش ئورنىنىڭ ئەتراپىنىمۇ تازىلاڭ.

*ئىزاھات: ھالقىنى ئايلىنىۋاتقاندا ئۈستىگە كۆتۈرگەندە چىڭىتىشنى توختىتىش ئورنىغا ئۆتۈشكە ياردىمى بولىدۇ.*

2. چىڭىتىش ھالقىسىنى (C) سولغا بىر چارەك بۇراڭ. ھالقىنى سۈزگۈچ دېتالى بىلەن بىللە چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. سۈزگۈچ دېتالىدىن سۇ ئايرىغۇچنى (D) چىقىرىپ ئېلىڭ. سۇ ئايرىغۇچنىڭ سۇيىنى ئېقىتىۋېتىڭ ۋە تازىلاڭ. پىرىسلانغان ھاۋا ئارقىلىق قۇرۇتۇڭ.

*ئىزاھات: سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى تەڭشەش كۇنۇپكىسى (E) سۈزگۈچنىڭ ئورنىتىش تەگلىكىگە مۇۋاپىق توغرىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.*

4. سۇ ئايرىغۇچنى يېڭى سۈزگۈچ دېتالىغا ئورنىتىڭ.

5. سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى كۇنۇپكا موتوردىن ئۇزۇن ۋە تىك بولغانغا قەدەر تەڭشەڭ. سۈزگۈچ دېتالىنى ئورنىتىش تەگلىكىگە چىڭ تۇرغىچە كىرگۈزۈڭ. سۈزگۈچنىڭ ئۇدۇل بولىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئايلاندۇرۇش زۆرۈر بولىشى مۇمكىن.

6. چىڭىتىش ھالقىسىنى ئورنىتىش تەگلىكىگە ئورنىتىڭ، چاك-توزان ھىملىغۇچ (F) سۈزگۈچ تەگلىكىدە جايىغا چۈشسۇن. چىڭىتىش ھالقىسىنى توختىتىش ئورنىغا كەلگىچە چىڭىتىڭ، "تىرىك" قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ.

7. يېقىلغۇ سىستېمىسىغا قاپلىشىۋالغان يەلنى ھەيدەپ چىقىرىڭ. بۇ بۆلەكتىكى كۆرسەتمىلەرگە قاراڭ.

**A** - سۈزگۈچ دېتالى
**B** - ئورنىتىش تەگلىكى
**C** - قىسقۇچ ھالقا
**D** - سۇ ئايرىغۇچ
**E** - تەڭشەش كۇنۇپكىسى
**F** - چاك-توزان ھىملىغۇچ

OUO1078,00004E9 -UG-26JUL06-1/1

## ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ۋە ئالماشتۇرۇش - سۇ ئايرىغۇچ




A - ئورنىتىش تەگلىكى
B - قىسقۇچ ھالقا
C - ئېقىتىپ چىقىرىش پۈرۈپكىسى
D - يېقىلغۇ سۈزگۈچ

1. يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ (D) سىرتقى قىسمى ۋە ئورنىتىش تەگلىكىنى (A) تەلتۆكۈس تازىلاڭ. سۈزگۈچ ئورنىتىش ئورنىنىڭ ئەتراپىنىمۇ تازىلاڭ.

2. ئېقىتىۋېتىش پۈرۈپكىسىنى (C) چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

3. سۇ ئايرىغۇچنىڭ سۈيىنى سۈزگۈچتىن سۇ ۋە دۇغ چىقىپ كەتكىچە ئېقىتىۋېتىڭ.

**مۇھىم: پۈرۈپكىنى سىرتقا قويغاندا يېقىلغۇ باكىنىڭ سۈيى ئېقىتىۋېتىلىدۇ.**

4. ئەگەر ئېقىتىۋېتىشلا بولسا، ئېقىتىۋېتىش پۈرۈپكىسىنى قايتىدىن ئورنىتىڭ. ئەگەر سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇش زۆرۈر بولسا، داۋاملاشتۇرۇڭ.

5. چىڭىتىش ھالقىسىنى (B) سولغا بىر چارەك بۇراڭ. ھالقىنى سۈزگۈچ دېتالى بىلەن بىللە چىقىرىپ ئېلىڭ.

6. يېڭى سۈزگۈچ دېتالىنى ئورنىتىشتىن بۇرۇن، ھىملاش يۈزىنىڭ تەلتۆكۈس پاكىز بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

**مۇھىم: ھىملاش يۈزىدە قېپقالغان پاسكىنا نەرسە ياكى بۇلغانمىلار پۈركۈش سىستېمىسى ئىچىگە ئېقىپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ پۈركۈش پومپىسى ياكى پۈركۈش ئېغىزىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ.**

7. يېڭى سۈزگۈچ دېتالىنى ئورنىتىڭ.

8. ئېقىتىۋېتىش پۈرۈپكىسىنى (C) ئورنىتىڭ.

9. ھاۋا چىقىرىش نەيچىسىنى چىقىرىپ ئېلىڭ. بۇ سۈزگۈچنى تولدۇرغاندا ھاۋانىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

10. يېقىلغۇ ئۈستۈنكى ئېغىزدىن ئېقىپ كېلىشكە باشلىغاندا، ھاۋا چىقىرىش نەيچىسىنى قايتىدىن ئورنىتىڭ.

OUO1078,00004E8 -UG-12JUL06-1/1

## 30 ۋە 60 مىكرونلۇق سۈزگۈچنى چايقاش (سەپلەنگەن بولسا)




1. ماتورنى توختىتىڭ.

2. ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخنى (A) ئېچىڭ. بۇ سۈزگۈچ ئىچىدىكى ۋاكۇئۇم مىقدارىنى ئازايتىپ، سۇ ۋە دانچە ماددىلارنىڭ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىدىن ئېقىپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

A - ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخى

OUO1078,00004E4 -UG-29SEP06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە






3. سۇ ۋە دانىچە ماددىلار قاچا ئاستىغا چۆشىسۇن.

4. ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى ئىچىگە ئىتتىرىپ تۆرۈپ ئايلاندۇرۇپ سۇ ۋە دانىچە ماددىلارنى قاچىغا ئېقىتىۋېتىڭ ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىڭ.

5. ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى تاقاڭ.

6. سۇ ۋە دانىچە ماددىلار قاچىدىن ئېقىتىلغاندا، تېخىمۇ كۆپ سۇ ۋە دانىچە ماددىلار سۈزگۈچتىن ئېقىپ چىقىشى مۇمكىن. زۆرۈر بولسا، كىلاپىنى قايتا ئېچىپ، سۇ ۋە دانىچە ماددىلارنى ئېقىتىۋېتىڭ، ئاندىن كىلاپىنى تاقاڭ.

**A - ئېقىتىۋېتىش كىلاپانى (تاقاق ھالەت)**
**B - ئېقىتىۋېتىش كىلاپانى (ئوچۇق ھالەت)**

OUO1078,00004E4 -UG-29SEP06-2/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

7. سۈزگۈچنى ئورنىتىپ، ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخنى (A) تاقاڭ.

**A - ئېقىتىۋېتىش بۇرما مىخى**




OUO1078,00004E4 -UG-29SEP06-3/3

## 30 ۋە 60 مىكرونلۇق سۈزگۈچنى تازىلاش ۋە ئالماشتۇرۇش (سەپلەنگەن بولسا)







1. ماتورنى توختىتىڭ.
2. ئېقىتىۋېتىش كىلاپاننى ئېچىپ قاچىدىن يېقىلغۇ ئېقىتىۋېتىڭ.
3. ئېغىز (B) ئۈستىدىكى كېپىنەكسىمان گايكىلارنى (A) تەكشى بوشىتىڭ.
4. كېپىنەكسىمان گايكا ۋە ئېغىزنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.
5. قۇتا جازىسنى (C) ئاجرىتىپ ئېلىڭ.

**A** - كېپىنەكسىمان گايكىلار
**B** - ئېغىز
**C** - قۇتا جازىسى

OUO1078,00004E5 -UG-29SEP06-1/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**







6. سۈزگۈچ دېتالىنى (A) تۇتقۇچ ئارقىلىق ئۈستىگە كۆتۈرۈپ چىقىرىپ ئېلىڭ.

7. سۈزگۈچنى، پاكىز دېزىل يېقىلغۇسى ياكى مىنېرال ئىسپىرت بىلەن يۇيۇڭ.

8. سۈزگۈچتە بۇزۇلۇش ئەھۋالى بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر بۇزۇلغان بولسا، يېڭى سۈزگۈچكە ئالماشتۇرۇڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر قاپقاق چىقىرىپ ئېلىنغان بولسا، قاپقاقنى ئورنىتىشتىن بۇرۇن، سۈزگۈچكە دىزېل يېقىلغۇسى قۇيۇڭ.*

9. سۈزگۈچ ئېلېمېنتىنى قاچىلاڭ.

10. قۇتا جازىسىنى ئورنىتىڭ.

11. ئېغىزنىڭ شايىبىسىنى (B) تەكشۈرۈڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.

**A - سۈزگۈچ دېتالى**
**B - شايبا**

OUO1078,00004E5 -UG-29SEP06-2/3




12. ئېغىزنى سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىغا ئۇدۇللاڭ، بارلىق تۆت كېپىنەكسىمان گايكىلارنى ئورنىتىڭ ۋە يېنىك چىڭىتىڭ.

13. كېپىنەكسىمان گايكىلارنى كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە چىڭىتىڭ.

14. يېقىلغۇ سىستېمىسىغا يېقىلغۇ قۇيۇڭ.

15. ئېقىپ قېلىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ.

OUO1078,00004E5 -UG-29SEP06-3/3

## يېقىلغۇ سىستېمىسىنىڭ ھاۋاسىنى قويۇۋېتىڭ

⚠ **دىققەت: تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىشتىن بۇرۇن، موتورنى ئۆچۈرۈپ، تورمۇزنى چېتىڭ ۋە ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىڭ.**

سۈزگۈچ ئالماشتۇرغاندا ياكى يېقىلغۇ چىقىپ كەتكەندە، يېقىلغۇ سىستېمىسىغا ھاۋا كىرىپ كېتىدۇ. يېقىلغۇ سىستېمىسىدىكى ھاۋا موتورنىڭ قوزغىلىشىغا كاشىلا بولىدۇ. ئەگەر موتور قوزغالمىسا، تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچلار بويىچە يېقىلغۇ سىستېمىسىنىڭ ھاۋاسىنى قويۇۋېتىڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر موتور ماڭدۇرۇلمىغاندا، پومپا پەقەت 10 سېكۇنت ئىشلەيدۇ (ماڭىدۇ). ئاچقۇچنى بىر قېتىم ئۆچۈرۈپ ۋە قايتىدىن ياندۇرۇپ، ئېھتىياجغا قاراپ پومپىغا يېقىلغۇ يەتكۈزۈڭ.*

ئېلېكتىرلىك يېقىلغۇ پومپىسىنىڭ يېقىلغۇ سىستېمىسىغا يېقىلغۇ تەمىنلىشى ئۈچۈن، ئاچقۇچ ئۇزچاتنى ئېچىڭ.

OUO1078,00004E6 -UG-20SEP06-1/1

## ئالدىن تازىلىغۇچنى ئاسراش (تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش)




*ئىزاھات: ئالدىن تازىلىغۇچ بولسا بىر سۈمۈرگۈچ بولۇپ، ئۇ سۈمۈرۈشچان ئاۋاز يوقاتقۇچ ئارقىلىق ئىشلەيدۇ.*

مەشغۇلات جەريانىدا، ئاۋاز يوقاتقۇچنىڭ نورمال سۈمۈرۈشى ئۈچۈن، نەيچە (A) چوقۇم راۋان بولۇشى لازىم.

**A** - **تۇرۇبا**

AG,OUO1011,1200 -UG-27JUN06-1/1

## ھاۋا تازىلىغۇچنى ئاسراش




قوش دېتاللىق ھاۋا تازىلىغۇچ ئۆلچەملىك سەپلىمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى (A) يانغاندا، ھاۋا تازىلىغۇچنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. ئاساسىي ۋە قوشۇمچە دېتالنى (قۇرۇلمىنى) ئاز دېگەندە يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇڭ.

**A** - **ھاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى**

AG,OUO1011,1201 -UG-30AUG06-1/1

## ھاۋا تازىلىغۇچنىڭ دېتالىنى چىقىرىپ ئېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش







1. كېپىنەكسىمان گايكا (A) ۋە قۇتىنىڭ ئېغىزىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

2. كېپىنەكسىمان گايكا (C) ۋە ئاساسىي دېتالنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. پاكىز لاتا ئىشلىتىپ قۇتىنىڭ ئىچى ۋە قۇتا ئېغىزىنى سۈرتۈڭ.

**A** - **كېپىنەكسىمان گايكا**
**B** - **ئاساسلىق زاپچاس**
**C** - **كېپىنەكسىمان گايكا**

AG,OUO1011,1202 -UG-27JUN06-1/2




*قوشۇمچە زاپچاس*

4. ئەگەر ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، كېپىنەكسىمان گايكا (A) ۋە قوشۇمچە دېتالنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ. قوشۇمچە دېتالنى (قۇرۇلمىنى) تازىلاشقا ئۇرۇنماڭ.

5. كېپىنەكسىمان گايكا بىلەن دېتالنى ئورنىتىڭ. دېتالنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

6. قۇتىنىڭ ئېغىزى ۋە كېپىنەكسىمان گايكىنى ئورنىتىڭ.

**A** - **كېپىنەكسىمان گايكا**
**B** - **قوشۇمچە زاپچاس**

AG,OUO1011,1202 -UG-27JUN06-2/2

## موتور ۋە رادىياتورنىڭ يان تەرەپ سېتكىسىنى تازىلاش




سېتكىدا مەينەت نەرسە يىغىلىپ قالسا، موتورنى توختىتىپ موتور سېتكىسى (A) ۋە رادىياتور سېتكىسىنى (B) چوتكا بىلەن تازىلاڭ.

**A** - **موتور سېتكىسى**
**B** - **رادىياتور سېتكىسى**

AG,OUO1011,1206 -UG-09SEP99-1/1

## رادىياتورنى تازىلاش

1. يان سېتكىنى چىقىرىپ ئېلىپ، رادىياتور، ئاپتول سوۋۇتقۇچ ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ كوندېنساتورىدىكى (A) ئەخلەتلەرنى چوتكىلاپ تازىلاڭ.

**دىققەت: كوندېنساتورنىڭ يادروسى ئېغىر بولۇپ، تاقاق بوشىتىلغاندا چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇ ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. تاقاقنى بوشاتقاندا، كوندېنساتور يادروسىنى يېتەرلىك تىرەپ تۇرۇڭ.**



2. رادىياتور بىلەن ئاپتول سوۋۇتقۇچ كوندېنساتورىنىڭ ئارىسىنى تازىلاش ئۈچۈن تاقاقنى تارتىپ چىقىرىڭ. كوندېنساتورنى ئارقا يۆنىلىشكە ئېھتىيات بىلەن ئايلاندۇرۇڭ.

**A - كوندېنساتور**










AG,OUO1011,1207 -UG-11JUL06-1/1

## سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈش





**دىققەت: سېۋەت ئېغىر بولۇپ، ئەگەر يىقىلىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ياكى سېۋەتنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ رادىياتورنى تولدۇرۇش قاپقىقىنى چىقىرىپ ئالماڭ ياكى سوۋۇتقۇچنى تەكشۈرمەڭ.**

**يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن سىيۇقلۇق چاچراپ چىقسا ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

**ئەگەر رادىياتورنى تولدۇرۇش قاپقىقىنى چىقىرىپ ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى موتور قىزىق ۋاقتىدا چىقىرىپ ئالماڭ. موتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە قاپقاق يالاڭ قول بىلەن تۇتقىدەك سوۋۇغىچە ساقلاڭ. قاپقاقنى ئازراق بوشىتىپ بىر ئاز تۇرغۇزۇپ بېسىمنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق بوشىتىپ چىقىرىڭ.**

**موتور بەك قىزىپ كەتكەندە ھەرگىز سوۋۇتقۇچ قۇيماڭ. ئۇ سوۋۇغىچە ساقلاڭ.**







1. سېۋەتنىڭ ئاستىدىكى كېپىنەكسىمان گايكا ۋە قاپقاقنى (A) بوشىتىڭ.

2. رادىياتورنىڭ بېسىم قاپقىقىنى (B) چىڭ قىلىڭ، شايبىنىڭ يۈزى ياخشى بولسۇن، بولمىسا بېسىم ئاجىزلاپ كېتىش ياكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئېقىپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ.

**A - قاپقاق**
**B - رادىياتورنىڭ بېسىم قاپقىقى**

AG,OUO1011,1208 -UG-11AUG06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە




3. موتور سوۋۇغاندا، تاشقان سۇنى ئېقىتىش باكىدىكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ.

**مۇھىم: موتورنىڭ زىيادە قىزىپ كېتىپ بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاشقان سۇنى ئېقىتىش نەيچىسىدە جىجىلىپ كېتىش بارمۇ-يوق بۇنى تەكشۈرۈڭ، يەنە رادىياتور قاپقىقى ئارقىلىق رادىياتوردىكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ.**

4. تاشقان سۇنى ئېقىتىش باكىنىڭ مىقدارىنى "قىزىق" (A) ۋە "سوغۇق" (B) بەلگىسىنىڭ ئارىسىدا ساقلاڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارى «قىزىق» دېگەن بەلگىگە كەلگىچە تاشقان سۇنى ئېقىتىش باكىغا سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ.

**A** - «قىزىق» بەلگىسى
**B** - «سوغۇق» بەلگىسى

AG,OUO1011,1208 -UG-11AUG06-2/3




5. ئەگەر تاشقان سۇنى ئېقىتىش باكى قۇرۇق بولۇپ قالسا، رادىياتورنىڭ بېسىم قاپقىقىنى (A) چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. رادىياتورغا سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى رادىياتور باكىنىڭ ئۈستى قىسمىغا كەلگىچە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. رادىياتور بېسىم قاپقىقىنى ئالماشتۇرۇپ، تاشقان سۇنى ئېقىتىش باكىنى «قىزىق» بەلگىسىگىچە قۇيۇڭ.

**A** - رادىياتورنىڭ بېسىم قاپقىقى

AG,OUO1011,1208 -UG-11AUG06-3/3

## سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى تولدۇرۇش

مۇھىم: ئەگەر سوۋۇتقۇچ سىستېمىسىنىڭ سۈيى ئېقىتىۋېتىلگەن ياكى چايقالغان بولسا، بۇ قەدەم-باسقۇچ بويىچە ئىش قىلىڭ.

سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا تەركىبىدە تولۇكسى پروپانول بولغان توڭلىماس سۇيۇقلۇق ياكى ئېقىپ قېلىشنى توختىتىش خورۇچى بار بولغان سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەتمەڭ. موتور بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ھەققىدە، يېقىلغۇ، سىلىقلاش مېيى ۋە سوۋۇتقۇچ بۆلىكىگە قاراڭ.



دىققەت: يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن سۇيۇقلۇق چاچراپ چىقسا ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

رادىياتور قاپقىقىنى چىقىرىپ ئېلىپ رادىياتورنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭ. سېۋەت ئېغىر بولغاچقا، مۇبادا چۈشۈپ كەتسە، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. رادىياتورنى پەقەت ئېچىدىكى سېۋەتتىن تەكشۈرۈڭ.

رادىياتور قاپقىقىنى ئېلىۋېتىش زۆرۈر بولسىمۇ، موتور قىزىق ۋاقىتتا ئالماڭ. موتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە قاپقاق يالاڭ قول بىلەن تۇتقىدەك سوۋۇغىچە ساقلاڭ. قاپقاقنى ئازراق بوشىتىپ بىر ئاز تۇرغۇزۇپ بېسىمنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تولۇق بوشىتىپ چىقىرىڭ.

موتور بەك قىزىپ كەتكەندە ھەرگىز سوۋۇتقۇچ قۇيماڭ. ئۇ سوۋۇغىچە ساقلاڭ.

بەزى ئەھۋاللاردا، سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تەڭشىگۈچنى ھەرگىز ئىچمەڭ ياكى يۇتۇپ قالماڭ، تېرە ياكى كۆزگە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قۇيغاندا، قاچا ئۈستىدىكى بارلىق خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش نۇقتىلىرىغا رىئايە قىلىڭ.

1. ئەگەر رادىياتورنىڭ سۈيى ئېقىتىۋېتىلگەن بولسا ياكى سوۋۇتۇش سىستېمىسى چايقالغان بولسا، موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، رادىياتورغا قۇيۇش ئېغىزى (A)





A - قۇيۇش ئېغىزى

پۈتۈنلەي لىق بولغىچە بەلگىلەنگەن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. ئىسسىتقۇچ كىلاپىنىنى ئېچىپ ئۇنى قىزىتىڭ. يېقىلغۇ، سىلىقلاش مېيى ۋە سوۋۇتقۇچ بۆلىكىدىكى دىزېل موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ۋە مۇناسىۋەتلىك سوۋۇتقۇچ ئۆرچۈرلىرىغا قاراڭ.

2. موتورنى قوزغىتىپ تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ ئېچىلغىچە قۇرۇق مېڭىش ھالىتىگە قويۇڭ.

3. بىرىنچى قەدەم-باسقۇچتا كۆرسىتىلگەن سوۋۇتقۇچ ئىشلىتىپ، رادىياتورنىڭ قۇيۇش ئېغىزىنىڭ ئۈستىگىچە قۇيۇڭ.

4. رادىياتورنىڭ قاپقىقىنى ئورنىتىڭ ۋە چىڭىتىڭ.

5. موتورنى توختىتىڭ.

OUO6043,000149D -UG-10JUL06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە




6. تاشقان سۇنى ئېقتىش باكىغا «قىزىق» بەلگىسىگىچە قۇيۇڭ.

*ئىزاھات: سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن ھاۋا قويۇپ بېرىلگەن بولغاچقا، تاشقان سۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باكىدىكى سوۋۇتقۇچ مىقدارى تۆۋەنلەيدۇ. سوۋۇتقۇچ قىزىق بولغاندا، تاشقان سۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باكىدىكى سوۋۇتقۇچنىڭ مىقدارى سوۋۇتقۇچ سوغۇق بولغانغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. تاشقان سۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باكىغا تەلەپ بويىچە سوۋۇتقۇچ قۇيۇڭ، موتور سوغۇق ۋاقتىدا، سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى «قىزىق» بەلگىسى (A) بىلەن «سوغۇق» بەلگىسى (B) ئارىسىدا ساقلاڭ. سوۋۇتقۇچ قىزىق ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مىقدارى 1.8-3.7 L (2-4 qts) ئارىسىدا بولىدۇ، سوغۇق بولغان ۋاقىتتىن يۇقىرى بولىدۇ.*

**A** - **«قىزىق» بەلگىسى**
**B** - **«سوغۇق» بەلگىسى**

OUO6043,000149D -UG-10JUL06-2/2

## سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى چايقاش





**دىققەت: سېۋەت ئېغىر بولغاچقا، مۇبادا چۇشۇپ كەتسە، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ۋە سېۋەتنىڭ ئاستىغا چۇشۇپ رادىياتورنىڭ تولدۇرۇش ئېغىزى ياكى سوۋۇتقۇچنى چىقىرىپ ئالماڭ.**

**سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ياكى موتور قىزىق ۋاقتىدا ھەرگىز رادىياتورنىڭ تولدۇرۇش ئېغىزىنى چىقىرىپ ئالماڭ. يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن چاچراپ چىققان سۇيۇقلۇق ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ يارىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۇ پومپىسىنىڭ ئېقىتىۋېتىش كىلاپانى ۋە موتور بۆلۈمچىسىنىڭ ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىسىنى ئاستا بوشىتىپ ئارتۇق بېسىمنى ئازايتىڭ. سوۋۇغاندىن كېيىن، رادىياتورغا بىۋاستە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى رادىياتورنى تولدۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.**

1. قاپقاق (A) ۋە رادىياتور ئېغىزىنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.
2. رادىياتورنىڭ ئاستى قىسمىدىكى ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىسىنى (C) ئېچىپ سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ.
3. ئېقىتىۋېتىشنى توختىتىپ، سىستېمىغا پاكىز سۇ قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا سوۋۇتقۇچ قۇيۇش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.
4. موتورنى مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسىغا يەتكىچە ماڭدۇرۇڭ.
5. ئىسسىتقۇچنى ئېچىپ، تامام بولغىچە ئوچۇق قويۇڭ.
6. موتورنى توختىتىپ، دات ياكى دۇغ قېپقىلىشتىن بۇرۇن سۇنى ئېقىتىۋېتىڭ.
7. رادىياتورنىڭ ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىسىنى تاقاڭ ھەمدە سىستېمىغا پاكىز سۇ ئېرىتمىسى ۋە جون دىئر ماركىلىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى تازىلاش سۇيۇقلۇقى ياكى تەڭداش سۇيۇقلۇق قۇيۇڭ. رادىئاتور تازىلىغۇچ كۆرسەتكەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈڭ.
8. سىستېمىنىڭ سۈيىنى قايتا ئېقىتىۋېتىڭ.
9. رادىياتورغا سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىگە قاراڭ.

**A** - **قاپقاق**
**B** - **رادىئاتور قالپىقى**
**C** - **رادىئاتور ئېقىتىپ چىقىرىش پۇرۇپكىسى**







OUO6043,0001551 -UG-18JUL06-1/1

## سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى قىش پەسلىدىن ئۆتكۈزۈش




**مۇھىم: سوۋۇتۇش سىستېمىسى بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋەتمەڭ. شوپۇر ئورنىدىكى ئىسسىتقۇچنىڭ سۈيىنى تولۇق ئېقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ.**

**ئېقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇرۇچى رادىياتوردا توسۇلۇش پەيدا قىلىپ، زىيادە قىزىپ كېتىش ۋە موتورنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەركىبىدە ئېقىپ قېلىشنى توختىتىش خۇرۇچى بار بولغان سوۋۇتقۇچ ئىشلەتمەڭ.**

1. سوغۇق ھاۋا كىرىشتىن بۇرۇن، سوۋۇتۇش سىستېمىسىدا يېتەرلىك سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى بار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. پەقەت بەلگىلەنگەن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. دىزېل موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ھەققىدە، سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىدىكى سوۋۇتقۇچ ھەققىدىكى تەۋسىيە ۋە ئۇچۇرلارنى كۆرۈڭ.

2. سوۋۇتقۇچ قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىسسىتقۇچنىڭ ئۇزچاتىنى (A) ئېچىڭ، ھەمدە تېمپېراتۇرا نورمال مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسىغا يەتكىچە موتورنى ماڭدۇرۇڭ. بۇ سۇيۇقلۇقنى تەكشى ئارىلاشتۇرىدۇ ۋە پۈتۈن سىستېما ئىچىدە ئايلاندۇرىدۇ.

**A** - ئىسسىتقۇچ ئۇزچاتى

OUO6043,0001552 -UG-25OCT01-1/1

## موتور كاشىلىسىغا دىئاگنوز قويۇش

**كاشىلا سەۋەبلىرى**

پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئىستونلارغا نومۇر قويۇلدى

| | ئىقتىدار | | | | | | | | | | گاز قويۇپ بېرىش | | | | | سىلىقلاش مېيى / سوۋۇتقۇچ / ھاۋا | | | | | | | | | | | | | | | | | | مەشغۇلات | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كاشىلىلار | تەگشەلگەن ئايلىنىش سۈرئىتى ئېشىپ كېتىدۇ | تەگشەلگەن ئايلىنىش سۈرئىتىگە يەتمەيدۇ | موتور ئوتى ئۆچمەيدۇ | موتور ئۆچۈپ قالىدۇ | قوررۇق مېڭىش مۇقىم ئەمەس | ئاستىلاش ناچار | تېزلىنىش كۈچى ناچار | موتور ئۆچۈپ قالىدۇ | تەس قوزغىلىدۇ ياكى قوزغالمايدۇ | قۇۋۋەت تۆۋەن ياكى يوق | تېزلىنىش ئالغاندا ئىس بەك كۆپ | كۆلرەڭ ئىس | كۆك ئىس بەك كۆپ | قارا ئىس (تولۇق يۈك ھالىتىدە) | ئاق ئىس بەك كۆپ | ئاپتول مىقدارى كۆپ | تۆۋەنكى ھاۋا كىرىش ئېغىزى چەكلىمىگە ئۇچرىغان | جەينەكلىك ئوقنىڭ بېسىمى يۇقىرى | ئاپتول بېسىمى تۆۋەن | تۇربىنانىڭ ئېقىتىش ئېغىزىدىن سۇ چىقىدۇ | تۇربىنانىڭ ئېقىتىش ئېغىزىدىن ماي چىقىدۇ | جەينەكلىك ئوقتا دوغ بار | ئاپتول قاچىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى | سوۋۇتقۇچ قويۇش ۋاقتى ئۇزۇن | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى | سوۋۇتقۇچ بولغانغان | يېقىلغۇ بولغانغان | سىلىقلاش مېيى بولغانغان | ھاۋا سومۇرۇش نەيچىسىدىن ماي ئاقىدۇ | سوۋۇتقۇچ زىيادە خورايدۇ | يېقىلغۇ ماي زىيادە خورايدۇ | سىلىقلاش مېيى زىيادە خورايدۇ | موتور زاپچاسلىرى كاردىن چىققان | موتورنىڭ سىلكىنىشى بەك ئېغىر | يېقىلغۇ پارتلاش (كۆيۈش ئاۋازى) | يېتەكچى قوررۇلمىدا شاۋقۇن ئاۋاز بار | مېخانىكىلىق سوقۇلۇش | ئاپتول بېسىمى يۇقىرى | ھاۋا تازىلىغۇچنىڭ ئۆمرى قىسقا | تۇستۇنكى ھاۋا كىرىش ئېغىزى چەكلىمىگە ئۇچرىغان |
| ھاۋا سىستېمىسى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 | 41 |
| ھاۋا سۈمۈرۈش چەكلىمىگە ئۇچراش | | | | | | | • | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| گاز قويۇپ بېرىشنىڭ قايتىش بېسىمى يۇقىرى | | | | | | | • | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | • | • | | | | | | | |
| ئىسسىق ھاۋا ۋە دېڭىز يۈزىدىن يۇقىرى ئورۇندا ھاۋا شالاڭ | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| گاز قويۇپ بېرىش ئاچىماق تۇرۇبىسىدا ئېقىپ قېلىش مەۋجۇت | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| تۇربىنانىڭ بېسىم قۇۋۋىتى تۆۋەن | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| جىددىي توختىتىش تاقالغان | | • | | | | | • | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • |
| تۇربىنىلىق بېسىم ئاشۇرغۇچ ئىشلىمەيدۇ | | • | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| مۇھىت تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن | | • | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | • | | | • | | | | | | | | | • | | | | | |
| مۇھىت تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | • | | | | | • | | | | | | | | | | |
| ئىككىلەمچى سوۋۇتقۇچ بۇزۇلغان | | | | • | | | | | | | | • | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | • | | | | | | | |
| سىلىقلاش سىستېمىسى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 | 41 |
| ئىچكى قىسمىدا ئاپتول ئېقىش مەۋجۇت | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | |
| ئاپتول سوۋۇتقۇچنىڭ كىلاپانى تەتۈر | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | |
| ئاپتول ئەگىپ ئۆتۈش سۈزگۈچى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | • |
| شامالدۇرغۇچ ياكى تۇربىنانىڭ ھىملىغۇچىسىدا ئېقىش مەۋجۇت | | | | | | | | | | | | | • | • | | • | | | | | | | | | | | | • | | | | • | | | | | • | | | | |
| بېسىم تەڭشىگۈچ ياكى بېسىم ئاجىزلىتىش كىلاپانى بۇزۇلغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | • | | | | | |
| قوزغىتىش تەرتىپى مۇۋاپىق ئەمەس | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | • | | |
| سىلىقلاش مېيى سۇيۇلۇپ كەتكەن ياكى بولغانغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | • |
| سىلىقلاش مېيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | • |
| ئاپتول سۈپىتى ۋە دەرىجىسى | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | |
| سائەت ئۆچۈرىنى يوللىغۇچ بۇزۇلغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | • | | | | | |
| ئاپتول سوۋۇتقۇچنىڭ يادروسى بۇزۇلغان | | | | | | | | | | | | | | | | • | | • | | • | | • | | | | • | | | | • | | | | | | | | | | | |
| ئاپتول سوۋۇتقۇچنىڭ ئەگىپ ئۆتۈش كىلاپانى بۇزۇلغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | • | | | | | | | | | | | | | | | |
| ئاپتول سۈمۈرۈش نەيچىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ياكى بۇزۇلغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | • | | | | • |
| سىرتقى قىسمىدا ئاپتول ئېقىپ قېلىش مەۋجۇت | | | | | | | | | | | | | • | | • | • | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | |
| سوۋۇتۇش سىستېمىسى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 | 41 |
| سوۋۇتقۇچنىڭ سۈپىتى ۋە دەرىجىسى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| سوۋۇتقۇچ مىقدارى تۆۋەن | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • |
| بېسىم قاپقىقى بۇزۇلغان ياكى خاتا | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| تېمپېراتۇرا خاتا. سائەت ياكى سېنزور | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| رادىياتورنىڭ ھاۋا ئېقىمى توسالغۇغا ئۇچرىغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | |
| سۇ پومپىسى ئىشلىمەيدۇ | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | • | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • |
| شامالدۇرغۇچ نورمال ئىشلىمەيدۇ (تاسما ۋە سېنزور) | • | | | | | | | | • | | | | | | | • | | | | | | • | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنى تەكشۈرۈڭ | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | • | | | | | | | | | | | | | | | | |
| سوۋۇتقۇچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىستېمىسى بۇزۇلغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| رادىياتورنىڭ سوۋۇتقۇچ ئېقىمى چەكلىمىگە ئۇچرىغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | |
| ھاۋا ئالماشتۇرۇش (شامالدۇرغۇچنىڭ قوغداش قاپقىقى بۇزۇلغان) | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| گاز قويۇپ بېرىش لىنىيەسى بۇزۇلغان ياكى يوق | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | |
| قۇيۇش يولى چەكلىمىگە ئۇچرىغان | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | | |
| سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | | • |
| سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | • | | | | | | | | | | | | | | |

AG,OUO1011,1212 -UG-09SEP99-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

## كاشىلىلار

**ئىقتىدار**
1. تەگشەلگەن ئايلىنىش سۈرئىتى ئېشىپ كېتىدۇ
2. تەگشەلگەن ئايلىنىش سۈرئىتگە يەتمەيدۇ
3. موتور ئوتى ئۆچمەيدۇ
4. موتور ئۆچۈپ قالىدۇ
5. قوزۇق مېڭىش مۇقىم ئەمەس
6. ئاستىلاش ناچار
7. تېزلىنىش كۈچى ناچار
8. موتور ئۆچۈپ قالىدۇ
9. تەس قوزغىلىدۇ ياكى قوزغالمايدۇ
10. قۇۋۋەت تۆۋەن ياكى يوق

**گاز قويۇپ بېرىش**
11. تېزلىنىش ئالغاندا ئىس بەك كۆپ
12. كۆلرەڭ ئىس
13. كۆك ئىس بەك كۆپ
14. قارا ئىس (تولۇق يۈك ھالىتىدە)
15. ئاق ئىس بەك كۆپ

**سىلىقلاش مېيى / سوۋۇتقۇچ / ھاۋا**
16. تۆۋەنكى ھاۋا كىرىش ئېغىزى چەكلىمىگە ئۇچرىغان
17. جەينەكلىك ئوقنىڭ بېسىمى يۇقىرى
18. ئايتول بېسىمى تۆۋەن
19. تۇربىنانىڭ ئېقىتىش ئېغىزىدىن سۇ چىقىدۇ
20. تۇربىنانىڭ ئېقىتىش ئېغىزىدىن ماي چىقىدۇ
21. جەينەكلىك ئوقتا دۈغ بار
22. ئايتول قاچىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى
23. سوۋۇتقۇچ قويۇش ۋاقتى ئۇزۇن
24. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن
25. سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى
26. سوۋۇتقۇچ بۇلغانغان
27. يېقىلغۇ بۇلغانغان
28. سىلىقلاش مېيى بۇلغانغان
29. ھاۋا سومۇرۇش نەيچىسىدىن ماي ئاقىدۇ
30. سوۋۇتقۇچ زىيادە خورايدۇ
31. يېقىلغۇ ماي زىيادە خورايدۇ
32. سىلىقلاش مېيى زىيادە خورايدۇ

**مەشغۇلات**
33. موتور زاپچاسلىرى كاردىن چىققان
34. موتورنىڭ سىلكىنىشى بەك ئېغىر
35. يېقىلغۇ پارتلاش (كۆيۈش ئاۋازى)
36. يېتەكچى قۇرۇلمىدا شاۋقۇن ئاۋاز بار
37. مېخانىكىلىق سوقۇلۇش
38. ئايتول بېسىمى يۇقىرى
39. ھاۋا تازىلىغۇچنىڭ ئۆمرى قىسقا
40. ئۈستۈنكى ھاۋا كىرىش ئېغىزى چەكلىمىگە ئۇچرىغان

**كاشىلا سەۋەبلىرى**

پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئىستونلارغا نومۇر قويۇلدى

| تەگشەش ياكى رېمونت قىلىش | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شايىبدىن ھاۋا قاچىدۇ ياكى ھەملىغۇچتا ئېقىپ قېلىش مەۋجۇت | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  | ● | ● | ● | ● |  |  | ● |  |  |  |  |  |  | ● |  | ● | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |
| سىلكىنىشنى ئاجىزلىتىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇچقۇر چاق بۇزۇلغان |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |
| كىلاپاندا ئېقىپ قېلىش بار، تەگشەش توغرا ئەمەس | ● | ● | ● | ● |  |  |  |  | ● |  | ● | ● |  | ● |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |
| پورشېن زاپچاسلىرى يېرىلغان، بۇزۇلغان ياكى كونىرىغان | ● | ● |  | ● |  |  |  |  | ● |  | ● | ● |  | ● |  | ● | ● |  | ● | ● |  |  |  |  |  | ● | ● | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  | ● | ● |
| ئوققازاننىڭ ئارىلىقى توغرا ئەمەس |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  | ● |  |  | ● | ● |
| دوقا چاق ئوقنىڭ ياپراقچىسى كونىرىغان | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| ئاساسىي ئوققازان تۆشۈكىنىڭ توغرىلىنىشى |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |
| موتورنى چوڭ رېمونت قىلىش زۆرۈر | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● | ● | ● |  |  |  |  |  | ● | ● |  | ● | ● |
| ئاساسىي ئوققازان بۇزۇلغان |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  | ● |  |  | ● | ● |
| يېتەكچى قۇرۇلمىنىڭ ئارىلىقى توغرا ئەمەس |  |  |  |  |  | ● |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● | ● |  |  |  |
| پومپىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇلىنىشى توغرا ئۇدۇللانمىغان |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |
| موتورنىڭ ئورنىتىش بولتلىرى بوشاپ قالغان |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |
| قۇۋۋەت تۆۋەن |  |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| تەگشەش - سۈرئەت تەگشىگۈچ ۋە پۈركۈش ئېغىزى | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● | ● |  |
| ئىتتىرىش دەستىسى - بۇزۇلغان ياكى ئەگىلىپ كەتكەن | ● |  | ● | ● |  |  |  |  | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |
| ماي كىلاپانى ياكى يېقىلغۇ تەگشىگۈچتە كېچىكىش مەۋجۇت | ● |  |  | ● | ● | ● | ● | ● | ● |  |  | ● |  | ● | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| سىرتقى ماي كىلاپاننىڭ ئۇلىنىشى | ● |  |  | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| موتورنىڭ ۋاقىت خاتىرىلىشى | ● | ● |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| ماي كىرگۈزۈش تۆشۈكىدە كاشىلا بار |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  | ● |  | ● |  |  | ● |  |  |  | ● | ● | ● |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |
| قوزغىتىش سۈرئىتى (مىنۇتىغا 150 قېتىم ئايلىنىش) |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| تاقاش سىستېمىسىدا كاشىلا بار | ● | ● |  | ● |  |  | ● | ● | ● |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| مەشغۇلات قىلىش ۋە ئاسراش | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
| سۈزگۈچ ۋە ھاۋا ئالماشتۇرغۇچ مەينەت ياكى بۇزۇلغان | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● | ● | ● |  |  |  |  |  | ● |
| قۇرۇق مېڭىش ۋاقتى بەك ئۇزۇن |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  | ● | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● | ● |  |  |  |  |  |  |  | ● |  | ● |  |  |
| موتورنىڭ يۈكى ئېشىپ كەتكەن | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| ئايتول ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالى |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| جەينەكلىك ئوققا ئايتول زىيادە قۇيۇلغان | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  | ● | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| ئايتول مىقدارى تۆۋەن |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  | ● |  |  |  |  |  | ● | ● |  |  | ● |
| موتور ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەر | ● |  |  |  |  |  | ● |  | ● | ● |  |  |  |  |  | ● | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  | ● | ● |  | ● |  |
| سىلىقلاش مېيىنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ مايىنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| سوۋۇتقۇچنى ساقلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ سىستېمىسى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
| يېقىلغۇ ئېقىمى يوق |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| پۈركۈش ئېغىزىدا يېقىلغۇ يوق |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ سۈپىتى ۋە دەرىجىسى | ● | ● | ● | ● |  | ● | ● |  | ● |  | ● | ● | ● | ● | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇدا ھاۋا بار | ● |  |  | ● |  | ● | ● |  | ● | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى (130° دىن يۇقىرى) | ● |  |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ پومپىسى ئىشلىمەيدۇ |  | ● |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| پومپىدىكى يېقىلغۇ كىرىش ئېغىزىنىڭ چەكلىمىسى يۇقىرى | ● |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ تەمىنلەش بېسىمى 35 PSI دىن تۆۋەن | ● |  | ● | ● |  | ● | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| پۈركۈش ئېغىزى بۇزۇلغان | ● |  | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |  | ● |  |  | ● |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| پۈركۈش ئېغىزىنىڭ ھەملىغۇچىسى خاتا | ● |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| يېقىلغۇ باكىدا دۈغ بار |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | ● |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |

*ئىزاھات:* *موتورنى رېمونت قىلىش ئىشى ئۈچۈن، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.*

AG,OUO1011,1212 -UG-09SEP99-2/2

## بالون بىخەتەرلىكى



دىققەت: بالون ياكى گەردىش زاپچاسلىرى قاڭقىپ چىقىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ.

سىزدە مۇۋاپىق ئۈسكۈنە ۋە خىزمەت تەجرىبىسى بار بولغان ئەھۋالدا ئاندىن بالون ئورنىتىش ئىشىنى قىلىڭ. بۇ ئىشنى جون دىئر سودىگىرى ياكى لاياقەتلىك رېمونت ئورۇنلىرىغا قىلدۇرۇڭ.

بالون يەل بېسىمىنى توغرا ساقلاڭ. بالونغا تەۋسىيە قىلىنغان دەرىجىدىن ئاشۇرۇپ يەل ئۇرماڭ.

ئامبۇر باشلىق قىسقاچ ناسوس ۋە يېتەرلىك ئۇزۇنلۇقتىكى پلاستىك تۇرۇبا ئىشلىتىپ، بالوننىڭ ياكى بالون زاپچاسلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يەل بېرىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە قوغدىنىش ئۆيىنىڭ ئىچىدە مەشغۇلات قىلىڭ.

بالون ۋە چاقلارنى كۆندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. بالوننىڭ يەل بېسىمى تۆۋەن بولغاندا، كېسىلىپ كېتىش، كۆپۈپ قېلىش، گەردىش بۇزۇلۇپ كېتىش ياكى بولتا ۋە گايكىلار كەم بولۇپ قالسا ماشىنىنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

NX,9965,BC -UG-11NOV93-1/1

## بالونلارنى تەكشۈرۈش

**مۇھىم: بالوننىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بالوننىڭ يەل بېسىمىنى توغرا قىلىڭ.**

بالونلارغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقىڭ. ئەگەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بالون ئالماشتۇرۇشنى ئويلىشىڭ:

- يەرگە تېگىشىش يۈزى ئۇپرىغان بولسا
- يەرگە تېگىشىش يۈزىدە غەلىتە ئەھۋال بولسا ياكى ئۇپرىغان بولسا
- يەرگە تېگىشىش يۈزىدە ياكى يان تەرەپتە ئايرىم-ئايرىم كۆپۈپ قېلىش ئەھۋالى بولسا
- يەرگە تېگىشىش يۈزىدە ياكى يان تەرەپتە بالوننىڭ ئىچىگە كېڭىيىۋاتقان يېرىق ياكى كېسىلىش بار بولسا
- ئەگەر بالوننىڭ يېلى بەلگىلەنگەن يەل بېسىمىدىن ھېچقانداق سەۋەبسىزلا 20% چۈشۈپ كەتسە، رېمونت قىلىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى يوقىتىشقا بولمايدۇ

*ئىزاھات: كۆن نۇرى، ئوزون ياكى ئېلېكتىر زەرىتىگە ئۇچرىغان بالونلار ئاخىرى يېرىلىپ كېتىدۇ ياكى دەز كېتىدۇ. ئەگەر بۇ يېرىقلار بالوننىڭ ئىچكى قىسمىغا كېڭىيىپ كەتسە، بالوننى ئالماشتۇرۇش لازىم.*

ھەر كۈنى، بالونلاردا بۇزۇلۇش ياكى يەل بېسىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.

كەم دېگەندە ھەر 100 سائەتلىك مەشغۇلاتتىن كېيىن بالوننىڭ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ.

چاقلارنى قۇياش نۇرى بىۋاستە چۈشىشىدىن، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە خىمىيىلىك دورىلاردىن ساقلاڭ.

ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەيدەڭ. تاش ۋە باشقا ئۇچلۇق نەرسىلەر ئۈستىدىن ھەيدىمەڭ.

**مۇھىم: چاق گايكىلىرىنى ھەر 10 سائەتتە بىر قېتىم تولغىنىش مومېنتى مۇقىم بولغىچە تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.**

**ئۆلچەم**

چاق بولتىلىرى-يېتەكچى چاقلار - تولغىنىش مومېنتى .................................... N•m 610
(lb-ft 450)
چاق بولتىلىرى-تارتىش كۈچى بولمىغان يېتەكچى چاقلار - تولغىنىش مومېنتى ............ N•m 312
(lb-ft 230)
چاق بولتىلىرى-تارتىش كۈچى بار بولغان يېتەكچى چاقلار - تولغىنىش مومېنتى............. N•m 407
(lb-ft 300)

بالونلارغا تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە يەل بېرىڭ

**ئۆلچەم**

يېتەكچى چاقنىڭ تېپىلىشتىن ساقلىنىش بالونى
(R1) 520/85D38 - يەل بېسىمى.................................................... kPa 441
(bar 4.4)
(psi 64)

يېتەكچى چاقنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق بالونلىرى
(R2) 520/85D38 - يەل بېسىمى.................................................... kPa 441
(bar 4.4)
(psi 64)

تارتىش كۈچى يوق بولغان يېتەكچى ئوقنىڭ سىزىق چۈشۈرۈلگەن بالونلىرى
(I1) 9.00 x 24 8 PR - يەل بېسىمى ............................................... kPa 303
(bar 3.0)
(psi 44)

تارتىش كۈچى بولمىغان يېتەكچى ئوقتىكى قىشلىق بالونلار
(R4) 14.9 x 24 8 PR - يەل بېسىمى.............................................. kPa 234
(bar 2.3)
(psi 34)

تارتىش كۈچى بولمىغان يېتەكچى ئوقتىكى قىشلىق بالونلار
(R4) 14.9 x 24 12 PR - يەل بېسىمى........................................... kPa 290
(bar 2.9)
(psi 42)

تارتىش كۈچى بار بولغان قىشلىق بالونلار
(R2) 14.9 x 24 12 PR - يەل بېسىمى........................................... kPa 165
(bar 1.7)
(psi 24)

OUO6043,0001553 -UG-29SEP06-1/1

## ئوڭ قول تەرەپ يېتەكچى چاقتىكى سۇيۇقلۇق باللاستىنى (4 قۇرلۇق ماشىنىلاردا) ۋە ئارقا يېتەكچى چاقلارنى (پەقەت 5 قۇرلۇق ماشىنىلاردا) تەكشۈرۈڭ



**دىققەت: ھەرقانداق ماشىنىدا، ماشىنا ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىماللىقىنى ئازايتىش ۋە ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەملىك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان پاختا تۈككەندە، ئوڭ قول تەرەپتىكى يېتەكچى چاققا سۇيۇقلۇق باللاست قوشۇڭ.**

**ھەرقانداق 5 قۇرلۇق ماشىنىدا، تېز توختىغاندا ئالدى-ئارقىغا مېڭىش مۇقىملىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئارقا بالونلارغا سۇيۇقلۇق باللاست قوشۇڭ.**

**مۇھىم: چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گەردىشنى سۇيۇقلۇق بىلەن تولۇق تولدۇرۇڭ، بىراق ھەرقانداق بالوننى 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق تولدۇرماڭ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئارىلاشما سۇيۇقلۇق تەۋرىنىش بىسىمىنى ئاجىزلىتىدىغان ھاۋا مىقدارى بەك ئاز قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئاقىۋەتتە بالون كاردىن چىقىشى مۇمكىن.**

*ئىزاھات: ئەگەر ماشىنىنىڭ قۇر ئارىلىقىنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، ئاخىرقى تاللاش ئۈچۈن سۇيۇقلۇق باللاست قوشۇڭ.*

سۇ ۋە كالتسىي خلورىدىن تەييارلانغان ئارىلاشما سۇيۇقلۇق، بىخەتەر ۋە تېجەشلىك تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر توغرا ئىشلىتىلسە، ئۇ بالونلارنى، قاناللىرىنى ياكى چاق ئۆلتىڭىنى بۇزمايدۇ.

كالتسىي خلورىد ئارقىلىق سۇنىڭ مۇزلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ. ھەربىر لىترغا 1.6 كىلوگىرام كالتسىي خلورىد ئارىلاشتۇرغاندا 45- سېلسىيە گرادۇستتىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا (50- فارېنگايت) توڭلىمايدۇ.

**ئۆلچەم**

ھەربىر لىترغا 1.6 كىلوگىرام كالتسىي خلورىد - توڭلاشتىن ساقلاش چېكى ....................45°C- (50°F-)

*ئىزاھات: ئىسپىرتنى سۇيۇق ئېغىرلىق سۈپىتىدە ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ. كالتسىي خلور ئارىلاشما سۇيۇقلۇقىنىڭ ۋەزنى ئېغىرراق ۋە تېجەشلىك كېلىدۇ.*

AG,OUO1011,1214 -UG-09SEP99-1/3

ئىچ كامېرسىز بالونلارنى كىلاپان مىقداردىن ئازراق يۇقىرى قىلىپ تولدۇرۇڭ (ئاز بولغاندا 75% لىق) (A). بۇنىڭدىن ئاز مىقداردا توشقۇزۇلسا، چاق ئۆلتىڭىنىڭ بەزى پارچىلىرى ئېچىلىپ قېلىپ، چىرىپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىچ كامېرسىز بالونلار بولسا 90% تىن تۆۋەن ھەرقانداق مىقداردا توشقۇزۇلسا بولىدۇ. رادىئال بالون ۋە قەۋەتلىرى يانتۇ كېسىشكەن بالونلارغا ئوخشاش مىقداردىكى سۇيۇقلۇق سىغىدۇ.




AG,OUO1011,1214 -UG-09SEP99-2/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**



**دىققەت: قوغدىنىش كىيىمى كىيىڭ. كۆز، تېرە ۋە كىيىملىرىڭىزگە كالتسىي خلورىد چاچراپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. مۇبادا سۇيۇقلۇق تېگىپ كەتسە، دەرھال سۇ ئارقىلىق چايقاڭ. كالتسىي خلورىد تېرە ياكى بەدەنگە تېگىپ تۇرىدىغان كىيىم ئۈستىدە قۇرۇپ قالمىسۇن. ئېرىتمىنى ئادەم ياكى ئۇلاغلار ئىچىدىغان سۇ بار يەردىن يىراق يەردە بىر تەرەپ قىلىڭ. بالونلارغا سۇيۇقلۇق بالاست تولدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئۈسكۈنە ۋە تەربىيەلەش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ئىشنى جون دىئر سودىگىرىگە ياكى بالون مۇلازىمەت ئورنىدىكىلەرگە قىلدۇرۇڭ.**




ئوڭ قول تەرەپتىكى يېتەكچى بالونلارغا سۇيۇقلۇق بالاست قۇيغاندا، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان گاز-سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچ (A) ئىشلىتىڭ. كىلاپان گەۋدىسىنىڭ ئاستى قىسمىنى تەكشۈرۈپ ئەڭ توغرا بولغان شكالا سانىغا ئېرىشىڭ.

**مۇھىم: گاز-سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق، سۇيۇقلۇق بالاست قوشۇلغان بالونلارنىڭ يەل بېسىمىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم. ئۆلچەملىك يەل ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىپ سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان بالونلارنى تەكشۈرگەندە ئۆلچىگۈچ بۇزۇلۇپ قالىدۇ. سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان بالونلاردا ھەرقانداق يەل قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە بېسىم زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىدۇ، چۈنكى يەل سىغىمى نىسبەتەن كىچىك بولىدۇ. كىلاپاننىڭ قاپقىقىنى ئالماشتۇرۇپ، گاز-سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن چايقاڭ.**

**A** - گاز-سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچ

AG,OUO1011,1214 -UG-09SEP99-3/3



## دامكرات بىلەن ئالدى ئوقنى كۆتۈرۈش

**دىققەت: ماشىنا ئېغىر بولۇپ، ئۆرۈلۈپ ياكى دومىلاپ كېتىپ ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. مىنىمۇم كۆتۈرۈش كۈچى 13 توننا بولغان دامكرات ئىشلىتىڭ. ماشىنا تۈز ۋە تەكشى يەردە تۇرۇشى لازىم، خوت دەستىسى نېيترال ئورۇندا تۇرۇشى، توختىتىپ قويۇش تورمۇزى چېتىلغان ۋە ئاچقۇچ چىقىرىپ ئېلىنغان بولۇشى لازىم.**

**مۇھىم: ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئالدى ئوقنى بەلگىلەنگەن ئورۇندىن دامكرات ئارقىلىق يۆلىرى كۆتۈرۈڭ.**




**A** - كۆتۈرۈش تاختىسى

1. ماشىنىنى تەكشى يەرگە توختىتىڭ.

2. دامكراتنى قاتتىق يەرگە قويۇڭ، تەكشى يۈزىنى كۆتۈرۈش تاختىسىنىڭ (A) ئاستىغا كەلتۈرۈڭ.

**دىققەت: ماشىنا ئېغىر بولۇپ، ئۆرۈلۈپ ياكى دومىلاپ كېتىپ ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ماشىنىنى يۆلىرى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئەتراپتىكى ئادەملەر نېرى تۇرسۇن.**

3. ئەتراپتىكى كىشىلەر ماشىنىدىن يىراق تۇرسۇن، ئاندىن دامكراتنى ئىشلىتىپ، ئالدى ئوقنى بالوننى ئالماشتۇرغىلى بولغىدەك قىلىپ يۆلىرى كۆتۈرۈڭ.

4. بالوننى ئالماشتۇرۇڭ ياكى رېمونت قىلىڭ. يېتەكچى چاقنىڭ بولتىلىرىنى ئېنىقلانغان ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

يېتەكچى چاقنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى.......................................... 610 N•m (450 lb-ft)

يېتەكچى ئوقنىڭ بولتىلىرىنى ئېنىقلانغان ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تارتىش كۈچى بولمىغان يېتەكچى چاقلارنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى ................ 312 N•m (230 lb-ft)

ئارقا يېتەكچى ئوق چاقنىڭ بولتىلىرىنى ئېنىقلانغان ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

ئارقا يېتەكچى ئوق چاقنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى ................................ 407 N•m (300 lb-ft)

5. ماشىنىنى يەرگە تۆۋەنلىتىڭ.

AG,OUO1011,1215 -UG-09SEP99-1/1

## لاي قىرغۇچنى تەڭشەش (قوشۇمچە ئۈسكۈنە)




30 .in ئارىلىق




تۆت قۇرلۇق، 38 ۋە 40 دىيۇم ئارىلىق

لاي قىرغۇچ قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش پورشىنى ۋە قۇرۇلمىنىڭ بېسىم تاختىسى ئۈستىگە لاي يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئارىلىق ئېتىزنىڭ ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لاي قىرغۇچنى تۆشۈك ئىچىدە يۇقىرى-تۆۋەن سۈرۈپ ئارىلىقنى تەڭشەڭ.

لاي قىرغۇچنى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك چېتىڭ.

*ئىزاھات:* *4 قۇرلۇق ۋە 5 قۇرلۇق 762 ۋە 813 مىللىمېتىرلىق (30 ۋە 32 دىيۇم) ئارىلىق ئۈچۈن ۋە 762 مىللىمېتىرلىق (30 دىيۇم) ۋە 813، 1524 مىللىمېتىرلىق (32، 60 دىيۇم) ئاتلاش قۇر ئارىلىقىغا نىسبەتەن، تىرەش جازىسىنى (A) سىرتقا يانتۇ بولىدىغان قىلىپ چېتىڭ. 4 قۇرلۇق 765 ۋە 1016 مىللىمېتىرلىق (38 ۋە 40 دىيۇم) ئارىلىق ئۈچۈن، جازىنىڭ يانتۇلۇقىنى (B) ئىچىگە قارىتىڭ.*

سىرتقا يانتۇ:

- 4 قۇر 762، 813، 864، 914 mm (30، 32، 34، 36 .in)
- 5 قۇر 762، 813 mm (30، 32 .in)
- بارلىق ئاتلاش قۇرلىرى

ئىچىگە يانتۇ:

- 4 قۇر 965، 1016 mm (38 ۋە 40 .in)

**A** - تىرەش جازىسى
**B** - تىرەش جازىسىنىڭ يانتۇلۇقى

AG,OUO1011,1216 -UG-09SEP99-1/1

## يېتەكچى چاقنى تەكشۈرۈش-كالاڭنى




1. ئارقدىكى ھەربىر چاقنىڭ يەرگە تېگىشىش يۈزىنىڭ ئوتتۇرىغا (A) بەلگە قويۇڭ، يەنى ئوقنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىغا ئۇدۇل قىلىپ بەلگە قويۇڭ.
2. ئارقا ئارىلىقنى (C) ئۆلچەڭ ۋە خاتىرىلەڭ.
3. بەلگىلەر ئالدىغا كەلگىچە، يەنى ئوقنىڭ مەركىزى سىزىقى بىلەن ئۇدۇل بولغىچە، ماشىنىنى ئالدىغا (D) ھەيدەڭ.
4. ئالدى ئارىلىقنى (E) ئۆلچەڭ ۋە خاتىرىلەڭ.
5. ئالدى ئارىلىقتىن (E) ئارقا ئارىلىقنى (C) ئېلىۋېتىڭ. پەرق 3-10 mm (1/8-3/8 in.) غىچە ياكى كىچىك بولىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىداق بولمىسا، كالاڭنى تەڭشەڭ. بۇ بۆلەكتىكى كالاڭنى تەڭشەش قىسمىغا قاراڭ.

**ئۆلچەم**

ئىچكى كالاڭ - ئارىلىق.................................................................... 3-10 mm (1/8-3/8 in.)

**A** - **بالوننى مەركىزى سىزىقى**
**B** - **ئوقنىڭ مەركىزى سىزىقى**
**C** - **ئارقا ئارىلىق**
**D** - **ئالدىغا مېڭىش**
**E** - **ئالدى ئارىلىق**

AG,OUO1011,1217 -UG-09SEP99-1/1

## ئىچكى كالاڭنى تۈزەش




1. بولتىلارنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A** - **بولتا (ئىككى تال ئىشلىتىلىدۇ)**

OUO1078,0000525 -UG-27SEP06-1/2




2. قىسقۇچنى (A) بوشىتىڭ.
3. كالاڭنى تەڭشەش ئۈچۈن، نەيچىنى (B) ئايلاندۇرۇپ چېتىش دەستىسىنى ئۇزارتىڭ ياكى قىسقارتىڭ.
4. قىسقۇچنىڭ بولتىسىنى چىڭىتىڭ.
5. چېتىش دەستىسىنىڭ بولتىلىرىنى دەسلەپتە چىقىرىپ ئالغان تۆشۈككە ئورنىتىڭ. ئەگەر كالاڭنى تېخنىكىلىق ئۆلچەمدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ بۇ ئىشنى قىلىشقا بولمىسا، كىيىنكى بىر يۈرۈش تۆشۈكلەرگە گايكا سېلىپ، چېتىش دەستىسىنىڭ قىسقۇچنىڭ بېشىنى قايتىدىن تەڭشەڭ.
6. بولتىلارنى چېڭىتىڭ.
7. كالاڭنى قايتا تەكشۈرۈڭ.

**ئۆلچەم**

چىڭىتقۇچ بولتا - تولغىنىش مومېنتى.......................................................... 47 N•m (35 lb-ft)

چېتىش دەستىسىنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى ........................................ 47 N•m (35 lb-ft)

**A** - **قىسقۇچ**
**B** - **نەيچە**

OUO1078,0000525 -UG-27SEP06-2/2

## ئاككۇمۇلياتور بىخەتەرلىكى



**دىققەت: باتارىيە ئېلېكترولىتىدىكى سۇلفات كىسلاتا زەھەرلىك. بۇ كۈچلۈك كىسلاتا بولۇپ، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ، كىيىمنى تېشىۋېتىدۇ، كۆزگە چاچراپ كەتسە قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.**

**تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش ئارقىلىق خەتەردىن ساقلىنىڭ:**

1. **ئاككۇمۇلياتورغا ھاۋا ياخشى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا توك تولۇقلاڭ.**
2. **مۇھاپىزەت كۆزەينىكى تاقاڭ ۋە پلاستىك پەلەي كىيىڭ.**
3. **ئېلېكترولىت قاچىلىغاندا ئۇنىڭدىن چىققان گازدىن نەپەسلەنمەڭ.**
4. **ئېلېكترولىتنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشى ياكى تېمىپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭ.**
5. **مۇۋاپىق ئاتلىتىپ قوزغىتىش تەرتىپىنى ئىشلىتىڭ.**

**ئەگەر ئۈستىڭىزگە كىسلاتا تېمىتىۋالغان بولسىڭىز:**

1. **تېرىڭىزنى سۇ بىلەن چايقاپ يۇيۇۋېتىڭ.**
2. **ئېچىتقۇ سودا ياكى ھاك بىلەن كىسلاتانىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇڭ.**
3. **كۆزىڭىزنى سۇ بىلەن 10-15 مىنۇت يۇيۇڭ. دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.**

**ئەگەر كىسلاتانى ئىچىۋالغان بولسىڭىز:**

1. **كۆپ مىقداردا سۇ ياكى سۈت ئىچىڭ.**
2. **ئاندىن ماگنىي ئاربلاش سۈت ئىچىڭ، ئىلەشتۈرۈلگەن تۇخۇم ياكى ئۆسۈملۈك مېيى ئىچىڭ.**
3. **دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.**

**دىققەت:** ئاككۇمۇلياتور تايىقى، ئۇچى ۋە باشقا ئالاقىدار قوشۇمچە دېتاللار تەركىبىدە قوغۇشۇن ۋە قوغۇشۇن بىرىكمىسى بار، بۇلار كالىفورنىيە ئىشتاتى تەرىپىدىن راك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە كۆپىيىش سىستېمىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. **ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن قولىڭىزنى چوقۇم پاكىز يۇيۇۋېتىڭ.**

OUO6043,0001556 -UG-08AUG06-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنى ئاسراش






**دىققەت: ئاككۇمۇلياتور پارتلايدىغان گاز قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە سۇلفات كىسلاتاسى بار، بۇ كىيىملەرنى تېشىۋېتىش ۋە كۆزنى قارىغۇ قىلىش ئېھتىمالى بار. ئاككۇمۇلياتورنى مۇۋاپىق ئاسرىمىغاندا، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. سىزدە مۇۋاپىق ئۇسكۇنە ياكى يېتەرلىك خىزمەت تەجرىبىسى بولمىسا، ئاككۇمۇلياتورنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىشقا ئۇرۇنماڭ. بۇ ئىشنى جون دىئىر سودىگىرى ياكى باشقا لاياقەتلىك سودىگەرگە قىلدۇرۇڭ.**

نۆلدىن تۆۋەن 18.8 سېلسىيە گرادۇستا (0 فارېنگېيت) قوزغىتىشقا بولىدىغان 650 ئامپېر توك كۈچىگە ئىگە بولغان جون دىئىر ماركىلىق ئاككۇمۇلياتور ياكى ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان ئاككۇمۇلياتور ئىشلىتىڭ.

ئاككۇمۇلياتورنى مۇۋاپىق ئاسراش ئىشەنچلىك مۇلازىمەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇ مىقدارىنى باتارېيەنىڭ قۇيۇش ئېغىزىنىڭ ئاستى قىسمى بىلەن تەڭ ساقلاڭ، باتارېيە تاختىسىنىڭ ئۈستى قىسمىدىن تۆۋەن قىلماڭ. موتور 2 ـ 3 سائەت مېڭىپ ئېلېكترولىت ئارىلاشمىغۇچە، سوغۇق ھاۋادا سۇ قۇيماڭ.

ئاككۇمۇلياتورنى ھۆل لاتا بىلەن سۈرتۈپ ئۇنى پاكىز ساقلاڭ. بارلىق ئۇلانغان يەرلەر پاكىز ۋە چىڭ بولسۇن. چىرىگەن نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىڭ، ئۇچلارنى سودا سۇيى ۋە سۇ ئارىلاشمىسى بىلەن يۇيۇڭ. سىمنى چېتىشتىن بۇرۇن مايلاڭ.

ئاككۇمۇلياتورنى داۋاملىق تولۇق توك قاچىلاپ ساقلاڭ، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە بۇ بەك مۇھىم.

**مۇھىم: ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپى قۇتۇپى يەرگە ئۇلىنىدۇ. ستاتورنىڭ سىمنى دائىم ئاككۇمۇلياتورنىڭ مۇسبەت (+) قۇتۇپىغا چېتىڭ، يەر سىمنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپىي (-) قۇتۇپىغا چېتىڭ. ئاككۇمۇلياتور ياكى ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ئېلېكتر قۇتۇپلىرى تەتۈر بولۇپ قالسا، ئېلېكتر سىستېمىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىدۇ.**

AG,OUO1011,1220 -UG-09SEP99-1/1

## ئاككۇمۇلياتور سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈش



**دىققەت:** ئاككۇمۇلياتور تايىقى، ئۇچى ۋە باشقا ئالاقىدار قوشۇمچە دېتاللار تەركىبىدە قوغۇشۇن ۋە قوغۇشۇن بىرىكمىسى بار، بۇلار كالىفورنىيە ئىشتاتى تەرىپىدىن راك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە كۆپىيىش سىستېمىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. **ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن قولىڭىزنى چوقۇم پاكىز يۇيۇۋېتىڭ.**

**دىققەت: باتارېيە ئېلېكترولىتىدىكى سۇلفات كىسلاتا زەھەرلىك. ئۇ تېرىنى كۆيدۈرۈشى، كىيىمنى تېشىۋېتىشى مۇمكىن، ئەگەر كۆزگە كىرىپ كەتسە ئەما قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئاككۇمۇلياتورنىڭ سۇيۇقلۇق مىقدارىنى تەكشۈرگەندە، رېزىنكە پەلەي كىيىڭ ۋە مۇداپىئە كۆزەينىكى تاقاڭ.**

1. ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپى (-) قۇتۇپ ئۇچىنى (A) ۋە مۇسبەت (+) قۇتۇپ ئۇچىنى (B) ئۈزۈڭ.

2. ئاككۇمۇلياتورنى چىڭىتىش جازىسىنى (C) چىقىرىپ ئېلىڭ.

3. ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

*ئىزاھات: ئاككۇمۇلياتور يانتۇ تۇرسا سۇيۇقلۇقنى توغرا تەكشۈرۈشكە بولمايدۇ.*

4. سۇيۇقلۇق مىقدارىنى توغرا تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئاككۇمۇلياتور تەكشى يەردە قويۇلىشى لازىم. ئاككۇمۇلياتور تەكشى قويۇلغاندا، ھەربىر باتارېيە ئۈستىدىكى قاپقاق ئېغىزىدىن سۇيۇقلۇقنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

5. ئاككۇمۇلياتورنى دەسلەپتە چىقىرىپ ئالغان تەرتىپنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە ئورنىتىڭ.




**A** - مەنپى (-) قۇتۇپ ئۇچى
**B** - مۇسبەت (+) قۇتۇپ ئۇچى
**C** - ئاككۇمۇلياتورنى چىڭىتىش جازىسى

OUO1078,00004EA -UG-08AUG06-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلەش

**دىققەت:** ئاككۇمۇلياتور تايىقى، ئۇچى ۋە باشقا ئالاقىدار قوشۇمچە دېتاللار تەركىبىدە قوغۇشۇن ۋە قوغۇشۇن بىرىكمىسى بار، بۇلار كالىفورنىيە ئىشتاتى تەرىپىدىن راك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە كۆپىيىش سىستېمىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. **ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن قولىڭىزنى چوقۇم پاكىز يۇيۇۋېتىڭ.**

ئاككۇمۇلياتورنى داۋاملىق تولۇق توك قاچىلاپ ساقلاڭ، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە بۇ بەك مۇھىم.

**دىققەت: توڭلاپ قالغان ئاككۇمۇلياتورنى ھەرگىز زەرەتلىمەڭ. ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلىگۈچكە چېتىشتىن بۇرۇن، ئۇنى ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا ئېرىتىڭ. ئاككۇمۇلياتورنى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە زەرەتلەڭ. ئاككۇمۇلياتورنى ماشىندا تۇرغۇزۇپ زەرەتلىگەندە، ئىككى سىمنى ئاككۇمۇلياتور قۇتۇپىدىن ئۇزۇپ ئېلىۋېتىڭ.**

قايسى باتارېيەنى زەرەتلەش كېرەكلىكىنى جەزم قىلىڭ.

ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى ئۇزۇپ، زەرەتلىگۈچنىڭ مۇسبەت قۇتۇپ سىمىنى "+" ئۇچىغا، زەرەتلىگۈچنىڭ مەنپىي قۇتۇپ ئۇچىنى "-" ئۇچىغا چېتىڭ.

زەرەتلىگۈچ بىلەن بىللە تەمىنلەنگەن كۆرسەتمە ياكى تۆۋەندىكى زەرەتلەش جەدۋىلى بويىچە زەرەتلەش ئېلىپ بېرىڭ. ئاككۇمۇلياتورنى دائىم 12 ۋولتلۇق زەرەتلىگۈچ ئارقىلىق زەرەتلەڭ.

ئاككۇمۇلياتور زەرەتلىنىدىغان مۇھىتنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇڭ.

**دىققەت: توڭلاپ قالغان ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلىمەڭ. زەرەتلەشتىن بۇرۇن تېمپېراتۇرىنى 16 سېلسىيە گرادۇسقا (60 فارېنگېيت) ئەكىلىڭ.**

*ئىزاھات: يەر سىمنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپىي "-" قۇتۇپ دەستىسىگە چېتىڭ، يەنى يەرگە ئۇلاش ئاككۇمۇلياتوردىن يىراق تۇرسۇن.*

**مۇھىم: توك ئۆتۈۋاتقان توك يولىغا ئۇلىماڭ ياكى ئۈزۈپ ئالماڭ. زەرەتلىگۈچنى ئۆچۈرىۋېتىپ يەر سىمنى ئەڭ ئاخىردا چېتىڭ، باتارېيەدىن نېرى قويۇڭ.**

**ئەگەر ئاككۇمۇلياتور سىمى قىزىپ كەتسە ياكى ئۇنىڭدىن ئېلېكترولىت چىقىپ كەتسە، زەرەتلەشنى دەرھال توختىتىڭ ياكى زەرەتلەش بېسىمىنى كېمەيتىڭ. ئاككۇمۇلياتور تېمپېراتۇرىسى 52 سېلسىيە (125 فارېنگېيت) گرادۇستىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.**

| ئاككۇمۇلياتورنىڭ چوڭلۇقى، زەرەتلەش توك قىممىتى ۋە چىقىرىش قۇۋۋىتىگە ئاساسەن ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلەش | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تېپىك بولغان ئاككۇمۇلياتور چوڭلۇقىنىڭ گۇرۇپپىسى | 31 - گۇرۇپپا | | | | | | |
| زاپاس قۇۋۋەت | 126-180 مىنۇت | | | | | | |
| زەرەتلىگۈچنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى (ئامپېر قىممىتى) | | 2 | 10 | 15 | 30 | 40 | 60 |
| ئاككۇمۇلياتورنىڭ توك بېسىمى (سېلىشتۇرما ئېغىرلىق)[a] | زەرەتلەش ھالىتىنىڭ پىرسەنتى (%) | زەرەتلەش ۋاقتى | | | | | |
| 12.6-12.4 V (1.225) | %75 | 19 | 6 | 5 | 4 | 4 | 4 |
| 12.4-12.2 V (1.190) | %50 | 35 | 9 | 7 | 5 | 5 | 4 |
| 12.2-12.0 V (1.155) | %25 | 51 | سىغىمى | 9 | 6 | 5 | 5 |
| 12.0-11.7 V (1.120) | %0 | 67 | 16 | 12 | 7 | 6 | 5 |
| <10 ۋولت | دەسلەپتە زەرەتلەشنى بېسىم ئاشۇرۇشقا تەڭشەپ زەرەتلەش ئەھۋالىنى كۆزىتىڭ. ئاندىن كېيىنكى زەرەتلەش جەريانى ئۇچۇن ئوتتۇرھال تەڭشەش ئورنىغا ئەكىلىڭ. | | | | | | |

*[a] سېلىشتۇرما ئېغىرلىق 1.265-1.285 ئارىسىدا بولغاندا، ئاككۇمۇلياتور تولۇق زەرەتلەنگەن دەپ قارىلىدۇ.*

OUO1078,00004EB -UG-08AUG06-1/1

## ستاتور سىمى ۋە يەر سىمنى چېتىش

**دىققەت:** ئاككۇمۇلياتور تايىقى، ئۇچى ۋە باشقا ئالاقىدار قوشۇمچە دېتاللار تەركىبىدە قوغۇشۇن ۋە قوغۇشۇن بىرىكمىسى بار، بۇلار كالىفورنىيە ئىشتاتى تەرىپىدىن راك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە كۆپىيىش سىستېمىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. **ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن قولىڭىزنى چوقۇم پاكىز يۇيۇۋېتىڭ.**

**دىققەت: ئاككۇمۇلياتوردا پارتلايدىغان گاز ۋە سۇلفات كىسلاتاسى بار. سىم مۇۋاپىق چېتىلمىسا پارتلاش كېتىشى ۋە سۇلفات كىسلاتاسى چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈش ۋە كۆزنى ئەما قىلىش ئاقىۋىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاككۇمۇلياتورنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلغاندا، قوغدىنىش كىيىمى كىيىڭ ۋە مۇداپىئە كۆزەينىكى تاقاڭ. تۆۋەندىكى كۆرسەتمىگە ئەستايىدىل بويسۇنۇڭ.**

**ئاككۇمۇلياتورنىڭ پەقەت مەنپى قۇتۇپى يەر سىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.**

**دائىم يەر سىمنى (-) ئاۋۋال ئۈزۈپ چىقىرىڭ، ئۇلىغاندا ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلاڭ. ستاتورنىڭ سىمىنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مۇسبەت (+) قۇتۇپىغا چېتىڭ. ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپىي (يەر سىم) سىمىنى دائىم ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپىي (-) ئۇچىغا چېتىڭ. ئاككۇمۇلياتور ياكى ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورنىڭ ئېلېكتر قۇتۇپلىرى تەتۈر ئۇلىنىپ قالسا، ئېلېكتر سىستېمىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىدۇ.**



*ئىزاھات: ئاككۇمۇلياتورنىڭ سىملىرى يېتىدىغان ئوخشاش بولغان ئۇچلىرى بولۇشى لازىم.*

ئاككۇمۇلياتورنى چېتىش ئۈچۈن:

1. بارلىق ئېلېكتر ئۈزچاتلىرى ۋە قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەرنى تاقاڭ.
2. ئاككۇمۇلياتورنىڭ تايىقى ۋە سىم ئۇچلىرىنى تازىلاڭ.
3. ستاتورنىڭ سىمىنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مۇسبەت (+) ئۇچىغا چېتىڭ.
4. مەنپى ئۇچنى (-) ئاككۇمۇلياتورنىڭ يەر سىمىغا (مەنپىي قۇتۇپىغا) چېتىڭ.

OUO1078,00004EC -UG-20SEP06-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش

**دىققەت: ئاككۇمۇلياتور گازى پارتلايدۇ. ئاككۇمۇلياتورنى ئوت مەنبەلىرىدىن يىراق تۇتۇڭ. قول چىراغ ئىشلىتىپ ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئېلېكترولىت دەرىجىسىنى تەكشۈرۈڭ.**

**ئاككۇمۇلياتورنىڭ زەرەتلىنىش ئەھۋالىنى ھەرگىز قۇتۇپ تايىقى ئارىسىغا مېتال بۇيۇم قويۇپ تەكشۈرمەڭ. ئۆلچەشتە ۋولتمېتىر ياكى گىدرومېتىر ئىشلىتىڭ.**

**ھەر زامان ئاككۇمۇلياتور قىسقۇچىنىڭ مەنپى (-) قۇتۇپىنى ئەڭ ئاۋۋال يەرلەشتۈرۈڭ، ۋە ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا تارتىپ چىقىرىۋېلىڭ.**

توك سىملىرى ئاككۇمۇلياتورغا ئۇلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ توغرا ئۇلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

بېسىم ئاشۇرغۇچ ئاككۇمۇلياتورنى ئۇلىغاندا ئېلېكتر قۇتۇپىغا ئەستايىدىل قاراڭ.

ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ياكى ئاككۇمۇلياتور چېتىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەرگىز موتورنى ئىشلەتمەڭ.

ئاككۇمۇلياتور ياكى ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ئارىسىدا قىسقا تۇتاشتۇرۇش ئېلىپ بارماڭ، ياكى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەسبەت (+) قۇتۇپ سىمىنى ياكى ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورنىڭ سىمىنى يەر سىمغا ئۇلىماڭ.

ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورنى قۇتۇپلاشتۇرماڭ.

ماشىنىدا توكلۇق كەپشەرلەش ماشىنىسى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئاككۇمۇلياتورنىڭ سىملىرىنى ئۈزۈۋېتىڭ.





ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ئاككۇمۇلياتورنى 26 سېلسىيە (80 فارېنگېيت) گرادۇستىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلاڭ. ساقلاپ بولغاندىن كېيىن توك بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ.

باتارېيەلەرنى زەرەتسىز ھالەتتە ساقلىماڭ ياكى بىربىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ قويماڭ.

AG,OUO1011,1222 -UG-08AUG06-1/1

## بىسىم ئاشۇرۇش ئاككۇمۇلياتورىنى ئىشلىتىش




**A** - مۇسبەت قۇتۇپ  **B** - مۇسبەت قۇتۇپ  **C** - مەنپى قۇتۇپ  **D** - موتور بۆلەكچىسى

**دىققەت: ئاككومۇلياتور قويۇپ بەرگەن گاز پارتلايدۇ. ئاككۇمۇلياتورنى ئوت مەنبەلىرىدىن يىراق تۇتۇڭ. ئاككۇمۇلياتوردىن يىراق ئورۇندا تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا چېتىش ۋە ئاۋۋال ئۈزۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىڭ.**

**مۇھىم: ستاتورنىڭ سىمىنى دائىم ئاككۇمۇلياتورنىڭ مۇسبەت (+) قۇتۇپىغا چېتىڭ، يەر سىمنى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپىي (-) قۇتۇپىغا چېتىڭ. ئاككۇمۇلياتور ياكى ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ئېلېكتر قۇتۇپى تەتۈر بولۇپ قالسا ئېلېكتر سىستېمىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىدۇ.**

ئاتلىتىپ ئۇلاپ قوزغاتقاندا، تۆۋەندىكىلەرنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ:

- توك بېسىمى ئوخشاش بولغان ئاككۇمۇلياتور ئىشلىتىڭ.
- ئىككى مەنپى قۇتۇپ يەرگە ئۇلانسۇن.
- سۈيۈقلۇق توڭلاپ قالدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.
- ماشىنا باشقا ماشىنىغا تېگىپ قالمىسۇن.

- موتور ئۆچۈرۈلگەن، قوشۇمچە ئۈسكۈنە تاقالغان، خوت توختىتىپ قويۇش ياكى نېيترال ئورۇندا تۇرىشى ۋە تورمۇز چېتىلغان بولىشى لازىم.
- قىسقۇچنى كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە چېتىڭ، دەسلەپتە چاتقان تەرتىپنىڭ دەل تەتۈر تەرتىپى بويىچە ئۈزۈپ ئېلىڭ.

1. مۇسبەت (+) قۇتۇپ سىمىنى توكى قالمىغان ئاككۇمۇلياتورنىڭ مۇسبەت ئۇچىغا (A) چېتىڭ، شۇ سىمنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى بېسىم ئاشۇرۇش ئاككۇمۇلياتورىنىڭ مۇسبەت (+) (B) ئۇچىغا چېتىڭ.
2. ئىككىنچى سىمنى (مەنپىي قۇتۇپ سىمنى) (-) بېسىم ئاشۇرۇش ئاككۇمۇلياتورىنىڭ مەنپىي ئۇچىغا (C) چېتىڭ.
3. مەنپىي (-) قۇتۇپ سىمىنىڭ يەنە بىر بېشىنى ئوتى ئۆچۈپ قالغان ماشىنىنىڭ موتور بۆلۈمچىسىگە (D) چېتىڭ، ئاككۇمۇلياتوردىن يىراق قىلىڭ. يىراق تۇرۇڭ.
4. ماشىنىنى قوزغىتىپ، سىملارنى دەسلەپتە چاتقان تەرتىپنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە ئۈزۈپ ئېلىڭ.

AG,OUO1011,1223 -UG-09SEP99-1/1

## دىزېل يېقىلغۇ

يەرلىك يېقىلغۇ شىركەتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق رايوندا سېتىلىۋاتقان دىزېل يېقىلغۇسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىڭ.

ئادەتتە، دىزېل يېقىلغۇلىرى يېقىلغۇ سېتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك ئورۇننىڭ تېمپېراتۇرا ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا خۇرۇچلار قوشۇلۇپ مەخسۇس تەييارلانغان بولىدۇ.

EN 590 ياكى ASTM 975 ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك مېيى ھىدروگېنلاشتۇرۇپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن قايتا ھاسىل بولىدىغان دىزېل يېقىلغۇسى نېفىتتىن ئايرىۋالىدىغان دىزېل يېقىلغۇسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ. 590EN ياكى ASTM 975 ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان قايتا ھاسىل بولىدىغان دىزېل يېقىلغۇسىنى ھەرقانداق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

#### يېقىلغۇغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

ھەرقانداق ئەھۋالدا، يېقىلغۇ چوقۇم تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن بولىشى كېرەك:

**مىنىمۇم سېتان نومۇرى 43.** سېتان نومۇرى 47 دىن تۆۋەن بولۇشىنى ياخشىراق، بولۇپمۇ تېمپېراتۇرا 20°C- (4°F-) دىن تۆۋەن بولغاندا ياكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىردىن (5000 فۇت) يۇقىرى بولغاندا.

**سوزگۇچنىڭ سوغۇقتا توسۇلۇپ قېلىش نۇقتىسى** (CFPP) ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن 5 سېلسىيە گرادۇس تۆۋەن بولۇشى لازىم ياكى **دۇغلىنىش نۇقتىسى** ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولۇشى لازىم.

**يېقىلغۇنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى** ئەڭ چوڭ بولغان دانچىنىڭ دىئامېتىرى 0.52 مىللىمېتىرلىق چەكتىن ئۆتۈشى لازىم، يەنى ISO 12156-1 ياكى ASTM D6079 ئۆلچىمىگە يېتىشى لازىم. ئەڭ چوڭ بولغان دانچىنىڭ دىئامېتىرى 0.45 مىللىمېتىر بولسا ياخشىراق بولىدۇ.

**دىزېل يېقىلغۇنىڭ سۈپىتى بىلەن يېقىلغۇنىڭ گۈڭگۈرت مىقدارى** چوقۇم ماتور مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان رايوننىڭ يەرلىك كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. گۈڭگۈرت تەركىبى ھەر كىلوگرامدا 10000 مىللىگرامدىن (10000 ppm) ئېشىپ كەتكەن دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلەتمەڭ.

#### Interim Tier 4، Final Tier 4، Stage III B ۋە Stage IV موتور يېقىلغۇسىدىكى گۈڭگۈرت تەركىبى

- پەقەت گۈڭگۈرت تەركىبى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ (15 ppm) بولغان، گۈڭگۈرت تەركىبى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن دىزېل يېقىلغۇسى (ULSD) نى ئىشلىتىڭ.

#### Tier 3 ۋە Stage III A Engines ماتورلىرى ئۈچۈن گۈڭگۈرت تەركىبى چېكى

- گۈڭگۈرت تەركىبى 1000 ppm دىن ئاز بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 1000-2000 mg/kg (1000-2000 ppm) بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلەتكەندە ئاپتول ۋە سوزگۇچ ئالماشتۇرۇش ۋاقتى قىسقىراپ كېتىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 2000 ppm دىن يۇقىرى بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

#### Tier 2 ۋە Stage II Engines ماتورلىرى ئۈچۈن گۈڭگۈرت تەركىبى چېكى

- گۈڭگۈرت تەركىبى 2000 ppm دىن تۆۋەن بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 2000-5000 mg/kg (2000-5000 ppm) بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلەتكەندە ئاپتول ۋە سوزگۇچ ئالماشتۇرۇش ۋاقتى قىسقىراپ كېتىدۇ.
- تەركىبىدە 5000 mg/kg (500-5000 ppm) گۈڭگۈرت بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىشتىن ئاۋال چوقۇم جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

#### باشقا تىپتىكى موتورلار ئۈچۈن گۈڭگۈرت تەركىبى چېكى

- گۈڭگۈرت تەركىبى 5000 ppm دىن تۆۋەن بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 5000 ppm دىن يۇقىرى بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلەتكەندە، ئاپتول ۋە سوزگۇچ ئالماشتۇرۇش ۋاقتى قىسقىراپ كېتىدۇ.

**مۇھىم: دىزېل ماتور مېيى ياكى باشقا ھەر قانداق تىپلىق سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنى دىزېل يېقىلغۇسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.**

**يېقىلغۇغا ناتوغرا خۇرۇچ ئىشلىتىش دىزېل ماتورلىرىنىڭ يېقىلغۇ پۈركەش زاپچاسلىرىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.**

DX,FUEL1 -UG-17JUN13-1/1

## دىزېل يېقىلغۇلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش

**دىققەت: ئوت ئاپىتىنىڭ خەۋپىنى ئازايتىڭ. يېقىلغۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىڭ. ماتور مېڭىۋاتقان ۋاقىتتا يېقىلغۇ باكىغا يېقىلغۇ قاچىلاش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. يېقىلغۇ باكىغا يېقىلغۇ قاچىلاۋاتقاندا ياكى يېقىلغۇ سىستېمىلىرىنى ئاسراش مەشغۇلاتى قىلىۋاتقاندا قەتئىي تاماكا چەكمەڭ.**

سۇ يىغىلىپ قېلىش ياكى سوغاق كۈنلەردە مۇزلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېقىلغۇ باكىنى ھەر كۈنلۈك مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.

يېقىلغۇ باكىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە يېقىلغۇ بىلەن تولۇق توشقۇزۇپ سۇ يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

تاشقىرىدىكى نەملىكنىڭ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېقىلغۇ باكى ئېغىزىنىڭ ھەر زامان مەھكەم ئېتىلگەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېقىلغۇدىكى سۇ تەركىبىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

بىيودىزېل يېقىلغۇسى ئىشلەتكەندە، بالدۇر توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن يېقىلغۇ سوزگۇچىنى كۆپرەپ ئالماشتۇرۇش زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن.

موتورنى قوزغىتىشتىن ئاۋال ماتور مېيى سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ. ماي سەۋىيىسىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ماتور مېيىنىڭ سۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**مۇھىم: يېقىلغۇ سوزگۇچنىڭ قالپىقى ئارقىلىق يېقىلغۇ باكىغا ھاۋا ئۆتتۇشۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سوزگۇچ قالپىقنى يەڭگۈشلەش توغرا كەلسە، پەقەت ھەقىقىي ھاۋا ئۆتتۇشتۇرىدىغان قالپاق ئىشلىتىڭ.**

ئەگەر يېقىلغۇنى ئۆزۈن مەزگىل ساقلاپ قويۇش توغرا كەلسە ياكى يېقىلغۇ ئىشلىتىش قېتىم سانى ئاز بولسا، ئۇ ھالدا يېقىلغۇ ئىچىگە سۇ يىغىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېقىلغۇغا تەگىشلىك ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. تەۋسىيە ئۈچۈن، يېقىلغۇ تەمىنلىگۈچى ياكى جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

DX,FUEL4 -UG-15FEB13-1/1

## دىزېل يېقىلغۇسىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، كانادا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۆتىدىل كۆپ قىسىم يېقىلغۇ ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ دىزېل يېقىلغۇلىرى دىزېل ماتورلىرىنىڭ توغرا مەشغۇلات قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ يېقىلغۇ پۈركەش سىستېمىسى زاپچاسلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.. لېكىن، دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان يېقىلغۇلاردا بۇنداق خۇسۇسىيەت كەمچىل.

**مۇھىم: تراكتورىڭىزغا ئىشلىتىلگەن دىزېل يېقىلغۇسى سىلىقلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.**

يېقىلغۇنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى چوقۇم ASTM D6079 ياكى ISO 12156-1 ئۆلچىمى بويىچە mm 0.45 لىق ئەڭ چوڭ ئىز دىئامېتىرلىق ئۆتكەلدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك.

ئەگەر يېقىلغۇنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى تۆۋەن ياكى سىلىقلىق دەرىجىسى نامەلۇم بولسا، ئۇ ھالدا يېقىلغۇغا جون دىئىر دىزېل يېقىلغۇسى ئاسراش خورۇچىنى (ياكى ئۇنىڭ تەڭدىشىنى) بەلگىلەنگەن مىقداردا ئارىلاشتۇرۇڭ.

**بىئودىزېل يېقىلغۇسىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى**

B20 (20%) گىچە بولغان ئارىلاشما يېقىلغۇ يېقىلغۇنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. B20 دىن ئېشىپ كەتكەن ئارىلاشما بىئودىزېل يېقىلغۇسىنىڭ يېقىلغۇ سىلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ.

DX,FUEL5 -UG-14APR11-1/1

## قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدىكى ئاسراش




A - ئاپتول تەكشۈرۈش تاياقچىسى

موتور نورمال مەشغۇلات قىلىش ئۈچۈن تەييار بولدى. ھالبۇكى، دەسلەپكى 100 سائەتلىك مەشغۇلات جەريانىدىكى تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈش موتورنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىدارى ۋە ئۆمرىگە پايدىلىق بولىدۇ. قىتلاندۇرۇش ئاپتولىنى 100 سائەتلىك مەشغۇلات ۋاقتىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ.

1. بۇ موتورغا زاۋۇتتا جون دىئىر ماركىلىق قىتلاندۇرۇش ئاپتولى قۇيۇلغان بولىدۇ. قىتلاندۇرۇش جەريانىدا موتورنى ئەڭ تۆۋەن قورۇق مېڭىش ھالىتىدە ئېغىر يۈكتە ماڭدۇرۇڭ.

2. ئەگەر موتور قورۇق ماڭغاندا، تۇراقلىق سۈرئەتتە ۋەياكى يېنىك يۈكتە ماڭغاندا ياكى دەسلەپكى 100 سائەت جەريانىدا ئاپتول تولۇقلاش زۆرۈر بولسا، قىتلاندۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش لازىم. بۇ خىل ئەھۋالدا، يېڭى جون دىئىر ماركىلىق موتور قىتلاندۇرۇش ئاپتولى ۋە جون دىئىر ماركىلىق ئاپتول سۈزگۈچ ئىشلىتىپ، يەنە 100 سائەت قىتلاندۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

**مۇھىم: ئاپتول ئۆلچەش تايىقى (A) ئۈستىدىكى ئاپتول مىقدارى «قۇيۇش» بەلگىسىدىن تۆۋەن بولمىغىچە ئاپتول تولۇقلاپ قۇيماڭ. قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە خورىغان ئاپتولنى تولۇقلاش ئۈچۈن، جون دىئىر ماركىلىق قىتلاندۇرۇش ئاپتولى (TY22041) ئىشلىتىش لازىم.**

**يېڭى موتورنى قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە ياكى چوڭ رېمونت قىلىنغان موتورغا PLUS-50® تىپلىق ئاپتول ئىشلەتمەڭ. PLUS-50™ تىپلىق ئاپتول قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە يېڭى ياكى چوڭ رېمونت قىلىنغان موتورنى مۇۋاپىق قىتلاندۇرمايدۇ.**

**مەيلى قايسى بەلگە بولسۇن، ئاپتول ئۆلچەش تايىقى ئۈستىدىكى كېسىشمە سىزىق ياكى «لىق» دېگەن بەلگىدىن يۇقىرى قىلىپ ئاپتول قۇيماڭ. كېسىشمە سىزىق ئاستىدىكى ئاپتول مىقدارى مەشغۇلات ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان ئاپتول مىقدارى دەپ قارىلىدۇ.**

3. موتورنى قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە ئاپتول مىقدارىنى كۆپرەك تەكشۈرۈڭ. بۇ مەزگىلدە ئاپتول قۇيۇش لازىم، جون دىئىر ماركىلىق قىتلاندۇرۇش ئاپتولى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

*PLUS-50 بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*

AG,OUO1011,1099 -UG-20JUL06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

*ئىزاھات: رەسىمگە تارتىش سەۋەبىدىن، يان تاختا چىقىرىۋېتىلدى.*

4. ماشىنىنى ئىشلەتكەن دەسلەپكى 20 سائەت جەريانىدا، موتورنى ئۇزۇن ۋاقىت قۇرۇق ماڭدۇرۇش ياكى ماكسىمۇم يۈك ھالىتىدە ماڭدۇرۇشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر موتور بەش مىنۇتتىن ئارتۇق قۇرۇق ماڭدىغان بولسا، موتورنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

5. دەسلەپكى 100 سائەتتىن كېيىن، ئاپتول ۋە ئاپتول سۈزگۈچنى (A) ئالماشتۇرۇڭ. سىلىقلاش ۋە ئاسراش - 250 سائەت دېگەن بۆلەكتىكى ئاپتول ۋە ئاپتول سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇش دېگەن مەزمۇننى قاراڭ. جەينەكلىك ئوقۇا پەسللىك يېپىشقاق ئاپتول قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى دىزېل ئاپتولى دېگەن مەزمۇننى قاراڭ.

*ئىزاھات: يېپىشقاقلىقى تۆۋەن بولغان ئاپتول ئىشلىتىلگەندە، ئازراق ئاپتول خوراش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئاپتول مىقدارىنى قەرەللىك تەكشۈرۈڭ.*

*ئەگەر ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10- سېلسىيە (14 فارېنگېيت) گىرادۇستىن تۆۋەن بولسا، موتور بۆلۈمچىسىنى ئىسسىتقۇچ ئىشلىتىڭ.*




A - ئاپتول سۈزگۈچ

AG,OUO1011,1099 -UG-20JUL06-2/2

## دىزېل موتورنىڭ قىتلاندۇرۇش ئاپتولى - گاز قويۇپ بېرىش دەلىللەنمىگەن ۋە دەلىللەنگەن Tier 1، Tier 2، Tier 3، Stage I، Stage II ۋە Stage III

يېڭى موتورلارغا زاۋۇتتا جون دىئىر ماركىلىق ™Break-In ياكى جون دىئىر ماركىلىق™Break-In Plus ئاپتول قۇيۇلغان. قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە، ئاپتول مىقدارىنى ئېھتىياجغا قاراپ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا جون دىئىر ماركىلىق™Break-In ياكى ™Break-In Plus تىپلىق ئاپتول قۇيۇڭ.

موتورنى ئوخشاش بولمىغان رىتىمدا، بولۇپمۇ ئېغىر يۈك يۈكلەپ قىسقا دەم ئالدۇرۇپ تۇرغۇن ماڭدۇرغاندا ماتور زاپچاسلىرىنىڭ ئۆز ئورنىغا پۇختا مۇقىملىشىشىغا زور ياردىمى بولىدۇ.

ئەگەر يېڭى موتورغا ياكى ئۆزگەرتىلگەن موتورغا جون دىئىر ماركىلىق ™Break-In ئاپتول ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇزۇن بولغاندا 100 سائەتتە ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ.

ئەگەر جون دىئىر ماركىلىق ™Break-In Plus ئاپتول ئىشلىتىلگەن بولسا، ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى ئاز بولغاندا 100 سائەتتە ئالماشتۇرۇڭ، ئۇزۇن بولغاندا جون دىئىر ماركىلىق ™Plus-50 II ياكى ™Plus-50 ئاپتولغا ئوخشاش ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇڭ.

موتور رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، موتورغا جون دىئىر ماركىلىق ™Break-In ياكى ™Break-In Plus ئاپتول قۇيۇڭ.

ئەگەر جون دىئىر ماركىلىق ™Break-Inياكى ™Break-In Plusئاپتول يوق بولسا، يېپىشقاقلىقى SAE 10W-30 ئۆلچەمگە يېتىدىغان دىزېل ئاپتولى ئىشلىتىڭ، بۇ تۆۋەندىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، ئۇزۇن بولغاندا 100 سائەتلىك مەشغۇلاتتىن كېيىن ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ:

- API مۇلازىمەت دائىرىسى CE
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CD
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CC
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E2
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E1

**مۇھىم: يېڭى ياكى قايتىدىن ئۆزگەرتىلگەن موتورنىڭ دەسلەپكى قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە ™Plus-50 II، ™Plus-50، ئاپتول ئىشلەتمەڭ:**

| | |
|---|---|
| **API CJ-4** | **ACEA E9** |
| **API CI-4 PLUS** | **ACEA E7** |
| **API CI-4** | **ACEA E6** |
| **API CH-4** | **ACEA E5** |
| **API CG-4** | **ACEA E4** |
| **API CF-4** | **ACEA E3** |
| **API CF-2** | |
| **API CF** | |

**بۇ ئاپتوللار موتورنى مۇۋاپىق قىتلاندۇرمايدۇ.**

™John Deere Break-In Plus ماتور مېيىنى ھەرقانداق تىپتىكى جون دىئىر دىزېل موتورلىرىغا، بارلىق كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن ھالەتتە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدىن كېيىن، جون دىئىر ماركىلىق ™Plus-50 II، ™Plus-50ئاپتول ياكى بۇ قوللانمىدا تەۋسىيە قىلىنغان باشقا ئاپتول ئىشلىتىڭ.

*Break-In بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*
*Break-In Plus بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*
*Plus-50 بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

DX,ENOIL4 -UG-15MAY13-1/1

## دىزېل ئاپتولنىڭ ئاسراش ئىنتېرۋالىنى ئۇزارتىش - گاز قويۇپ بېرىش دەلىللەنمىگەن ۋە دەلىللەنگەن Tier 1 ۋە Stage I

جون دىئىر ماركىلىق Plus-50™ II ياكى جون دىئىر ماركىلىق Plus-50™ تىپلىق ئاپتول ۋە بەلگىلەنگەن جون دىئىر ماركىلىق سۈزگۈچ ئىشلىتىلگەندە، ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاسراش ئىنتېرۋالى 50% ئاشىدۇ، بىراق ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 500 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

ئاپتول ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئاپتولنىڭ ھالىتىنى باھالاپ، ئانالىز نەتىجىسىگە ئاساسەن ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئاسراش ئىنتېرۋالى بېكىتىلىدۇ. ماتور مېيىنى ئانالىز قىلىش توغرىسىدا تەخمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

مەشغۇلات سائىتى تەلەپ قىلغان ئاسراش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش ۋاقىت چەكلىمىسىگە تېخى يەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەر 12 ئايدا بىر قېتىم چوقۇم ماتور مېيىنى ۋە ماي سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

ACEA E9، ACEA E7، ACEA E6، ACEA E5، ACEA E4 مايلىرىنى جون دىئىرنىڭ مەخسۇس ماي سۈزگۈچلىرى بىلەن ئىشلەتكەندە، ماتور مېيىنى ئانالىز قىلىپ نەتىجىسىگە ئاساسەن ماي يەڭگۈشلەش ۋە ماي سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇش دەۋرىنى 50% ئۇزارتىش مۇمكىن، لېكىن بۇ ۋاقىت ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ 500 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئەگەر جون دىئىر ماركىلىق Plus-50™ II ياكى جون دىئىر ماركىلىق Plus-50™، ACEA E9، ACEA E7، ACEA E6، ACEA E5 ياكى ACEA E4 ئاپتول ئىشلىتىلگەندە، بىراق بەلگىلەنگەن جون دىئىر ماركىلىق سۈزگۈچ ئىشلىتىلمىگەندە، ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى نورمال ئاسراش مۇددىتى بويىچە ئالماشتۇرۇڭ.

ئەگەر John Deere Torq-Gard™ API CJ-4، API CI-4 PLUS، API CI-4، API CH-4، ACEA E3 ئاپتول ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئاپتول بىلەن ئاپتول سۈزگۈچنى نورمال ئاسراش دەۋرى ئىچىدە ئالماشتۇرۇش كېرەك.

ئەگەر API CG-4، API CF-4، ACEA E2 ئاپتول ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئاپتول ۋە ئاپتول سۈزگۈچنى نورمال ئاسراش دەۋرى يېرىم بولغاندا ئالماشتۇرۇڭ.

**مۇھىم: موتور كاشىلىسى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن:**

- **ئاربىلاشما نىسبىتى B20 دىن يۇقىرى بولغان بىيودىزېل ئىشلەتكەندە، ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش (ئاسراش ئىنتېرۋالى) ۋاقتى 50% قىسقىرايدۇ. مايىنى ئانالىز قىلىپ نەتىجىسىگە ئاساسەن ئاسراش مەشغۇلات دەۋرىنى ئۇزارتىش مۇمكىن.**
- **چوقۇم تىپلىرى ئېنىق ئېرىشكەن ئاپتول ئىشلىتىڭ.**

*Plus-50 بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*
*Torq-Gard جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

DX,ENOIL6 -UG-15JUN10-1/1

## دىزېل ئاپتول - دىزېل ئاپتول - گاز قويۇپ بېرىش دەلىللەنمىگەن ۋە دەلىللەنگەن Tier 1 ۋە Stage I




*ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ كېلىدىغان مايىنىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى*

**ئەڭ ياخشىسى يېپىشقاقلىق دەرىجىسى كۆپ خىل بولغان دىزېل ماتور مايلىرىنى ئىشلىتىش لازىم.**

دىزېل يېقىلغۇنىڭ سۈپىتى بىلەن يېقىلغۇنىڭ گۆڭگۈرت مىقدارى چوقۇم ماتور مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان رايوننىڭ يەرلىك كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

ئەگەر گۆڭگۈرت تەركىبى 5000 mg/kg (5000 ppm) دىن يۇقىرى بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىلسە، ئاسراش دەۋرىيلىكنى 50% قىسقارتىڭ.

گۆڭگۈرت تەركىبى ھەر كىلوگرامدا 10000 مىللىگرامدىن (10000 ppm) ئېشىپ كەتكەن دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلەتمەڭ.

مايىنىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسنى ماي يەتكۈزۈلگەن ئارىلىقدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا تاللاڭ.

**ئەڭ ياخشىسى مېيىنى John Deere Plus-50™ II ئىشلىتىش كېرەك.**

John Deere Plus-50™ مۇ تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

باشقا خىلدىكى مايلار ئەگەر تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە لايىق بولسا ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- John Deere Torq-Gard™
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CJ-4
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CI-4 PLUS
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CI-4
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CH-4
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CG-4
- API مۇلازىمەت دائىرىسى CF-4
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E9
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E7
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E6
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E5
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E4
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E3
- ACEA ماي يۈرۈشلۈكلىرى E2

ئەگەر API CG-4، API CF-4، ياكى ACEA E2 ئۆلچەملىرىگە لايىق مايلار ئىشلىتىلگەن بولسا، ئاسراش دەۋرىيلىكنى 50% قىسقارتىڭ.

*Plus-50 II جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*
*Torq-Gard جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*

DX,ENOIL -UG-15JUN10-1/1

## CoolScan™ ۋە Oilscan™






Oilscan (سىلىقلاشتۇرۇش مېيى تەكشۈرگۈچ)™ ۋە CoolScan (سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى تەكشۈرگۈچ)™ ئارقىلىق ماشىنىنىڭ ئىقتىدارىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرالايسىز ۋە مەسىلىلەرنى ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ بايقىيالايسىز.

سىلىقلاشتۇرۇش مېيى ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى تەۋسىيە قىلىنغان يەڭگۈشلەش مۇددىتى توشۇشتىن ئاۋال ئەۋرىشكە ئېلىنىپ تەكشۈرۈلۈشى لازىم.

جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ Oilscan™ ۋە CoolScan™ يۇرۇشلۇك بوغچىسى بارمۇ-يوق سوراشتۇرۇڭ.

*Oilscan جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*
*CoolScan جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

DX,OILSCAN -UG-13SEP11-1/1

## گىدراۋلىك-گىدروستاتىك ئاپتول

مايىنىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسىنى ماي يەڭگۈشلەش ئارىلىقىدىكى هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگۈرۈش ئەھۋالىغا مۇناسىپ هالدا تاللاڭ.




ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى مايلارنى ئىشلىتىش كېرەك:

- جون دىئېر ماركىلىق HY-GARD®
- جون دىئېر ماركىلىق يېپىشقاقلىقى تۆۋەن HY-GARD®

باشقا خىلدىكى مايلار ئەگەر تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە لايىق بولسا ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- جون دىئېر ئۆلچىمى JDM J20C
- جون دىئېر ئۆلچىمى JDM J20D

بىيودېگراتسىيەلىك سۈيۈقلۇق زۆرۈر بولغاندا، تۆۋەندىكى ئاپتولنى ئىشلىتىڭ:

- جون دىئېر ماركىلىق

*HY-GARD بولسا جون دىئېر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*
*BIO-HY-GARD بولسا جون دىئېر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

NX,OM530,OIL -UG-09DEC96-1/1

## خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىقلاش مېيى




**مۇهىم: خوت سىلىقلاش مېيىنى SCL خۇرۇچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئۇپراش ئېغىرلاپ كېتىدۇ ھەمدە خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى زەخمىگە ئۇچرايدۇ. خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىغا خوت سىلىقلاش مېيىنى SCL خۇرۇچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەڭ.**

ئېقتىسادىي ئىنتېرۋالى جەريانىدىكى هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، تېمپېراتۇرا جەدۋىلىدە كۆرسىتىلگەن ئاپتول يېپىشقاقلىقىدىن پايدىلىنىڭ.

جون دىئېر ماركىلىق 85W/140 API GL-5 تىپلىق خوت ئاپتولى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر باشقا تىپتىكى ئاپتول ئىشلىتىلسە، ئۇلار تۆۋەندىكى ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم:

- API مۇلازىمەت دائىرىسى GL-5
- ھەربىي ئۆلچەم mIL-L-2105C

AG,OUO1011,1102 -UG-07SEP99-1/1

## دىزېل موتور سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى

ماتور سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ماتور سىلىندىر قېپىنىڭ داتلىشىپ قېلىشى ياكى ئۇپرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە شۇنداقلا قىش پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا يەتكىچە 37°C- (34°F-) ماتوردا مۇز تۇتۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

**تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ئۈچۈن، جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD ئىشلىتىش ياخشىراق.**

ئەگەر جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD تىپلىق سوۋۇتقۇچ يوق بولسا، تۆۋەن سىلىكاتلىق ئېتىل گلىكول ياكى پروپىلېن گلىكول سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىڭ، سۈپەتلىك سۇ بىلەن 50% قويۇقلۇقتا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىڭ.

سوۋۇتقۇچنىڭ (سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ) قويۇقلۇقىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسا سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىكى چويۈن ۋە ئاليۇمىن زاپچاسلارنىڭ كاۋاكلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD تىپلىق ئاپتول بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**توڭلاشتىن مۇداپىئەلىنىش**

50% ئېتىل گلىكول ئارىلاشتۇرۇلغان موتور سوۋۇتقۇچ نۆلدىن تۆۋەن 37 سېلسىيە گرادۇستا توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

50% پروپىلېن گلىكول ئارىلاشتۇرۇلغان موتور سوۋۇتقۇچ نۆلدىن تۆۋەن 33 سېلسىيە گرادۇستا توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن تېمپېراتۇردا ماتورنى قانداق قوغداش توغرىسىدا جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

**سۇ سۈپىتى**

سۇنىڭ سۈپىتى سوۋۇتۇش سېستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېتىل گلىكول ۋە پروپىلېن گلىكوللۇق قويۇلدۇرۇلغان سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا سۇ ئارىلاشتۇرغاندا دىستىللەنگەن سۇ، ئىئونسىزلاندۇرۇلغان سۇ ياكى مىنېرال سۇ ئارىلاشتۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

**مۇھىم: سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا ھىملاش خۇرۇچى ياكى تەركىبىدە ھىملاش خۇرۇچى بار بولغان توڭلاشتىن ساقلاش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.**

**مۇھىم: ئېتىل گلىكول ۋە پروپىلېن گلىكوللۇق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.**

DX,COOL8 -UG-16NOV01-1/1

## تولۇقلىما سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خۇرۇچى

بەزى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خۇرۇچلىرى ماتور مەشغۇلات قىلىش جەريانىدا تەدرىجى خوراپ تۈگەپ كېتىدۇ. نىتراتلىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرىغا سۇيۇقلۇقى ئانالىزى ئارقىلىق بېكىتىلگەن خۇرۇچنى سۇيۇقلۇق يەڭگۈشلەش دەۋرى ئىچىدە ۋاقتى-ۋاقتىدا تولۇقلاپ تۇرۇڭ.

John Deere Liquid Coolant Conditioner نىتراتلىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا تولۇقلىما خۇرۇچ سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

John Deere Liquid Coolant Conditioner نى John Deere COOL-GARD™ II Premix، COOL-GARD II PG Premix ياكى COOL-GARD II Concentrate قاتارلىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**مۇھىم: سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى يەڭگۈشلىگەندە، ئەگەر تۆۋەندىكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى توشقۇزۇلماقچى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارغا ھەرقانداق تولۇقلىما خۇرۇچ قېتىشقا بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى سۇيۇقلۇقلار:**

- **جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD II**
- **جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD II PG**

ئەگەر باشقا خىلدىكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى ئىشلىتىلسە، شۇ سۇيۇقلۇقنى ئىشلەپ چىقارغان زاۋۇتتىن قايسى خىلدىكى تولۇقلىما سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خۇرۇچى ئىشلەتسە توغرا بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەت سوراڭ.

ئەگەر سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا تەۋسىيە قىلىنمىغان تولۇقلىما سوۋۇتۇش سۇيۇقلىقى خۇرۇچى قېتىلسا، ئۇ ھالدا خۇرۇچ سىڭمەسلىك، سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قېتىشىپ قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرىلىدۇ.

شۇڭا چوقۇم سۇيۇقلۇق ئىشلەپ چىقارغان زاۋۇت تەۋسىيە قىلغان تولۇقلىما سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خۇرۇچى ئىشلىتىش لازىم. تەۋسىيە قىلىنغاندىن ئارتۇق مىقداردا خۇرۇچ قاتماڭ.

*COOL-GARD جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*

DX,COOL4 -UG-14APR11-1/1

## ئىسسىق ھاۋا كىلىماتىدا مەشغۇلات قىلىش

جون دىئىر موتورلىرى تەۋسىيە قىلىنغان موتور سوۋۇتقۇچ ئىشلىتىپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.

دائىم تەۋسىيە قىلىنغان موتور سوۋۇتقۇچ ئىشلىتىڭ، ھەتتا توڭلاشتىن مۇداپىئەلىنىش تەلەپ قىلىنمايدىغان جۇغراپىيەلىك رايونلاردا مەشغۇلات قىلغاندىمۇ شۇنداق قىلىڭ.

**مۇھىم: *پەقەت ۋە پەقەت جىددى ئەھۋاللاردىلا* سۇنى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.**

**سۇنى سوۋۇتقۇچ ئورنىدا ئىشلەتكەندە، ھەتتا سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قوشۇلغاندىمۇ، كۆپۈكچە، ئاليۇمىن يۈزى قىزىش ۋە مېتال چىرىش، تارىيىش ۋە كاۋاكلىشىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ.**

**سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىپ تەۋسىيە قىلىنغان موتور سوۋۇتقۇچ قۇيۇڭ.**

DX,COOL6 -UG-15MAY13-1/1

## دىزېل موتور سوۋۇتقۇچ ھەققىدىكى قوشۇمچە ئۇچۇر ۋە جون دىئىر ماركىلىق سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ

موتور سوۋۇتقۇچ بولسا ئۈچ خىل خىمىيەلىك تەركىبنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت، يەنى: ئېتىل گلىكول ياكى پروپىلېن گلىكول توڭلاشتىن ساقلاش سۇيۇقلۇقى، چىرىشتىن ساقلاش سوۋۇتقۇچ خورۇچى ۋە سۈپەتلىك سۇ.

### سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمى

بەزى مەھسۇلاتلار، يەنى جون دىئىر ماركىلىق ™COOL-GARD ئالدىن تەڭشەلگەن سوۋۇتقۇچ قاتارلىقلار رېتسىپ بويىچە تەڭشەلگەن سوۋۇتقۇچ بولۇپ، ئۇ توغرا قويۇقلۇقتا ئارىلاشتۇرۇلغان بارلىق ئۈچ خىل تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD Premix سۇيۇقلۇقىغا قوشۇمچە سوۋۇتقۇچ خورۇچى ياكى سۇ قوشماڭ.

جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD Premix سۇيۇقلۇقى تەركىبىدە ئېتىل گلىكول ۋە چىرىشتىن ساقلاش سوۋۇتقۇچ خورۇچى بار. COOL-GARD سۇيۇقلۇقىنى سۈپەتلىك سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇڭ، بىراق قوشۇمچە سوۋۇتقۇچ خورۇچى قوشماڭ.

### سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خورۇچى تولۇقلاش

بەزى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خورۇچلىرى ماتور مەشغۇلات قىلىش جەريانىدا تەدرىجى خوراپ تۈگەپ كېتىدۇ. قەرەللىك ھالدا چىرىشتىن ساقلىنىش سۇيۇقلۇقى تولۇقلاش زۆرۈر بولىدۇ، ھەتتا جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD Premix، COOL-GARD ياكى COOL-GARD PG Premix ئىشلىتىلگەن تەقدىردىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
قوشۇمچە سوۋۇتقۇچ خورۇچىنى ئىشلىتىش ھەققىدە، بۇ قوللانمىدىكى تەۋسىيەلەر بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.

### نېمە ئۈچۈن جون دىئىر ماركىلىق سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ ئىشلىتىمىز؟

مۇۋاپىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خورۇچى ئىشلەتمەي تۇرۇپ مەشغۇلات قىلغاندا، سىلىندىرنىڭ چىرىشى تېزلىشىدۇ، نەتىجىدە ماتور ۋە سوۋۇتۇش سىستېمىسى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئېتىل گلىكول ياكى پروپىلېن گلىكولنى ئاددىي يوسۇندا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش بىلەنلا زۆرۈر بولغان قوغداش ئۈنۈمى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

جون دىئىر ماركىلىق سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ بولسا بىر خىل خورۇچ سىستېمىسى بولۇپ، تەركىبىدە نىترات بار بولغان جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD Premix، COOL-GARD ۋە COOL-GARD PG Premix قاتارلىق دىزېل موتور سوۋۇتقۇچ ئىشلەتكەندە چىرىشنى ئازايتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. جون دىئىر ماركىلىق COOL-GARD سوۋۇتقۇچنى جون دىئىر ماركىلىق سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ بىلەن بىللە ئىشلەتكەندە 5 يىل ياكى 5000 سائەتلىك مەشغۇلات جەريانىدا ئەڭ ياخشى قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ.

### ئاپتوموبىلغا قوللىنىدىغان سوۋۇتۇش سۇيۇقلىقىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىڭ

ئاپتوموبىلغا قوللىنىدىغان سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى (مەسىلەن ASTM D3306 ئۆلچىمىگە چۈشىدىغان) قەتئىي ئىشلەتمەسلىك لازىم. بۇنداق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرىغا ئېغىر تىپلىق دىزېل ماتورنى ئاسرايدىغان خورۇچلار قوشۇلمىغان. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى سىلىكات بار بولۇپ، موتورنى ياكى سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئاپتوموبىلدا ئىشلىتىلىدىغان موتور سوۋۇتقۇچنى قوشۇمچە سوۋۇتقۇچ خورۇچى بىلەن ئارىلاشتۇرماڭ، چۈنكى يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى خورۇچ چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ.

### سۇنىڭ سۈپىتى

سۇنىڭ سۈپىتى سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېتىل گلىكول ۋە پروپىلېن گلىكوللۇق قويۇلدۇرۇلغان سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا سۇ ئارىلاشتۇرغاندا دىستىللەنگەن سۇ، ئىئونسىزلاندۇرۇلغان سۇ ياكى مىنېرال سۇ ئارىلاشتۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. سوۋۇتۇش سىستېمىسىدا ئىشلىتىلگەن بارلىق سۇ سۈپەت جەھەتتە تۆۋەندىكى تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە يېتىشى لازىم:

| | |
|---|---|
| خلورىد مىقدارى | <40 mg/L |
| سۇلفات مىقدارى | <100 mg/L |
| تولۇق ئېرىگەن قاتتىق ماددىلار مىقدارى | <340 mg/L |
| سۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى | <170 mg/L |
| pH قىممىتى | 5.5-9.0 غىچە |

### توڭلاشتىن ساقلاش

ماتور سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا قېتىلغان سۇ ۋە گلىكول نىسبىتىنىڭ قانداق بولۇشى توڭلاشتىن ساقلاش دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

| ئېتىل گلىكول نىسبىتى | توڭلاشتىن ساقلاش چېكى |
|---|---|
| 40% | -24°C (-12°F) |
| 50% | -37°C (-34°F) |
| 60% | -52°C (-62°F) |
| **پروپىلېن گلىكول نىسبىتى** | **توڭلاشتىن ساقلاش چېكى** |
| 40% | -21°C (-6°F) |
| 50% | -33°C (-27°F) |
| 60% | -49°C (-56°F) |

سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ۋە سۇ ئارىلاشمىسىغا قېتىلىدىغان ئېتىلىن گلىكول ياكى پروپىلېن گلىكول نىڭ نىسبىتىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 60% دىن قەتئىي ئاشۇرۇۋەتمەڭ.

*COOL-GARD بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*

DX,COOL7 -UG-03NOV08-1/1

## دىزېل ماتور سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش

سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىدىكى گلىكول ۋە خورۇچلارنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەلگەن بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ماتور ۋە سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى توڭلاپ قېلىشتىن ۋە چىرىپ كېتىشتىن ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم.

سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئارىلاشمىسىنى نورمالدا ھەر 12 ئايدا بىر قېتىم، ياكى سۇيۇقلۇق ئېقىپ كېتىش ياكى ھەددىدىن زىيادە قىزىپ كېتىش تۈپەيلى خوراپ كەتكەن ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

### سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى سىناق قەغىزى

سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى سىناق قەغىزىنى جون دىئىر سودىگىرىدىن سېتىۋالالايسىز. سىناق قەغىزى ئارقىلىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ توڭلاش نۇقتىسى ۋە ئۇنىڭغا قېتىلغان خورۇچنىڭ نىسپىتى قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىپ چىقالايسىز.

### John Deere COOL-GARD II نى ئىشلەتكەندە

سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا پەقەت ۋە پەقەت John Deere COOL-GARD II Premix ياكى COOL-GARD II PG Premix سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇلغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، John Deere COOL-GARD II Premix™ ۋە COOL-GARD II PG Premix COOL-GARD II Concentrate سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرىنى ئالتە يىلغىچە ياكى 6000 مەشغۇلات سائىتىگە قەدەر ئىشلىتىشكە بولىدۇ. John Deere COOL-GARD II سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن قوللىنىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن سىناق قەغىزىنى ئىشلىتىپ يىلدا بىر قېتىم سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ھالىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. ئەگەر سىناق قەغىزى سىناق نەتىجىسى جەدۋەلگە ئاساسەن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خورۇچى تولۇقلاشقا ئىشارەت قىلسا، ئۇ ھالدا Deere COOL-GARD II Coolant Extender خورۇچىنى بەلگىلەنگەن مىقداردا تولۇقلاڭ.

John Deere COOL-GARD II Coolant Extender خورۇچىنىڭ قويۇقلۇقىنى تەۋسىيە قىلىنغان دەرىجىدە تەڭشىگەندىن كېيىن ئاندىن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا ئارىلاشتۇرۇڭ. تەۋسىيە قىلىنغاندىن ئارتۇق مىقداردا خورۇچ قاتماڭ.

### نىتراتلىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەتكەندە

سىناق قەغىزدە كۆرسىتىلگەن نەتىجىنى تولۇقلىما سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى خورۇچى (SCA) جەدۋىلىگە قاراپ سېلىشتۇرۇپ، قانچىلىك مىقداردا خورۇچ تولۇقلاش لازىملىقىنى ۋە جون دىئىر سۇيۇق سۇۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچنى تولۇقلاشنىڭ ھاجىتى بار يوقلۇقىنى بېكىتىڭ.

جون دىئىر سۇيۇق سۇۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ خورۇچنىڭ قويۇقلۇقىنى تەۋسىيە قىلىنغان دەرىجىدە تەڭشىگەندىن كېيىن ئاندىن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىغا ئارىلاشتۇرۇڭ. تەۋسىيە قىلىنغاندىن ئارتۇق مىقداردا خورۇچ قاتماڭ.

### سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى ئانالىز قىلىش

سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى ھەر تەرەپلىمە باھالاش ئۈچۈن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئانالىزى ئېلىپ بېرىڭ. سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئانالىزى ئارقىلىق توڭلاش نۇقتىسى، تۇپلاشتىن قوغداش دەرىجىسى، pH قىممىتى، ئىشقارلىق دەرىجىسى، نىترات (كاۋاكلىششتىن ساقلاش خورۇچى) مىقدارى، مولىبدات (داتلىششنى چەكلەش خورۇچى) مىقدارى، سىلىكات مىقدارى، چىرىغان مېتال مىقدارى ۋە سۇيۇقلۇقنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى قاتارلىق مۇھىم مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى ئانالىز قىلىش توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

*COOL-GARD جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

DX,COOL9 -UG-11APR11-1/1

## تېرىش دەستىسى ۋە ئۇرچۇق سىلىقلاش مېيى

**مۇھىم: يېتەرلىك سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىلمىسە، قوزغىتىش ياخشى بولماسلىق، بالدۇر ئۇپراش، يۇقۇندا يېغىلىپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، ئوققازان، كېيدۇرمە نەيچە ۋە ئۇرچۇق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يېتەرلىك سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىڭ.**

جون دىئىر ماركىلىق ئۇرچۇق مېيى كۆچلۈك تەۋسىيە قىلىنىدۇ، ھەممە بۇ جون دىئىر ماركىلىق پاختا تېرىش ماشىنىسىدا ئىشلىتىش تەستىقلانغان ماي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باشقا ماي ئىشلىتىشكە بولىدۇ، براق ئۇلار JDN360 تېخنىكىلىق ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. جون دىئىر ماركىلىق ئۇرچۇق مېيى بۇ ئەڭ تۆۋەن تېخنىكىلىق ئۆلچەمدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئۇ پاختا تېرىش ماشىنىسىنى ئەڭ ياخشى قوغدايدۇ ۋە ئۇپراشقا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدىلىكى، داتلىششنى ئازايتىش ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا نورمال قوزغىلىش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

| تۈرلەر | قاچا چوڭلۇقى |
|---|---|
| AN113719 تېپلىق جون دىئىر ماركىلىق ئۇرچۇق سىلىقلاش مېيى | 15.9 kg (35 lb) |
| AN31360 تېپلىق جون دىئىر ماركىلىق ئۇرچۇق سىلىقلاش مېيى | 54.4 kg (120 lb) |
| AN31361 تېپلىق جون دىئىر ماركىلىق ئۇرچۇق سىلىقلاش مېيى | 186 kg (410 lb) |

NXD8,M997650,J1 -UG-14JUL06-1/1

## سىلىقلاش مېيى

NLGI ئۆلچەم نومۇرىغا قاراپ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ كېلىدىغان سىلىقلاشتۇرۇش مېيىنى تاللاپ ئىشلىتىڭ.

**John Deere SD Polyurea Grease سىلىقلاشتۇرۇش مېيىنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.**

تۆۋەندىكى سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- جون دىئىر HD لىتىي كومپلېكس سىلىقلىغۇچ
- جون دىئىر HD سۇ ئۆتمەس سىلىقلىغۇچ
- GREASE-GARD™ John Deere

باشقا خىلدىكى سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى ئەگەر تۆۋەندىكى ئۆلچەمگە چۈشسە ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- NLGI ئىقتىدار تۈردىكى GC-LB

**مۇھىم: سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىشى ۋە بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ماي ئىشلەپ چىقارغان زاۋۇتتىن مەسلىھەت سوراڭ.**




*ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ كېلىدىغان سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى*

*GREASE-GARD جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

DX,GREA1 -UG-14APR11-1/1

## قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىنىڭ سىلىقلاش مېيى-ماي تىپى

**مۇھىم: تەۋسىيە قىلىنمىغان سىلىقلاش مېيى ئىشلەتكەندە، قوزغالغاندا تولغىنىش مومېنتى يۇقىرى بولۇپ كېتىش، تېز ئۇپراش، يۇقۇندا يىغىلىپ قېلىش ۋە دېتاللار بۇزۇلۇش قاتارلىق مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. دائىم تەۋسىيە قىلىنغان ئاسراش ئىنتېرۋالى بويىچە ئىش قىلىڭ.**

قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقى زاۋۇتتىن ئەۋەتىلىدۇ، ئۇنىڭغا جون دىئىر ماركىلىق HY-GARD® JDM J2OC ئاپتول قۇيۇلىدۇ. قۇر قۇرلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىغا ئاپتول قۇيغاندا ياكى قايتا قۇيغاندا، پەقەت HY-GARD تىپلىق ئاپتول ئىشلىتىڭ.

*HY-GARD بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*

OUO6043,000144C -UG-04JUN01-1/1

## باشقا خىلدىكى سۈنئىي سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى

بەزى جۇغراپىيىلىك رايونلاردا قوللىنىشقا تېگىشلىك سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى بۇ قوللانمىدا كۆرسىتىلگەندىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن.

بەزى جون دىئىر ماركىلىق سوۋۇتۇش ۋە سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى بەلكىم سىز تۇرۇشلۇق جايدا سېتىلماسلىقى مۇمكىن.

جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالاقىدار ئۇچۇر ۋە مەسلىھەت سوراڭ.

سۈنئىي سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى ئەگەر بۇ قوللانمىدا كۆرسىتىلگەن تەلەپلەرگە لايىق بولسا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بۇ قوللانمىدا كۆرسىتىلگەن تېمپېراتۇرا چەكلىمىسى ۋە ئاسراش مۇددىتى بەلگىلىمىلىرى ئەنئەنىۋي يوسۇندا ۋە سۈنئىي يوسۇندا ئىشلەپ چىقىرىلغان سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سۈنئىي سىلىقلاشتۇرۇش مەھسۇلاتلىرى ئەگەر ئالاقىدار تەلەپلەرگە لايىق بولسا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

DX,ALTER -UG-11APR11-1/1

## سىلىقلاش مېيىنى ساقلاش

پەقەت پاكىز سىلىقلاشتۇرۇش مېيى ئىشلەتكەندىلا ئاندىن ماشىنىڭىزنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنى پاكىز تۇڭلارغا قاچىلاپ ساقلاڭ.

سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرىنى ۋە ماي تۇڭلىرىنى توپا-چاڭ، نەملىك ۋە باشقا خىلدىكى بۇلغىنىش مەنبەلىرىدىن يىراق ساقلاڭ. ماي ساقلانغان ئورۇندا سۇ ۋە مەينەت نەرسىلەرنىڭ يىغىلىپ قىلىشىدىن ساقلىنىڭ.

تۇڭلارنىڭ ئۈستىگە ئېچىگە نېمە قاچىلانغانلىقىنى ئېنىق يېزىپ بەلگە چاپلاپ قويۇڭ.

ئىشلىتىپ بولغان كونا ماي تۇڭلىرىنى ۋە ئېشىپ قالغان قالدۇق كونا مايلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىڭ.

DX,LUBST -UG-11APR11-1/1

## كېرەكسىز ماددىلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىڭ



كېرەكسىز ئەخلەتلەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا مۇھىتقا ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ. جون دىئر ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەتكەندە ھاسىل بولىدىغان زىيانلىق ئەخلەتلەر ماي، يېقىلغۇ، سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى، تورموز سۇيۇقلۇقى، سۈزگۈچ ۋە ئاككۇمۇلياتور قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۇيۇقلۇقنى ئاقمايدىغان قۇتىلارغا قاچىلاڭ. باشقىلار خاتا تونۇۋېلىپ ئىچىۋالماسلىقى ئۈچۈن سۇيۇقلۇقلارنى تاماق ياكى ئىچىملىك قاچىلايدىغان بوتۇلكىلارغا قاچىلىماڭ.

كېرەكسىز ماددىلارنى تۆپراققا، يەر ئاستى سۇ يوللىرىغا ياكى ھەرقانداق بىر سۇ مەنبەسىگە تۆكۈپ سالماڭ.

ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ سوۋۇتقۇچ خۇرۇچى سىرتقا ئېقىپ چىقسا، يەر شارىنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىنى بۇزىدۇ. ھۆكۈمەت ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ئىشلىتىپ تۈگىگەن ھاۋا تەڭشىگۈچ خۇرۇچىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن مەخسۇس ھاۋا تەڭشىگۈچ مۇلازىمەت

مەركەزلىرىدە ئايرىپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئۇنى شۇ يەردە بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

كېرەكسىز ماددىلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يەرلىك مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى، تەكرار پايدىلىنىش مەركەزلىرى، ياكى جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

DX,DRAIN -UG-03MAR93-1/1

## كېرەكسىز بالونلار

كېرەكسىز بالونلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش قانۇنغا خىلاپ ئىش. بالونلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇشقا ۋە بىنالاردا ئوت يېقىشقا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بالونلارنى جىلغىلارنى تولدۇرۇشقا، سۇ ۋە ئېقىنلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

كېرەكسىز بالونلارنى رۇخسەت قىلىنغان تاشلاندۇق نەرسىلەرنى كۆمۈۋېتىش ئورۇنلىرىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. كۆمۈۋېتىش ئورنىغا ئاپىرىشتىن بۇرۇن، بۇ بالونلار بىر تەرەپ

قىلىنىشى (ئۇششاق پارچىلىنىشى ياكى تۆت پارچە قىلىنىشى لازىم) لازىم. تاشلاندۇق نەرسىلەرنى كۆمۈۋېتىش ئورۇنلىرىغا تېلېفون بېرىپ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى بىلىۋېلىڭ.

ئەگەر يېقىن ئەتراپتا قايتا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى بار بولسا، كېرەكسىز بالونلارنى قايتا بىر تەرەپ قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بالونلارنى ئېرىقلارنىڭ بويلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دۆلەتلىك باج ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرسەتمە ئېلىڭ.

OUO6043,00014E7 -UG-09OCT01-1/1

## سىلىقلاش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋالى

كۆرسىتىلگەن ئىنتېرۋال ئىچىدە تەكشۈرۈڭ، تازىلاڭ ھەمدە سىلىقلاڭ. بۇ بۆلەكتىكى ئورۇن، كۆرسەتمە ۋە ئۆلچەملەرگە قاراڭ.

OUO6043,0001558 -UG-25OCT01-1/1

## ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى

| | ئىنتېرۋالى | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاسراش (تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش) | ھەربىر سىۋەت | 10 سائەت | 50 سائەت | 100 سائەت | 250 سائەت | 400 سائەت | ھەر يىل | 600 سائەت | ھەر 2 يىل | 2000 سائەت |
| ئەگەر زۆرۈر بولسا، تۈلۈق، سۈمۈرۈش ئېغىزىنىڭ ئىچكى تەرىپى ۋە نەمدەش تۈۋرۈكنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. | • | | | | | | | | | |
| رادىياتور سېتكىسىنىڭ سىرتقى قىسمىنى تازىلاڭ. | • | | | | | | | | | |
| موتور ۋە شامالدۇرغۇچ ئۈستىدە يىغىلىپ قالغان پاختا بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تەلەپ بويىچە تازىلاڭ. | • | | | | | | | | | |
| ئىچكى ئارقا قۇرۇلمىنىڭ ئېغىزىنى تازىلاڭ. | • | | | | | | | | | |
| ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ (موتور، گىدراۋلىك، گىدروستاتىك سىستېما). | | • | | | | | | | | |
| يېقىلغۇ سۈزگۈچنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ ھەمدە تازىلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| قۇرۇلما خوت ساندۇقىنىڭ ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| سوۋۇتقۇچ مىقدارى ۋە تاشقان سۇنى ئېقىتىش نەيچىلىرىنى تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| تۈلۈق سېتكىسى ۋە سوۋۇتۇش ئۆزىكىنى تازىلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| ئاساسىي كابىنكىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش سۈزگۈچنى تازىلاڭ- ئەگەر چاڭ-توزانلىق مۇھىتتا ئىشلىتىلسە. | | • | | | | | | | | |
| كابىنكىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش سۈزگۈچنى تازىلاڭ-ئەگەر چاڭ- توزانلىق مۇھىتتا ئىشلىتىلسە. | | • | | | | | | | | |
| تېرىش دەستىسى، چىشلىق چاق، ئۈستۈنكى يېتەكچى قۇرۇلما ۋە دوقا ئوق يوللىرىنى مايلاڭ. ماشىنىنىڭ سىلىقلاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىڭ. | | • | | | | | | | | |
| قۇرۇلما يېتەكچى ئوقلىرىدىكى تېلېسكوپىك ئوقنى سىلىقلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| نەملىگۈچنىڭ سۈزۈش تورى ۋە پۈركۈش ئېغىزىنى تازىلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| تۈلۈقنىڭ ئەتراپىنى، نەمدەش تۈۋرۈكنى، سۈمۈرۈش ئېغىزىنى، قۇرۇلمىنىڭ تۈلۈقنى، كۇنۇپكا ۋە تېرىش دەستىسىنىڭ ئارقا تەرىپىنى تازىلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| سىۋەت، چوتكىلاش دەستىسى، ئېغىز سېنزورى، ئاستىنقى سىۋەت، ئۆزارتقۇچ ۋە چىڭداش بۇرغىسىنىڭ كۈچ ئۆزتىش قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش ئوقىنىڭ ئوققازىنىنى مايلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| سىۋەت ئۆزتىش قۇرۇلمىسى ۋە ئېغىز زەنجىرىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| موتور، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ سېتكىسى، پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ روتورى، گىدرو مودۇل، خوت، ئاستىنقى ئۈسۈملۈك تاختىسى ۋە كابىنكىنىڭ ھاۋا كىرگۈزۈش سېتكىسىدىكى چىگىت ۋە ئەخلەتلەرنى تازىلاڭ. | | • | | | | | | | | |

OUO6043,0001559 -UG-25SEP06-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| | ئىنتېرۋال | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **ئاسراش** | **هەربىر سېۋەت** | **10 سائەت** | **50 سائەت** | **100 سائەت** | **250 سائەت** | **400 سائەت** | **هەر يىل** | **600 سائەت** | **هەر 2 يىل** | **2000 سائەت** |
| ستاتور ئەتراپىدىكى چىگىتنى تازىلاڭ. | | • | | | | | | | | |
| بالونلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىڭ. | | • | | | | | | | | |
| كېسىش پىچىقى بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلغانمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| ئالدى تەرەپتىكى يوللاش شالاسۇنى بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| ئارقا تەرەپتىكى يوللاش شالاسۇنى بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| كېسىش پىچىقى بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلغانمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| ئالدى تەرەپتىكى يوللاش شالاسۇنى بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| ئارقا تەرەپتىكى يوللاش شالاسۇنى بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. | | • | | | | | | | | |
| كابىنكىنىڭ ساپ هاۋا سۈزگۈچىنى تازىلاڭ-نورمال ئەھۋال. | | | • | | | | | | | |
| رەقەملىك تاخومېترنى قايتا تەڭشەڭ. | | | • | | | | | | | |
| ئاستىنقى تۇلۇق قازىنىنى مايلاڭ. | | | • | | | | | | | |
| قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش پورشېنىنىڭ دەستە بېشىنى مايلاڭ. | | | • | | | | | | | |
| قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش ئوقنى مايلاڭ. | | | • | | | | | | | |
| گىدراۋلىك پومپىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. | | | • | | | | | | | |
| قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىنىڭ ئاپتولنى ئالماشتۇرۇڭ. (پەقەت دەسلەپكى 50 سائەتلىك مەشغۇلات.) | | | • | | | | | | | |

| | ئىنتېرۋالى | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **ئاسراش (تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش)** | **هەربىر سېۋەت** | **10 سائەت** | **50 سائەت** | **100 سائەت** | **200 سائەت** | **250 سائەت** | **400 سائەت** | **هەر يىل** | **هەر 2 يىل** | **2000 سائەت** |
| قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇلىغۇچىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش ئوقىدىكى ئۇنىۋېرسال ئۇلاش نۇقتىسى ۋە ئوقنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئوقىنىڭ ئوققازىنىنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| گىدروستاتىك ئۇنىۋېرسال ئۇلاش نۇقتىسىنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش ئوقىنىڭ ئۇلىغۇچىسىنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| قۇرۇلما تىرىكى رامكىسىنىڭ روللېرىنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| يېتەكچى ئوق ئۇرچۇقى، رول سىلىندىرى ۋە چېتىش دەستىسىنى مايلاڭ. | | | | • | | | | | | |
| رول چېتىقىنىڭ قالپاقلىق بۇرما مىخلىرىنى چىڭىتىڭ. | | | | • | | | | | | |
| چاق دېتاللىرىنى چىڭىتىڭ، بالونىڭ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ. | | | | • | | | | | | |
| ئاساسىي كابىنكا هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش سۈزگۈچىنى تازىلاڭ-نورمال ئەھۋال. | | | | | • | | | | | |
| خوت سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. | | | | | • | | | | • | |
| ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ.[ba] | | | | | | • | | | | |
| ئايلىنىش تەگلىكنى مايلاڭ. | | | | | | • | | | | |
| ئاساسىي ۋە ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچنى يىغىسغا ئالماشتۇرۇڭ. | | | | | | • | | | | |
| موتور شامالدۇرغۇچ ئوقنى مايلاڭ. | | | | | | • | | | | |
| موتور شامالدۇرغۇچ ئوقىنىڭ قۇرۇق ماگدۇرۇش قازىنىنى مايلاڭ. | | | | | | • | | | | |
| سىلىقلاش سىستېمىسىنىڭ سۈزگۈچلىرىنى تازىلاڭ ۋەياكى يىغىسغا ئالماشتۇرۇڭ. | | | | | | • | | | | |
| گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول ۋە سۈزگۈچلەرنى ئالماشتۇرۇڭ. | | | | | | | • | | | |
| ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. | | | | | | | • | | | |
| خوت ئاپتولنى ئالماشتۇرۇڭ. | | | | | | | • | | | |
| ئاساسىي ۋە قوشۇمچە هاۋا تازىلاش قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ. | | | | | | | | | • | |
| يېقىلغۇ باكىنىڭ هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تازىلاڭ. | | | | | | | | | • | |
| ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى تازىلاڭ. | | | | | | | | | • | |

OUO6043,0001559 -UG-25SEP06-2/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| | ئىنتېرۋالى | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **ئاسراش (تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش)** | **هەربىر سېۋەت** | **10 سائەت** | **50 سائەت** | **100 سائەت** | **200 سائەت** | **250 سائەت** | **400 سائەت** | **هەر يىل** | **هەر 2 يىل** | **2000 سائەت** |
| تۈلۈقنىڭ ئوققازىنىنى تازىلاش ۋە ئاپتول قۇيۇش. | | | | | | | | • | | |
| چاقنىڭ قازىنىنى قايتىدىن ئورنىتىش. | | | | | | | | • | | |
| تورمۇز پېدالىنىڭ ئوقنى مايلاش. | | | | | | | | • | | |
| سوۋۇتقۇچنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، زۆرۈر بولسا سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قۇيۇش. | | | | | | | | • | | |
| قۇرۇلمىنىڭ قۇرۇق ماڭدۇرۇش ئوقنى مايلاش. | | | | | | | | • | | |
| بارلىق كۈچ ئۆزىتىش تاسمىلىرىنىڭ ئۇدۇللىنىش ئەھۋالى ۋە كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈش. | | | | | | | | • | | |
| بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تەكشۈرۈش. | | | | | | | | • | | |
| قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىنىڭ ئاپتولىنى ئالماشتۇرۇش. | | | | | | | | • | | |
| كابىنكىنىڭ هاۋا كىرگۈزۈش تاختىسىنى چىقىرىپ ئېلىش ۋە تازىلاش. | | | | | | | | • | | |
| سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش، چايقاش ۋە سوۋۇتۇش سۈيۇقلۇقى قۇيۇش. | | | | | | | | | • | |
| تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنى ئالماشتۇرۇش. | | | | | | | | | • | |
| ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىقلاش مېيىنى ئېقىتىۋېتىش ۋە يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش. | | | | | | | | | | • |
| موتور كىلاپانىنىڭ كۆپۈنكى ئارىلىقىنى تەكشۈرۈش. | | | | | | | | | | • |

[a] *جون دىئىر ماركىلىق PLUS-50 تىپلىق ئاپتول ئىشلەتكەندە، ئاسراش ئىنتېرۋالىنى 50% ئۇزارتىش. مەسىلەن: 250 سائەت 375 سائەتكە ئۇزارتىلىدۇ.*
[b] *ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى دەسلەپكى 100 تىن كېيىن ئالماشتۇرۇش.*

OUO6043,0001559 -UG-25SEP06-3/3

## سىلىقلاش بەلگىلىرى

جون دىئىر ماركىلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق بېسىم مېيى، جون دىئىر ماركىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق سىلىقلاش مېيى ياكى تەڭداش SAE كۆپ ئىقتىدارلىق ماي ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بەلگىدە كۆرسىتىلگەن سائەت ئىنتېرۋالىدا سىلىقلاش ئېلىپ بېرىش.

بەلگىدە كۆرسىتىلگەندەك SAE 10 ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپتول ئىشلىتىپ سائەتلىك ئىنتېرۋال بويىچە مايلاش.

جون دىئىر ماركىلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق بېسىم مېيىدا كۆرسىتىلگەندەك سائەتلىك ئىنتېرۋال بويىچە مايلاش. ئۇنىڭ ئورنىغا، جون دىئىر ماركىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق سىلىقلاش مېيى ياكى SAE ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتول ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بەلگىدە كۆرسىتىلگەندەك، ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى سائەتلىك ئىنتېرۋال بويىچە تازىلاش.

NX,9965,N12 -UG-23NOV92-1/1

## ھەر قېتىملىق سېۋەت تۆكۈش




1. ئەگەر زۆرۈر بولسا، تۈلۈق، سۈمۈرۈش ئېغىزىنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە نەمدەش تۈۋرۈكىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. (نورمال ئەھۋالدا، ھەر ئۈچ قېتىم سېۋەت تۆككەندە بىر قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.)

2. ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رادىياتور سېتكىسىنىڭ سىرتقى قىسمىنى تازىلاڭ.

**دىققەت: سېۋەت ئېغىر. مۇبادا سېۋەت تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. قاپقاقنى تازىلىغان ۋاقىتتا، سېۋەتنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سېۋەت پورشېنىنىڭ توختاتقۇچىنى بۇراپ قويۇڭ.**

3. قاپقاقتا پاختا يىغىلىپ قالدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. قاپقاقنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئېھتىياجغا قاراپ تازىلاڭ.

4. ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئارقا قۇرۇلمىنىڭ ئېغىزىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. بارلىق ئېغىزلارنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ.

AG,OUO1011,1106 -UG-07SEP99-1/1

## ھەر 10 سائەتلىك مەشغۇلات




1. ئاپتولنى تەكشۈرۈڭ. بۇ بۆلەكتىكى دىزېل ئاپتولى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

2. ئەگەر زۆرۈر بولسا، سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ ۋە سوۋۇتقۇچ قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى دىزېل موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

**مۇھىم: تاشقان سۇنى ئېقىتىش نەيچىسىدە جىجىلىپ كېتىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. تاشقان سۇنى ئېقىتىش بوتۇلكىسىدىكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. موتور ۋە يېتەكچى ئوق بۆلىكىدىكى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش قىسمىغا قاراڭ.**

3. گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. بۇ بۆلەكتىكى گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-1/11

داۋامى كېيىنكى بەتتە




A - تاقاق　B - ئاساسىي يېقىلغۇ سۈزگۈچ　C - ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچ　D - 30/60 مىكرونلۇق سۈزگۈچ

**دىققەت: ئاپتول سوۋۇتقۇچ ۋە هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ كوندېنساتورى ئېغىر بولۇپ، تاقاق قويۇپ بېرىلسە پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ-دە ئېغىر يارىلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. تاقاقنى ئېچىشتىن بۇرۇن مۇۋاپىق تىرەپ قويۇڭ.**

4. ئاپتول سوۋۇتقۇچ ۋە هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ كوندېنساتورىنى تازىلاڭ. تاقاقنى (A) قويۇپ بېرىپ، ئاپتول سوۋۇتقۇچ ۋە هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ كوندېنساتورىنى ئاستا تۆۋەنلىتىڭ.

5. ئاساسىي (B)، ئاخىرقى (C) ۋە 30/60 مىكرونلۇق (D) يېقىلغۇ سۈزگۈچتە سۇ ۋە چۆكمە بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئېقىتىۋېتىڭ (ياكى تازىلاڭ).

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-2/11

داۋامى كېيىنكى بەتتە




**A - ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسى**

6. ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسىنى (A) ئىشلىتىپ، تېرىش دەستىسى، چىشلىق چاق، ئۇستۇنكى يېتەكچى قۇرۇلما ۋە دوقا ئوق يوللىرىنى مايلاڭ.

*ئىزاھات:* *ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش تەپسىلاتى ھەققىدە، ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسى دېگەن بۆلەكتىكى ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ.*

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-3/11

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




7. نەمدەش سىستېمىسىنىڭ تاقاش كىلاپىنىنى تاقاڭ. سۈزۈش تورىنى چىقىرىپ ئېلىپ تازىلاڭ.

8. ئارقا سېۋەت سىلىندىرىنىڭ تەگلىك ئەتراپىنى تازىلاڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر يۇقىرى بېسىملىق سۇ ئىشلىتىپ قۇرۇلمىنى تازىلاشقا توغرا كەلسە، سۇنى سىرتقى ھىملانغان ئورۇنغا ياكى تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىغا قاراتماڭ.*

9. تۆلۈق ئەتراپى، ئۇرچۇق نەملىگۈچ، سۈمۈرۈش ئېغىزى، قۇرۇلمىنىڭ تۆلۈقىنى ۋە ئاستى ۋە تېرىش دەستىسىنىڭ ئارقا تەرىپىنى تازىلاڭ.

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-4/11

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




**مۇھىم: ئەگەر مۇۋاپىق مايلانمىسا، ئوق ئۇلىغۇچ بالدۇر ئۇپراپ كېتىدۇ. ئوق ئۇلىغۇچنىڭ ئېغىرلىقىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىپ، سىلىقلاش مېيىنى تولۇق تارقىتىڭ ۋە بالدۇر ئۇپراشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.**

10. قۇر قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق بۆلەككە تۆۋەنلىتىپ ئايلىنىش ئوقىنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسىدىن ئېغىرلىق كېمەيتىڭ ۋە قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش جەينەكلىك ئوقىنىڭ ئوقىقازىنىنى (تۆت يەردە) مايلاڭ.

11. سېۋەتنىڭ جەينەكلىك ئوقىنىڭ پاختا تۆكۈش پورشىنىنىڭ ئوقىقازىنىنى مايلاڭ، تۆت يەر (ئالدىدا ئىككى، كەينىدە ئىككى). (ئالدى تەرەپ كۆرسىتىلدى.)

12. سېۋەت ئۈزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ زەنجىرىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ.

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-5/11

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




13. تۆۋەندىكى ئورۇنلاردىكى چىگىت ۋە ئەخلەتلەرنى تازىلاڭ: موتور (A)، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى (B)، پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ روتورى (C)، خوت (D) ۋە تورمۇز (E).

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-6/11

داۋامى كېيىنكى بەتتە




14. كۆچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇلىغۇچىسىنىڭ (تۆت يەردە بار) ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى قىسمىنى مايلاڭ. كۆچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئوقىنى مايلاڭ.

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-7/11




ئاپتول تىپلىق خوت ساندۇقى

15. قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. قۇر قۇرۇلمىسىدىكى ئاپتول مىقدارى كۆزىتىش ئەينىكىنىڭ (A) ئوتتۇرا قىسمىغا كېلىشى لازىم. پۇرۇپكىنى (B) چىقىرىپ ئېلىپ، ئېھتىياجغا قاراپ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاپتول قويۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى-قۇر قۇرۇلمىسى خوت ساندۇقىنىڭ سىلىقلاش مىيىنىڭ تىپى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. چاتقۇچنى ئورنىتىڭ.

**A - كۆزىتىش ئەينىكى**
**B - قاچىلاش پۇرۇپكىسى**

OUO6043,000155A -UG-27SEP06-8/11

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

16. كېسىش پىچاقلىرى (A) تولۇقمۇ ياكى بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

A - كېسىش پىچىقى




OUO6043,000155A -UG-27SEP06-9/11

17. ئالدى تەرەپ ماتېرىيال يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسىنىڭ مېخانىكىلىق قولى (A) بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلغانمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

A - ئالدى تەرەپ ماتېرىيال يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسىنىڭ مېخانىكىلىق قولى




OUO6043,000155A -UG-27SEP06-10/11

18. ئارقا تەرەپ ماتېرىيال يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسىنىڭ مېخانىكىلىق قولى (A) بارمۇ-يوق ياكى بۇزۇلغانمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

A - ئارقا تەرەپ ماتېرىيال يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسىنىڭ مېخانىكىلىق قولى




OUO6043,000155A -UG-27SEP06-11/11

## نەمدەش سىستېمىسى باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى تەكشۈرۈڭ-يىراقتىن قويۇش سەپلەنمىگەن




*ئىزاھات: يىراقتىن تولدۇرۇش قوشۇمچە ئۈسكۈنىسى سەپلەنگەن ماشىنىلاردا كۈندە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.*

باكنى تولدۇرۇش ئېغىزىنى (A) كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىغا لاي ياكى ئەخلەت كىرىپ قالدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

**A - باكنى تولدۇرۇش ئېغىزى**

OUO6043,00014EE -UG-11OCT01-1/1

## ئاسراش ئىنتېرۋالى ئېكرانىنىڭ ئۇچۇرى




ھەر 50 سائەتلىك موتور مەشغۇلاتىدىن كېيىن، رەقەملىك تاخومېتىر ئېكرانىدا «SEU1» دېگەن ئۇچۇر كۆرسىتىلىدۇ. بۇ قەرەللىك سىلىقلاش ۋە ئاسراش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئاسراش ئىنتېرۋالىنى كۆرسىتىش ئۇچۇرىدىن ئىبارەت.

رەقەملىك تاخومېتىرنى نورمال مەشغۇلات ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شوپۇر ئورنى دېگەن بۆلەكتىكى 50 سائەتلىك ئاسراش كودىنى يۇيۇۋېتىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

OUO6043,000155B -UG-24JUL06-1/1

## ھەر 50 سائەتلىك مەشغۇلات




A - مايلاش ئېغىزى

B - قوزغاتقۇچ (ستاتور)

1. مايلاش ئېغىزى (A) ئارقىلىق تۇلۇق تۆۋرۈكنىڭ قازىنىنى ئاستىنقى تۇلۇق قازىنىدىن سىرتقا ماي چىققىچە مايلاڭ.

2. ستاتور ئەتراپىدىن (B) چىگىتنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.

AG,OUO1011,1108 -UG-01AUG06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

3. قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش ئىچكى ئوق مىخلىرىنى ۋە قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش سىلىندىرىنى مايلاڭ.




قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش ئىچكى ئوقىنىڭ مىخى




قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش سىلىندىرى

AG,OUO1011,1108 -UG-01AUG06-2/2

## ھەر 100 سائەتلىك مەشغۇلات



**مۇھىم: پىچەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قول ئارقىلىق مايلاش تاپانچىسى ئارقىلىق پەقەت بىر قېتىم مايلاڭ.**

1. ئالدى ۋە ئارقا شامالدۇرغۇچ ئوققازنىنى مايلاڭ.

2. شامالدۇرغۇچنىڭ ئۆلىنىش نۇقتىسى، ئەگرى دەستە ۋە يېتەكچى چاقنىڭ ئايلىنىش ئوقىنى مايلاڭ.

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-1/8

داۋامى كېيىنكى بەتتە




3. تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ توغرا ئوقىنى مايلاڭ.

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-2/8

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




4. ئاخىرقى يېتەكچى ئوقنىڭ سىرتقى ئوققازىنىنى (ئىككى يەردە) مايلاڭ.

5. ئەگەر چىرىپ كەتكەن بولسا، ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى تازىلاڭ.

6. گىدروستاتىك ئۇنىۋېرسال ئۇلاش نۇقتىسىنى مايلاڭ.

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-3/8

داۋامى كېيىنكى بەتتە




7. ئايلىنىش تەگلىكىدىن ئېغىرلىقنى كېمەيتىش ئۈچۈن، قۇر قۇرۇلمىسىنى يەرگە تۆۋەنلىتىڭ. قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈش ئايلىنىش تەگلىكىنى (تۆت يەردە بار) مايلاڭ.

8. ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش ئوقىنىڭ ئۇلىغۇچىسىنى (تۆت يەردە بار) مايلاڭ. (قۇر ئاتلاشتىكى ئالتە ئورۇن.)

9. قۇرۇلمىنى تىرەش رامكىسىنىڭ روللېرىنى مايلاڭ، ھەربىر قۇرۇلمىدا ئىككىسى بار.

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-4/8

داۋامى كېيىنكى بەتتە




10. يېتەكچى ئوق ۋە ئايلىنىش ئوقنى (سەككىز يەردە) مايلاڭ.

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-5/8

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




11. پۈرۈپكىنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ، خوت سۈيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. سۈيۇقلۇق پۈرۈپكا تۆشۈكىنىڭ ئاستى قىسمى بىلەن تەڭ بولىشى لازىم. زۆرۈر بولسا سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىقلاش مېيى دىگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

A - پۈرۈپكا

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-6/8




A - رول قۇرۇلمىسىنىڭ ئەگمەك بولتىلىرى

12. رول قۇرۇلمىسىنىڭ ئەگمەك بولتىلىرىنى (A) (ماشىنىنىڭ ھەربىر تەرىپىدە تۆت دانە بار) تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

رول قۇرۇلمىسىنىڭ ئەگمەك بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى ................................ N•m 610 (lb-ft 450)

13. يېتەكچى ئوقىنىڭ بولتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

يېتەكچى ئوقىنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى............................................ N•m 610 (lb-ft 450)

14. يېتەكچى ئوقىنىڭ بولتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تارتىش كۈچى بولمىغان يېتەكچى چاقلارنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى ................ N•m 312 (lb-ft 230)

15. تارتىش كۈچى بار بولغان ئارقا يېتەكچى چاقلارنىڭ بولتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تارتىش كۈچى بار بولغان ئارقا يېتەكچى چاقلارنىڭ بولتىلىرى - تولغىنىش مومېنتى .......... N•m 407 (lb-ft 300)

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-7/8

داۋامى كېيىنكى بەتتە




16. ئاساسىي كابىنكا هاۋاسىنى سۈزۈش دېتالىنى تازىلاڭ ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. كابىنكا ۋە هاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى ئاساسىي سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

**A - ئاساسىي كابىنكا هاۋاسىنى سۈزۈش دېتالى**

OUO1078,0000569 -UG-26FEB07-8/8

## ھەر 200 سائەتلىك مەشغۇلات




سۆيۈقلۇق قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ




سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ (A) ۋە ABC تىپلىق خىمىيەلىك دورا قاچىلانغان ئوت ئۆچۈرگۈچنى (B) كەم دېگەندە ھەر 200 سائەتتە ياكى ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈڭ. ئوت ئۆچۈرگۈچكە چاپلانغان بەلگىدىكى (كارتىدىكى) تەكشۈرۈش ۋاقتىنى خاتىرىلەڭ.

A - سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان ئوت ئۆچۈرگۈچ

B - ABC تىپلىق خىمىيەلىك دورا قاچىلانغان ئوت ئۆچۈرگۈچ

OUO6043,00014EC -UG-11OCT01-1/1

## ھەر 250 سائەتلىك مەشغۇلات




*ئىزاھات: ئەگەر ™PLUS-50 تىپلىق ئاپتول ئىشلىتىلگەن بولسا، ئاسراش ئىنتېرۋالىنى 50% ئۇزارتىشقا بولىدۇ.*

1. پۇرۇپكىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىپ، جەينەكلىك ئوقنىڭ ئاپتولىنى ئېقىتىۋېتىڭ. جەينەكلىك ئوقنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىسىنى ئالماشتۇرۇڭ. ئاپتول ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا، ئاپتول سۈزگۈچىنى ئالماشتۇرۇڭ. سۈزگۈچ ئورنىتىش تاختىسىنى تازىلاڭ، شايىبىنى مايلاڭ ۋە يېڭى قۇرۇلمىنى ئورنىتىڭ. پەقەت قولىڭىز بىلەنلا چىڭىتىڭ.

مۇۋاپىق مىقداردا ئاپتول قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى دىزېل ئاپتولى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. ئاپتول سىغىمى ھەققىدە، تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

*PLUS-50 بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.*



**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




2. سىلىقلاش سىستېمىسىنىڭ سۈزگۈچلىرىنى (A) تازىلاڭ ۋەياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. ماشىنىغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسى دېگەن بۆلەككە قاراڭ.

**A - سۈزگۈچلەر**

DP99999,0000637 -UG-24SEP10-2/4




3. قوشۇمچە كابىنكا (هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش) سۈزگۈچىنى (A) تازىلاڭ ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. كابىنكا ۋە هاۋا تەڭشىگۈچ بۆلىكىدىكى قوشۇمچە كابىنكا (هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش) سۈزگۈچىنى چىقىرىپ ئېلىش قىسمىغا قاراڭ.

**A - قوشۇمچە كابىنكا (هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش) سۈزگۈچى**

DP99999,0000637 -UG-24SEP10-3/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**







4. ئاساسىي يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ (A) قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ. موتور ۋە يېتەكچى ئوق بۆلىكىدىكى ئاساسىي يېقىلغۇ سۈزگۈچنى (سۇ ئايرىغۇچ) ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.

5. ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچتىكى (B) قۇرۇلمىنى ئالماشتۇرۇڭ. موتور ۋە يېتەكچى ئوق بۆلىكىدىكى ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ (سۇ ئايرىغۇچنىڭ) سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ۋە ئالماشتۇرۇش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

**A - ئاساسىي يېقىلغۇ سۈزگۈچ**
**B - ئاخىرقى يېقىلغۇ سۈزگۈچ**

DP99999,0000637 -UG-24SEP10-4/4

## ھەر 400 سائەتلىك مەشغۇلات




1. گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتولنى ئېقىتىۋېتىڭ. گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ (قاچا قاپقىقى تاختىسىنىڭ (A) ئارقىسىدىكى نەيچە ئىچى ۋە باك ئىچىدىكى).

مۇۋاپىق مىقداردا گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. سىستېمىنى تولدۇرۇش سىغىمى ھەققىدە، تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر دېگەن بۆلەككە قاراڭ.

AG,OUO1011,1111 -UG-01AUG06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە




2. پۆرۆپكىنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ، ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئايتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئايتول مىقدارى قۇيۇش تۆشۈكىنىڭ ئاستى قىسمىدىن 6 مىللىمېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا توغرا كېلىشى لازىم.

*ئىزاھات: ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى پۆرۆپكىسىنىڭ ماشىنىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قارىغان چاغدىكى كۆرۈنىشى.*

3. ئېھتىياجغا قاراپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان ئايتول قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىقلاش مېيى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. ئايتول سىغىمى ھەققىدە، تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

**A - قاچىلاش پۆرۆپكىسى**

AG,OUO1011,1111 -UG-01AUG06-2/2

## ھەر يىلى




**دىققەت: قىزىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ. قىزىق سۇيۇقلۇق ئاستىدا، ئۆزۈڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قىزىق سۇيۇقلۇق ئاستىدا مەشغۇلات قىلغاندا، بىخەتەرلىك توختاتقۇچنى قىزىق سۇيۇقلۇق پورشىنىنىڭ دەستىسى ئۈستىگە قويۇڭ.**

1. ئوققازاننىڭ ئوخشاش ئورۇندا ئورنىتىلىشى ئۈچۈن، تولۇقنىڭ ئوققازىنىنىڭ گەردىشىگە (A) ۋە تەگىشەش تاختىسىغا (B) بەلگە قويۇڭ. تولۇقنىڭ ئوققازىنىنىڭ گەردىشىدىن ئۈچ دانە قالپاقلىق بۇرما مىخنى چىقىرىپ ئېلىڭ. تەگشەش تاختىسىنىڭ (سىرتقى) بولتىلىرىنى بوشاتماڭ، بولمىسا تولۇقنى قايتىدىن ئۆلچەشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوققازاننى چىقىرىپ ئېلىڭ. ئوققازاندىن مايلاش ئېغىزىنى چىقىرىپ ئېلىڭ. ماينى تازىلىۋېتىپ، جون دىئىر ماركىلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ماي ياكى ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان ئاپتول قويۇڭ. مايلاش ئېغىزىنىڭ تۆشۈكىنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا قارىتىپ، ئوققازاننى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھالەتتە ئالماشتۇرۇڭ. مايلاش ئېغىزىنى ئورنىتىڭ.

2. خوت ئاپتولىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ.

3. گىدرومېتىر ئارقىلىق سوۋۇتقۇچنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ.

OUO6043,000155D -UG-18SEP06-1/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە




4. يېتەكچى چاقنىڭ قازىنىنى چۈۋۈپ، دېتاللارنى سۈيۈقلۇق ئارقىلىق تازىلاڭ. ئوققازان مېيى ئارقىلىق قازاننى مايلاڭ. گايكىنى چاق ئايلانغاندا ئازراق سۈركىلىش بار بولغىچە ئورنىتىڭ ۋە چىڭىتىڭ. گايكىنى ئارقىغا تارتىپ ئېچىش مىخىنى بىرىنچى تۆشۈككە كىرگۈزۈڭ.

5. ئاخىرقى كۆچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ.

6. تورمۇز پېدالىنىڭ ئوقىنى مايلاڭ.

OUO6043,000155D -UG-18SEP06-2/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**




7. ئوققازاننىڭ ئۈستى قىسمىدىن پىلاستىك پۆرۈپكىنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. مايلاش تاپانچىسى ئارقىلىق، قۇرۇلمىنىڭ قۇرۇق ماگدۇرۇش ئوقىنىڭ ئېغىزىنى (ئىككى يەر) 2-3 قېتىم مايلاڭ.

**A** - پىلاستىك پۆرۈپكا

OUO6043,000155D -UG-18SEP06-3/6




**قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىنىڭ سۇيىنى ئېقىتىۋېتىڭ ۋە تولدۇرۇڭ**

**دىققەت: قۇر قۇرۇلمىسى ئېغىر بولۇپ، مۇبادا يىقىلىپ چۈشسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلما ئەتراپىدا مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىنى يەرگە تولۇق پەسەيتىڭ ياكى بىخەتەرلىك توختاتقۇچنى قۇرۇلما كۆتۈرۈش پورشىنىنىڭ دەستىسى ئۈستىگە قويۇڭ.**

1. قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قاپقاقنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A** - قاپقاق

OUO6043,000155D -UG-18SEP06-4/6

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**







2. 591 مىللىمېتىر (20 ئۈنسىيە) ئاپتول سىغدىغان ئاپتول ئېقىتىش قاچىسىنى (A) خوت ساندۇقىنىڭ چىقىرىش ئوقىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈڭ.

*ئىزاھات: پۈرۈپكا (B) ياكى 5 مىللىمېتىرلىق ئالتە بۇرجەكلىك پېتىنقى باشلىق بۇرما مىخ ياكى 8 مىللىمېتىرلىق چاسا باشلىق بۇرما مىخ بولىدۇ.*

3. پۈرۈپكىلارنى (B ۋە C) چىقىرىپ ئېلىڭ. ماينى ئېقىتىپ چىقىرىڭ.

4. ئاپتول ئېقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈرۈپكىنى (B) قايتىدىن ئورنىتىپ، ئاپتول ئېقىتىۋېتىش قاچىسىنى ئېلىۋېتىڭ. ئېقىپ كەتكەن ئاپتولنى سۈرتىۋېتىڭ.

5. قىر قىرۇلمىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قاپقاقنى ئورنىتىڭ.

**A** - **ئاپتول ئېقىتىۋېتىش قاچىسى**
**B** - **پۈرۈپكا**
**C** - **پۈرۈپكا**

OUO6043,000155D -UG-18SEP06-5/6




6. كۆزىتىش ئەينىكىنىڭ (B) تەكشى ئىكەنلىكىنى جەزىملەڭ ھەمدە خوت ساندۇقىغا كۆزىتىش ئەينىكىنىڭ يېرىمىغا كەلگىچە جون دىئىر ماركىلىق HY-GARD™ JDM J2OC ئاپتول قۇيۇڭ.

*ئىزاھات: سىلىقلاش مېيى خوت ساندۇقىنىڭ ئاستىنقى بوشلۇقىغا ئېقىپ كىرسۇن، ئاندىن ئېھتىياجغا قاراپ سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ.*

7. پۈرۈپكىنى (A) ئورنىتىڭ.

**A** - **پۈرۈپكا**
**B** - **كۆزىتىش ئەينىكى**

*HY-GARD بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى*

OUO6043,000155D -UG-18SEP06-6/6

## بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تەكشۈرۈڭ-ھەر يىلى




ماشىنىدىكى بىخەتەرلىك تاسمىسى (A) ۋە ئورنىتىش دېتاللىرىنى كەم دېگەندە يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈڭ. ئەگەر بىخەتەرلىك تاسمىسىدا كېسىلىش، ئۈپراش، بەك كونىراش، رەڭگى ئۆڭۈش، سۈركىلىپ بۇزۇلۇش ياكى ئىلغۇچ، چاتقۇچ قاتارلىقلاردا زەخىملىنىش كۆرۈلسە، بارلىق بىخەتەرلىك تاسمىسى دەرھال يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇلىشى لازىم. ئۈزىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، تاسما سىستېمىسىنى (قۇرلمىسىنى) ماشىنىغا ئىشلىتىش تەستىقلانغان ئالماشتۇرۇش دېتاللىرىغا ئالماشتۇرۇڭ. جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

A - بىخەتەرلىك تاسمىسى

AG,OUO1011,1113 -UG-08SEP99-1/1

## يېتەكچى تاسمىنىڭ ئۇدۇللىنىشى ۋە كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ (بارلىق تاسمىلار) - ھەر يىلى

بارلىق تاسمىلارنىڭ كېرىلىش (تارتىش) كۈچى ۋە ئۇدۇللىنىشىنى تەكشۈرۈڭ. تارتىش كۈچىنى ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەڭ.

- تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ كۈچ ئۈزىتىش تاسمىسى-تېرىش قۇرۇلمىسى دېگەن بۆلەككە قاراڭ
- پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسى-ھاۋا سىستېمىسى بۆلىكىگە قاراڭ
- موتورنىڭ قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۈچ ئۈزىتىش تاسمىسى (ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ۋە ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنىڭ پرېسلىغۇچىسى)-موتور ۋە ھەرىكەت ئۈزىتىش سىستېمىسىغا قاراڭ
- نەمدەش سۈيۇقلۇقى پومپىسىنىڭ تاسمىسى-نەمدەش سىستېمىسى بۆلىكىگە قاراڭ.

*ئىزاھات: موتورنىڭ قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۈچ ئۈزىتىش تاسمىسى ئاپتوماتىك تەڭشىلىدۇ، قول ئارقىلىق تەڭشەشكە بولمايدۇ. بۇ تاسمىنىڭ ئۇدۇللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ.*

MM95366,00002FD -UG-15JAN13-1/1

## موتورنىڭ ھاۋا سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش-ھەر يىلى

موتورنىڭ ئاساسىي (A) ۋە قوشۇمچە (B) ھاۋا سۈزگۈچىنى ھەر يىلى ئالماشتۇرۇڭ. موتور ۋە يېتەكچى ئوق بۆلىكىدىكى ھاۋا تازىلاش قۇرۇلمىسىنى چىقىرىپ ئېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

**A** - ئاساسىي
**B** - قوشۇمچە




*ئاساسىي ھاۋا سۈزگۈچ*




*قوشۇمچە ھاۋا سۈزگۈچ*

OUO6043,00014EA -UG-25JUL06-1/1

## ھەر 600 سائەتلىك مەشغۇلات




سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا يەنە سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قۇيۇلغانلىقى بولغىدەك دەرىجىدە يېتەرلىك سۇ ئېقىتىشتىك، . 0.95 لىتىر RE23182 تىپلىق سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ قۇيۇك (ھەر بىر قاچىغا تەخمىنەن 0.47 لىتىر).

OUO6043,000155E -UG-01AUG06-1/1

## ھەر ئىككى يىلدا





**دىققەت: سېۋەت ئېغىر بولۇپ، ئەگەر ئۇ يېقىلىپ كەتسە ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. سېۋەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ رادىياتورنىڭ قۇيۇش قاپقىقىنى چىقىرىپ ئالماڭ ياكى سوۋۇتقۇچنى تەكشۈرمەڭ.**

**موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى سوۋۇغىچە ساقلاپ ئاندىن رادىياتور قاپقىقىنى چىقىرىپ ئېلىڭ. سوۋۇتقۇچ ياكى موتور قىزىق ۋاقىتدا ھەرگىز رادىياتورنىڭ قۇيۇش قاپقىقىنى چىقىرىپ ئالماڭ. يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن چاچراپ چىققان سۇيۇقلۇق ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ يارىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

1. سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىڭ ۋە چايقاڭ.

2. سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى ئالماشتۇرۇڭ. رادىياتورغا سوۋۇتقۇچ ئارىلاشمىسى قۇيۇڭ. بۇ بۆلەكتىكى دىزېل موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. سىستېمىنى تولدۇرۇش سىغىمى ھەققىدە، تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر دېگەن بۆلەككە قاراڭ. موتور ۋە ھەرىكەت ئۇزىتىش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈش ۋە رادىياتورغا سۇيۇقلۇق قۇيۇش قىسمىغا قاراڭ.

OUO6043,000155F -UG-25OCT01-1/1

## ھەر 2000 سائەتتە







1. ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىدىن ئاپتولنى ئېقىتىۋېتىپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ. ئاپتول مىقدارى ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ پۇرۇپكىسىدىن (A) ئالتە مىللىمېتىرلىق ئورۇندىن تۆۋەن بولىشى لازىم.

2. سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ ۋە مۇۋاپىق كېلىدىغان سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ. توسۇقنى (B) چىقىرىپ ئېلىۋېتىپ ئاندىن ئېقىتىۋېتىڭ. سۈزۈش تورىنى تازىلاڭ ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. سۈيۇقلۇق پۇرۇپكا تۆشۈكىنىڭ (C) ئاستىغا كەلگىچە قۇيۇڭ.

3. بۇ بۆلەكتىكى خوت ۋە ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىقلاش مېيى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. قۇيۇش سىغىمى ھەققىدە تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بۆلىكىگە قاراڭ.

4. موتور كىلاپاننىڭ كۆپۈنكى ئارىلىقىنى تەكشۈرۈڭ. جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

**A - ئاخىرقى كۈچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ پۇرۇپكىسى**
**B - توسۇق**
**C - پۇرۇپكا تۆشۈكى**

OUO6043,0001560 -UG-25OCT01-1/1

## موتور جەينەكلىك ئوقىنىڭ سىلكىنىشنى ئاجىزلىتىش قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ-4500 سائەت ياكى بەش يىل

**مۇھىم: سىلكىنىشنى ئاجىزلىتىش قۇرۇلمىسى رېمونت قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا ھەر 4500 سائەتتە ياكى بەش يىلدا بىر قېتىم يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش لازىم، قايسى ۋاقىت بالدۇر توشسا شۇ بويىچە ئالماشتۇرۇڭ.**

جەينەكلىك ئوقنىڭ سىلكىنىشنى ئاجىزلىتىش قۇرۇلمىسىنى جون دىئىر سودىگەرلىرىگە دەپ ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇڭ.

OUO6043,00014F0 -UG-12OCT01-1/1



## ئاسراش مەشغۇلاتىغا ئالاقىدار ئۆچۈرلار

بۇ قوللانما، ئاسراش مەشغۇلاتىغا ئالاقىدار تەپسىلى ئۆچۈرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخسۇس ئاسراش مەشغۇلاتى قوللانمىسى ئەمەس. بۇ قوللانمىدا، پەقەت مەشغۇلات قىلىش ۋە كۈندىلىك ئاسراش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆچۈرلارلا بېرىلدى. ئەگەر سىزگە ئاسراش ھەققىدىكى كۆپرەك ئۆچۈر لازىم بولسا، بۇ ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى جەدۋەلنى ئىشلىتىپ رېمونت ۋەياكى مەشغۇلات ۋە سىناش ھەققىدىكى تېخنىكىلىق قوللانمىسىنى زاكاز قىلىڭ.

AG,OUO1011,1224 -UG-01MAR06-1/1

## تېرىش قۇرۇلمىسى

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **تېرىش قۇرۇلمىسىغا شاخ كىرمەيدۇ.** | شاخ كۆتۈرگۈچ مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | شاخ كۆتۈرگۈچنى تەڭشەڭ. |
| | شاخ كۆتۈرگۈچ ئېگىلىپ كەتكەن ياكى باغلىنىپ قالغان. | زاپچاسلار بۇزۇلغانمۇ-يوق بۇنى تەكشۈرۈڭ، سىلىقلاش شارنىرىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | سېتكا دەستىسى ئېگىلىپ كەتكەن. | سېتكا دەستىسىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| **كېۋەز ئۇستىدە قېپقالغان غوزىنى ئېچىڭ.** | بېسىم تاختىسى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن ياكى ئېگىلىپ كەتكەن، شارنىر ئۇپراپ كەتكەن. | بېسىم تاختىسىنى تەڭشەڭ، يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ ياكى رېمونت قىلىڭ. |
| | سۇ سىستېمىسى تەڭشەلمىگەن، ئىشلىتىلمىگەن ياكى مۇۋاپىق تازىلانمىغان. | سۇ سىستېمىسىنى تازىلاڭ ۋە تەڭشەڭ. |
| | ئۇرچۇققا چاپلىشىپ قالغان پاختا چىقىرىۋېتىلمىگەن. | تولۇق ۋە تېرىش دەستىسىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تەڭشەڭ. نەمدەش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | نەمدەش سىستېمىسى نورمال ئىشلىمەيدۇ. | مەشغۇلات قىلىشقا يوللانغان سۇنىڭ مىقدارى توغرا بولىدىمۇ-يوق بۇنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ئۇرچۇقلار گاللىشىپ قالغان. | ئۇرچۇقلارنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | پاختا چىگىچ بولۇپ قالغان. | بېسىم تاختىسىنى تەڭشەڭ. |
| | تېرىش قۇرۇلمىسى بەك ئاستا ھەرىكەتلىنىدۇ. | قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | قۇرۇلمىنىڭ كىرگۈزۈش مۇفتىسىدا تېيىلىش بار. | قۇرۇلمىنىڭ كىرگۈزۈش مۇفتىسىنىڭ تولغىنىش مومېنتىنى تەڭشەڭ. كونىراپ كەتكەن كىرگۈزۈش مۇفتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئۇرچۇق ئايلانمايدۇ. | ئۇرچۇقنىڭ كۈچ ئۆزىتىش ئوقىدىكى بىخەتەرلىك ھالقىسىنى تەكشۈرۈڭ ۋە ئالماشتۇرۇڭ. |
| | | ئۇرچۇقنىڭ كۈچ ئۆزىتىش چىشلىق چاقىنىڭ ئايلانما مىخىنى ئالماشتۇرۇڭ. جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **پاختا چۇشۇپ كېتىدۇ.** | ئىككىنچى خوتتا پاختا تېرىيدۇ. | بىرىنچى خوتتا پاختا تېرىڭ. |
| | بېسىم تاختىسى بەك بوش ياكى ئېگىلىپ كەتكەن، شارنىر ئۇپراپ كەتكەن. | بېسىم تاختىسىنى تەڭشەڭ، ئالماشتۇرۇڭ ياكى رېمونت قىلىڭ. |
| | ھاۋا تۇرۇبىسى، چىقىرىۋېتىش نەيچىسى، سۇمۇرۇش ئېغىزى توسۇلۇپ قالغان. ئېغىز بەك نەم بولىشى مۇمكىن. | ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. سۇ سىستېمىسىنىڭ مۇۋاپىق تەڭشىلىشى ۋە ئېقىپ قېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. ھاۋا سىستېمىسىنى تەڭشەڭ. |
| | سېتكا دەستىسى ئېگىلىپ كەتكەن، يوق ياكى تەڭشەلمىگەن. | دەستىنى ئالماشتۇرۇڭ ياكى تەڭشەڭ. |
| | ئېغىز قۇرۇلمىنىڭ ئېغىز تىرىكىگە ئۇدۇللانمايدۇ. | ئېغىزنى مۇۋاپىق تەڭشەڭ. |
| | شاخ كۆتۈرگۈچ بەك ئېگىز. | شاخ كۆتۈرگۈچنى پەسەيتىڭ. |

MM95366,00002FE -UG-15JAN13-1/5

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| | ئۇرچۇقتا چاپلىشىپ قالغان پاختا چىقىرىۋېتىلمىگەن. | تولۇق، تېرىش دەستىسى ۋە نەمدەش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تەڭشەڭ. |
| | نەمدەش سىستېمىسى نورمال ئىشلىمەيدۇ. | نەمدەش تۈۋرۈكىنىڭ تەڭشىلىشى، سۈيۇقلۇق نىسبىتى ۋە بېسىمىنىڭ تەڭشىلىشىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ئۇرچۇقلار گاللىشىپ قالغان. | ئۇرچۇقلارنى ئالماشتۇرۇڭ |
| **پەستىكى غوزىلارنى تېرىمايدۇ.** | شاخ كۆتۈرگۈچ بەك ئېگىز. | شاخ كۆتۈرگۈچنى پەسەيتىڭ. |
| | ئۇرچۇقلار گاللىشىپ قالغان. | ئۇرچۇقلارنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | قۇرۇلما بەك ئېگىز ياكى بەك تەكشى ھەرىكەتلىنىدۇ. | قۇرۇلمىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە يانتۇلۇقنى تەڭشەڭ. |
| | زىرائەتنىڭ يول باشلاش تاختىسى بەك ئېگىز. | زىرائەتنىڭ يول باشلاش تاختىسنى تەڭشەڭ. |
| | ئېگىزلىك سېزىش مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | ئېگىزلىك سېزىشنى تەڭشەڭ. |
| **ماشىنا غوزىنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىدۇ.** | بېسىم تاختىسى بەك چىڭ بولۇپ كەتكەن. | بېسىم تاختىسنى بوشىتىڭ. |
| | قۇرۇق ماڭدۇرۇش مۇفتىسدا تېيىلىش بار. | قۇرۇق ماڭدۇرۇش مۇفتىسنى تەكشۈرۈپ، كونىرىغان زاپچاسلارنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئىككىنچى خوتتا پاختا تېرىيدۇ. | بىرىنچى خوتتا پاختا تېرىڭ. |
| | قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ مۇفتىسدا تېيىلىش بار. | ئېغىز كونىرىغانمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ ياكى تولغىنىش مومېنتىنى تەكشۈرۈڭ. شايىلارنىڭ سانى توغرىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | سېتكا دەستىسى يوقاپ كەتكەن. | دەستىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ ئۇزارتقۇچىسى بىلەن قۇرۇلمىنىڭ ئالدى تەرىپى ئارىسدا ئارىلىق بار. | شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ ئۇزارتقۇچىسنى قايتىدىن جايلاشتۇرۇڭ. |
| **پاختا مەينەت.** | قۇرۇلما ئېغىزى مەينەت. | تازىلاڭ. |
| | سېتكا دەستىسى ئېگىلىپ كەتكەن ياكى يوقاپ كەتكەن. | دەستىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | تېرىش قۇرۇلمىسى بەك تۆۋەن ياكى بەك تەكشى. | ئېگىزلىكنى تەڭشەڭ ياكى تېرىش قۇرۇلمىسنى يانتۇ قىلىڭ. |
| **سۈمۈرۈش ئېغىزى ياكى ھاۋا تۇرۇبىسىدا تۇسۇلۇپ قېلىش بار.** | سۈمۈرۈش ئېغىزىدا ئەخلەت يىغىلىپ قالغان. | ئېغىزنى تازىلاڭ. |
| | ئېغىز تۇرۇبىغا ئۇدۇللانمىغان. | ئېغىزنى تۇرۇبىغا ئۇدۇللاڭ. |
| | سۈمۈرۈش ئېغىزى نەم. | سۇ سىستېمىسىنى تازىلاڭ ۋە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. ئۇرچۇق تازىلىغۇچنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ، بېسىمىنىڭ تەڭشىلىشىنى يۇقىرىلىتىڭ. |
| | پۈركۈگۈچنىڭ تۈۋرۈكى توسۇلۇپ قالغان. | پۈركۈگۈچنىڭ تۈۋرۈكىدىكى چىگىت ياكى مەينەت نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| | ھاۋا قاچىدۇ. | ھاۋا قېچىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ رېمونت قىلىڭ. |
| | شامالدۇرغۇچنىڭ ھاۋا بېسىمى تۆۋەن. | شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى تەڭشەڭ. موتورنى بەلگىلەنگەن سۈرئەتتە ماڭدۇرۇڭ. |
| | شامالدۇرغۇچ موتورىنىڭ ياپراقچىسى توسۇلۇپ قالغان. | تازىلاڭ. |

MM95366,00002FE -UG-15JAN13-2/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **ئۇرچۇقتا چاپلىشىپ قالغان پاختا چىقىرىۋېتىلمىگەن.** | تۆلۈقنىڭ ئېگىزلىكى توغرا ئەمەس. | تۆلۈقنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەڭ. |
| | تۆلۈق تاختىسى يوق ياكى بەك كونىراپ كەتكەن. | تۆلۈق قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | تۆلۈق قۇرۇلمىسى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە يەر سىمغا ئۇلانمىغان. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سۇ سىستېمىسى تەڭشەلمىگەن، تازىلانمىغان ياكى مۇۋاپىق مەشغۇلات قىلىنمىغان. | سۇ سىستېمىسىنى تازىلاڭ ۋە تەڭشەڭ. سىستېمىنى چايقاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىڭ. |
| | نەمدەش سىستېمىسى نورمال ئىشلىمەيدۇ. | مەشغۇلات ئۈچۈن يوللىنىدىغان سۇيۇقلۇق مىقدارىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈڭ. سۇيۇقلۇق نىسبىتىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ئۇرچۇق گايكىسىدىكى كىيدۈرمە نەيچە كونىراپ كەتكەن. | كىيدۈرمە نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. نەمدەش تاختىسىنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش ياپراقچىسى ئۇرچۇقتا تىك بولسۇن. |
| | ئۇرچۇق تۆلۈق ئاستىدا تەكشى ئىشلىمەيدۇ. | تېرىش دەستىسىگە شايبا سېلىڭ. جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | تېرىش دەستىسىنىڭ ئوقى بوشاپ قالغان ياكى كونىراپ كەتكەن. | ئوقنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | نەمدەش تۇۋرۇكى تەڭشەلمىگەن. | تۇۋرۇكنى تەڭشەڭ. نەمدەش تاختىسى ئۇرچۇق يۈزىنى سۈرتىشى لازىم. |
| | تۆلۈقنىڭ يانتۇلۇقى توغرا ئەمەس. | رادىئۇس سىركۇلى ۋە ئۆلچەملىك ئارىلىقتىن پايدىلىنىپ تۆلۈقنىڭ يانتۇلۇقىنى تەڭشەڭ. |
| **ئۇرچۇقتا يېشىل داغ پەيدا بولۇپ قالغان.** | نەمدەش سىستېمىسى تازىلانمىغان، تەڭشەلمىگەن ياكى مۇۋاپىق مەشغۇلات قىلىنمىغان. | بارلىق نەمدەش سىستېمىسىنى تازىلاڭ ۋە تەڭشەڭ. نەمدەش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى ئۇرچۇقتا پاختا يىغىلىپ قېلىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ. |
| | كېۋەزنىڭ يوپۇرمىقى چۈشمىگەن. | كېۋەزنىڭ يوپۇرمىقىنى مۇۋاپىق چۈشۈرۈۋېتىڭ. |
| | ئۇرچۇق تازىلىغۇچنىڭ ئورنىغا ھېچقانداق خۇرۇچ ياكى نەمدەش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىلمىگەن. | مۇۋاپىق نىسبەتتە جون دىئر ماركىلىق نەمدەش سۇيۇقلۇقى ياكى ئۇرچۇق تازىلىغۇچ ئىشلىتىڭ. ناچار شارائىتلاردا جون دىئر ماركىلىق ئۇرچۇق تازىلىغۇچ ئىشلىتىڭ. |
| | چايقاش سىستېمىسى توغرا ئىشلىتىلمىگەن. | سىستېمىنى چايقاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىڭ. نەمدەش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى نەمدەش سىستېمىسىنىڭ چايقاش سىستېمىسىنى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ. |
| | نەمدەش تۇۋرۇكى تەڭشەلمىگەن. | تۇۋرۇكنى تەڭشەڭ. نەمدەش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى نەملىگۈچ تۇۋرۇكىنىڭ ئورنىنى تەڭشەش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |

MM95366,00002FE -UG-15JAN13-3/5

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
| --- | --- | --- |
| **تېرىش قۇرۇلمىسىدا شاۋقۇن ئاۋاز بار.** | تېرىش دەستىسىدىكى دوقا چاقنىڭ ئەگەشمە مېخانىزمى ئىگىلىپ كەتكەن (سۇركۈلگەن ئاۋاز). | ئالماشتۇرۇش ياكى رېمونت قىلىش. جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | تېرىش دەستىسى قۇرغاق (چىرقىرىغاندەك ئاۋاز چىقىدۇ). | تېرىش دەستىسىنى مايلاڭ. |
| | تۆلۈق تۈۋرۈكى ئىگىلىپ كەتكەن. | تۈۋرۈكنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئۇرچۇقنىڭ كىيدۇرمە نەيچىسى كونىراپ كەتكەن. | كىيدۇرمە نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئۇرچۇق گايكىسى سېتكا دەستىسىگە تېگىپ كېتىدۇ (تاقىلدىغان ئاۋاز بار). | سېتكا دەستىسىنى ئالماشتۇرۇڭ ياكى تەڭشەڭ. |
| | تۆلۈقنىڭ ئوققازىنى كونىراپ كەتكەن. | ئوققازاننى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | تېرىش دەستىسىنىڭ ئوقى بوشاپ قالغان. | ئوقنى چىڭىتىڭ. |
| | تۆلۈق بەك تۆۋەن تەڭشەلگەن. | تۆلۈقنى تەڭشەڭ. |
| | ئۇرچۇق بېسىم تاختىسىغا تېگىپ قالىدۇ. | بېسىم تاختىسىنى تەڭشەڭ. |
| | تۆلۈقنىڭ قۇرۇق ماڭدۇرۇش خوتى يانتۇ ئورنىتىلغان. | قۇرۇق ماڭدۇرۇش خوتىنىڭ ئايرىغۇچىسى تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ مېتال تاختىسى ئىچىدىكى تۆشۈككە چۈشسۇن. |
| **تۆلۈق مۇفتىسىدا تېيىلىش بار.** | مۇفتا ئېغىزى كونىرىغان. | مۇفتا ئېغىزىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | نەمدەش دەستىسىگە پاختا يىغىلىپ قالىدۇ. | نەمدەش دەستىسىنى تازىلاڭ. |
| | تېرىش دەستىسى ئىگىلىپ كەتكەن. | تېرىش دەستىسىنى ئالماشتۇرۇڭ ياكى تۈزلەڭ. |
| | تۆلۈق ئاستىنقى رامكىغا قاپسىلىپ قالغان. | توسۇلۇپ قالغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| | تۆلۈق بەك تۆۋەن. | تۆلۈقنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. تېرىش قۇرۇلمىسى بۆلىكىدىكى تۆلۈق تۈۋرۈكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەش قىسمىغا قاراڭ. |
| **قۇرۇلمىنىڭ كىرگۈزۈش مۇفتىسىدا تېيىلىش بار.** | تېرىش دەستىسى ئىگىلىپ كەتكەن. | تېرىش دەستىسىنى ئالماشتۇرۇڭ ياكى تۈزلەڭ. |
| | ماي قېتىپ قالغان. | تېرىش قۇرۇلمىسىنى ماڭدۇرۇڭ. جون دىئر ماركىلىق ئۇرچۇق سىلىقلاش مېيى ياكى ئۇنىڭغا تەڭداش ماي ئىشلىتىڭ. |
| | ئۇرچۇقتا مەينەت نەرسە ئورىلىپ قالغان. | ئۇرچۇقلارنى تازىلاڭ. نەمدەش سىستېمىسىنى تەڭشەڭ. |
| | مۇفتا ئېغىزى كونىرىغان. | ئېغىزنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | مۇفتىنىڭ پۇرژىنى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | شايبىلارنى تەڭشەڭ. |
| | ئۇرچۇق ياكى تېرىش دەستىسىنىڭ ئوققازىنى ياكى كىيدۇرمە نەيچىسى كاردىن چىققان. | ئوققازان ياكى كىيدۇرمە نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | تۆلۈق بەك تۆۋەن. | تۆلۈقنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. تېرىش قۇرۇلمىسى بۆلىكىدىكى تۆلۈق تۈۋرۈكىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشەش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |

MM95366,00002FE -UG-15JAN13-4/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **تۆلۈق تاختىسىدا زىيادە ئۇپراش مەۋجۇت.** | نەمدەش سىستېمىسى نورمال ئىشلىمەيدۇ. | نەملىگۈچ بۆلىكىدىكى نەمدەش سىستېمىسىنىڭ تەڭشىلىشى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| | تۆلۈق بەك ئېگىز تەڭشەلگەن. | تېرىش قۇرۇلمىسى بۆلىكىدىكى تۆلۈقنى تەڭشەش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| | تۆلۈق ئوقى ئېگىلىپ كەتكەن. | ئوقنى ئالماشتۇرۇڭ. جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئۇرچۇقنىڭ كىيدۈرمە نەيچىسى كونىرىغان. | كىيدۈرمە نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | تۆلۈق بەك ئېگىز ياكى بەك تۆۋەن. | تۆلۈقنى مۇۋاپىق ئېگىزلىككە تەڭشەڭ. |
| **نەمدەش تاختىسى زىيادە ئۇپراپ كەتكەن ياكى يوقاپ كەتكەن.** | نەمدەش دەستىسى تەڭشەلمىگەن. | نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئېگىزلىكى، ئايلىنىشى ۋە ئورنىنى تەڭشەڭ. |
| | ئۇرچۇقنىڭ كىيدۈرمە نەيچىسى كونىراپ كەتكەن. | ئەگەر ئۇرچۇق لىڭشىپ قالغان بولسا، كىيدۈرمە نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | نەمدەش تۇۋرۇكى پاسكىنا. | تۇۋرۇكنى تازىلاڭ. |
| | تۆلۈق تەڭشەلمىگەن. | تۆلۈقلارنى، ئېگىزلىك ۋە يانتۆلۈقنى تەڭشەپ ئۇرچۇققا بىر نەرسە ئورىلىپ قېلىشنى يوقىتىڭ. |
| **نەمدەش سىستېمىسىنىڭ بېسىمى يوقاپ كەتكەن.** | تاسما ئۈزۈلۈپ كەتكەن ياكى تېيىلىش بار. | ئالماشتۇرۇڭ ياكى چىڭىتىڭ. |
| | نەمدەش سىستېمىسى توسۇلۇپ قالغان. | سىستېمىنى تازىلاڭ ۋە تەڭشەڭ. |
| | نەيچە ئۈزۈلۈپ كەتكەن. | نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | هاۋا توسۇلۇپ قالغان. | پومپىدىكى ئېقتىۋېتىش پۇرۇپكىسىنى ئىشلىتىپ سىستېمىنىڭ هاۋاسىنى قويۇپ بېرىڭ. |

MM95366,00002FE -UG-15JAN13-5/5

## كۆپ قۇر سىستېمىسىنىڭ (VRS) قۇر قۇرۇلمىسى

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **پىرقىرىما پىچاق توسۇلۇپ قالغان.** | پىچاققا غوزا كىرىۋالدۇ. | ئېگىزلىك سىزىشنى تەڭشەپ پىچاقنى تۆۋەن غوزنىڭ ئاستىغا كەلتۈرۈڭ. |
| | پىچاققا توپا كىرىۋالدۇ. | ئېگىزلىك سىزىش ۋە تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ يانتۇلۇقىنى تەڭشەڭ. (ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ.) |
| | پىچاق ئارىلىقى بەك چوڭ. | پىچاق ئارىلىقىنى تەڭشەڭ. (ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ.) |
| | شاخ يانتۇ. | ماشىنىنىڭ مېڭىش يۆنىلىشىنى يانتۇ شاخنىڭ (كېۋەزنىڭ) قارشى يۆنىلىشىگە تەڭشەڭ. |
| | | **پىرقىرىما پىچاقنىڭ ئاستىدا ئارتۇق نەرسىلەر بار تېرىش قۇرۇلمىسى يېقىلىپ چۈشسە، مەلۇم قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قالسا، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. قۇرۇلما ئۈستىدە بىر ئىش قىلىۋاتقاندا، قۇرۇلمىلار تولۇق پەسكە چۈشۈرۈلىشى ياكى قۇرۇلمىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچىسى چېتىلىشى لازىم. توسۇلۇپ قالغان نەرسىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلمىلارنى ئۆزۈۋېتىڭ، موتورنى توختىتىڭ، خوت ۋە گىدرو دەستىسىنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ، تورمۇزنى چېتىپ، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئېلىۋېلىڭ.**<br><br>**ئېغىر يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پىچاقنى بىر تەرەپ قىلغاندا دائىم پەلەي كىيىڭ.**<br>پىرقىرىما پىچاقنىڭ ئەتراپىدىن شاخ ۋە باشقا نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| | كۆتۈرۈش رامكىسى تەكشى ئەمەس. | كۆتۈرۈش رامكىسىنى تەكشى قىلىڭ. |

OUO1078,000050F -UG-22SEP06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| ئالدى تەرەپ يوللاش شالاسۇنى توسۇلۇپ قالغان. | مۇقىم پىچاقنىڭ ئاستى قىسمىدا شاخ ۋە ئەخلەت يىغىلىپ قالغان. | ئاستى قىسمىدىن ئەخلەت ۋە شاخلارنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| | | ئەگەر ئەخلەت بەك كۆپ بولسا، ئېگىزلىك سېزىشنى تەڭشەڭ. |
| | شاخ يانتۇ. | ماشىنىنىڭ مېڭىش يۆنىلىشىنى يانتۇ شاخنىڭ (كېۋەزنىڭ) قارشى يۆنىلىشكە تەڭشەڭ. |
| | | ئەگەر ئەخلەت بەك كۆپ بولسا، ئېگىزلىك سېزىشنى تەڭشەڭ. |
| | سېتكا دەستىسى بۇزۇلغان. | سېتكا دەستىسىنى تەكشۈرۈڭ، ئېگىلىپ كەتكەن ۋە كونىراپ كەتكەن زاپچاسلارنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| ئارقا تەرەپ يوللاش شالاسۇنى توسۇلۇپ قالغان. | كېسىلگەن كېۋەز ئارقا تۇلۇققا يان تەرەپتىن يوللانمايدۇ. | تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ يانتۇلۇقىنى بەلگىلەڭ. (ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ.) |
| | ئوقۇقا نەرسە ئورىلىۋالغان. | مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنى چىقىرىپ ئېلىڭ، ئاندىن تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. |
| ئاستىنقى ئۆرچۈۋقلارغا بىر نەرسە ئورىلىپ قالغان. | ئۆرچۈق تازىلانمىغان. | سۇيۇقلۇق باكىغا تەۋسىيە قىلىنغان جون دىئىر ماركىلىق ئۆرچۈق تازىلىغۇچ قۇيۇڭ. (ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ.) |

OUO1078,000050F -UG-22SEP06-2/2

## ئاپتوماتىك ئېگىزلىك كونترول قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| قۇرۇلما تۆۋەنلىمەيدۇ. | تاقاقلار يۆقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە ئېسىلىپ قالغان. | چېتىش ئورنىنى تەڭشەپ، تاقاق ۋە چېتىش ئورنىنى ئەركىن ھەرىكەتلىنىدىغان قىلىڭ. |
| | قۇرۇلما كىلاپىنى مىدىرلىمايدىغان بولۇپ قالغان. | قۇرۇلما كىلاپىنىنى تەڭشەڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىغا توك يوللاڭ. | قىسقا تۇتۇشۇشنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. |
| | كۆتۈرۈش رامكىسىنىڭ پورشېنىنىڭ بىخەتەرلىك توختاتقۇچىسى دەستە ئۇستىگە تۆۋەنلىتىلگەن. | بىخەتەرلىك توختاتقۇچنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىنىڭ كاشىلىسى. | سولېنوئىدىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈڭ. |
| قۇرۇلما يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ. | قۇرۇلمىنىڭ چېتىش ئورنى كىلاپاننى تاقىمايدۇ. | چېتىش ئورنىنى ياكى قۇرۇلما كىلاپىنىنىڭ ئورنىنى تەڭشەڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىغا توك يوللاڭ. | قىسقا تۇتۇشۇشنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. |
| | ئاپتول مىقدارى تۆۋەن. | مىقدارىنى توغرا قىلىڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىنىڭ كاشىلىسى. | سولېنوئىدىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈڭ. |

AG,OUO1011,1226 -UG-09SEP99-1/1

## سېۋەتنى ئۆزارتىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **سېۋەت ئۆزارتقۇچ تولۇق تۆۋەنلىمەيدۇ ياكى تۆۋەنلەتكەندە باغلىنىپ قالىدۇ.** | سېتكىنىڭ بولتىلىرى تېگىپ قالىدۇ. | ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىدىكى يول باشلاش قۇرۇلمىسىنى ئوتتۇرىغا تەڭشەڭ. |
| | پورشېن سىلجىپ كەتكەن ۋە سېۋەت قىيسىيىپ قالغان. | كىران ياكى باشقا مېخانىكىلىق لىفت (كۆتۈرگۈچ) ئىشلىتىپ سېۋەتنىڭ ئۆزارتقۇچىسىنى تولۇق يۇقىرى كۆتۈرۈڭ ۋە پورشېننى قايتىدىن جايىغا كەلتۈرۈڭ. ماشىنىنى ئىشلىتىش بۆلىكىدىكى تېلېسكوپىك پورشېننىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| | سېۋەت ئۆزارتقۇچ قىيسىيىپ قالغان. | سېۋەت ئۆزارتقۇچنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ ۋە پورشېننى قايتىدىن جايىغا كەلتۈرۈڭ. ماشىنىنى ئىشلىتىش بۆلىكىدىكى تېلېسكوپىك پورشېننىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| | ئوتتۇرىدىكى تاقاقنىڭ ئۈستى چېتىلمايدۇ. | تېز قۇلۇپلاش مىخىنى چىقىرىپ ئېلىپ، بۆلۈك تۆۋرۈكنى ئوتتۇرا ئورۇننىڭ ئۈستىگە سۈرۈڭ. تېز قۇلۇپلاش مىخىنى قايتا ئورنىتىپ، تاقاقنىڭ قايتىدىن چېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ. |
| | | ئۆزارتقۇچنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ياكى تۆۋەنلىتىپ ئەركىن ھەرىكەتلىنىدىغان قىلىڭ. |
| | سىيرىلىش رايونلىرىدا (ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى سېۋەتكە سىيرىلىدىغان يەردە) سۈركىلىش بار. | ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىيرىلىش يولىنى مايلاڭ. |
| | سېۋەت ئۆزارتقۇچنى تۆۋەنلەتكەندە ئالدى تەرەپ ئېغىزنىڭ چېتىش ئورنى باغلىنىپ قالىدۇ. | سېۋەت ئۆزارتقۇچنى تۆۋەنلەتكەندە ئالدى تەرەپ ئېغىزنىڭ چېتىش ئورنىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| **سېۋەت ئۆزارتقۇچ بەك ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ.** | كونترول كىلاپانىدىكى پۈركۈش ئېغىزى توسۇلۇپ قالغان. | پۈركۈش ئېغىزىنى چىقىرىپ ئېلىپ تازىلاڭ. |
| **سول تەرەپ ئالدى ئۆزارتقۇچنىڭ قۇلۇپلاش مىخى چېتىلمايدۇ.** | سېۋەت ئۆزارتقۇچ تەكشى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەن. | دەستە ئىشلىتىپ، ئالدى ئۆزارتقۇچنىڭ تۆشۈكىدىكى مىخنى قومۇرۇپ ئېلىڭ. |
| | پورشېن سىلجىپ كەتكەن ۋە سېۋەت قىيسىيىپ قالغان. | كىران ياكى باشقا مېخانىكىلىق لىفت (كۆتۈرگۈچ) ئىشلىتىپ سېۋەتنىڭ ئۆزارتقۇچىسىنى تولۇق يۇقىرى كۆتۈرۈڭ ۋە پورشېننى قايتىدىن جايىغا كەلتۈرۈڭ. ماشىنىنى ئىشلىتىش بۆلىكىدىكى تېلېسكوپىك پورشېننىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |
| **ماشىنىنى يۆتكەش جەريانىدا سېۋەت ئۆزارتقۇچ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.** | كونترول كىلاپاننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېقىپ قېلىش بار. | يۆتكەش ئورنىدا بولغاندا سول تەرەپ ئالدى بۆلۈكنىڭ مىخنى چېتىپ قويۇڭ ياكى كىلاپان بۆلىكنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| **سېۋەت ئۆزارتقۇچنى تۆۋەنلەتكەندە، تۈرۈبا مۇۋاپىق تۆۋەنلىمەيدۇ.** | تۈرۈبا كەينىدە ۋە كابىنكا ئەتراپىدا ئەخلەت بار. | سۇ باكى ۋە كابىنكا كەينىدىكى يەرلەرنى تازىلاڭ. |
| | ئىچكى ۋە سىرتقى تۈرۈبا مەينەت. | تازىلاڭ. |
| | تۈرۈبا سۇپىدىكى شارنىرلىق تاختىغا ئېسىلىپ قالىدۇ. | سېۋەت ئۆزارتقۇچنى تۆۋەنلىتىشتىن بۇرۇن، تاختىنى يۇقىرىلىتىڭ. |
| | تۈرۈبىنىڭ قۇلۇپلاش مىخلىرى چېتىلدى. | مىخلارنى تۆشۈكنىڭ سىرتىغا قويۇڭ. |

NXH,OM9970110,5 -UG-26SEP97-1/1

## سېۋەتنى كونترول قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **سېۋەت پەسەيمەيدۇ.** | سېۋەتنىڭ چېتىش ئورنى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | چېتىش ئورنىنى تەڭشەڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىغا توك يوللاڭ. | قىسقا تۇتۇشۇشنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. |
| | ئاپتول مىقدارى تۆۋەن. | مىقدارىنى توغرا قىلىڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىنىڭ كاشىلىسى. | سولېنوئىدنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈڭ. |
| **سېۋەت يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ.** | سېۋەت سىلىندىرىنىڭ قۇلۇپلاش كىلاپانى تاقالغان. | كىلاپاننى ئېچىڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىغا توك يوللاڭ. | قىسقا تۇتۇشۇشنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. |
| | سېۋەتنىڭ قۇلۇپلاش ئۆزچاتىدا كاشىلا بار. | قۇلۇپلاش ئۆزچاتىنى تەڭشەڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | كىلاپان سولېنوئىدىنىڭ كاشىلىسى. | سولېنوئىدنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ئاپتول مىقدارى تۆۋەن. | مىقدارىنى توغرا قىلىڭ. |
| **سېۋەت تەكشى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ ياكى تۆۋەنلىمەيدۇ.** | سىلىندىر (پورشېن) مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | سىلىندىرنى تەڭشەڭ. |
| | پورشېن ۋە ئايلانما ئوق مۇۋاپىق مايلانمىغان. | پورشېن ۋە ئايلانما ئوق ئەتراپىنى مايلاڭ. |
| **سېۋەتنىڭ ئېغىزى تەكشى ئېچىلمايدۇ.** | ئېغىزنىڭ چېتىش ئورنى چېتىش تۈشۈكىگە توغرا چېتىلمىغان. | توغرا تۈشۈككە تەڭشەڭ. |

NXH,OM9970110,6 -UG-26SEP97-1/1

## كۆزىتىش ئېكرانى

قۇرۇلمىنى كۆزىتىش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى ئېكراندا تەكشۈرۈش تەرتىپى دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

NXH,OM9970110,7 -UG-26SEP97-1/1

## گىدروستاتىك ھەرىكەت ئۆزىتىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
| --- | --- | --- |
| **چېتىش قۇرۇلمىسى باغلىنىپ قالغان.** | چېتىش ئورنىدىكى شارسىمان ئۇلاش ئۇچى توڭلاپ قالغان ياكى كونىرىغان. | سىلىقلاش ياكى ئالماشتۇرۇش. |
| | چېتىش ئورنىنىڭ دەستىسى ئېگىلىپ كەتكەن ياكى تېگىشىپ قالدى. | شارسىمان ئۇلاش ئۇچىنى تەڭشەش ياكى تۈز قىلىش. |
| | كونترول ئوقى باغلىنىپ قالغان. | ئوققازاننى مايلاش ياكى ئالماشتۇرۇش. |
| | پومپىدىكى كونترول ئوقى باغلىنىپ قالغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراش. |
| **سىستېما بەك قىزىيدۇ. (ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى ياندۇ.)** | ئاپتول سوۋۇتقۇچنىڭ يادروسىدىكى ھاۋا يولى توسۇلۇپ قالغان. | ئاپتول سوۋۇتقۇچنىڭ يادروسىنى تازىلاش. |
| | شامالدۇرغۇچ تاسمىسى سىيرىلىپ كەتكەن ياكى ئۈزۈلگەن. | شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنى چىڭىتىش ياكى ئالماشتۇرۇش. |
| | بېسىم تۆۋەنلىتىش كىلاپانى ئېشىپ كەتكەن. | تۆۋەن خوتقا يۆتكەش. |
| | يان سېتكا توسۇلۇپ قالغان. | سېتكىنى تازىلاش. |
| **پاختا تېرىش ماشىنىسى ئالدىغا ياكى ئارقىغا ماڭمايدۇ[1].** | گىدراۋلىك سىستېمىدىكى تەۋرىنىشنى پەسەيتىش كىلاپاندا توك بېسىمى يوق. | ئورۇندۇقتا تۈز ئولتۇرۇش. گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا ئەكىلىپ قايتا تەڭشەش. ئەگەر يەنىلا توك بېسىمى بولمىسا، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىش. |
| | خوت ئىشلىمەيدۇ. | خوتنى ۋە چېتىش ئورنىنى تەكشۈرۈش ياكى ساتقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىش. |
| | ئاپتول مىقدارى تۆۋەن. | ئېقىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈش. قاچىغا ئاپتول قۇيۇش. |
| | موتورنى سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچكە چېتىش ئۇلاش ئېغىزى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. | ئېھتىياجغا قاراپ رېمونت قىلىش. |
| | سىستېمىدىن ھاۋا قاچىدۇ. | ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى چىڭىتىش. |
| | موتورنى پومپىغا ئۇلايدىغان تاقىسمان ئۇلىنىش نۇقتىسى كاردىن چىققان. | ئېھتىياجغا قاراپ رېمونت قىلىش. |
| | ئاپتول سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان. | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش. |
| | بېسىم تۆۋەنلىتىش كىلاپانى ئېشىپ كەتكەن. | تۆۋەن خوتقا يۆتكەش. |
| **خوت يۆتكەش تەس ياكى خوتقا چۈشمەيدۇ.** | گىدرو دەستە نېيترال ئورۇندا ئەمەس. | گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا يۆتكەش ياكى گىدراۋلىك چېتىش ئورنىنى تەڭشەش. |
| **يەردە يۈرۈش تېزلىكى قالايمىقان.** | ئاپتول مىقدارى تۆۋەن. | ئېقىش ئالامىتى بارمۇ-يوق تەكشۈرۈش. قاچىغا ئاپتول قۇيۇش. |
| | ئاپتول سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان. | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇش. |
| | بېسىم تۆۋەنلىتىش كىلاپانى ئېشىپ كەتكەن. | تۆۋەن خوتقا يۆتكەش. |
| | گىدرو دەستە نېيترال ئورۇنغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. | سۈركىلىش شايبىسى ۋەياكى پۇژىنىنى ئەھۋالغا قاراپ ئالماشتۇرۇش. |

NX,9965,O9A -UG-20SEP06-1/2

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| | كۆچ ئۆزىتىش سىستېمىسى گاز قاچىلاش بېسىمىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **پاختا تېرىش ماشىنىسى گىدراۋلىك دەستىگە ئىنكاس قايتۇرمايدۇ[2].** | شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى قوزغىتىلدى. | گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا ئەكىلىپ قايتا سىناپ بېقىڭ. |
| | چېتىش ئورنى بوشاپ كەتكەن ياكى ئاجراپ كەتكەن. | تەكشۈرۈڭ ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن رېمونت قىلىڭ. |
| | ئايتول سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان. | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | سىستېمىدا ھاۋا بار. | ئۇلىنىش نۇقتىلىرى، نەيچە قىسقۇچىنى چىڭىتىڭ، گىدرو نەيچىسى تېشىلىپ كەتكەنمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | ئايتول مىقدارى تۆۋەن. | ئېقىش ئالامىتى بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ ۋە رېمونت قىلىڭ. قاچىغا قايتا ئايتول قۇيۇڭ. |
| **قۇۋۋەت كەمچىل ياكى قۇۋۋەت يوق[3].** | ئايتول مىقدارى تۆۋەن. | ئېقىش ئالامىتى بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | ئايتول سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان. | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ماي نەيچىسى ياكى ئۇلىنىش نۇقتىلىرى ئېقىپ قالغان ياكى تېشىلىپ كەتكەن. | تەكشۈرۈڭ ۋە ئېھتىياجغا قاراپ رېمونت قىلىڭ. |
| | موتورنىڭ كۈچى ئاجىز. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | كۆچ ئۆزىتىش سىستېمىسى بېسىمنى ساقلىيالمايدۇ ياكى بېسىمنى پەيدا قىلمايدۇ. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **ماشىنا خوت نېيترال ئورۇندا تۇرغاندا قوزغالمايدۇ ياكى گىدرو دەستە خالىغان مەشغۇلات ئورنىدا تۇرغاندا قوزغىلىدۇ.** | بىخەتەرلىك ئۆزچاتى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن، سىم يولىدا كاشىلا بار ياكى ئۆزچات ئىشلىمەس بولۇپ قالغان. | سىمنىڭ چېتىلىشىنى تەكشۈرۈڭ ياكى جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. |
| **ھاۋا سۈمۈرۈش نەيچىسىدىن خوتنىڭ ئايتولى ئېقىپ قالغان.** | خوتقا ئايتول ئارتۇق قۇيۇلغان. | ئارتۇق ئايتولنى ئېقىتىۋېتىڭ. |

*[1] نۆلدىن تۆۋەن 12 سېلسىيە گرادۇستا مەشغۇلات قىلغاندا، ماشىنىنى قوزغىتىپ 10-15 مىنۇت ئەتراپىدا گىدروستاتىك ئايتولنى قىزىتىڭ.*
*[2] نۆلدىن تۆۋەن 12 سېلسىيە گرادۇستا مەشغۇلات قىلغاندا، ماشىنىنى 10-15 مىنۇت ماڭدۇرۇپ گىدروستاتىك كۆچ ئۆزىتىش ئايتولىنى قىزىتىڭ.*
*[3] نۆلدىن تۆۋەن 12 سېلسىيە گرادۇستا مەشغۇلات قىلغاندا، ماشىنىنى 10-15 مىنۇت ماڭدۇرۇپ گىدروستاتىك كۆچ ئۆزىتىش ئايتولىنى قىزىتىڭ.*

NX,9965,O9A -UG-20SEP06-2/2

## شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى ۋە ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىمەيدۇ.** | شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى ئىشلىمەيدۇ. | شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى بۆلىكىگە قاراڭ. ئەگەر شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى ئىشلىتىش قوللانمىسىدا دېيىلگەندەك ئىشلىمىسە، جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. |
| **ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش (ئارغامچا كونۇپكىسى) كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىمەيدۇ.** | ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ئىشلىمەيدۇ. | شوپۇرنىڭ بار-يوقلىقىنى سېزىش سىستېمىسى بۆلىكىدىكى ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى ئىشلىتىش قىسمىغا قاراڭ. ئەگەر ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ئىشلىتىش قوللانمىسىدا دېيىلگەندەك ئىشلىمىسە، جون دىئر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. |

NXH,OM9970110,8 -UG-30SEP97-1/1

## موتور

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **موتور تەستە ئوت ئالىدۇ، ئوت ئالمايدۇ.** | بىختەرلىك ئۈزچاتلىرى قوزغىتىلمىغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ باكى قۇرۇق. | يېقىلغۇ قۇيۇڭ. |
| | بېسىم تۆۋەن. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئاككۇمۇلياتور بېسىمى تۆۋەن. | ئېلېكترولىت مىقدارى ۋە ئادەتتىكى ئاككۇمۇلياتورنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا زەرەتلەڭ. |
| | قوزغىتىش توك يولىدا قارشىلىق كۈچى بەك چوڭ. | ئاككۇمۇلياتور ۋە ستاتورنىڭ بارلىق ئۇلىنىشلىرىنى تازىلاڭ ۋە چىڭىتىڭ. |
| | جەينەكلىك ئوقنىڭ مېيى بەك يېپىشقاق. | جەينەكلىك ئوق ئاپتولىنى ئېقىتىۋېتىپ، يېپىشقاقلىقى ۋە سۈپىتى مۇۋاپىق بولغان ئاپتول قۇيۇڭ. |
| | دىزېل يېقىلغۇسىنىڭ ئورنىغا نامۇۋاپىق بېنزىن ياكى كونا يېقىلغۇ ئىشلىتىلگەن. | كونا يېقىلغۇنى ئېقىتىۋېتىپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان يېقىلغۇ قۇيۇڭ. |
| | كىلاپان چاپلىشىپ قالغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ سىستېمىسىدا ئەخلەت ياكى ھاۋا بار. | يېقىلغۇ سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ، يېقىلغۇ قۇيۇڭ ۋە گاز چىقىرىۋېتىڭ. |
| | پۈركۈش ئېغىزى مەينەت ياكى بىنورمال. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ سۈزگۈچى توسۇلۇپ قالغان. | يېقىلغۇ سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | بىختەرلىك سىم كۆيۈپ كەتكەن. | كابىنكا ۋە ئاككۇمۇلياتور يېنىدىكى موتور كونترول قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ (ECU) بىختەرلىك سىمىنى تەكشۈرۈڭ. |
| **موتور تاقىلدايدۇ.** | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن. | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ توغرا ئەمەس ياكى بۇزۇلغان. |
| | ئاساسىي ئۇققازان بوشاپ قالغان ياكى ئىشلىمەيدۇ، پىستون ۋە پورشېن كونىرىغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئاپتول كەمچىل. | يېپىشقاقلىقى ۋە سۈپىتى مۇۋاپىق بولغان ئاپتول قۇيۇڭ. |
| | ھاۋا سۈمۈرۈش توسۇلۇپ قالغان. | ھاۋا سۈمۈرۈش يولىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | پۈركۈش پومپىسىنىڭ ۋاقتى ئېشىپ كەتتى. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | قۇيۇش پۈركۈش ئېغىزىنىڭ كىلاپانى چاپلىشىپ قالغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ سىستېمىسىدا ھاۋا بار. | يېقىلغۇ سىستېمىسىغا قاپلىشىۋالغان يەلنى ھەيدەپ چىقىرىڭ. |

NXH,OM9970110,9 -UG-26SEP97-1/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **موتورنىڭ مېڭىشى نورمال ئەمەس ياكى تۇرۇپ-تۇرۇپ توختاپ قالىدۇ.** | سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن. | موتورنى قوزغىتىپ مۇۋاپىق قىزىتىڭ. تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنىمۇ تەكشۈرۈڭ. |
| | يېقىلغۇ سۈزگۈچ ياكى سۈزۈش تورىغا بىر نەرسە قاپىسلىپ قالغان. | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇپ، سىستېمىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ. سۈزگۈچنى تازىلاڭ. |
| | ئىتتىرىش دەستىسى ئىگىلىپ كەتكەن ياكى كىلاپان چاپلىشىپ قالغان. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ سىستېمىسىدا ئەخلەت ياكى ھاۋا بار. | سىستېمىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ، چايقاڭ، يېقىلغۇ قاچىلاڭ ۋە گاز قويۇپ بېرىڭ. سۈزگۈچنى تازىلاڭ. |
| | پۈركۈش پومپىسىنىڭ ۋاقتى ئېشىپ كەتتى. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | پۈركۈش ئېغىزى مەينەت ياكى بىنورمال. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **توك كەمچىل.** | موتورنىڭ يۈكى ئېشىپ كەتكەن. | مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىڭ. |
| | ھاۋا سۈمۈرۈش چەكلىمىگە ئۇچرىغان. | ھاۋا تازىلىغۇچنى تازىلاڭ. |
| | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ نورمال ئەمەس. | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | كىلاپان ئارىلىقى مۇۋاپىق ئەمەس. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان. | يېقىلغۇ سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | يېقىلغۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. | يېڭى يېقىلغۇ ئىشلىتىڭ. |
| | موتور بەك قىزىپ كەتكەن. | بۇ بۆلەكتىكى "موتور بەك قىزىپ كېتىش" دېگەن مەزمۇننا قاراڭ. |
| | گىدرو دەستىنىڭ چېتىش ئورنىدا ئايلىنىش يوق. | ئوقنى چىڭىتىڭ ۋە چىرمىشىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | يېقىلغۇنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرغۇچىسى توسۇلۇپ قالغان ياكى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. | يېقىلغۇ باكى ئېغىزىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرغۇچىسىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. |
| | پۈركۈش ئېغىزى مەينەت ياكى بىنورمال. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | پۈركۈش پومپىسىنىڭ ۋاقتى ئېشىپ كەتتى. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | تۇربىنا نورمال ئىشلىمەيدۇ. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **موتور بەك قىزىپ كەتكەن.** | موتورنىڭ يۈكى ئېشىپ كەتكەن. | مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىڭ. |
| | سوۋۇتقۇچ مىقدارى ئاز. | رادىياتورغا مۇۋاپىق مىقداردا سوۋۇتقۇچ قۇيۇڭ. نەيچە ۋە رادىياتورنى تەكشۈرۈپ ئېقىپ قېلىش ياكى بوشاپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | رادىياتور قاپقىقى بىنورمال. | تېخنىك خادىمغا تەكشۈرتۈڭ. |
| | ئاساسىي شايىبىدىن سۈيۈقلۇق ئاقىدۇ. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | موتور ۋاقتى بەك ئېشىپ كەتكەن. | جون دىئر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |

NXH,OM9970110,9 -UG-26SEP97-2/4

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| | يان سېتكا مەينەت. | سېتكىنى تازىلاڭ. |
| | سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئۆزىكى (رادىياتور، گىدروستاتىك ئاپتول، هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ كوندېنساتورى) ياكى سېتكىسى مەينەت. | ئۆزەك ۋە سېتكىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. قەرەللىك هالدا هور ئارقىلىق تازىلاڭ. سېتكىنىڭ ھىملىغۇچىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ بۇزۇلغان. | چىقىرىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭ. |
| | شامالدۇرغۇچ تاسمىسى بۇزۇلغان. | كونىرىغان تاسمىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ماي يېپىشقاقلىقى توغرا ئەمەس. | يېپىشقاقلىقى مۇۋاپىق بولغان ماي ئالماشتۇرۇڭ. |
| | سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا هاك يىغىلىپ قالغان. | رادىياتورنى چايقاپ، سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. |
| | پەقەت سۇ ئىشلىتىلگەن. | مۇۋاپىق كېلىدىغان سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. |
| **موتور تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن.** | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ، سائەت ياكى يوللاش قۇرۇلمىسىدا كاشىلا بار. | چىقىرىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭ. |
| **ئاپتول بېسىمى تۆۋەن.** | ئاپتول بېسىمى تۆۋەن. | ئۆلچەش تايىقى ئۇستىدىكى جەينەكلىك ئوقنىڭ ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ، زۆرۈر بولسا ئاپتول قۇيۇڭ. |
| | ئاپتول تىپى توغرا ئەمەس. | جەينەكلىك ئوق ئاپتولىنى ئېقىتىۋېتىپ، يېپىشقاقلىقى ۋە سۇپىتى مۇۋاپىق بولغان ئاپتول قۇيۇڭ. |
| **موتورغا بەك كۆپ ئاپتول كېتىدۇ.** | ماي ئاقىدۇ ياكى موتور بەك قىزىپ كېتىدۇ. | شايبا ۋە ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىسى ئەتراپىدىكى نەيچىلەردە ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | جەينەكلىك ئوق ئاپتولىنىڭ يېپىشقاقلىقى بەك تۆۋەن. | جەينەكلىك ئوق ئاپتولىنى ئېقىتىۋېتىپ، يېپىشقاقلىقى ۋە سۇپىتى مۇۋاپىق بولغان ئاپتول قۇيۇڭ. |
| | موتور سۈرئىتى بەك يۇقىرى. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئاپتول بېسىمى يۇقىرى. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | هاۋا سۈمۈرۈش سىستېمىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. | هاۋا تازىلىغۇچنى تەكشۈرۈپ، هاۋا سۈمۈرۈش سىستېمىسىنى تازىلاڭ. |
| | جەينەكلىك ئوقنىڭ هاۋا ئالماشتۇرۇش نەيچىسى توسۇلۇپ قالغان. | توسۇلۇپ قالغان نەرسىنى تېپىپ چىقىرىپ تاشلاڭ. |
| **موتورغا بەك كۆپ يېقىلغۇ كېتىدۇ.** | يېقىلغۇ تىپى توغرا ئەمەس. | مەشغۇلات قىلىشقا ماس كېلىدىغان مۇۋاپىق تىپتىكى يېقىلغۇ ئىشلىتىڭ. |
| | موتور ۋاقتى ئېشىپ كەتكەن. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | هاۋا تازىلىغۇچ توسۇلۇپ قالغان ياكى مەينەت بولۇپ كەتكەن. | هاۋا تازىلىغۇچنى تازىلاڭ. |
| | موتورنىڭ يۈكى ئېشىپ كەتكەن. | يۈكنى كېمەيتىڭ ياكى مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىڭ. |
| | پۈركۈش ئېغىزى مەينەت ياكى بىنورمال. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |

NXH,OM9970110,9 -UG-26SEP97-3/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **ماتور قارا ياكى قوڭۇر رەڭلىك ئىس چىقىرىش** | يېقىلغۇ تىپى مۇۋاپىق ئەمەس. | مۇۋاپىق تىپتىكى يېقىلغۇ ئىشلىتىڭ. |
| | موتور ۋاقتى ئېشىپ كەتكەن. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ھاۋا تازىلىغۇچ توسۇلۇپ قالغان ياكى مەينەت بولۇپ كەتكەن. | ھاۋا تازىلىغۇچ چەكلىمىگە ئۇچرىدىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى پاكىز بولسۇن. |
| | موتورنىڭ يۈكى ئېشىپ كەتكەن. | مېڭىش تېزلىكىنى ئاستىلىتىڭ. |
| | ئاۋاز يوقاتقۇچ بۇزۇلغان. | تەتۈر بېسىم پەيدا قىلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئاۋاز يوقاتقۇچتا بۇزۇلۇش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | پۈركۈش ئېغىزى مەينەت ياكى بىنورمال. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ سىستېمىسىدا ھاۋا بار. | يېقىلغۇ سىستېمىسىغا قاپلىشىۋالغان يەلنى ھەيدەپ چىقىرىڭ. بارلىق ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى ۋە يېقىلغۇ باكىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. |
| **موتوردىن ئاق رەڭلىك ئىس چىقىدۇ.** | موتور سوغۇق. | موتورنى نورمال مەشغۇلات ھالىتىگە كەلگىچە قىزىتىڭ. |
| | موتور ۋاقتى ئېشىپ كەتكەن. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | يېقىلغۇ تىپى توغرا ئەمەس. | تەۋسىيە قىلىنغان سىتان قىممىتى بار بولغان يېقىلغۇ ئىشلىتىڭ. |
| | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ بۇزۇلغان ياكى بەك سوغۇق ياكى تېمپېراتۇرا خاتا. | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنى چىقىرىپ ئېلىپ تەكشۈرۈڭ. |
| **ئاككۇمۇلياتور زەرەتلەنمەيدۇ.** | ئاككۇمۇلياتور بۇزۇلغان. | ئاككۇمۇلياتورنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ تاسمىسى بوشاپ قالغان. | تەڭشەڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئۇلىنىش نۇقتىسى بوشاپ قالغان ياكى چىرىپ كەتكەن. | ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى تازىلاڭ ۋە چىڭىتىڭ. |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ياكى بېسىم تەڭشىگۈچ نورمال ئىشلىمەيدۇ. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **ستاتور ئاستا قوزغىلىدۇ ياكى قوزغالمايدۇ.** | ئاككۇمۇلياتور بېسىمى تۆۋەن. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | بىخەتەرلىك ئۆزچاتى قوزغىتىلمىغان. | گىدرو دەستىنى نېيترال ئورۇنغا قويۇڭ. |
| | سىم باغلاملىرى بوشاپ قالغان ياكى چىرىپ كەتكەن، ياكى ئاككۇمۇلياتور ئۇلىنىشلىرى بوشاپ كەتكەن. | سىملارنى چىڭىتىڭ ۋە چىرىگەن نۇقتىلارنى تازىلاڭ. |
| | ستاتور سولېنوئىدى بۇزۇلغان. | رېمونت قىلىڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | سوغۇق ھاۋا. | ماشىنىنى ئىشلىتىش بۆلىكىدىكى سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. |

NXH,OM9970110,9 -UG-26SEP97-4/4

## توك سىستېمىسى

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **شامالدۇرغۇچنى قوزغاتقۇچ تاقالمايدۇ.** | دەستىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاسمىدىكى شامالدۇرغۇچنى قوزغاتقۇچنىڭ گايكىسى بوشاپ قالغان. | دەستىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاسمىدىكى شامالدۇرغۇچنى قوزغاتقۇچنىڭ گايكىسىنى چىڭىتىڭ. |
| **ۋولتمېتىردا كۆرسىتىلگەن ئاككۇمۇلياتور توك بېسىمى تۆۋەن (ئاچقۇچ ئوچۇق، موتور توختىتىلغان).** | بىر دەم قوزغىتىپ، بىر دەم توختىتىپ مەشغۇلات قىلىش. | موتورنى ئۇزۇنراق ماڭدۇرۇڭ. |
| | زەرەتلەش توك بېسىمى تۆۋەن. | جون دىئىر سودىگىرىگە زەرەتلەش توك يولىنى تەكشۈرتۈڭ. |
| | توك يولىدا قارشىلىق يۇقىرى. | جون دىئىر سودىگىرىگە زەرەتلەش توك يولىنى تەكشۈرتۈڭ. |
| | ئاككۇمۇلياتور بۇزۇلغان. | قايتا زەرەتلەڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| **ۋولتمېتىردا كۆرسىتىلگەن ئاككۇمۇلياتور توك بېسىمى تۆۋەن (موتور مېڭىۋاتقاندا).** | موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تۆۋەن. | ئايلىنىش سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. |
| | ئاككۇمۇلياتور بۇزۇلغان. | قايتا زەرەتلەڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگىرىگە ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى تەكشۈرتۈڭ. |
| | تاسما تېيىلىپ كېتىدۇ. | تاسمىنى چىڭىتىڭ. |
| **ۋولتمېتىردا كۆرسىتىلگەن زەرەتلەش بېسىمى بەك يۇقىرى.** | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىغا ئۇلىنىش نورمال ئەمەس. | سىمىنىڭ ئۇلىنىشىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | بېسىم تەڭشىگۈچتە كاشىلا بار. | جون دىئىر سودىگىرىگە ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى تەكشۈرتۈڭ. |

NXH,O9970110,12 -UG-26SEP97-1/1

## تورمۇزلار

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **پېدالنى دەسسىگەندە قاتتىق سېزىم يوق (موتور مېڭىۋاتقان ياكى توختىتىلغاندا).** | سىستېمىدا هاۋا بار. | تورمۇزنىڭ يېلىنى قويۇۋېتىڭ. |
| **تورمۇزنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەك كۆپ كۈچ كېتىدۇ.** | تاقىنىڭ شايىبىسى مايلىشىپ قالغان ياكى باشقا نەرسە بار. | تاقىنى ئالماشتۇرۇڭ. |

NXH,O9970110,13 -UG-26SEP97-1/1

## شوپۇر كابىنكىسى

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **هاۋا چىقىش.** | هاۋا تارقىتىش ناچار. | هاۋا ئالماشتۇرغۇچنى تەڭشەڭ. |
| | | ئىسسىتقۇچنىڭ كونتروللىغۇچىسىنى ئىسسىتىش ئورنىغا تەڭشەڭ. |
| | | بېسىم ئاشۇرغۇچ شامالدۇرغۇچنىڭ ئۇزچاتىنى تۆۋەن ئورۇنغا تەڭشەڭ. |
| | ئېغىزنىڭ رېلىسى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | ئېغىزنىڭ رېلىسىنى تەڭشەڭ. |
| **هاۋا ئېقىمى يېتەرسىز.** | هاۋا سۈزگۈچى توسۇلۇپ قالغان. | سۈزگۈچلەرنى تازىلاڭ. |
| | ئىچكى ئېغىز سېتكىسى توسۇلۇپ قالغان. | سېتكىنى تازىلاڭ. |
| | ئىسسىتقۇچ يادروسىنىڭ هاۋا ئېقىمى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. | پرېسلانغان هاۋا بىلەن هورلاندۇرغۇچ ۋە قاپقاقنى تازىلاڭ. |
| | شامالدۇرغۇچ موتورنى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگەرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | شامالدۇرغۇچ ئۇزچاتى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگەرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سىمنىڭ ئۇلىنىشى بوشاپ قالغان. | سىمنىڭ ئۇلىنىشىنى چىڭىتىڭ. |
| **ئىسسىتقۇچ يادروسىدىن سۇ ئاقىدۇ ياكى تامچىيدۇ.** | نەيچە قىسقۇچى بوشاپ قالغان. | قىسقۇچنى چىڭىتىڭ. |
| | ئىسسىتقۇچنىڭ نەيچىسى يېرىلىپ كەتكەن. | نەيچىنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئىسسىتقۇچ يادروسىنىڭ تۇرۇبىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن. | رېمونت قىلىڭ. |
| | تېمىتىش قاچىسى مەينەت (هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ). | هورلاندۇرغۇچنىڭ تەخسىسى ۋە چىقىرىش ئېغىزىنى تازىلاڭ. |
| | ئېقىتىۋېتىش نەيچىسى توسۇلۇپ قالغان (هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ). | ئېقىتىۋېتىش نەيچىسىنى تازىلاڭ. |
| **بېسىم ئاشۇرۇش شامالدۇرغۇچى، ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچ ۋەياكى پرېسلىغۇچ ئىشلىمەيدۇ.** | موتور بۇزۇلغان | جون دىئىر سودىگەرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئۇزچات بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگەرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سىم يولى بۇزۇلغان ياكى ئۇلىنىش نۇقتىلىرى بوشاپ قالغان. | سىم يولىنى رېمونت قىلىڭ ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| **شوپۇر كابىنكىسىدا غەيرىي پۇراق بار.** | هاۋا سۈزگۈچ مەينەت. | سۈزگۈچنى تازىلاڭ. |
| | هورلاندۇرغۇچ كوندېنساتورىنىڭ شامالدۇرغۇچى مەينەت بولۇپ كەتكەن. | تەخسە ۋە چىقىرىش ئېغىزىنى تازىلاڭ. |
| | ئېقىتىۋېتىش نەيچىسى توسۇلۇپ قالغان. | ئېقىتىۋېتىش نەيچىسىنى تازىلاڭ. |
| | هورلاندۇرغۇچنىڭ سىرتقى قىسمىدا ئىس ۋە كوكۇس مېيى بار. | سۈزگۈچنى تازىلاڭ. |

NX,9965,O18 -UG-01DEC92-1/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **نەيچە ئازراق قىراۋ ۋە نەم بولۇپ قالغان، سوۋۇتۇش ياخشى ئەمەس.** | كومپرېسسور تاسمىسى سىيرىلىپ كېتىدۇ. | تاسما ۋەياكى غالتەكنى ئالماشتۇرۇڭ (ئەگەر كونىرىغان بولسا). |
| | توڭلاتقۇچ (سۇيۇقلۇق) يوق. | كۆزىتىش ئەينىكىگە قاراپ كۆپۈكچە بارمۇ-يوق ۋە سىستېمىدا ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سۇيۇقلۇق نەيچىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ياكى توسۇلۇپ قالغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | بېسىم ئاجىزلاشتۇرۇش نورمال ئىشلىمەيدۇ. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئىسسىتقۇچ نەيچىسى توسۇلۇپ قالغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **هورلاندۇرغۇچتىن دۇغ پۈركۈلىدۇ.** | كونترول سائىتى بەك تۆۋەن تەڭشەلگەن. | تېمپېراتۇرا كونتروللىغۇچنى قىزىق ئورۇنغا تەڭشەڭ. |
| | شامالدۇرغۇچ سۈرئىتى يېتەرسىز. | شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇڭ. |
| **سوۋۇمايدۇ.** | هاۋا سېتكىسى مەينەت. | سېتكىنى تازىلاڭ. |
| | هاۋا سۈزگۈچ مەينەت بولۇپ كەتكەن. | سۈزگۈچلەرنى تازىلاڭ. |
| | رادىياتور يادروسىدا ياكى يان سېتكىدا ئەخلەت بار. | يادرو سېتكىسىنى تازىلاڭ. |
| | كوندېنساتورنىڭ ئارقا قانىتىدا پاختىلىشىپ قېلىش بار ياكى مەينەت. | كوندېنساتورنى پرېسلانغان هاۋا بىلەن پۈركۈپ تازىلاڭ. |
| | توڭلاتقۇچ يېتەرلىك ئەمەس ياكى بەك ئاز (تۆۋەن). | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | كومپرېسسور كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسى بوشاپ قالغان. | تاسمىنى چىڭىتىڭ. |
| | ئىسسىتقۇچ ئوچۇق. | ئىسسىتقۇچنى تاقاڭ. |
| | ئىسسىتقۇچ نەيچىسى توسۇلۇپ قالغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | كومپرېسسور ئۇلىغۇچى ئۇلانمايدۇ. | سىمنى تەكشۈرۈڭ ياكى جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. |
| | بېسىم ئاجىزلاشتۇرۇش كىلاپانى ئىشلىمەيدۇ. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | توڭلاتقۇچ سىستېمىسىدا چەكلىمىگە ئۇچراش بار. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سىمنىڭ ئۇلىنىشلىرى بوشاپ قالغان. | سىمنىڭ ئۇلىنىشىنى چىڭىتىڭ. |
| | تېمپېراتۇرا كونتروللىغۇچ ئۆزچاتى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن. 21 سېلسىيە گرادۇستىن (70 فارېنگېيت) تۆۋەن. | هاۋا ئىسسىغىچە ساقلاڭ. سىستېمىدا نورماللىسىزلىق كۆرۈلسە، جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. |
| | كوندېنساتور بەك قىزىپ كېتىدۇ. | كوندېنساتور سېتكىسى، يادروسى ۋە كوندېنساتورنىڭ ياپراقچىسى، ئاپتول سوۋۇتقۇچ ۋە رايىاتورنى تازىلاڭ. |
| | يۇقىرى تەرەپتە ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچراش بار. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ئۇلىغۇچ كۆيۈپ كەتكەن. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | كونترول توك يولىدا قىسقا تۇتىشىش بار ياكى توك يولىدىكى ئۆزچاتتا كاشىلا بار. | جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |

NX,9965,O18 -UG-01DEC92-2/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **بېسىم ئاجىزلاشتۇرۇش كىلاپانىدا گىژىلدىغان ئاۋاز بار.** | توڭلاتقۇچ (سۇيۇقلۇق) يوق. | كۆزىتىش ئەينىكىگە قاراپ كۆپۈكچە بارمۇ-يوق ۋە سىستېمىدا ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | توڭلاتقۇچ سىستېمىسىدا چەكلىمىگە ئۇچراش بار. | نەيچىدە جىجىلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| **ۋولتمېتىر ئىستىرېلكىسى ئاستىنقى قىزىل ئورۇندا.** | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى توسۇلۇپ قالغان. | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ سېتكىسىنىڭ سىرتى ۋە ئىچىدىكى ئەخلەتلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتوردا توك يوق. | موتورنى ئۆچۈرۈپ، ئاچقۇچنى ئېچىپ، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ توك بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ئېلېكتىر يۈكى ئارتۇق. | چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ. شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنى ئوتتۇرهال ياكى تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈڭ. ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ سېتكىسى، يادروسى ۋە سۈزگۈچنى تازىلاڭ. |
| **ۋولتمېتىرنىڭ ئىستىرېلكىسى ئۈستۈنكى قىزىل ئورۇندا.** | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ چىقىرىش مىقدارى بەك يۇقىرى. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **ئىسسىتقۇچ ئۆچمەيدۇ.** | ئىسسىتقۇچنىڭ نەيچىسى مۇۋاپىق چېتىلمىغان. ئىسسىتقۇچنىڭ كونترول كىلاپانى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **ئىسسىتقۇچ قىزىمايدۇ.** | ئىسسىتقۇچنىڭ يادروسىدا ھاۋا قاپلىشىپ قالغان. | ئىسسىتقۇچنىڭ ھاۋاسىنى قويۇپ بېرىڭ. |
| | موتوردىكى تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ بۇزۇلغان. | تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ھاۋا تەڭشىگۈچ ئېچىلىپ قالغان. | ھاۋا تەڭشىگۈچنى تاقاڭ. |
| | ئىسسىتقۇچنىڭ كونترول كىلاپانى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | موتوردىكى تاقاش كىلاپانى تاقىلىپ قالغان. | كىلاپاننى ئېچىڭ. |
| **رادىيو ئىشلىمەيدۇ.** | بىخەتەرلىك سىمى كۆيۈپ كەتكەن. | بىخەتەرلىك سىمىنى ئالماشتۇرۇڭ. |

NX,9965,O18 -UG-01DEC92-3/3

## سىلىقلاش سىستېمىسى

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **چىراغ ياكى سائەت ئاۋازى نورمال ئىشلىمەيدۇ.** | سىلىقلاش قاچىسىنى قۇرۇغداك. | قاچىغا ئاپتول قۇيۇڭ. |
| | قاچا باكىدىكى ھاۋا ئالماشتۇرغۇچ قاپقىقى توسۇلۇپ قالغان. | تازىلاڭ. |
| | لامپۇچكىلار كۆيۈپ كەتكەن. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئېلېكتىر ئۇلىنىشلىرى مۇۋاپىق ئەمەس. | تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ. |
| | پومپا ئايلانمايدۇ. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | سۈمۈرۈش نەيچىسىدە ئېقىپ قېلىش بار. | چېتىش ئېغىزىنى چىڭىتىڭ. |
| | يىراقتىن قۇيۇش چاتقۇچى ئوچۇق. | رېمونت قىلىڭ ۋەياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | قول ئارقىلىق مەشغۇلات قىلىنغان ۋە بېسىم ئۆزچاتى ئىشلىمەيدۇ. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | مايىنىڭ يېپىشقاقلىقى مۇۋاپىق ئەمەس ۋەياكى ھاۋا سوغۇق. | تەۋسىيە قىلىنغان سىلىقلاش مېيىنى ئىشلىتىڭ. |
| | ئاجىزلىتىش كىلاپىنى ئوچۇق ياكى بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| **سائەت ئاۋازى ئىشلەۋاتىدۇ. مۇۋاپىق كەلمەيدىغان سىلىقلاش مېيى يوللانغان.** | نەيچە يۇگىلىپ قالغان، بۇزۇلغان ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. | تەكشۈرۈڭ ۋەياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | نەيچە توغرا يوللانمىغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | ماي تۇرۇبىسىدا باشقا نەرسىلەر بار. | تازىلاڭ. |
| | مايىنىڭ يېپىشقاقلىقى مۇۋاپىق ئەمەس ۋەياكى ھاۋا سوغۇق. | تەۋسىيە قىلىنغان سىلىقلاش مېيىنى ئىشلىتىڭ. |
| **سائەت ئاۋازى ۋەياكى پومپا تاقالمايدۇ.** | ئۆزچات بۇزۇلغان ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | سىم كاردىن چىققان ۋە قىسقا تۇتۇشۇپ قالغان. | توك سىملىرىنى رېمونت قىلىڭ. |
| | بېسىم ئۆزچاتى بۇزۇلغان. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| **سىلىقلاشنى يوللاش پومپىسى ئىشلىمەيدۇ.** | نەيچىلەر تەتۈر بولۇپ قالغان. | نەيچىلەرنى توغرا ئىشلىتىڭ. |
| | مايىنىڭ يېپىشقاقلىقى مۇۋاپىق ئەمەس ۋەياكى ھاۋا سوغۇق. | تەۋسىيە قىلىنغان سىلىقلاش مېيىنى ئىشلىتىڭ. |
| | پومپا ئارىسىدىكى ئۇلىنىش ياخشى ئەمەس. | ئۇلىنىش نۇقتىلىرىنى رېمونت قىلىڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | پومپىنىڭ ئىچكى قىسمى ياكى موتور بۇزۇلغان. | جون دىئىر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ. |
| | نەيچە يۇگىلىپ قالغان ياكى بۇزۇلغان. | نەيچىنى رېمونت قىلىڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ. |

MM95366,00002FF -UG-17DEC12-1/1

## ROW-TRAK

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **سىستېمىنىڭ كۈچى يوق.** | ROW-TRAK كونتروللىغۇچقا قۇۋۋەت كەلمەيدۇ. | قۇرۇلمىلار ئىشلىمەيدۇ. چېتىڭ. |
| | | بىخەتەرلىك سىمىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | | توك مەنبە سىمىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ئېچىش-تاقاش ئۆزچاتى توغرا ئورنىتىلدى. | ئۆزچاتنى ئورنىتىڭ، مىخ "4"، "5" ۋە "6" يان تەرەپتىكى دېرىزىگە قارىسۇن ۋە چاتقۇچنىڭ قېنىق كۆك رەڭلىك سىمى "ئالتىنچى مىختا بولسۇن". |
| **سىستېما "توغرىلاش" ھالىتىگە كىرمەيدۇ.** | توغرىلاش-خاتىرىلەش ئۆزچاتى توغرا ئورنىتىلمىغان. | ئۆزچاتنى ئورنىتىڭ، مىخ "4"، "5" ۋە "6" يان تەرەپتىكى دېرىزىگە قارىسۇن ۋە چاتقۇچنىڭ سېرىق رەڭلىك سىمى "ئالتىنچى مىختا بولسۇن". |
| | CCD BUS توك يولىدا كاشىلا بار. | ROW-TRAK كونتروللىغۇچ بىلەن تاخومېتىر ئارىسىدىكى CCD Bus نىڭ سىمىنى تەكشۈرۈڭ. |
| **سىستېما كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بارمايدۇ.** | تاخومېتىردىكى "236" ئېكراندىن قويۇپ بېرىلمەيدۇ. | موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى مىنۇتىغا 1800 قېتىمدىن ئاشۇرۇڭ. |
| | | بېسىم ئۆزچاتنى تەكشۈرۈڭ ۋە زۆرۈر بولسا تەڭشەڭ. |
| | يېتەكچى چاق ئوتتۇرىغا تەڭشەلمىگەن. | قوزغىتىشتىن بۇرۇن يېتەكچى چاقلارنى ئوتتۇرىغا توغرىلاڭ. "سەككىزىنچى" قانالنى تەكشۈرۈپ، كىلاپاننى دائىرە ئىچىگە كەلتۈرۈڭ. |
| | ROW-TRAK توغرا توغرىلانمىغان. | "ئالتىنچى" قانالنى ئىشلىتىپ كونترول قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈڭ ۋە توغرىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ. |
| | ROW-TRAK نىڭ سىمى توغرا ئۇلانمىغان. | "ئالتىنچى" قانالنى ئىشلىتىپ، سىمنى تەكشۈرۈڭ. |
| | | سول تەرەپ ۋە ئوڭ تەرەپنىڭ كونترول سىگنالىنىڭ ئۆزچاتى چېتىلدى. سۇپىدىكى چاتقۇچنىڭ قىزىل سىمنى قوڭۇر رەڭلىك سىمغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئارقا چاقنىڭ سېنزورى ياخشى ئەمەس. | سېنزورنى ئالماشتۇرۇڭ. |
| | ئارقا چاق سېنزورىنىڭ سىمى خاتا ئۇلانغان. | سېنزور توك مەنبەسىنىڭ سىملىرىنىڭ توغرا ئۇلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. مىخ "A"-قارا; مىخ "B"-ئاق; مىخ "C"-قىزىل |
| **سىستېما خاتىرىلەش ئېلىپ بارمايدۇ.** | خاتىرىلەش تەرتىپى توغرا ئېلىپ بېرىلمىغان. | خاتىرىلەش تەرتىپىنى قايتا تەكشۈرۈڭ. |
| | كىلاپاننىڭ ئېغىشى ئېلىپ بېرىلمىغان. | كىلاپاننىڭ ئېغىشىنى ئېلىپ بېرىڭ. |
| | زىرائەت سېزىش دائىرىدىن چىقىپ كەتكەن. | يەتتىنچى قانالنى ئىشلىتىپ تەكشۈرۈڭ. |
| | ئاپتوماتىك قوزغىتىش ئۆزچاتى بېسىلغاندا "خاتىرىلەش" قوزغالمايدۇ. | تۆۋەندىكى كاشىلىغا قاراڭ. |

OUO1078,00004FE -UG-14SEP06-1/2

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **سىستېما ئاپتوماتىك كونترول قىلىشقا ئۆتمەيدۇ.** | موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى توغرا ئەمەس. | موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى مىنۇتىغا 1800 قېتىمدىن ئاشۇرۇڭ. |
| | مېڭىش تېزلىكى بەك يۇقىرى. | تېزلىكنى سائىتىگە 11 كىلومېتىردىن (7 مىل) تۆۋەن قىلىپ مەشغۇلات قىلىڭ. |
| | بېسىم ئۆزچاتى ئوچۇق. | بېسىم ئۆزچاتىنى تەكشۈرۈڭ ۋە زۆرۈر بولسا تەڭشەڭ. |
| **سىستېما چېتىلغاندا يېتەكچى چاقلار تەۋرىنىدۇ.** | "ئېرىشىش-نىسبەت" سانى خاتا. | بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قانالغا ئېرىشىش. قىممەتنى تەڭشەڭ. ئېرىشىش (قانال "1") = "55"; نىسبەت (قانال "2") = "12" |
| **ماشىنا دائىم ئىككى يانغا چەتنەپ كېتىدۇ.** | "ئېرىشىش" ياكى "نىسبەت" قىممىتى خاتا. | بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قانالغا ئېرىشىش. قىممەتنى تەڭشەڭ. ئېرىشىش (قانال "1") = "55"; نىسبەت (قانال "2") = "12" |
| | تاناسپلىق كىلاپان بۇزۇلغان. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | زىرائەت سېنزورى ئىككى يانغا ئەركىن تەۋرەنمەيدۇ. | ئايلىنىش ئۇقى كونىربغانمۇ-يوق ياكى زىرائەت سېنزورىدا توسالغۇ بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. |
| | زىرائەت سېنزورىنىڭ دەستىسى چىڭ ئەمەس ياكى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن. | چېتىش دېتالىنى چىڭىتىڭ. سېنزور تاختىسى 13 مىللىمېتىر يىراق بولسۇن ياكى ئۇسۇملۇك شېخىنىڭ كەڭلىكىنى تەڭشەڭ. |
| | ئارقا چاقنىڭ سېنزورى بوشاپ قالغان. | ئارقا چاق سېنزورىنىڭ ئېچكى قاچىسى توغرا ئورۇندا بولسۇن ۋە چىڭ بولسۇن. |
| | | ئورنىتىش دېتالى چىڭ بولسۇن. |
| **ماشىنا تۈز ھەيدەلگەن بىراق قۇر ئوتتۇرىسىغا كەلمەيدۇ.** | تولۇقلاش سېنزورىنى تەڭشەش لازىم. | تولۇقلاش سېنزورىنى تەڭشەپ ماشىنىنى قۇرنىڭ ئوتتۇرىغا كەلتۈرۈڭ. |
| **ماشىنا بەزىدە ئىككى يانغا چەتنەپ كېتىدۇ ياكى قۇردىن چىقىپ كېتىدۇ.** | يېتەكچى چاقنىڭ كالگىنىڭ تەڭشىلىشى توغرا ئەمەس. | تەڭشەڭ. |
| | تاناسپلىق كىلاپان بۇزۇلغان. | يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. |
| | زىرائەت سېنزورىنىڭ سىمىنىڭ ئۇلىنىشى توغرا ئەمەس. | سېنزور توك مەنبەسىنىڭ سىملىرىنىڭ توغرا ئۇلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. مىخ "A"-قىزىل; مىخ "B"-ئاق; مىخ "C"-قارا |
| **ماشىنا ئۈزلۈكسىز بىر يۆنىلىشتە ماڭىدۇ.** | زىرائەت سېنزورى جايىغا چۈشسۇن. | ئايلىنىش ئۇقى كونىربغانمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ ۋەياكى توسالغۇنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. |
| | كونترول سىستېمىسىدا گىدراۋلىك ياكى ئېلېكتىر كاشىلىسى بار. | "ئالتىنچى" قانال ئارقىلىق ئېنىقلاڭ. |
| **ئاپتوماتىك ۋە قول ئارقىلىق كونترول قىلىش تەستە قوزغىلىدۇ ياكى رول ئازراقلا ھەرىكەتلەنسە قوزغىلىدۇ.** | تەڭشەشكە بولىدىغان بېسىم ئۆزچاتى تەڭشەش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن. | بېسىم ئۆزچاتىنى تەڭشەڭ. |

OUO1078,00004FE -UG-14SEP06-2/2

## تەۋسىيە قىلىنغان ساقلاش جەريانىدا لازىم بولىدىغان دېتاللار ۋە چىرىشتىن ساقلىنىش سۇيۇقلۇقى




ماشىنا ۋە موتورنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاشقا تەييارلاش ئۈچۈن، جون دىئىر ماركىلىق. تېپىلىق ساقلاش دېتاللار بوغچىسى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

OUO6043,0001561 -UG-25OCT01-1/1

## ماشىنىنى ساقلاشقا تەييارلىق قىلىش



ئەگەر ماشىنا 30 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلمىسە:

1. داتلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ماشىنىنى تەلتۆكۈس تازىلاڭ.

2. ئۈرچۈقلارنى تازىلاڭ.

*ئىزاھات: ئەگەر يۇقىرى بېسىملىق سۇ ئىشلىتىپ قۇرۇلمىنى تازىلاشقا توغرا كەلسە، سۇنى سىرتقى ھىملانغان ئورۇنغا ياكى تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقىغا قاراتماڭ.*

**مۇھىم: چىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشتىن بۇرۇن، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن تېرىش قۇرۇلمىسى تەلتۆكۈس مايلىنىشى لازىم.**

3. تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى تەلتۆكۈس يۇيۇڭ. ئۇلار پۈتۈنلەي قۇرغاق بولسۇن. بارلىق تېرىش مېخانىزمىغا داتلىششتىن ساقلىنىش مېيى پۈركۈڭ.

4. ماشىنىنى تەلتۆكۈس سىلىقلاڭ (مايلاڭ). تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولتا ئۇستىدىكى رېزبىلارنى مايلاڭ. تېرىش قۇرۇلمىلىرىنى بارلىق زاپچاسلار تەلتۆكۈس مايلانغىچە ماڭدۇرۇڭ.

MM95366,0000300 -UG-15JAN13-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

**مۇھىم: سۇ پومپىسى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. سۇ يوق ۋاقىتتا سۇ پومپىسىنى ئىشلەتمەڭ.**

5. ماشىنىنىڭ سول تەرەپ ئاستىدىكى سۈزۈش تورىنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ، كىلاپاننى (B) ئېچىپ ۋە پومپىنىڭ ئۈچ دانە ئېقىتىۋېتىش كىلاپىنىنى (C) ئېچىپ، سۇ باكىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ. سۈزگۈچ تورىنى ئالماشتۇرۇپ، كىلاپاننى تاقاڭ.

6. ئەمدەش سىستېمىسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، RV توڭلىماس سۇيۇقلۇقنى توغرا نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چۈشۈرۈڭ.

7. ئەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكىغا مۇۋاپىق مىقداردا RV توڭلىماس سۇيۇقلۇقى قۇيۇڭ. سىستېمىنى ئىشلىتىپ توڭلىماس سۇيۇقلۇقنى نەيچە ۋە پۈركۈش ئېغىزلىرىغا ماڭدۇرۇڭ.

8. سۇيۇقلۇق پومپىسىنىڭ تاسمىسىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.

**A** - سۈزۈش تورى
**B** - كىلاپان
**C** - كىلاپان (ئۈچ دانە)







MM95366,0000300 -UG-15JAN13-2/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە




9. گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك قاچا ۋە خوتىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىپ ئاندىن سۈيۈقلۇق قۇيۇڭ. قاچا ۋە خوتقا 180 مىللىمېتىر (10 ئۇنسىيە) چىرىشتىن ساقلاش سۈيۈقلۇقى قۇيۇڭ.

بارلىق ئېقتىدارلارنى بىر قېتىم دەۋرىيلەندۈرۈپ چىرىشتىن ساقلاش سۈيۈقلۇقنى تەكشى تارقىتىڭ. بارلىق قۇيۇش قاپقاقلىرى ۋە ھاۋا سۈمۈرۈش نەيچىسىنى پىلاستىر ياكى يالتىراق خالتا بىلەن پېچەتلەپ ھەممە چىرىشتىن ساقلىنىش دورىسى ئىشلىتىڭ.

10. زۆرۈر بولغان يەرلەرنى قايتا سىرلاڭ.

11. تېرىش قۇرۇلمىلىرنى ياغاچ پارچىسى بىلەن تىرەپ قويۇڭ.

12. بالونغا چۈشىدىغان يۈكنى ئېلىۋېتىپ، ماشىنىنى تاقاپ قويۇڭ. بالونلارنى ئاسفالت ياكى باشقا ماي ئىشلىتىلگەن يەرگە قويماڭ. بالونلارنىڭ يېلىنى چىقىرىۋەتمەڭ. ئەگەر پاختا تېرىش ماشىنىسى سىرتتا ساقلانسا، چاق ۋە بالونلارنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىپ، ئۇلارنى سالقىن ۋە تەسكەي جايغا قويۇڭ.

13. بارلىق تاسمىلارنى بوشىتىڭ.

14. ئاپتول سۇۋۇتقۇچنى تازىلاڭ.

15. كېيىنكى پەسىلدە لازىم بولىدىغان زاپچاسلارنى زاكاز قىلىڭ.

MM95366,0000300 -UG-15JAN13-3/3

## موتورنى ساقلاشقا تەييارلىق قىلىش




A - يېقىلغۇ باكى

**دىققەت: بېنزىن ئىنتايىن كۆيۈشچان بولۇپ، مۇبادا ئوت ئېلىپ كەتسە، ئۆزىڭىز ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلىدۇ. موتورنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغاندا، بېنزىننى ھەرگىز تازىلاش سۈيۈقلۇقى ئورنىدا ئىشلەتمەڭ.**

1. موتورنىڭ سىرتقى قىسمىنى بىخەتەر بولغان سۈيۈقلۇق بىلەن يۇيۇڭ.

2. ھاۋا تازىلىغۇچنى تازىلاڭ ياكى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. (موتور ۋە يېتەكچى ئوق بۆلىكىدىكى ھاۋا تازىلىغۇچنىڭ قۇرۇلمىسىنى چىقىرىپ ئېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش قىسمىغا قاراڭ.)

3. موتور قىزىق ۋاقتىدا، جەينەكلىك ئوقنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ. سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇپ، جەينەكلىك ئوققا ئاپتول قۇيۇڭ. (سىلىقلاش ۋە ئاسراش بۆلىكىدىكى ھەر 250 سائەتلىك مەشغۇلات قىسمىغا قاراڭ.)

**مۇھىم: توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋەتمەڭ. كابىنكا قىزىتقۇچنىڭ سۈيىنى تولۇق ئېقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، شۇڭا بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدۇ.**

4. سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ، چايقاڭ ۋە مۇۋاپىق سوۋۇتۇش سۈيۈقلۇقى قۇيۇڭ. (يېقىلغۇ، سىلىقلاش مېيى ۋە سوۋۇتقۇچ بۆلىكىدىكى دىزېل موتورنىڭ سوۋۇتۇش سۈيۈقلۇقى دېگەن قىسمىغا قاراڭ) قىزىتقۇچنى ئېچىپ، مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسىغا يەتكىچە موتورنى ماڭدۇرۇڭ.

5. يېقىلغۇ باكىنىڭ (A) سۈيىنى ئېقىتىۋېتىپ، 38 لىتىر (10 گاللون) دىزېل يېقىلغۇسى ۋە 414 مىللىلىتىر (14 ئۇنسىيە) چىرىشتىن ساقلىنىش سۈيۈقلۇقى قۇيۇڭ. موتورنى قوزغىتىپ، يۇقىرى تېزلىكتە 15-20 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. موتورنى 15-20 مىنۇت سوۋۇتۇڭ.

6. جەينەكلىك ئوققا 296 مىللىمېتىر (10 ئۇنسىيە) چىرىشتىن ساقلىنىش سۈيۈقلۇقى قۇيۇڭ.

7. ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىپ ئېلىپ (مەنپى قۇتۇپنى دەسلەپتە ئۈزۈڭ)، ئۇلارنى ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا (27 سېلسىيە گرادۇس، 80 فارېنگايت) ساقلاڭ. زۆرۈر بولسا، ھەر 30 كۈندە ئاككۇمۇلياتورنى تەكشۈرۈڭ.

OUO1078,00004EF -UG-20SEP06-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە










8. سوۋۇتۇش ئۈزىكىنى (A ۋە B) تازىلاڭ.

9. تاقاقنى (C) بوشىتىپ، رادىياتورنى (D) تازىلاڭ.

10. تۆۋەندىكى ئوچۇق يەرلەرنى پىلاستىر ۋە ياكى يالتىراق خالتا بىلەن پېچەتلەپ، چىرىشتىن ساقلىنىش ھورىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.

- كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسى
- ھاۋا تازىلىغۇچنىڭ ئالدىن تازىلىغۇچى
- موتورنىڭ ئاپتول ئۆلچىگۈچى ۋە نەيچە
- جەينەكلىك ئوق ھاۋا سۈمۈرۈش نەيچىسى

**A - ئاپتول سوۋۇتقۇچ**
**B - ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ پىرېسلىغۇچىسى**
**C - تاقاق**
**D - رادىياتور**

OUO1078,00004EF -UG-20SEP06-2/2

## ماشىنىنى ساقلانغان ئورۇندىن ئېلىپ چىقىش

1. ماشىنىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى تەلتۆكۈس تازىلاڭ.
2. ھىملاش لېنتىسى ۋە يالتىراق خالتىلارنى ئېلىۋېتىڭ.
3. ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلەڭ ۋە ئورنىتىڭ. مۇۋاپىق زەرەتلەش قەدەم-باسقۇچلىرى ھەققىدە ئاككۇمۇلياتور بۆلىكىدىكى ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلەش قىسمىغا قاراڭ.
4. ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ، زۆرۈر بولسا ئاپتول قۇيۇڭ.
5. سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.
6. تاسمىنىڭ چىڭلىقىنى تەڭشەڭ.
7. بالوننى ئورنىتىڭ ۋە يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ.
8. يېقىلغۇ باكىغا مۇۋاپىق يېقىلغۇ قاچىلاڭ.
9. پاختا تېرىش ماشىنىسىنى تەلتۆكۈس سىلىقلاڭ.
10. ئاپتول بېسىم سائىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگىچە موتورنى قوزغىتىڭ. ستاتورنى بىر قېتىمدا 30 سېكۇنتتىن ئارتۇق ئىشلەتمەڭ. قايتا ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئاز دېگەندە 2 مىنۇت ساقلاڭ.
11. ماشىنىنى يېرىم تېزلىكتە بىر سائەت ئىشلىتىڭ. ئوققازان زىيادە قىزىپ كەتتىمۇ ياكى بەك بوشاپ كەتتىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.
12. (ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسى) قوبۇللىغۇچ-قۇرۇتقۇچ ئۈستىدىكى كۆزنەك ئەينىكىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا، توڭلاتقۇچ قۇيۇڭ.
13. ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ.

NXH,OM9970120,4 -UG-26SEP97-1/1

## مېتىرلىق بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسىنىڭ قىممىتى




| دەرىجە 12.9 | | | | دەرىجە 10.9 | | | | دەرىجە 8.8 ياكى 9.8 | | | | دەرىجە 4.8 | | | | بولتا ياكى بۇرمىلىق مىخنىڭ چوڭلۇقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇرغاق[b] | | مايلانغان[a] | | قۇرغاق[b] | | مايلانغان[a] | | قۇرغاق[b] | | مايلانغان[a] | | قۇرغاق[b] | | مايلانغان[a] | | |
| قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | قاداق-دېيۇم | N•m | |
| 172 | 19.5 | 137 | 15.5 | 146 | 16.5 | 115 | 13 | 100 | 11.3 | 79 | 8.9 | 53 | 6 | 42 | 4.7 | M6 |
| قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | | | | | | | | | |
| 35 | 47 | 27.5 | 37 | 29.5 | 40 | 23.5 | 32 | 243 | 27.5 | 194 | 22 | 128 | 14.5 | 102 | 11.5 | M8 |
| | | | | | | | | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | | | |
| 70 | 95 | 55 | 75 | 59 | 80 | 46 | 63 | 40 | 55 | 32 | 43 | 21 | 29 | 204 | 23 | M10 |
| | | | | | | | | | | | | | | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | |
| 120 | 165 | 95 | 130 | 105 | 140 | 80 | 110 | 70 | 95 | 55 | 75 | 37 | 50 | 29.5 | 40 | M12 |
| 190 | 260 | 150 | 205 | 165 | 220 | 130 | 175 | 110 | 150 | 88 | 120 | 59 | 80 | 46 | 63 | M14 |
| 300 | 400 | 235 | 320 | 255 | 350 | 200 | 275 | 175 | 240 | 140 | 190 | 92 | 125 | 74 | 100 | M16 |
| 410 | 560 | 325 | 440 | 350 | 475 | 275 | 375 | 245 | 330 | 195 | 265 | 125 | 170 | 100 | 135 | M18 |
| 580 | 790 | 460 | 625 | 500 | 675 | 390 | 530 | 350 | 475 | 275 | 375 | 180 | 245 | 140 | 190 | M20 |
| 800 | 1080 | 625 | 850 | 680 | 920 | 535 | 725 | 480 | 650 | 375 | 510 | 245 | 330 | 195 | 265 | M22 |
| 1000 | 1350 | 800 | 1080 | 850 | 1150 | 680 | 920 | 600 | 820 | 480 | 650 | 315 | 425 | 245 | 330 | M24 |
| 1475 | 2000 | 1160 | 1580 | 1250 | 1700 | 1000 | 1350 | 885 | 1200 | 700 | 950 | 460 | 625 | 360 | 490 | M27 |
| 2000 | 2700 | 1580 | 2140 | 1700 | 2300 | 1350 | 1850 | 1200 | 1630 | 950 | 1290 | 625 | 850 | 490 | 660 | M30 |
| 2730 | 3700 | 2150 | 2900 | 2325 | 3150 | 1850 | 2500 | 1625 | 2200 | 1300 | 1750 | 850 | 1150 | 665 | 900 | M33 |
| 3500 | 4750 | 2770 | 3750 | 3000 | 4050 | 2350 | 3200 | 2100 | 2850 | 1650 | 2250 | 1075 | 1450 | 850 | 1150 | M36 |

يۇقىرىدا بېرىلگەن چىڭىتىلىش دەرىجىسى سانلىق قىممەتلىرى بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىدامچانلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن ھېساب چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمەلىي قوللىنىشلاردا، ئەگەر مەشغۇلات تەلىپى باشقىچە چىڭىتىلىش دەرىجىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ يەردە بېرىلگەن سانلىق قىممەتلەرنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ. داتلاشماس پولات مىخ، ياكى "U" شەكىللىك بولتىلارنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ئەمەلىي مەشغۇلات تەلىپىدە بەلگىلەنگەن چىڭىتىلىش دەرىجىسىنى قوللىنىڭ. ئەگەر ئەمەلىي مەشغۇلات تەلىپىدە باشقىچە ئۆلچەملەر كۆرسىتىلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا پلاستىك قىستۇرمىلىق ياكى دولقۇنسىمان پولات گايكىلارنى ئىشلەتكەن ئۆلارنى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن قۇرغاق چىڭىتىلىش دەرىجىسىدە چىڭىتىڭ.

بىخەتەرلىك بولتىسى ئالدىن ئالا بەلگىلەنگەن يۈك ئېغىرلىقى سەۋىيىسىگە يەتكەن ۋاقىتتا ئۈزۈلۈپ ئاجراپ كېتىدۇ. بىخەتەرلىك بولتىسىنى ئالماشتۇرغاندا ھەر دائىم ئوخشاش دەرىجىدىكى بولتىنى ئىشلىتىڭ. مىخلارنى ئالماشتۇرغاندا ئوخشاش ياكى دەرىجىسى يۇقىرىراق مىخلارنى ئىشلىتىڭ. ئەگەر دەرىجىسى يۇقىرىراق مىخلار ئىشلىتىلسە ئۇلارنى ئەسلىدىكى چىڭىتىلىش دەرىجىسىدە چىڭىتىڭ. مىخلارنى راۋان بۇراپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن مىخ كىرگۈزىدىغان تۆشۈكلەرنى پاكىز تازىلىۋېتىڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات تەلىپى باشقىچە بولمىسا، گايكا، چاق بولتىسى ياكى گايكىسىدىن باشقا سىنىك يالىتىلغان ياكى ھېچنېمە يالىتىلمىغان بولتىلارنى سىلىقلاش مېيىدا مايلاڭ.

[a]"مايلانغان" دېگەنلىك مىخلارغا بىر قەۋەت فوسفات ياكى ماتور مېيىغا ئوخشاش سىلىقلاشتۇرۇش سۇيۇقلۇقى يالىتىلغانلىقىنى، M20 ياكى ئۇنىڭدىن يوغانراق مىخلارغا بولسا نېپىز بىر قەۋەت JDM F13C، F13F، F13J لىق سىنىك يالىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
[b]"قۇرغاق" دېگەنلىك مىخلارغا ھېچ قانداق نەرسە يالىتىلمىغانلىقىنى، ياكى M6 دىن M18 گىچە چوڭلۇقتىكى مىخلارغا نېپىز بىر قەۋەت JDM F13B، F13E، F13H لىق سىنىك يالىتىلغانلىقىنى، سىلىقلاشتۇرۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

DX,TORQ2 -UG-12JAN11-1/1

## ئىنگلىز چىسلىق بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى ئۆلچەملىك قىممىتى



| بولتا ياكى بۇرمىلىق مىخنىڭ چوڭلۇقى | ئامېرىكا ماشىنىسازلىق بىرلەشمىسى بىرىنچى دەرىجىلىك | | | | ئامېرىكا ماشىنىسازلىق بىرلەشمىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك[a] | | | | ئامېرىكا ماشىنىسازلىق بىرلەشمىسى 5، 5.1 ياكى 5.2 دەرىجىلىك | | | | ئامېرىكا ماشىنىسازلىق بىرلەشمىسى 8 ياكى 8.2 دەرىجىلىك | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مايلانغان[b] | | قۇرغاق[c] | | مايلانغان[b] | | قۇرغاق[c] | | مايلانغان[b] | | قۇرغاق[c] | | مايلانغان[b] | | قۇرغاق[c] | |
| | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم | N•m | قاداق-دىيۇم |
| 1/4 | 3.7 | 33 | 4.7 | 42 | 6 | 53 | 7.5 | 66 | 9.5 | 84 | 12 | 106 | 13.5 | 120 | 17 | 150 |
| | | | | | | | | | | | | | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى |
| 5/16 | 7.7 | 68 | 9.8 | 86 | 12 | 106 | 15.5 | 137 | 19.5 | 172 | 25 | 221 | 28 | 20.5 | 35 | 26 |
| | | | | | | | | | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | | | | |
| 3/8 | 13.5 | 120 | 17.5 | 155 | 22 | 194 | 27 | 240 | 35 | 26 | 44 | 32.5 | 49 | 36 | 63 | 46 |
| | | | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | | | | | | | | |
| 7/16 | 22 | 194 | 28 | 20.5 | 35 | 26 | 44 | 32.5 | 56 | 41 | 70 | 52 | 80 | 59 | 100 | 74 |
| | N•m | قاداق-ئىنگلىز چىسى | | | | | | | | | | | | | | |
| 1/2 | 34 | 25 | 42 | 31 | 53 | 39 | 67 | 49 | 85 | 63 | 110 | 80 | 120 | 88 | 155 | 115 |
| 9/16 | 48 | 35.5 | 60 | 45 | 76 | 56 | 95 | 70 | 125 | 92 | 155 | 115 | 175 | 130 | 220 | 165 |
| 5/8 | 67 | 49 | 85 | 63 | 105 | 77 | 135 | 100 | 170 | 125 | 215 | 160 | 240 | 175 | 305 | 225 |
| 3/4 | 120 | 88 | 150 | 110 | 190 | 140 | 240 | 175 | 300 | 220 | 380 | 280 | 425 | 315 | 540 | 400 |
| 7/8 | 190 | 140 | 240 | 175 | 190 | 140 | 240 | 175 | 490 | 360 | 615 | 455 | 690 | 510 | 870 | 640 |
| 1 | 285 | 210 | 360 | 265 | 285 | 210 | 360 | 265 | 730 | 540 | 920 | 680 | 1030 | 760 | 1300 | 960 |
| 1-1/8 | 400 | 300 | 510 | 375 | 400 | 300 | 510 | 375 | 910 | 670 | 1150 | 850 | 1450 | 1075 | 1850 | 1350 |
| 1-1/4 | 570 | 420 | 725 | 535 | 570 | 420 | 725 | 535 | 1280 | 945 | 1630 | 1200 | 2050 | 1500 | 2600 | 1920 |
| 1-3/8 | 750 | 550 | 950 | 700 | 750 | 550 | 950 | 700 | 1700 | 1250 | 2140 | 1580 | 2700 | 2000 | 3400 | 2500 |
| 1-1/2 | 990 | 730 | 1250 | 930 | 990 | 730 | 1250 | 930 | 2250 | 1650 | 2850 | 2100 | 3600 | 2650 | 4550 | 3350 |

يۇقىرىدا بېرىلگەن چىڭىتىلىش دەرىجىسى سانلىق قىممەتلىرى بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىدامچانلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن ھېساب چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمەلىي قوللىنىشلاردا، ئەگەر مەشغۇلات تەلىپى باشقىچە چىڭىتىلىش دەرىجىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ يەردە بېرىلگەن سانلىق قىممەتلەرنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ. پلاستىك قىستۇرمىلىق ياكى دولقۇنسىمان پولات گايكا، داتلاشماس پولات مىخ، ياكى "U" شەكىللىك بولتىلارنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ئەمەلىي مەشغۇلات تەلىپىدە بەلگىلەنگەن چىڭىتىلىش دەرىجىسىنى قوللىنىڭ. بىخەتەرلىك بولتىسى ئالدىن ئالا بەلگىلەنگەن يۈك ئېغىرلىقى سەۋىيىسىگە يەتكەن ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. بىخەتەرلىك بولتىسىنى ئالماشتۇرغاندا ھەر دائىم ئوخشاش دەرىجىدىكى بولتىنى ئىشلىتىڭ.

مىخلارنى ئالماشتۇرغاندا ئوخشاش ياكى دەرىجىسى يۇقىرىراق مىخلارنى ئىشلىتىڭ. ئەگەر دەرىجىسى يۇقىرىراق مىخلار ئىشلىتىلسە ئۇلارنى ئەسلىدىكى چىڭىتىلىش دەرىجىسىدە چىڭىتىڭ. مىخلارنى راۋان بۇراپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن مىخ كىرگۈزىدىغان تۆشۈكلەرنى پاكىز تازىلىۋېتىڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات تەلىپى باشقىچە بولمىسا، گايكا، چاق بولتىسى ياكى گايكىسىدىن باشقا سىنىك يالىتىلغان ياكى ھېچنېمە يالىتىلمىغان بولتىلارنى سىلىقلاش مېيىدا مايلاڭ.

[a] Grade 2 دە بېرىلگەن ئۆلچەملەر 6 ئىنگلىز چىسى (152 مم) گىچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئالتە قىرلىق قالپاق بۇرمىلىق مىخ ئۈچۈن ( ئالتە قىرلىق قالپاق بولتا ئۈچۈن ئەمەس) قوللىنىلىدۇ. Grade 1 دە بېرىلگەن ئۆلچەملەر 6 ئىنگلىز چىسى (152 مم) دىن ئۇزۇن ئالتە قىرلىق قالپاق بۇرمىلىق مىخ ۋە باشقا ھەرقانداق ئۇزۇنلۇقتىكى، ھەرقانداق تىپتىكى بۇرمىلىق مىخ ۋە بولتا ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

[b] "مايلانغان" دېگەنلىك مىخلارغا بىر قەۋەت فوسفات ياكى ماتور مېيىغا ئوخشاش سىلىقلاشتۇرۇش سۇيۇقلۇقى يالىتىلغانلىقىنى، 7/8 ئىنگلىز چىسى ياكى ئۇنىڭدىن يوغانراق مىخلارغا بولسا نېپىز بىر قەۋەت JDM F13C، F13F، F13J لىق سىنىك يالىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە JDM F13C، F13F، F13J لارغا سىنىك يالىتىلغان چوڭ مىخ سەپلەنگەن.

[c] "قۇرغاق" دېگەنلىك مىخلارغا ھېچ قانداق نەرسە يالىتىلمىغانلىقىنى ياكى ھېچقانداق سىلىقلاش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چوڭلۇقتىكى مىخلارغا نېپىز بىر قەۋەت JDM F13B، F13E، F13H لىق سىنىك يالىتىلغانلىقىنى، سىلىقلاشتۇرۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

DX,TORQ1 -UG-12JAN11-1/1

## يۇقىرى بېسىملىق يۈز ھىملىغۇچنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى جەدۋىلى



پاسلداق ۋە نەيچە گايكىسى



ئايرىغۇچ قورۇلمىسى ۋە ئايرىغۇچنى بوشاشتىن ساقلاش ۋىنتىسى



ئايلانما جەينەكلىق ئوق ۋە نەيچە گايكىسى



تەڭشەشكە بولىدىغان پاسلداق

*ئىزاھات: ئېغىزلارنى چىڭىتقاندا نەيچىلەر تولغىنىپ كەتمىسۇن.*

قۇراشتۇرۇش ئايلىنىش مومېنتى تەكشى يۈزنى ھىملاش نەيچە ئۇلىنىشى ۋە J1926 ئۆچۈن بولىدۇ. شەكىللىق ھالقىنىڭ پاسلداق بېشىنىڭ يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىشى **يۇقىرى بولىدۇ** 27.6 mPA (4000 psi). مەشغۇلات بېسىمى 41.3 mPA (6000 psi).

| نومىنال نەيچە O.D./نەيچە I.D. | | | | تەكشى يۈز نەيچىسى (نەيچە) بېشى | | | | | O شەكىللىك ھالقىنىڭ پاسلداق بېشى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مېتىر بىرلىكىدىكى نەيچە O.D. | ئىنگلىز چىسى بىرلىكىدىكى نەيچە O.D. | | | رېزبا چوڭلۇقى | نەيچە گايكىسىنىڭ (ئايلانما چاتقۇچ گايكىسى) چىڭىتىلىش دەرىجىسى | | ئايرىغۇچنى بوشاشتىن ساقلاش ۋىنتىسىنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى | | رېزبا چوڭلۇقى | بىۋاستە ئۇلاش ئېغىزى ياكى ۋىنتا ئايلىنىش مومېنتى | |
| mm | پەربور چوڭلۇقى | (in.) | mm | (in.) | N·m | (lb-ft) | N·m | (lb-ft) | (in.) | N·m | (lb-ft) |
| 5 | -3 | 0.188 | 3.76 | - | - | - | - | - | 3/8-24 | - | - |
| 6 | -4 | 0.250 | 6.35 | 9/16-18 | 16 | 12 | 12 | 9 | 7/16-20 | 21 | 15 |
| 8 | -5 | 0.312 | 7.94 | - | - | - | - | - | 1/2-20 | - | - |
| 10 | -6 | 0.375 | 9.52 | 11/16-16 | 24 | 18 | 24 | 18 | 9/16-18 | 34 | 24 |
| 12 | -8 | 0.500 | 12.70 | 13/16-16 | 50 | 37 | 46 | 34 | 3/4-16 | 73 | 55 |
| 16 | -10 | 0.625 | 15.88 | 1-14 | 69 | 51 | 62 | 46 | 7/8-14 | 104 | 76 |
| 20 | -12 | 0.750 | 19.05 | 1-3/16-12 | 102 | 75 | 102 | 75 | 1-1/16-12 | 176 | 130 |
| 22 | -14 | 0.875 | 22.22 | 1-3/16-12 | 102 | 75 | 102 | 75 | 1-3/16-12 | 230 | 170 |
| 25 | -16 | 1.000 | 25.40 | 1-7/16-12 | 142 | 105 | 142 | 105 | 1-5/16-12 | 285 | 210 |

*ئىزاھات: ئالاھىدە ئەسكەرتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، پەرق 15+% ياكى 20-% بولىدۇ.*

OUO6043,0000014 -UG-17JUL06-1/1

## تەكشى يۈزلۈك يۇملاق ھالقا ھەملىغۇچ ئېغىزىغا بېرىلىدىغان تەۋسىيەلەر

1. ئېغىزنىڭ ھەملاش يۈزى ۋە يۇملاق ھالقىنى تەكشۈرۈڭ. ئۇلاردا مەينەت نەرسە ياكى بۇژۇلۇش بولماسلىقى لازىم.

2. يۇملاق ھالقىنى مايلاپ، ۋازېلىن مېيى ئىشلىتىپ جايىدا تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ ئىچگە ئورنىتىڭ.

3. ئەگمە چاتقۇنى ئۈزگەرتىپ، ئۇلىنىش نۇقتىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، يۇملاق ھالقىنى جايىغا كەلتۈرۈپ قول بىلەن چېكىتىڭ.

4. چېكىتىش ئورنى ياكى گايكىنى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن تولغىنىش قىممىتى بويىچە چېكىتىڭ. چېكىتىش ئورنىنى چېكىتقاندا، نەيچىلەر تولغىنىپ كەتمىسۇن، تۈز نەيچە ئۇلىغۇچقا كۇلۇچ ئىشلىتىڭ.

**مۇھىم: ئەگەر ئۈزگەرتىش زۆرۈر بولسا ياكى چاتقۇ مەلۇم بىر قوزغىتىش ئۈسكۈنىسىگە چېتىلغان بولسا، چاتقۇنى جەدۋەلدە دېيىلگەن تولغىنىش مومېنتىنىڭ 150% غىچە چېكىتىڭ.**

**ئەگەر ئاليۇمىن قازان ئىشلىتىلگەن بولسا، چېكىتىش ئورنىنى جەدۋەلدىكى تولغىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتىنىڭ 50% غىچە چېكىتىڭ.**

| تەكشى يۈزلۈك يۇملاق ھالقا ھەملىغۇچىسىنىڭ چېكىتىش ئورنىنىڭ تولغىنىش مومېنتى* | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| نومىنال نەيچە O.D. | | رېزىبىنىڭ چوڭلىقى | ئايلانما چاتقۇچ گايكىسى | | ئايرىش گايكىسى | |
| mm | in. | in. | N•m | lb-ft | N•m | lb-ft |
| 6.35 | 0.250 | 9/16-18 | 16 | 12 | 12 | 9 |
| 9.52 | 0.375 | 11/16-16 | 24 | 18 | 24 | 18 |
| 12.70 | 0.500 | 13/16-16 | 50 | 37 | 46 | 34 |
| 15.88 | 0.625 | 1-14 | 69 | 51 | 62 | 46 |
| 19.05 | 0.750 | 1 3/16-12 | 102 | 75 | 102 | 75 |
| 22.22 | 0.875 | 1 3/16-12 | 102 | 75 | 102 | 75 |
| 25.40 | 1.000 | 1 7/16-12 | 142 | 105 | 142 | 105 |
| 31.75 | 1.250 | 1 11/16-12 | 190 | 140 | 190 | 140 |
| 38.10 | 1.500 | 2-12 | 217 | 160 | 217 | 160 |

* ئالاھىدە ئەسكەرتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، پەرق +15% -20% بولىدۇ.

| تۈز ۋە تەڭشەشكە بولىدىغان چېكىتىش ئورنىنىڭ پاسلىداق بېشىنىڭ يۇملاق ھالقىسىنىڭ ھەملىغۇچىنىڭ تولغىنىش مومېنتى* | | | | |
|---|---|---|---|---|
| رېزبا چوڭلىقى | تۈز ئالتە بۇرجەكلىك | ئالتە بۇرجەكلىك قۇلۇپلاش گايكىسى | تۈز ئېغىز ياكى قۇلۇپلاش گايكىسىنىڭ تولغىنىش مومېنتى | |
| دېيۇم | دېيۇم | دېيۇم | N•m | lb-ft |
| 3/8-24 | 5/8 | 9/16 | 12 | 9 |
| 7/16-20 | 5/8 | 5/8 | 21 | 15 |
| 1/2-20 | 3/4 | 11/16 | 26 | 19 |
| 9/16-18 | 3/4 | 3/4 | 34 | 25 |
| 3/4-16 | 7/8 | 15/16 | 73 | 55 |
| 7/8-14 | 1 1/16 | 1 1/16 | 104 | 76 |
| 1 1/16-12 | 1 1/4 | 1 3/8 | 176 | 130 |
| 1 3/16-12 | 1 3/8 | 1 1/2 | 230 | 170 |
| 1 5/16-12 | 1 1/2 | 1 5/8 | 285 | 210 |

* ئالاھىدە ئەسكەرتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، پەرق +15% -20% بولىدۇ.

OUO6092,00010A4 -UG-31MAY11-1/1

## ماشىنىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى

| ئوق تەڭشىكى | قۇر بوشلۇقى |
|---|---|
| 206 cm (81 in.) | 4 قۇر 70 سانتىمېتىر، 4 قۇر 2 مېتىر، 4 قۇر 38 دىيۇم.، ۋە 4 قۇر 40 دىيۇم. |
| 226 cm (89 in.) | 4 قۇر 76 سانتىمېتىر، 4 قۇر 30 دىيۇم.، ۋە 5 قۇر 30 دىيۇم. |
| 239 cm (94 in.) | 4 قۇر 32 دىيۇم. ۋە 5 قۇر 32 دىيۇم. |
| 276 سانتىمېتىر (108.6 دىيۇم.) | 4 قۇر 60 سانتىمېتىر، 4 قۇر 36 دىيۇم.، ۋە 5 قۇر 36 دىيۇم. |
| **پاختا تېرىش قۇرۇلمىسى** | |
| قۇرۇلما سانى | 4 ياكى 5 (762 ۋە 813 مىلىمېتىر [30 ۋە 32 دىيۇم.] پەقەت) |
| تېرىش تۈلۈقىنىڭ سانى | 8 ياكى 10 (ھەربىر قۇرۇلمىدا 2) |
| تېرىش دەستىسىنىڭ سانى (ھەربىر تۈلۈق) | 12 |
| **مۇكا (ئۇرچۇق) سانى** | |
| ھەربىر دەستىدە | 18 |
| ھەربىر قۇرۇلمىدا | 432 |
| ھەربىر ماشىنىدا | 1728 (4 قۇر)، 2160 (5 قۇر) |
| **ئۆلچەملىك ئۈسكۈنە-تېرىش قۇرۇلمىسى** | |
| | شاخ كۆتۈرگۈچنىڭ ئۆزارتقۇچىسى ۋە تونىل توسقى |
| | ئاپتوماتىك قۇر ئېگىزلىكىنى كونتروللىغۇچ |
| **تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تېزلىكى**[a] | |
| تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ يېتەكچى ئوقى | 1473 rpm |
| تېرىش تۈلۈقى | 0-170 rpm |
| تۈلۈق ئوقى | 0-1832 rpm |
| ئۇرچۇق | 0-4236 rpm |
| پاختا شامالدۇرغۇچى | |
| تېزلىك (موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى مىنۇتىغا 2350 قېتىم بولغاندا) | مىنۇتىغا 4000 قېتىم |

*[a] ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تېزلىكىنىڭ نەزەرىيەۋى ماكسىمۇم قىممىتى مىنۇتىغا 2350 قېتىم بولىدۇ. گىدروستاتىك تېيىلىش ۋە تاسمىنىڭ تېيىلىشى سەۋەبىدىن ئەمەلىي تېزلىك تەخمىنەن بەش پىرسەنت ئاز بولىدۇ.*

| **مېڭىش تېزلىكى (ماي كىلاپانى تولۇق ئېچىلغان) ئىككى چاق سۆرەيدىغان (520/85D38 تىپلىق بالون)** | |
|---|---|
| تېرىش تېزلىكى، بىرىنچى خوت | 0-6.1 km/h (0-3.8 mph) |
| تېرىش تېزلىكى، ئىككىنچى خوت | 0-7.2 km/h (0-4.5 mph) |
| يۆتكەش تېزلىكى، ئۈچىنچى خوت | 0-25.1 km/h (0-15.6 mph) |
| ئارقىغا مېڭىش، بىرىنچى خوت | 4.3 km/h (2.7 mph) |
| ئارقىغا مېڭىش، ئىككىنچى خوت | 5.0 km/h (3.1 mph) |
| ئارقىغا مېڭىش، ئۈچىنچى خوت | 17.2 km/h (10.7 mph) |
| **مېڭىش تېزلىكى (ماي كىلاپانى تولۇق ئېچىلغان) تۆت چاق سۆرەيدىغان** | |
| تېرىش تېزلىكى، بىرىنچى خوت | 0-4.7 km/h (0-2.9 mph) |
| تېرىش تېزلىكى، ئىككىنچى خوت | 0-5.6 km/h (0-3.5 mph) |
| يۆتكەش تېزلىكى، ئۈچىنچى خوت | 0-14.5 km/h (0-9 mph) |
| كەينىگە | 0-8.0 km/h (0-5 mph) |
| **سىغىمى** | |
| پاختا سېۋىتى، ئوتتۇرھال ئېگىزلىك | 30.2 $m^3$ (1065 cu. ft) |
| پاختا سېۋىتى، تولۇق ئېگىزلىك | 32.2 $m^3$ (1173 cu. ft) |
| يېقىلغۇ باكى | 454 L (120 ئامېرىكا. گاللون) |
| سۇ باكى | 1040.8 L (275 ئامېرىكا. گاللون) |
| سىلىقلاش سىستېمىسى | 254 L (67 ئامېرىكا. گاللون) |
| سوۋۇتۇش سىستېمىسى | 30 L (32 ئامېرىكا. qt) |

OUO6043,0001562 -UG-06FEB13-1/3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| | |
|---|---|
| موتورنىڭ جەينەكلىك ئوقى (سۈزگۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 31.5 L (33.3 ئامېرىكا. qt) |
| گىدراۋلىك (گىدروستاتىك) سىستېما | 62.5 L (16.5 ئامېرىكا. گاللون) |
| گىدراۋلىك (گىدروستاتىك) قاچىسى | 34 L (9 ئامېرىكا. گاللون) |
| خوت | 7.6 L (8 ئامېرىكا. qt) |
| ئاخىرقى كۈچ ئۆزنىتىش (تاسمىسى) | 7.8 L (8.2 ئامېرىكا. qt) |
| ھەربىر گېكتاردىكى يېقىلغۇ سەرپىياتى | 24-34 kg/hm² |
| ھەربىر سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى | 0.7-1.2 hm²/h |
| بالونلار | |
| ئالدى يېتەكچى چاقلار | 520/85D38 (R1) ئۆلچەملىك، (R2 تاللاشقا بولىدۇ) |
| ئارقا يېتەكچى چاق | 14.9-24 8PR (R4) (ئۆلچەملىك) |
| ئارقا يېتەكچى چاق | 14.9-24 12PR (R4) (تاللاشقا بولىدۇ) |
| ئارقا يېتەكچى چاق | 9.00-24 8PR (I1) (تاللاشقا بولىدۇ) |
| ئارقا يېتەكچى چاق | 14.9-24 12PR (R2) |
| **تورمۇز** | |
| تىپى | 12 x 3 in. گىدراۋلىك قوزغىتىلىدىغان تاقا، چويۈن تۈلۈق |
| **گىدراۋلىك سىستېما** | |
| تىپى | يېپىق ئوتتۇرا، تۇراقلىق بېسىم |
| زاپاس بېسىم | 17,170-17,860 kPa (2490-2590 psi) |
| ئاپتول سۈزگۈچ | تولۇق ئېقىم سۈمۈرۈش |
| ئاپتول سوۋۇتقۇچ | ھاۋا ئارقىلىق سوۋۇتىلىدۇ |
| **0 ماشىنا ئېغىرلىقى** | |
| 4 قۇرۇلما (30 ياكى 40 دېتۇم.) | 13,177 kg (29,050 lb) |
| 5 قۇرۇلما (30 ياكى 40 دېتۇم.) | 14,515 kg (32,000 lb) |
| سېۋەت ۋە قاپقاق (تولۇق) | 2268 kg (5000 lb) |
| ئاخىرقى كۈچ ئۆزنىتىش (تاسمىسى) | |
| تىپى | ھالقا ۋە چىشلىق چاق |
| **ئېلېكتىر سىستېمىسى** | |
| سىستېما تىپى | 12 Volt، يەر سىم |
| ئاككۇمۇلياتور | GRP31، 925CCA |
| ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى | 120 ئامپېر |
| ئىندىكاتور ۋە قۇرۇلما كۆزىتىش چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسى | AL65575 |
| ھىملانغان چىراغلار (ئالدى چىراغ، ئېتىز چىرىغى، سېۋەت-پىشاك چىرىغى ۋە سۇپا چىرىغى) | AN272464 |
| ئارقا چىراغ لامپۇچكىسى | تىپى 3057 (H133384) |
| ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسى (ئالدى ۋە ئارقا) | تىپى 1156 (AD2062R) |
| بۇرۇلۇش چىرىغىنىڭ ئىندىكاتورىنىڭ لامپۇچكىسى | تىپى 1895G (R56409) |
| ئۆلچىگۈچ تاختىسىنىڭ چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسى | تىپى 161 (AA27536) |
| لەمپە چىرىغىنىڭ لامپىسى | تىپى 105 (AR86969) |
| كونترول سۇپىسىنىڭ لامپۇچكىسى | 168 تىپلىق (AR48015) |

OUO6043,0001562 -UG-06FEB13-2/3

**داۋامى كېيىنكى بەتتە**

| | |
|---|---|
| **موتور** | |
| ئىشلەپچىقارغۇچى | جون دىئىر |
| مودېلى | 6068HN052 تۇربىنالىق، سوۇۋتۇلغان يۇقىرى بېسىملىق ھاۋا |
| سىلىندىر سانى | 6 |
| كامېرى | 106 mm (4.19 in.) |
| تاكت | 127 mm (5.00 in.) |
| سۇ سىقىپ چىقىرىش مىقدارى | 6.8 L (414 cu in.) |
| بەلگىلەنگەن قۇۋۋەت | 187 kW (250 hp) |
| موتور سۈرئىتىنىڭ قۇرۇق مېڭىش (يۈك يوق) | 2350 rpm |
| بەلگىلەنگەن (ئېتىز يۈكى) | 2200 rpm |
| تۆۋەن سۈرئەتتە قۇرۇق مېڭىش | 800-900 rpm |
| ئاۋاز تارقاتقۇچ | ھاۋا سۈمۈرۈشچان |
| | |
| **يېقىلغۇ سىستېمىسى** | |
| تىپى | بىۋاستە پۈركۈش |
| پۈركۈش پومپىسىنىڭ تىپى | ئىچكى نەيچە |
| يېقىلغۇ سۈزگۈچلىرى | ئۆلچەملىك 60 مىكرونلۇق يۇيۇشقا بولىدىغان، 10 مىكرونلۇق، 2 مىكرونلۇق. تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان 30 مىكرونلۇق يۇيۇشقا بولىدىغان |
| **موتورنىڭ ھاۋا سىستېمىسى** | |
| ھاۋا تازىلىغۇچ | قۇرغاق تىپلىق بىخەتەرلىك دېتالى سەپلەنگەن ۋە ھاۋا سۈمۈرۈشچان ئالدىن تازىلىغۇچ |
| **سوۇۋتۇش سىستېمىسى** | |
| تىپى | خوت ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان سۇپ پومپىسى سەپلەنگەن يەككە بېسىم |
| تېمپېراتۇرا كونتروللىغۇچ | قوش، ئېغىر تىپلىق، 82°C (180°F) تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ |
| **بىخەتەرلىك سىمى-تەگلىك بۆلىكىدىكى رادىياتور بۆلۈمچىسى دېگەن بۆلەكتىكى-بىخەتەرلىك سىمى ۋە رېلې ياكى بىخەتەرلىك سىمى قىسمىغا قاراڭ** | |
| | |
| **كابىنكا** | |
| تىپى | ئىسسىتقۇچ، ھاۋا تەڭشىگۈچ، Deere/Delco AM/FM/WB/CD/Stereo رادىيو، ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچ، ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكى ۋە ئالىي لەيلىمە ئورۇندۇق سەپلەنگەن كابىنكا (ئۆتكۈرۈلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلمىسى يوق) PERSONAL-POSTURE™ ئورۇن ۋە بىخەتەرلىك تاسمىسى |
| **سۈزگۈچ** | |
| ئاساسىي | AR61903 |
| قوشۇمچە | AH92463 |
| **ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچ** | |
| تىغ ئۇزۇنلۇقى | 508 mm (20 in.) |
| يەلكە ئۇزۇنلۇقى | 508 mm (20 in) |
| **ئەينەك، ئارقىنى كۆرۈش** | |
| سىرتقى تەرەپ (3) | 200 x 297 mm (7.88 x 11.68 in.) |
| ئىچكى تەرەپ (ئۆلچەملىك) | 152 x 216 mm (6 x 8-1/2 in.) |
| **قىزىتقۇچ** | |
| سىغىمى | 5274 W/hr (18,000 Btu) |
| **ھاۋا تەڭشىگۈچ** | |
| ماركىسى (پىرىسلىغۇچ) | Nippondenso |
| سىغىمى | 64.46 kW/h (22,000 Btu) |
| توڭلاتقۇچ (سۇيۇقلۇقى) | R-134A |
| توڭلاتقۇ قۇيۇش | تەخمىنەن 1.7 كىلوگىرام (3-3/4 قاداق) |
| **تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۈسكۈنە** | |
| بېسىم تاختىسىنىڭ قىرغۇچ تاختىلىرى | |
| لاي قىرغۇچ | |
| شاخ يىغىش دەستىسى | |
| سىلىقلىغۇچنىڭ يوللاش پومپىسى | |
| سۇ باكىنى يىراقتىن تولدۇرۇش | |

OUO6043,0001562 -UG-06FEB13-3/3

## چوڭلۇقى




A - 3651 mm (143-3/4 in.)
B - 3861 mm (152 in.)،
3886 mm (153 in.)،
3200 mm (126 in.)، تۆت قۇر 762 mm (30 in.)
4420 mm (174 in.)، تۆت قۇر 1016 mm (40 in.)
3962 mm (156 in.)، بەش قۇر 762 mm (30 in.)
4572 mm (180 in.)، قۇر ئاتلاش
C - 3759 mm (148 in.) (يۆتكەش)
4521 mm (178 in.) (ئاستىنقى ئېتىز ئېگىزلىكى)
4826 mm (190 in.) (ئۈستۈنكى ئېتىز ئېگىزلىكى)

OUO1078,000056D -UG-01MAR07-1/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە




D - يېتەكچى ئوقنىڭ كەڭلىكى،
بالونلارنىڭ مەركىزى سىزىقنىڭ ئارىلىقى؛
2019 ياكى 2223 mm (79.5 ياكى
87.5 in.)

E - يېتەكچى ئوقنىڭ كەڭلىكى،
بالونلارنىڭ مەركىزى سىزىقنىڭ
ئارىلىقى؛
2261 mm (89 in.)
2616 mm (103 in.) قۇر ئاتلاش

OUO1078,000056D -UG-01MAR07-2/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە




(.in 64-1/2) mm 1638 - F
(.in 82-1/2) mm 2096 - G

(.in 57-1/4) mm 1454 - H
(.in 116-5/8) mm 2962 - I

(.in 139-5/8) mm 3546 - J
(.in 130-3/4) mm 3321 - K

(.in 170) mm 4318 - L

OUO1078,000056D -UG-01MAR07-3/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە




A - 4.8 m (190 in.) تولۇق كۆتۈرۈلگەن ئورۇن،

4.5 m (178 in.) ئوتتۇرھال ئورۇن، 3.8 m (148 in.) يۆتكەش ئورنى

B - 3627 mm (142.79 in.)

OUO1078,000056D -UG-01MAR07-4/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە




A - 7354 mm (289.5 in.)
B - 4749.6 mm (186.99 in.)

C - 3802.7 mm (149.7 in.)
D - 4254.7 mm (167.51 in.)

E - 2943.7 mm (115.89 in.) ياكى 3460.9 mm (136.26 in.) تۆكۈش ئۆزارتقۇچ سەپلەنگەن (رەسمدە كۆرستىلمدى)

OUO1078,000056D -UG-01MAR07-5/5

## ئاۋاز كۈچلۈكلىكى

ISO 5131 ئۆلچىمى بويىچە، شوپۇر ئورنىدىكى ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلىك دائىرىسى 80.9 دېتسىبېلدىن 82.7 دېتسىبېلغىچە (A) بولىدۇ. بۇ ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ مېڭىش تېزلىكى، ماشىنىنى ئاسراش ئەھۋالى ۋە شوپۇرنىڭ تەجرىبىسى ۋە ھەيدەش ئادىتىگە باغلىق بولىدۇ.

DP99999,0000740 -UG-17MAY11-1/1

## تولۇق تەۋرىنىش

تولۇق بىرىكمە تەۋرىنىش دەرىجىسى مۆلچەرى: 0.52 m/s$^2$ دىن 1.22 m/s$^2$.
تەۋرىنىش دەرىجىسى پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات سۈرئىتى، ماشىنىنىڭ
ئاسراش ئەھۋالى ۋە شوپۇرنىڭ تەجرىبىسى ۋە ھەيدەش ئادىتىگە باغلىق بولىدۇ.

DP99999,0000741 -UG-17MAY11-1/1

## قول ۋە بىلەكنىڭ تەۋرىنىشى

قول ۋە بىلەكنىڭ تەۋرىنىش دەرىجىسى 2.5 m/s$^2$ دىن تۆۋەن. تەۋرىنىش دەرىجىسى
پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات سۈرئىتى، ماشىنىنىڭ ئاسراش ئەھۋالى ۋە
شوپۇرنىڭ تەجرىبىسى ۋە ھەيدەش ئادىتىگە باغلىق بولىدۇ.

DP99999,0000742 -UG-17MAY11-1/1

***پەقەت ياۋروپا ئىتتىپاقى (EC) خىتابنامىسى بەلگىسى بار بولغان ماشىنىلارغا ماس كېلىدۇ.***

## ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ (EC) بىرلىككە كەلگەن خىتابنامىسى

**دىئىر ۋە شىركەت**
**ئامېرىكا ئىللىنوئىس شتاتى مولىن شەھىرى**

تۆۋەندە ئىسمى ئاتالغان كىشى شۇنى جاكارلايدۇكى
ماشىنا تىپى: پاختا تېرىش ماشىنىسى
تىپى: 9970 - رەت نومۇر دائىرىسى 1N09970X**0035023 - 1N09970X**XXXXXXX
ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلىرىنىڭ (پەرمانلىرىنىڭ) بارلىق ئالاقىدار شەرتلىرى ۋە ئاساسىي تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ:

| كۆرسەتمە | تىپى | تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۇسۇلى |
|---|---|---|
| ماشىنا ھەققىدىكى پەرمان (كۆرسەتمە) | EC/42/2006 | پەرماننىڭ 5 - ماددىسىغا ئاساسەن باھالانغان |
| ئېلېكتروماگنىتلىق ماسلىشىشچانلىق كۆرسەتمىسى | EC/108/2004 | پەرماننىڭ 2 - ماددىسى بويىچە باھالانغان |

ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى قۇرۇلۇش تېخنىكىسىغا ئائىت ھۆججەتلەرنى تەييارلاش ھوقۇقى بېرىلگەن كىشىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسى:

Henning Oppermann
جون دىئىر شىركىتى ياۋروپا ئىش بېجىرىش ئورنى
جون دىئىر كوچىسى 70 - نومۇر
گېرمانىيە مانخېئىم شەھىرى D-68163
EUConformity@johndeere.com

جاكارلانغان ئورۇن: ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ئىئوۋا ئىشتاتى ئانكېنى شەھىرى.
جاكارلانغان كۈن: 2011 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
ئىشلەپچىقارغان ئورۇن: جون دىئىر دېس موينېس (Des moines) زاۋۇتى



David C. Winter

*خەلقئارا ئىشلار دىرېكتورى، پاختا ئىنژېنېرلىقى*

DP99999,0000743 -UG-18MAY11-1/1

## ماشىنىنى بىخەتەر ساقلاش



1. بۇزغۇنچىلىققا قارشى قوغدىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىڭ.
2. ماشىنا ئامباردا بولسا:
   - ئۇسكۇنىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ
   - چاقلارنىڭ ئارىلىقىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە كىرىپ ئېچىش ئارقىلىق، ماشىنىنى يۆتكەپ قېچىپ كېتىشنى تەسلەشتۈرۈڭ
   - ئاچقۇچلارنى ۋە ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىۋېلىڭ
3. تۈت ئەتراپى قورشالغان جايغا مۇقىم توختاتقان ۋاقتىدا، چىقىش ئېغىزىنى يوغان ئۇسكۇنە بىلەن توسۇپ قويۇڭ ۋە ئىسكىلاتنى قۇلۇپلاڭ.
4. ئوچۇقچىلىقتا مۇقىم توختاتقان ۋاقتتا، يورۇق ياخشى چۈشىدىغان ۋە رېشاتكا بىلەن قورشالغان جايدا ساقلاڭ.
5. گۇمانلىق ھەرىكەتلەرنى خاتىرلەپ قويۇڭ ۋە ھەرقانداق ئوغرىلىنىش ھادىسىسىنى قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىغا دەرھال مەلۇم قىلىڭ.
6. ھەرقانداق ئوغرىلىنىش ھادىسىسىنى، جو دىئىر سودىگىرىگە خەۋەر قىلىڭ.

DX,SECURE2 -UG-18NOV03-1/1

## ئىگىدارچىلىق ئىسپاتىنى ساقلاش




1. نومۇرلارنى ئايرىم ۋە بىخەتەر جايغا قويغاندىن باشقا يەنە، بارلىق مەھسۇلات ۋە زاپچاسلارنىڭ ئەڭ يېڭى تەرتىپ نومۇرلىرىنى زاپاس كوپىيە قىلىپ ساقلاپ قويۇڭ.
2. پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈر تاختىسىنىڭ ئۆز ئورنىدا بولۇپ-بولمىغانلىقىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. ھەرقانداق يوقاپ كېتىش ھادىسىسىنى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارغا مەلۇم قىلىڭ ۋە تاختىلارنىڭ كوپىيىسىنى زاكاز قىلىڭ.
3. تۆۋەندىكى تەدبىرلەردىن پايدىلىنىڭ:
   - ماشىنىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ نومۇر سىستېمىسى بىلەن بەلگە قىلىڭ
   - ھەر بىر ماشىنىنىڭ بىر قانچە پارچە رەڭلىك رەسىمىنى تارتىڭ.

DX,SECURE1 -UG-18NOV03-1/1

# ماشىنا پەرقلەندۈرۈش نومۇرلىرى ۋە سۈركىلىشكە چىداملىق دېتاللار تىزىملىكى

## پەرقلەندۈرۈش نومۇرى

ماشىنىدا ئۈچ خىل پەرقلەندۈرۈش تاختىسى بار. بۇ تاختىلارغا بېسىلغان ھەرپ ۋە سانلار مەلۇم بىر زاپچاس ياكى قۇرۇلمىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى جون دىئىر شىركىتىنىڭ مەھسۇلات مۇلازىمەت پىروگراممىسى ئۈچۈن زاپچاس زاكاز قىلغاندا ياكى ماشىنا ياكى دېتالنى پەرقلەندۈرگەندە لازىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇبادا ماشىنا ئوغرىلانسا، ماشىنىنى تېپىش ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىشتا لازىم بولىدۇ. ھەر بىر رەسىمنىڭ يېنىدىكى مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئورۇنغا، بۇ ھەرپ ۋە نومۇرلارنى تولۇق ۋە توغرا خاتىرىلىۋېلىڭ.

OUO6043,00001F1 -UG-15JAN13-1/1

## ماشىنىنى پەرقلەندۈرۈش تاختىسى

*ئىزاھات: پەرقلەندۈرۈش تاختىسىنى ماشىنىغا ئورنىتىپ، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئۇچۇر بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.*




OUO6043,00001F2 -UG-30JAN13-1/1

## ئاسان خورايدىغان زاپچاسلار تىزىملىكى

| دېتال نومۇرى | دېتال نومۇرى |
|---|---|
| AA27536 | لامپۇچكا قۇرۇلمىسى - لامپا |
| AE43494 | دېتال قۇرۇلمىسى - سۈزگۈچ |
| AF3892R | لامپۇچكا قۇرۇلمىسى بۇرما مىخ بىلەن پېچەتلەنگەن 12 ۋولت |
| AH128449 | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى - دېتال |
| AH80490 | سىلىقلاش مېيى چاچقۇچ Purp. قوناق مېيى |
| AH92463 | تاختا قۇرۇلمىسى - سۈزگۈچ |
| AM31284 | بىرىكمە لامپىنىڭ لامپۇچكىسى |
| AN272152 | قاپقات قۇراشتۇرغۇچ ئاق ئۇرە كىچىك دىسكا |
| AN274216 | ئوق ئۇرچۇق قۇرۇلمىسى - كەسپىي |
| AN274672 | يۆرۈشلۈك تاسما - 2 |
| AN274673 | يۆرۈشلۈك تاسما - 2 |
| AR48015 | پرىبور لامپىسى |
| AR48041 | لامپۇچكا |
| AR70106 | قۇرۇلمىنىڭ قۇرغاق ھاۋا تازىلىغۇچى |
| AR70107 | قۇرۇلمىنىڭ قۇرغاق ھاۋا تازىلىغۇچى |
| AR86745 | يېقىلغۇ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى |
| AT101565 | ھاۋا سۈزۈش |
| DD15664 | تۇتاش سۇيۇقلۇق ئالماشتۇرۇش (Loctite 515) |
| N190332 | ئوق ئۇششاق ئەۋرىشكە ئالغۇچ |
| N193822 | تاسما 4HBPB - 94.50 (K) |
| N275607 | تاختا - ئۇرچۇق نەمدەش |
| N277078 | ئۇرچۇق RH Pro-Series |
| N378886 | يېقىلغۇ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى، 60 مىكرون |
| N378887 | سۈزگۈچ شايبا قازىنى |
| PM37421 | رېزبا قۇلۇپى 271، 6 مىللىلىتىرلىق نەيچە |
| PM37532 | قارا سىقما چاپلاق 5 oz. |
| RE12793 | ھاۋا سۈزۈش |
| RE41942 | يۆرۈشلۈك تاسما |
| RE504836 | ئاپتول سۈزگۈچ |
| RE508633 | يېقىلغۇ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى |
| RE509032 | سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى (يېقىلغۇ سۈزگۈچ) |
| RE522966 | ئېقىتىۋېتىش قۇرۇلمىسى بار بولغان يېقىلغۇ سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى |
| RE57394 | ئورالغان (زاپچاس) سۈزگۈچ ئاپتولى |
| R116307 | تاسمىلىق پرېسلىغۇچ |
| R500380 | پولىستىرېن تاسما-V 2355 mm |
| R515127 | پولىستىرېن تاسما Vee |
| R518368 | پولىستىرېن تاسما Vee |
| R56409 | پرىبور لامپىسى |
| TY25879 | قۇرغاق BCI31 12V 925CCA 75RC لامپۇچكا |
| T10552 | پومپىنىڭ يېتەكچى تاسمىسى |

OUO6043,00001F3 -UG-15JAN13-1/1

بەت

## C


CD قويغۇچ ........ 20-30
CoolScan (سوۋۇتۇش سۈيۇقلۇقى تەكشۈرگۈچ) ........ 105-6


## O


Oilscan (سىلىقلاشتۇرۇش مېيى تەكشۈرگۈچ) ........ 105-6


## R


ROW-TRAK ........ 110-22
هەر يىگىرمە سائەتتە تەكشۈرۈش
پاختا شامالدۇرغۇچنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچى ........ 25-5
ROW-TRAK (سەپلەنگەن بولسا)
توك يولىنىڭ دىئاگنوز كودلىرى ........ 41-10
ئونىنچى هۆكۈم قىلىش قانىلى ........ 41-10
ئالتىنچى هۆكۈم قىلىش قانىلى ........ 41-9
يەتتىنچى هۆكۈم قىلىش قانىلى ........ 41-9
سەككىزىنچى هۆكۈم قىلىش قانىلى ........ 41-9
توققۇزىنچى هۆكۈم قىلىش قانىلى ........ 41-10
دىئاگنوز قاناللىرى - ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ........ 41-7
توغرىلاش هالىتىگە كىرىش ........ 41-5
ئېتىزدىكى Row-Trak نى خاتىرىلەش ........ 41-3
مەشغۇلات ........ 41-1
ئىقتىدار قاناللىرى - بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ........ 41-6
كىلاپاننىڭ ئاپتوماتىك ئېغىشىنى تەڭشەش ........ 41-8
ستاتىك ROW-TRAK نى خاتىرىلەش ........ 41-4
سىستېما ئۇچۇرى ........ 41-1


## ئا


ئاپتول
موتور
گاز قويۇپ بېرىش دەرىجىسى Tier 1 دەللەنمىگەن ۋە دەللەنگەن
ۋە Stage I ........ 105-5
ئاپتول، گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك
مىقدارىنى تەكشۈرۈش ........ 30-1
ئاپتوماتىك ئېگىزلىك كونترول قىلىش
تەڭشەش ........ 45-2
ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكى، تەڭشەش ........ 20-27
ئاساسىي سۈزگۈچ دېتالى
ئالماشتۇرۇش ........ 85-5
ئاسراش
ئۇچۇر، ئالاقىدار ........ 110-1
ئاسراش دەۋرى
ئۆزگەرتىلگەن دىزېل ئاپتولى
گاز قويۇپ بېرىش دەرىجىسى Tier 1 دەللەنمىگەن ۋە دەللەنگەن
ۋە Stage I ........ 105-4
ئاسراش ئېنتېرۋالى جەدۋىلى ........ 105-13
ئاسراش ئىنتېرۋالى كۆرسىتىش ئۇچۇرى ........ 105-25


بەت


ئاككۇمۇلياتور
بېسىم ئاشۇرۇش ........ 100-6
ئالماشتۇرۇش ........ 100-4
سۈيۇقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈش ........ 100-3
بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ........ 100-5
ئاسراش ........ 100-2
ستاتور سىمى ........ 100-5
ئاككۇمۇلياتور بىخەتەرلىكى ........ 05-9
ئاككۇمۇلياتور زەرەتلەش سائىتى ........ 20-24
ئاگاهلاندۇرۇش ئىندىكاتورى ........ 20-13
ئاگاهلاندۇرۇش، شامالدۇرغۇچ سۈرئىتى، تەڭشەش نۇقتىسى
تەڭشەش ........ 20-9
ئالدى ئوق، كۆتۈرۈش ........ 95-5
ئالدى ئەينەك سۈرتكۈچ ........ 20-3
ئالدىن تازىلىغۇچ، ئاسراش ........ 90-11
ئاۋاز سىستېمىسىنى ئىشلىتىش ماھارەتلىرى ........ 20-34


## ب


باك، نەمدەش سىستېمىسى
تولدۇرۇش (سۈيۇقلۇق ئارىلاشتۇرۇش) ........ 50-6
باللاست
ئوڭ تەرەپ بالون، ئارقا يېتەكچى چاقلار ........ 95-3
بالونلار
تەكشۈرۈش ........ 95-2
تاشلىۋېتىش ........ 105-12
بىخەتەرلىك ........ 95-1
بولتا ۋە بۇرما مىخنىڭ تولغىنىش قىممىتى
مېتىر سىستېمىسى ........ 120-1
ئۆلچەملىك ئىنگلىز چىسى ........ 120-2
بېسىم تاختىسىنىڭ ئارىلىقى
تەڭشەش ........ 55-5
بېسىم تاختىسىنىڭ پۇرژىنىنىڭ كېرىلىش كۈچى
تەڭشەش ........ 55-6
بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش ........ 35-1
بىخەتەرلىك تاسمىسى
ئىشلىتىش ........ 20-26
بىخەتەرلىك تاسمىسى
ئىشلىتىش ........ 20-26
بىخەتەرلىك تاسمىسى، تەكشۈرۈش
هەر يىلى ........ 105-45
بىخەتەرلىك سىملىرى، رادىياتور بۆلۈمچىسى ........ 80-10
بىخەتەرلىك سىمى ........ 80-9
بىخەتەرلىك سىمى، كابىنكىدىكى ........ 80-10
بىخەتەرلىك قۇرۇلمىلىرى ........ 15-1


## پ


پاختا تېرىش ........ 35-17
قۇرغا تۈۋەنلىتىشنى باشلاش ........ 35-17


داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

پورشېن، مۇقىملاشتۇرۇش
يەل قويۇپ بېرىش ........ 80-5
تەكشۈرۈش ........ 80-1
پۈرژىنىنىڭ كېرىلىش كۈچى، بېسىم تاختىسى
تەڭشەش ........ 55-6
پۈركۈش ئېغىزى، تازىلاش ........ 50-12
پەرقلەندۈرۈش نومۇرى، ماشىنا ........ 130-2

## ت

تاختا، ئاقلاش ........ 55-7
تاختا، بېسىم، ئارىلىق
تەڭشەش ........ 55-5
تاخومېتىر
ئىشلىتىش ........ 20-8
پىروگراممىلاش ........ 20-7
تاسما
ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى، شامالدۇرغۇچ ۋە هاۋا تەڭشىگۈچنىڭ
پىرېسلىغۇچىسى، ئالماشتۇرۇش ........ 90-4
تاسما، كۈچ ئۆزىتىش، تەڭشەش
تېرىش قۇرۇلمىسى ........ 55-14
تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچى، بارلىق تاسمىلار
هەر يىلى، كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تەڭشەڭ ........ 105-45
تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈش ........ 25-4
تاقا، ئىچكى ئېگىزلىك سېزىش
تەڭشىلىۋاتىدۇ ........ 45-3
تورمۇز تاقىقى
ئىشلىتىش ........ 35-8
تورمۇز سۇيۇقلۇقىنىڭ قاچىسى
تەكشۈرۈش ........ 80-6
تورمۇز شايىبىسى
چىقىرىپ ئېلىۋېتىش ........ 80-6
تولغىنىش مومېنتىنى تەكشۈرۈش ........ 25-3
تولغىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتى
تەكشى يۈزلۈك يۇملاق هالقا ھىملىغۇچ ئېغىزى ........ 120-5
تۈلۈق تۈۋرۈكى
ئېسىش ........ 55-19
تۈلۈق تۈۋرۈكى، چىقىرىپ ئېلىش ........ 55-17
تۈلۈق تۈۋرۈكىنىڭ تەڭشىلىشى
تۈلۈق تۈۋرۈكىنىڭ ئېگىزلىكى
تەكشۈرۈش ........ 55-9
تۈلۈق تۈۋرۈكىنىڭ يانتۈلۈقى
تەڭشەش ........ 55-11
تۈلۈق مۇفتىسىنىڭ تېيىلىش نىسبىتى ........ 60-1
تۈلۈق ئېگىزلىكى
تەڭشەش ........ 55-9
تۈلۈق ئەتراپىنى كۆزىتىش ئېكرانى
تەڭشەش ........ 60-10
تۈلۈقنى پەرقلەندۈرۈش ........ 20-35
تۈۋرۈكنىڭ تەڭشىلىشى، تۈلۈق
تەكشۈرۈش ........ 55-9
تېرىش دەستىسىنىڭ سىلىقلاش مېيى ........ 105-10
تېرىش قۇرۇلمىسى
كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنى تەڭشەش ........ 55-14
توسۇلۇپ قالغان ........ 35-18
موتورنى قوزغىتىش ........ 35-16
يانتۈلۈقنى تەڭشەش، ئىچكى نەيچە ........ 55-2
توسالغۇسىنى چىقىرىۋېتىش ........ 35-19
تېرىش قۇرۇلمىسى
تۈۋەنلىتىش ........ 35-16
تېرىش قۇرۇلمىسى، يۆتكەش ........ 55-1
تېلېسكوپىك پورشېن، سۇيىنى ئېقىتىۋېتىش ........ 35-34
تېلېسكوپىك سېۋەت
يۇقىرىلىتىش ........ 35-28
تەكشۈرۈش ........ 55-9

## چ

چوڭلىقى ........ 125-4
چىراغ لامپۇچكىلىرى، سىگنال ئىندىكاتورى
ئالماشتۇرۇش ........ 85-1
چىراغلار
ئالدى ۋە ئارقا ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش .. 80-8
چىراغلار، تازىلاش ........ 30-5
چىراغلار، ھىملانغان، ئالماشتۇرۇش ........ 80-8
چىڭىتىلىش دەرىجىسى جەدۋىلى
مېتىر سىستېمىسى ........ 120-1
ئۆلچەملىك ئىنگلىز چىسى ........ 120-2

## خ

خوت، سىلىش ........ 35-9

## د

دېرىزە، تازىلاش ........ 30-5
دېرىزە، ئېچىش ........ 20-24
دېزىل
گاز قويۇپ بېرىش دەللەنمىگەن ۋە دەللەنگەن Tier 1
ۋە Stage I ........ 105-5
ئۆزارتىلغان ئاسراش ئىنتېرۋالى ........ 105-4
دېزىل ئاپتولى
گاز قويۇپ بېرىش دەللەنمىگەن ۋە دەللەنگەن Tier 1
ۋە Stage I ........ 105-5
ئۆزارتىلغان ئاسراش ئىنتېرۋالى ........ 105-4
دېزىل يېقىلغۇ ........ 105-1
دېزىل يېقىلغۇسىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى ........ 105-2
دەرپەردە ئۆزچاتى ........ 35-9
دەستە، سېتكا
تەڭشەش ........ 55-4
دەستە، شاخ كۆتۈرگۈچ
تەڭشەش ........ 55-3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

## ر

رادىياتور
تازىلاش ..... 90-14
رادىيو، Deere-Delco ..... 20-28
رادىيو، قۇلۇپلانغان ..... 20-33
رادىيونى تەڭشەش
يەرلىك رايون چاستوتىسى ..... 20-32
رول
رول دەستىسىنىڭ يانتۇلۇقىنى تەڭشەش ..... 20-5
رىلې، كابىنكىدىكى ..... 80-10

## س

ساقلاش
موتور ..... 115-3
لازىم بولىدىغان دېتاللار ..... 115-1
ماشىنىنى ئېلىپ چىقىش ..... 115-4
سائەت
قوڭغۇراق، تەڭشەش ..... 20-28
ستاتور سىمى ..... 100-5
سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش ..... 35-6
سوۋۇتقۇچ
قوشۇمچە ئۈچۈرلار ..... 105-9
مىقدارىنى تەكشۈرۈش ..... 30-2
دىېزېل ماتور ..... 105-8
تولۇقلىما خۇرۇچ ..... 105-8
تەكشۈرۈش ..... 105-10
ئىسسىق ھاۋا كىلىماتى ..... 105-8
سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ..... 35-4
سوۋۇتقۇچ مىقدارى
تەكشۈرۈش ..... 90-15
سوۋۇتقۇچ قىزىتقۇچ - سەپلەنگەن بولسا ..... 35-6
سوۋۇتۇش سىستېمىسى
چايقاش ..... 90-19
قىش پەسلىدىن ئۆتكۈزۈش ..... 90-20
سوۋۇتۇش سىستېمىسى، تولدۇرۇش ..... 90-17
سۇ ئايرىغۇچنىڭ سۈزگۈچى
ئېقىتىپ چىقىرىش ئېغىزى ..... 90-6
سۈيىنى قويۇۋېتىش ..... 30-4
يەڭگۈشلەش ..... 90-6
سۇ باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرغۇچىسى
تازىلاش ..... 50-7
سۇ بېسىمى، تەڭشەش ..... 50-10
سۇيۇقلۇق پومپىسىنىڭ تاسمىسى، تەڭشەش ..... 50-2
سۈزگۈچ
30 ۋە 60 مىكرونلۇق
چايقاش ..... 90-6
30 مىكرون
تازىلاش ۋە ئالماشتۇرۇش ..... 90-9
سۇ ئايرىغۇچ ..... 90-6

بەت

سۈزگۈچ، كابىنكا
تازىلاش ..... 85-6
سۈزگۈچ، ھاۋا ئايلاندۇرۇش
چىقىرىپ ئېلىش ..... 85-5
سۈزۈش تورى، تازىلاش ..... 50-11
سۈمۈرۈش ئېغىزى
چەكلىمىگە ئۇچراش ..... 60-3
سپىكا دەستىسىنى تەڭشەش ..... 55-4
سپىكا، يان تەرەپ، رادىياتور
تازىلاش ..... 90-13
سىۋەت
ئوتتۇرھال ئورۇن ..... 70-1
تېلىسكوپىك ..... 35-23
سىۋەت (ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى)، تۆكۈش ..... 35-20
سىۋەت پورشېنى
تەڭشىگۈچ ..... 80-7
قۇلۇپلاش كىلاپانى ..... 70-1
سىۋەت تۆكۈش ..... 105-16
سىگنال بەرگۈچ، ئاگاھلاندۇرۇش ..... 20-13
سىگنال ئىندىكاتور چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرى
ئالماشتۇرۇش ..... 85-1
سىلىقلاش
ھەر 100 سائەتلىك مەشغۇلات ..... 105-28
ھەر 2000 سائەتتە ..... 105-49
ھەر 400 سائەتلىك مەشغۇلات ..... 105-39
ھەر 50 سائەتلىك مەشغۇلات ..... 105-26
ھەر 600 سائەت ..... 105-47
ھەر ئىككى يىلدا ..... 105-48
تېرىش دەستىسى ۋە ئۈرچۈق ..... 105-10
قۇر قۇرۇلمىسىنىڭ خوت ساندۇقى ..... 105-11
بەلگىلەر ..... 105-15
ھەر يىلى ..... 105-41
سىلىقلاش سىستېمىسى
سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇش ..... 75-5
سىلىقلاش سىستېمىسى، توختىتاماق ..... 75-3
سىلىقلاش مېيى
خوت ۋە ئاخىرقى كۆچ ئۆزىتىش قۇرۇلمىسى ..... 105-7
سىلىقلاش مېيى ..... 105-11
سىلىقلاش مېينى ساقلاش
سىلىقلاش مېينى ساقلاش ..... 105-12
سىلىقلاش ئىنتېرۋالى ..... 105-12
سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى بىخەتەرلىكى
سىلىقلاشتۇرۇش مايلىرى بىخەتەرلىكى ..... 105-11
سىلىقلاك (مايلاك)
ھەر 10 سائەتلىك مەشغۇلات ..... 105-17

## ش

شاخ كۆتۈرگۈچ
تەڭشەش ..... 55-3

داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت


شاخ كۆتۈرگۈچ دەستىسى ........................ 55-3
شامال ساندۇقى (شامالدۇرغۇچ) ........................ 20-2
شامالدۇرغۇچ
كونترول ئۆزچاتى ........................ 25-1
موتورنى قوزغىتىش ........................ 35-16
شامالدۇرغۇچ سۈرئىتىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش نۇقتىسى
تەڭشەش ........................ 20-9
شامالدۇرغۇچ سۈرئەت ئىندىكاتورى ........................ 20-17
شامالدۇرغۇچ، يېگى
ئورنىتىش ........................ 65-2
شوپۇر بار-يوقلۇقىنى سېزىش سىستېمىسى ........................ 40-1
تەكشۈرۈش ........................ 40-4
تەييارلاش ........................ 40-1
شوپۇر ئورنى
هاۋا سۈزگۈچ ئىندىكاتورى ........................ 20-18
سېۋەت ئۆزىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىندىكاتورى ........................ 20-21
كونترول سۇپىسىنىڭ كونتروللىغۇچلىرىنىڭ ئورنى ........................ 20-1
موتور سوۋۇتقۇچ تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى ........................ 20-20
ئاپتول بېسىم ئىندىكاتورى ........................ 20-19
پول ئۆزچاتلىرى ........................ 20-4
يېقىلغۇ مىقدارى كۆرسەتكۈچى ........................ 20-23
تۈتقۇچ كونترۇللىغۇچ ........................ 20-1
گىدراۋلىك-گىدروستاتىك ئاپتول تېمپېراتۇرا ئىندىكاتورى ........................ 20-16
ئىندىكاتور ئېكران تاختىسى ........................ 20-14
ئىندىكاتور ۋە ئۆلچىگۈچلەرنىڭ ئورنى ........................ 20-6
سىلىقلاش مېيى ئىندىكاتورى ........................ 20-20
توختىتىپ قويۇش تورمۇز ئىندىكاتورى ........................ 20-15
رول تەگلىكى ........................ 20-4
تاخومېتىر (سائەت ئۆلچىگۈچ) ........................ 20-7
ئارغامچا ئىندىكاتورى ........................ 20-22


## ك


كابىنكا
تورۇسىدىكى كونتروللىغۇچلار ........................ 20-2
كاشىلا بىر تەرەپ قىلىش ........................ 110-2
كۆرسىتىش تاختىسى
مونىتور (ئېكران) ........................ 20-12
كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ تاختىسى ........................ 20-12
كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرى
ئالماشتۇرۇش ........................ 85-2
كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسى
موتورنىڭ قوشۇمچە ئۇسكۇنىسى، ئالماشتۇرۇش ........................ 90-4
كىلاپان، مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنى
تەڭشەش ........................ 80-3
تەكشۈرۈش ........................ 80-2


## گ


گىدراۋلىك ۋە گىدروستاتىك ئاپتول
مىقدارىنى تەكشۈرۈش ........................ 30-1


بەت

## ل


لامپۇچكا، ئارقا چىراغ
ئالماشتۇرۇش ........................ 80-9
لامپۇچكىلار، چىراغ، ئالماشتۇرۇش
ئىندىكاتور، كۆزىتىش ئېكرانى ۋە سائەت چىرىغى ........................ 85-2
لاي قىرغۇچ ........................ 95-6
لەمپە چىرىغى ۋە كونترول سۇپىسى، لامپۇچكىسى
ئالماشتۇرۇش ........................ 85-1
لەمپە چىرىغى ۋە كونترول سۇپىسىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش ........................ 85-1


## م


ماشىنا
هەيدەشكە تەييارلىنىش ........................ 35-7
ئىتتىرىش ........................ 35-15
تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر ........................ 125-1
سۆرەش ........................ 35-14
يۆتكەش ........................ 35-13
ماشىنا، توختىتىپ قويۇش ........................ 35-11
ماشىنا، توختىتىش ........................ 35-10
ماشىندا مەشغۇلات قىلىش ........................ 35-1
ماشىندا مەشغۇلات قىلىش ........................ 35-1
ماشىنغا سەپلەنگەن سىلىقلاش سىستېمىسى
مەشغۇلات ........................ 75-1
ماشىنىنى توختىتىش ........................ 35-10
ماشىنىنى هەيدەش ........................ 35-10
ماشىنىنىڭ تەڭشىكى
ئالماشتۇرۇش ........................ 55-21
موتور
قىتلاندۇرۇش ........................ 25-1
تازىلاش ........................ 90-13
سوغۇق مۇھىتتا قوزغىتىش ........................ 35-5
قۇرۇق مېڭىۋاتىدۇ ........................ 35-7
ئاپتول مىقدارى ........................ 30-1
موتور جەينەكلىك ئوقىنىڭ سىلكىنىشنى ئاجىزلىتىش قۇرۇلمىسىنى هەر 4500
سائەتتە ياكى بەش يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇڭ ........................ 105-49
توختىتىش ........................ 35-7
ساقلاش ........................ 115-3
قىزىتىش ........................ 35-6
موتور كاشىلىسى
دىئاگنوز قويۇش ........................ 90-21
موتورنىڭ هاۋا سۈزگۈچ قۇرۇلمىسى، ئالماشتۇرۇڭ
هەر يىلى، موتورنىڭ هاۋا سۈزگۈچ قۇرۇلمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ ........................ 105-46
مونىتور (ئېكران)
تەكشۈرۈش تەرتىپى ........................ 60-4
مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنى
يەل قويۇپ بېرىش ........................ 80-5
مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىنىڭ كىلاپانى ۋە چېتىش ئورنى
تەڭشىگۈچ ........................ 80-3
تەكشۈرۈش ........................ 80-2


داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

مۇقىملاشتۇرۇش پورشېنىنىڭ ئىقتىدارى
تەكشۈرۈش ..... 80-1
مېترلىق بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسىنىڭ قىممىتى 120-1

## ن

نەمدىگۈچنى چايقاش سىستېمىسى ..... 50-11
نەمدەش تۇۋرۇكى
تەكشۈرۈش ۋە تەڭشەش ..... 50-2
نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئورنى
تەڭشەش ..... 50-3
تەكشۈرۈش ..... 50-3
نەمدەش تۇۋرۇكىنىڭ ئېگىزلىكى
تەڭشەش ..... 50-5
تەكشۈرۈش ..... 50-4
نەمدەش سۇيۇقلۇقى ..... 50-9
نەمدەش سىستېمىسى
نەمدەش تاختىسى، ئالماشتۇرۇش ..... 50-13
تەييارلاش ..... 50-1
نەمدەش سىستېمىسىنىڭ باكى
تولدۇرۇش (سۇيۇقلۇق ئارىلاشتۇرۇش) ..... 50-6
يىراقتىن تولدۇرۇش (قويۇش)
(ئالدىن تەڭشەلگەن سۇيۇقلۇق) ..... 50-7
نەملىگۈچ - سۇيۇقلۇق نىسبىتى ..... 50-9
نەملىگۈچ باكىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، كۈندە تەكشۈرۈش ..... 105-25

## ئو

ئوت ئۆچۈرگۈچ
ھەر 200 سائەتتە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ..... 105-35
ئوت ئۆچۈرگۈچ، ئارقا ئورۇندىكى (دۆلەت ئىچىدىكى ماشىنىلار) ..... 05-7
ئوت ئۆچۈرگۈچ، ئالدى ئورنى (ئامېرىكىدىكى ماشىنىلادىكى) ..... 05-7
ئوتتىن
ئۆچۈرگۈچ ..... 05-6
مۇبادا ..... 05-6
مۇداپىئەلىنىش ..... 05-5
گۆرجەك ..... 05-7
ئورۇندۇقنى تەڭشەش ..... 20-25
ئوغرىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قۇلۇپى ..... 20-32
ئوق تازىلىغۇچ
ساقلاش ..... 50-9
ئىشلىتىش ..... 50-8
ئوق، ئارقا
كالاڭنى تەڭشەك ..... 95-7
ئوق، ئالدى
كۆتۈرۈش ..... 95-5

## ئۇ

ئۇرچۇق
ئالماشتۇرۇش ..... 55-15

بەت

ئۇرچۇق سىلىقلاش مېيى ..... 105-10
ئۇرچۇققا پاختا يىغىلىپ قېلىش ..... 50-14
ئۇزىتىش زەنجىرى
تارتىش كۈچىنى تەڭشەش ..... 70-1

## ئۆ

ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى، شامالدۇرغۇچ ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ پېرىسلىغۇچىسىنىڭ تاسمىسى
ئالماشتۇرۇش ..... 90-4

## ۋ

ۋولتمېتىر سائىتى ..... 20-24

## ئې

ئېتىز ۋە تاشيولدا يۆتكەش چىراغلىرى ..... 35-12
ئېغىز، سۈمۈرۈش ..... 60-3
ئېگىزلىك سېزىش
تاقا، سىرتقى، تەكشى قىلىش ..... 45-1
ئېگىزلىك كونترول قىلىش، ئاپتوماتىك
تەڭشەش ..... 45-2

## ئى

ئىچكى نەيچىنىڭ تېرىش قۇرۇلمىسى ..... 20-35
ئىچكى ئېگىزلىك سېزىش تاقىسى
تەڭشىلىۋاتىدۇ ..... 45-3
ئىسسىتقۇچ ..... 20-2
ئىندىكاتور چىرىغىنىڭ لامپۇچكىلىرى
ئالماشتۇرۇش ..... 85-2
ئىنگلىز چىسلىق بولتا ۋە بۇرمىلىق مىخلارنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى ئۆلچەملىك
قىممىتى ..... 120-2

## ي

يول باشلاش تاختىسى، ئاستىنقى
تەڭشەش ..... 55-3
يۆتكەش
قۇرۇلمىنى جايىغا قويۇش ..... 35-22
يۇقىرى بېسىملىق يۇز ھەملىغۇچنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى جەدۋىلى
يۇقىرى بېسىملىق يۇز ھەملىغۇچنىڭ چىڭىتىلىش دەرىجىسى جەدۋىلى .... 120-4
يېتەكچى چاق، كالاڭنى تەكشۈرۈش ..... 95-7
يېقىلغۇ
سىستېمىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىك ..... 90-11
دېزېل ..... 105-1
كۆرسەتكۈچ ..... 20-23
ئىشلىتىش ۋە ساقلاش ..... 105-1
سىلىقلىق دەرىجىسى ..... 105-2


داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

يېقىلغۇ باكى
قۇيۇش ... 30-5
يېقىلغۇ سۈزگۈچلىرى، ئۆزگەرمەيدىغان
سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش ... 30-4
يېقىلغۇ سىستېمىسىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىك ... 90-11
يېقىلغۇلارنى ساقلاش ... 105-1
يىغىش (تېرىش) دەستىسى
ئالماشتۇرۇش ... 55-16
يەرگە ئۇلاش غول سىمى ... 100-5

## ق

قاتتىق دېتاللار چىڭىتىلىش دەرىجىسى قىممىتى
مېتىر سىستېمىسى ... 120-1
ئۆلچەملىك ئىنگلىز چىسى ... 120-2
قاچا، سىلىقلاش
قۇيۇش ... 75-1
قوزغىتىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش ... 30-1
قول ئارقىلىق سىلىقلاش تەرتىپى ... 75-5
قۇر قۇرۇلمىسى
خوت ساندۇقىنىڭ سىلىقلاش مېيى ... 105-11
قۇرۇلمىنى كۆزىتىش، قۇرۇلما
ئېكران ئىقتىدارلىرى ... 60-1
قۇرۇلمىنىڭ كۈچ ئۆزىتىش تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچى ... 55-15
قۇلۇپلانغان رادىيونى ئېچىڭ ... 20-33

بەت

## ھ

ھاۋا تازىلىغۇچ
دېتال ئالماشتۇرۇش (چىقىرىپ ئېلىش) ... 90-12
ئاسراش ... 90-11
ھاۋا تەڭشىگۈچ
ئىشلىتىش ... 20-3
ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ... 85-1
ھاۋا چىقىرىش ئېغىزى، تەڭشەش ... 20-3
ھاۋا رايى دولقۇنى (رادىيو ئىستانسىسى) ... 20-31
ھاۋا سۈزگۈچ، ھاۋا ئايلاندۇرۇش
چىقىرىپ ئېلىش ... 85-5
ھەر بىر سائەتتە تەكشۈرۈش
تولغىنىش مومېنتى ... 25-3
ھەر بەش سائەتتە تەكشۈرۈش
تاسمىلار ... 25-4
ھەر ئون سائەتتە تەكشۈرۈش
چاقلار ... 25-4
ھەر يۈز سائەتتە تەكشۈرۈش
جەينەكلىك ئوقنى مايلاش ... 25-5

## ئە

ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسى
توختىتىماق ... 75-3 ,40-3
مەشغۇلات ... 40-2
ئەگىپ ئۆتۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش
تەييارلاش ... 40-1

# جون دئىر شىركىتىنىڭ مۇلازىمىتى خىزمىتىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ

## جون دئىر زاپچاسلىرى




بىز سىزگە جون دئىرنىڭ ئەسلىي زاۋۇت زاپچاسلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەمىنلەپ، ماشىنىڭىزنىڭ توختاپ قېلىش ۋاقتىنى قىسقارتىمىز.

مانا بۇ بىزنىڭ ئىسكىلاتىمىزدا نېمىشقا ھەرتۈردىكى زاپچاسلارنىڭ -شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىدىكى سەۋەب.

DX,IBC,A -UG-04JUN90-1/1

## ماس كېلىدىغان سايمانلار



سىپتا ئىشلەنگەن ئەسۋابلار ۋە ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى مۇلازىمەت مەركىزىمىزنىڭ تېز سۈرئەتتە كاشىلىنى تېپىپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ . . شۇندىلا سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى تېجەپ قالالايمىز.

DX,IBC,B -UG-04JUN90-1/1

## يۇقىرى ساپالىق تېخنىكلار



جون دئىر شىركىتىنىڭ تېخنىكلىرى قەرەللىك تۈردە تەربىيىلىنىدۇ.

بىز قەرەللىك تۈردە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، رېمونتچىلىرىمىزنىڭ ماشىنىڭىزنى تولۇق چۈشىنىشىگە ۋە ئاسراپ بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز.

نەتىجە؟

سىزنى پۈتۈنلەي خاتىرجەم قىلىشتۇر!

DX,IBC,C -UG-04JUN90-1/1

## تېز مۇلازىمەت



بىزنىڭ نىشانىمىز شۇكى، ھەر قانداق چاغدا ۋە ھەر قانداق جايدا بىزگە ئېھتىياجىڭىز چۈشسە، بىز سىزگە يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت تەمىنلەيمىز.

ماشىنىڭىزنى ئەھۋالغا قاراپ نەق مەيداندا ياكى رېمونتخانىدا رېمونت قىلىپ بېرىمىز، مەسىلىگە يولۇقسىڭىز بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

جون دئىر شىركىتى ئەڭ ئىلغار تېخنىكا مۇلازىمىتىگە ئىگە. ئېھتىياجىڭىز چۈشكەن ھامان ئالدىڭىزدا پەيدا بولىمىز.

DX,IBC,D -UG-04JUN90-1/1